ياسنجان سادىق چوغلان

# شەرەناز ئايال



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

شەرەناز ئايال

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ



ISBN 978-7-228-11901-1

# ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار

21 - 50

维吾尔原创文学作品精选

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ياسىنجان سادىق چوغلان

# شەرەنداز ئايال

(رومان)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uygurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

能干的女人：维吾尔文/亚森江·萨迪克著．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.9（2013.11 重印）
ISBN 978-7-228-11901-1

Ⅰ．①能… Ⅱ．①亚… Ⅲ．①长篇小说-中国-当代-维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ．I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 147699 号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | 亚森江·萨迪克 |
| 编　　辑 | 帕提古丽·米吉提 |
| 责任编辑 | 古丽巴哈尔·艾海提 |
| 责任校对 | 再米拉·裴达依，赛娜瓦尔·依不拉音 |
| 特约校对 | 万力·再顿 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版总社<br>新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 邮政编码 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 13.375 |
| 版　　次 | 2008 年 9 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2013 年 11 月第 4 次印刷 |
| 印　　数 | 13001-16000 |
| 定　　价 | 35.00 元 |

# قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ كىتابتا ، قادىر ئەپەندى ، زۆھرە خانىم ۋە ئۇلارنىڭ پەرىدە ، پەزىلەت ، پەخرىدىن ، پەخرىئاي قاتارلىق تۆت پەرزەنتىدىن تەركىب تاپقان بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق ، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئائىلە ، نىكاھ مۇناسىۋەتلىرى ، ئەدەپ ـ ئەخلاق ، قائىدە ـ يوسۇنلىرى ، كىشىلىك مۇناسىۋەت مىزانلىرى ، يەرلىك فولكلور ئادەتلىرى ، نىكاھ ـ تۇرمۇش شەكىللىرى ؛ ھەرقايسى قاتلام كىشىلىرىنىڭ نىكاھ ، ئائىلىگە بولغان كۆز قاراشلىرى ؛ ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن شەھەر ـ يېزىلاردىكى تەرەققىياتلار ، قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ، كىشىلەردىكى ئىلغارلىقتا ۋە مەدەنىيەتكە بولغان ئاكتىپ ئىنتىلىشلەر ؛ كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى ، دۇنيا قارىشى جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەر ئەدەبىي تىل ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ، شۇنىڭدەك بىر قىسىم قالاق ، كونا ئادەت ـ يوسۇنلار يوشۇرۇن قامچىلانغان .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# 1

زۆھرە خانىم ئالدىراش پەرداز ئۇستىلىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەينەكتىن چىرايىغا قاراپ ھەسرەتلىك ئۇھ تارتتى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگىنى پەرداز ئۇستىلىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئەينەكتىكى چىرايىغا قاراپ ھەسرەت چېكەتتى. ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى قورۇقلار، چېچىدىكى ئاقلار كۆپىيىپ قالغاندەك تۇيۇلۇپ كۆڭلى غەش بولاتتى. تېخى ئۆتكەن ھەپتە چېچىغا خېنە ياققاندا قېنىق قوڭۇر رەڭگە كىرگەن چاچلىرىغا قاراپ، ياشىرىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ ئۆزىنى خېلىلا روھلۇق سەزگەنىدى. مانا بۈگۈن خېنە بىلەن بوياپمۇ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتقان ئاق چاچلىرىنى يوشۇرۇپ قالالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئوتقاشتەك قىزىرىۋالغان ئاق چاچلىرى قوڭۇر رەڭ چاچلىرىنىڭ ئارىسىدا مانا مەن دەپ ئايرىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئەينەككە يېقىنراق كېلىپ كۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى قورۇقلارنى ساناشقا باشلىدى.

«ئەسلىدىمۇ يۈزۈمنىڭ تېرىسى ياخشى ئەمەس ئوخشايدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ دوستلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، — پاتىمە، گۈلسۈملەرمۇ مەندىن كەم دېگەندە تۆت ـ بەش ياش چوڭ. لېكىن، ئۇلارنىڭ چىرايىدا تۈزۈك قورۇق يوق. ئەجەب تېز قېرىپ كېتىۋاتىمەنغۇ تاڭ. ئەمدى ئەللىككە كىرەي دېدىم بولمىسا، ئىشلەتكەن ماي، پەردازلىرىم ئۇلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش، ناھايىتى كەتسە ئۇلاردىن بىرنى ئارتۇق تۇغدۇم شۇ. ھە، ئۇلارنىڭ ماڭا قارىغاندا جاپاسى ئاز. ئۆيىنىڭ ئىشلىرىنى باللىرى قىلىدۇ. ئۇلار ئۆيلىرىدە قولىنى ئەگرى قىلماي ئولتۇرىدۇ، باللىرىنىڭ ئېتىپ بەرگىنىنى يەيدۇ، تۈگىمەس ئۆي ئىشلىرى ئۈچۈن ئاۋارە بولۇپ يۈرمەيدۇ. بىر ئوغلۇمنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ ئۈچ قىزنى

قاتارغا قوشۇپتىمەن . هازىرغىچە بۇ جۇۋاينىمەكلەر مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلىش تۇگۇل ، مەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىمەن ، هېچبولمىغاندا ناشتىلىقنى ئۆزلىرى تەييارلىغان بولسا كاشكى . ۋارقىراپ ، دۆشكەلەپ بۇيرۇپ تۇرمىسام ، تاس قالىدۇ ياتقان ئورنىنىمۇ مېنى يىغقىلى سالغىلى . ئورنىدىن سەھەر تۇرمايەۋيۈ ، ئىشقا كېچىكىپ قالىمىز دەپ ، تەييارلاپ قويغان ناشتىلىقنىمۇ چالا - بۇلا قىلىپ خىزمەتكە يۈگۈرىدۇ . خۇددى مەن خىزمەت قىلماي ئۆيدە بىكار ئولتۇرىدىغاندەك . ئەتىگىنى ئۆيلەرنى تازىلاپ بىسىقتۇرمىسام تېخى . قولى ئىشقا تەگكەن ئۈچ قىز بالا تۇرۇپ ، ئارتۇقچە چىقىم تارتىپ ئۆي خىزمەتچىسى ئېلىشنىڭ تېخى ئورنى يوق . قاچانغىچە بۇ جۇۋاينىمەكلەرنىڭ دەردىنى تارتىمەنكىنتاڭ . كۆڭۈلدىكىدەك يەردىن لايىق چىقسا تېزرەك ئەرگە بېرىپ قۇتۇلسام بولاتتى ... »

كۆڭۈلسىز خىياللار زۆھرە خانىمنىڭ كۆڭلىنى ئەسكى قىلىپ قويدى .

— قاق ... قاق ... قاق ...

تۇيۇقسىز قاغىنىڭ قاقىلدىشى زۆھرە خانىمنىڭ خىيالىنى چالغىتتى .

«بېشىڭنى يە ، شۇم ئېغىز . بىرەر كېلىشمەسلىكتىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن ئىلاھىم . قۇلىقىمنى شۇم خەۋەردىن نېرى قىلغايسەن ... »

زۆھرە خانىم ئالدىراپ پەرداز قىلىشقا باشلىدى .

«قورۇقنى يوقىتىش يۈز مېيى دېيىشىدۇ ئالدامچىلار ، — دەپ ئويلىدى ئۇ يۈزىگە ماي سۈرتۈۋېتىپ ، — مۇشۇ تېلېۋىزورنىڭ ئېلانلىرىمۇ ساختىلىشىپ كېتىۋاتامدىكىنتاڭ . هېلىمۇ ئىككى قۇتا ئىشلىتىپ بولدۇم . يۈزۈمدىكى قورۇقلار بىر تال ئازايغان بولسا كىمنىڭ دەردى . قايسى كۈنى پاتىمە چەت ئەلنىڭ مايلىرىنى بەك ياخشى ئىكەن دەپ كاپىلداۋاتاتتى . چەت ئەلنىڭ مېيىنى ئىشلىتىۋاتقانمىدۇيا ؟ قارىسام ، يۈزىنىڭ تېرىسىمۇ پارقىراپ ،

خۇددى قىزلارنىڭكىدەك بولۇپ قاپتۇ بولمىسا . چەت ئەلنىڭ مايلىرى بەكلا قىممەت . ئۇ خېنىمنىڭغۇ ئۆي ، بالىۋاقا بىلەن كارى يوق . ھەرقانداق كىيىم مودا بولۇپ بولغۇچە شۇنىڭ ئۇچىسىدا . بالىلىرىمۇ بەك ياۋاش ، ۋاپادار . ئېرىنىڭ رايىشلىقىنى دېمەمدىغان تېخى . ياش يىگىتلەرنى دوراپ تۇغۇلغان كۈن ، توي خاتىرە كۈنى ، ئاياللار بايرىمى ، ئاشىق ـ مەشۇقلار بايرىمى دېگەندەك خاتىرە كۈنلەردە ئەتىر ، پەرداز ، گۈل ... دېگەندەك نەرسىلەرنى سوۋغا قىلارمىش . كىم بىلىدۇ ، ئاشۇنداق دەپ پو ئېتىپ قويغىنىدۇ ئۇ داغۋازنىڭ . ئاۋۇ ئادەمنىڭ بۇنداق ئىشلار بىلەن كارى يوق ، پايپاق چاغلىق نەرسىنىمۇ سورىماي ئالالمايمەن . شۇنداق تۇرۇپمۇ ، ئىقتىسادچىل بولايلى خوتۇن ، ئاغرىق ـ سىلاق ، بالىلىرىمىزنىڭ بېشىنى ئوڭشايدىغان ئىشلارغىمۇ پۇل كېتىدۇ ، ھېلىمۇ بۇرۇنقىغا باققاندا كۈنىمىز ياخشى ، بىر نەرسىدىن تەڭقىسلىقىمىز يوق ، دەيدۇ تېخى . مەن خۇددى ئۆينىڭ ئىقتىسادىنى بۇزۇپ ـ چېچىۋاتقاندەك ، مەنمۇ ئولتۇرسام ـ قوپسام ئۆي ، بالا دەيمەنغۇ بولمىسا . نە ۋاخقىچە بالىنىڭ دەردىنى تارتىمىز كىنتاڭ ... »

تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشى زۆھرە خانىمنىڭ خىيالىنى يەنە ئۈزۈپ قويدى . ئۇ قولىدىكى لەۋسۇرۇخنى پەرداز ئۈستىلىگە تاشلاپ قويۇپ تېلېفوننىڭ قېشىغا يۈگۈردى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، مەن گۈلسۈم .

— ھە ، ئاۋازىڭنى تونۇدۇم .

— كەيپىياتىڭ ئەجەب ناچارغۇ ، خېنىم . بۈگۈن ئېرىڭ نېسىۋەڭنى بەرمىگەن ئوخشىمامدۇ ؟

— ئوھوش ، خېنىم . سەت چاقچاق قىلمىغىنا . قېرىغاندا كىمگە خۇشياقىدۇ . نەگە ئاپارسۇن ئۇ نېسىۋىسىنى .

— قېرىغىنىڭغا ئۇنداق ئالدىراپ تەن بەرمە ، ئاداش . ھەرھالدا ئوبدانراق ئىگە بولۇپ قوي . تەشەببۇسكارراق بولۇپ نېسىۋەڭنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئېلىپ تۇر . ھازىر جەمئىيەت بۇزۇلۇپ

كەتتى . قىزىمىزدەك شوملار ئەرلىرىمىزنى ھەرگىز قېرى دېمەيدۇ ، بەك ئىنساپسىز بولۇپ كەتتى . كېيىن پۇشايمان يەپ ، بارماق چىشلەيدىغان ئىش چىقىپ قالمىسۇن . ياندىكى ھېسپنىڭ قەدرى يوق ، كېسىپ بەرسە دەردى يوق دەپ ، كېيىن خىش قىلىپتىن چىقىپ كەتكەندە ئورنىغا كەلتۈرمەك تەس . ئۇ غوجاملارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ تىلەپ ئولتاماي ، ئائىلىمىزنى ئەرلىرىمىزنى قوغدىمىساق ، ئىگە بولمىساق بولمايدۇ ...

— يىقىلمىغان ئاسماننى يۆلىمىگىنە ، خېنىم .

— ئىختىيارىڭ ، ئىشقىلىپ مەن دەپ قويدۇم . ھاڭگا ئېشەكنىڭ تۇمشۇقى ، ئەرخەقنىڭ كۆزى قېرىمايدۇ ، دەيدىغان گەپ بار . قىز ـ چوكانلارنى كۆرگەندە سۇيۇلۇپلا كېتىدۇ ئۇلار . سىنىڭ ئېرىڭغۇ ئىشەنچلىك . شۇنداقتىمۇ ئېرىڭگە ئىشەنگۇچە ئۆيۈڭنىڭ بوسۇغىسىغا ئىشەن ، دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ ؟

— ۋاي خېنىم ، سەن بولساڭمۇ بېشىمنى ئاغرىتمىغىنا . گېپىڭ بولسا غاچ ـ غۇچ دە . ئىشقا كېچىكىپ قالىمەن باكا .

— مۇنداق گەپ ، ئاداش . چاينىڭ نۆۋىتى ماڭا كەلگەن ئەمەسمۇ . ئەسلىدە ئۆتكەن ھەپتە بەرسەم بولاتتى . گۈلنىسانىڭ ئوغلىنىڭ تويى پۈتلىشىپ كېچىكىپ قالدى . ئالدىمىزدىكى شەنبە كۈنى بىزنىڭ ئادەمنىڭ مېھمانلىرى بار ئوخشايدۇ ، شۇڭا بۇگۈن ئولتۇرۇۋېتەيلى ، دېگەن .

— ھە ، مەيلى ، — دېدى زۆھرە خانىم بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ ، — رېستوراننىڭ ئورنىنى بېكىتتىڭمۇ ؟ باشقىلار خەۋەر تاپتىمۇ ؟

— بىسمىللاسىدا ساڭا تېلېفون قىلىۋاتىمەن . «كۆكلەم» رېستورانىغا بارايلىمىكىن دەۋاتىمەن . قورۇمىلىرىمۇ خېلى تەملىك ، مۇلازىمىتىمۇ شۇنداق ياخشى . ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنىڭمۇ باشقا رېستورانلارغا قارىغاندا خېلى پەيزى بار . خاپا بولماي باشقىلارغا سەن خەۋەر بېرىۋېتەمسەن ؟

— ماقۇل .

— ھەر بىرەيلەنگە بىر تالدىن شارپا ئېلىۋالدىم. ئۆتكەندە مەرەمنىسا بىر تالدىن پايپاق تارقاتقانتى، كىيسەم، بىر كۆنلۈكمۇ بولمىدى، ئۇ ژىرىڭنىڭ پايپىقى. چىدىغانغا چىقارغان دەپ شارپا ئالدىم تازا. سەن بىلەن ئۆزۈمگە قىزىل رەڭلىكنى، باشقىلارغا ئوسما رەڭلىكنى ئالدىم. بوپتۇما؟

— ھامىنى ئالغاندىكىن ھەممەيلەنگە ئوخشاش رەڭلىكنى ئالساڭ بوپتىكەن. بەزەنلەرنىڭ كۆڭلىگە كېپقالمىسۇن دەيمەنا. باھاسى ئوخشاشتۇ؟

— باھاسىغۇ ئوخشاش.

— شۇنداق قىل، ئاداش، ئالماشتۇر. رەڭگى ئوخشاش بولسۇن.

— ھەممىسى قىزىل رەڭلىك بولسۇنمۇ ئەمىسە.

— قىزىل رەڭلىكى بەك ياش كېلىپ قالامدۇ، قانداق؟

— بىزمۇ تېخى ئۇنچە قېرىپ كەتمىدۇق، ئاداش. چەت ئەلنىڭ كىنولىرىنى كۆرگەنسەن. ئانىمىز دەك ئاياللارمۇ قىپقىزىل كىيىملەرنى كىيىدىكەنغۇ؟ ئۆرۈمچىنىڭ ئاياللىرىنىڭ كىيىنىشىنىغۇ دېمەيلا قوياي. ئۇنداق ئالدىراپ قېرىۋالمايلى ئەمدى.

— ماقۇل، شۇنداق بولسۇن ئەمىسە. سائەت ئالتىگە دەپ قويسام بولامدۇ؟

— سائەت بەشكە دەپ قويغىن. بىلىسەنغۇ؟ ۋاقتىنى بىر سائەت بۇرۇن دەپ قويمىساق، بەزەنلەر كېچىكىپ كېلىپ ئادەمنى جىلە قىلىۋېتىدۇ.

— ھەي، بىزنىڭ مۇشۇ ۋاقىت كۆزقارىشىمىزنىزە.

— سەنمۇ شۇ. داۋاملىق ھەممەيلەننىڭ كەينىدە سىيپىلىپ كېلىسەن.

— زۇۋانىڭنى يىغ ھەي، ئەتىگەندە ئادەم تىللىماي.

— خوش ئەمىسە، كەچتە كۆرۈشەيلى.

— خۇدايىمغا ئامانەت.

زۆھرە خانىم تېلېفوننى قويۇۋېتىپ كىيىم ئىشكاپىغا قاراشقا باشلىدى. ھەئە، شۇ تاپتا ئۇ كەچتە چايغا كىيىپ بارىدىغانغا كىيىم دىتلاۋاتاتتى.

«قايسى كىيىمىمنى كىيىپ بارسام بولار. گۈلسۈم دېگەن داغۋازغۇ ھەقىچان يېڭى كىيىم كىيىپ بارىدۇ. قۇربان ھېيتتىك بۇ تەرىپىدە بىرەر قۇر كىيىممۇ كىيمەپتىمەن. ھېچبولمىسا ھېلىغىچە بازارغا چىقىپ بىرەر تال يېڭى كوپتا ئالسام قانداق بولار. ئاپلا، ئالتۇن زەنجىرىمنى تېخىچە ئۇلاتمىغانىدىم. دەرھال شۇنى ئۇلىتىۋالغاچ، باھانىدە پەردازلىنىۋالاي. پاسوننىنى ئۆزگەرتىۋەتسەم قانداق بولار. شۇنداق قىلاي، چايدىكى خوتۇنلار يېڭىدىن ئالغان ئوخشايدۇ دەپ قالسۇن. شۇ باھانىدە بىرەر تال ئۈزۈك سوقتۇرۇۋالىدىغان گەپمىكىنىيا. ھەممىسىنىڭ بەش ـ ئالتە تالدىن ئۈزۈكى بار. پەقەت مېنىڭلا ئىككى تال ...»

## 2

قادىر ئەپەندى تەقەززالىق بىلەن ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقىنى باستى. بەستلىك كەلگەن، ئوتتۇرا ياشلىق ئەرلەرگە خاس سەمرىپ، قورساق سالغان بۇ ئادەم ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقىپ بولغۇچە خېلىلا ھاسىراپ قالغانىدى. ئەزەلدىن ئايالىنىڭ ئىشىك ئېچىپ بېرىشىگە كۆنۈپ قالغاچقىمىكىن يېنىدىكى ئاچقۇچنى ئىشلەتمەيتتى.

ئىشىكنى چوڭ قىزى ئاچتى.

— كەلدىڭىزمۇ، دادا، — دېدى قىزى ئەدەپ بىلەن ۋە دادىسىنىڭ چاپىنىنى سالدۇرۇشقا كىرىشتى.

— ئانىڭىز تېخى ئىشتىن كەلمىگەن ئوخشىمامدۇ؟ — سورىدى قادىر ئەپەندى چاپىنىنى كىيىم ئاسقۇچقا ئېسىۋاتقان قىزىغا دوپپىسىنى تەڭلەپ تۇرۇپ.

— ياق، تېخى، — دېدى پەرىدە.

قادىر ئەپەندى قىزىنىڭ جاۋابىغا ئىشەنمىگەندەك ئۆيىنىڭ ئىچىگە سەپسالدى . ھەئە ، ئۇنىڭ ھارغىن كۆزلىرى يىگىرمە سەككىز يىللىق قەدىناسىنى ئىزدەۋاتاتتى .

«بۈگۈن ئەجەب كەچ قاپتۇغۇ ؟ ئادەتتە ھەممەيلەندىن بۇرۇن كېلىپ بولاتتى» .

ھەئە ، سىرتتىن كىرىپلا : «ئانام قېنى» دەپ سوراش بالىلارنىڭ ئادىتى . «ئاناڭ قېنى» دەپ سوراش ئەرلەرنىڭ ئادىتى . قادىر ئەپەندى ئايىغىنى سېلىۋېتىپ ، خورۇم ساپاغا چۆكۈپ تىزگىنىدەك ئارقىلىق تېلېۋىزورنى ئاچتى . ئۇنىڭ ئۆيگە كېلىپلا كەچلىك تاماق پىشقۇچە تېلېۋىزور كۆرگەچ چاي ئىچىدىغان ياكى مېۋە - چېۋە يەيدىغان ئادىتى بار ئىدى . ئايالى ئۇنىڭ رايى بويىچە ياكى چاي ئەكېلىپ بېرەتتى ، ياكى مېۋە - چېۋە ئەكېلىپ بېرەتتى . ھاۋا ئىسسىق بولغاچقىمۇ ، ئۇ ئۇسساپ قالغان بولۇپ ، كۆڭلى مۇزدەك چاي تارتىپ قالغانىدى . قىزلىرى بولسا ئانىسىنىڭ يوقلۇقىنى چاندۇرۇپ دادىسىغا ئۇسسۇلۇق بېرىشنى ئۇنتۇغانىدى . ھەممە ئىشنى ئانىسى قىلىپ كۆندۇرۈپ قويغان بولغاچقىمۇ ، ئۇلار دادىسىنىڭ بۇ ئادىتىنى بىلمەيتتى . قادىر ئەپەندى بىرئاز كۈتۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاخىر ئېغىز ئاچتى .

— قايسىڭلار بار ، ھاي ، ماڭا ئۇسسۇلۇق بېرىڭلار .

ياتاق ئۆيدە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغان قىزلار دادىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىدى .

بىتاقەت بولغان قادىر ئەپەندى قىزلىرىنىڭ ئىسمىنى بىر - بىرلەپ چاقىردى .

— پەرىدە ! پەزىلەت ! پەخرىئاي ؟ نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر ؟

پەرىدە يۈگۈرۈپ چىقتى .

— بىرنېمە لازىممىدى ، دادا ؟

— ئۇسساپ كەتتىم . بىر پىيالە سوغۇق چاي بېرىڭ .

پەرىدە ھايالشىمايلا بىر پىيالە چاي كۆتۈرۈپ چىقتى - دە ، دادىسىنىڭ ئالدىغا ئەدەپ بىلەن قويدى .

قادىر ئەپەندى پىيالىنى قولىغا ئېلىپ سورىدى :

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز ، قىزىم . سىڭلىرىڭىز تېخى كەلمىدىمۇ ؟

— پەزىلەت بىلەن تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان ، — دېدى پەرىدە ، — پەخرىئاي تېخى كەلمىدى .

— تاماق ئەتمىدىڭىزمۇ ؟

— مەنمۇ تېخى سىزنىڭ ئالدىڭىزدىلا كىلىپ تۇرغان . پەزىلەت مەندىن بۇرۇنراق كەپتىكەن ، تاماقنى تەييارلىق قىلماي ئولتۇرۇپتۇغۇتالىڭ .

— دۆڭگەشكە ئەجەب ئۇستا جۇمۇ ئاچا سەن ، — دېدى ياتاق ئۆيدىن چىققان پەزىلەت ئاچىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ، — مەنمۇ ناھايىتى بەش مىنۇت بۇرۇن كەلدىم شۇ .

— شۇنداق بولسىمۇ تاماقنى تەييارلىق قىلغاچ تۇرسىڭىز بولمامدۇ ؟

— نېمە تاماق يېگۈڭلار بارلىقىنى بىلەلمەي ئانامغا ساقلاپ ، — دېدى پەزىلەت تومشۇقىنى ئۇچلاپ .

— ئانىڭىز بولمىسىمۇ ئۆز ئالدىڭىزغا تاماقنى توتۇش قىلغاچ تۇرسىڭىز بولىۋېرەتتىغۇ ؟

شۇ ئەسنادا ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى . پەرىدە سىڭلىسىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ ئىشىك ئاچقىلى ماڭدى .

ئۆيگە ئىنىسى پەخرىدىن كىرىپ كەلدى . ئۇ بالىنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ ، پەرىدە بىلەن پەزىلەتتىن كىچىك ئىدى .

— تاماق پىشتىمۇ ؟ — سورىدى ئۇ ئولتۇرار - ئولتۇرمايلا ئاچىلىرىغا قاراپ .

قىزلار ئىنىسىغا نارازىلىق بىلەن ئالايدى .

— سىنىڭ مۇشۇ تويماس قارنىڭلا بار . ئىشىكتىن كىرە - كىرمەيلا يەيمەنلا دەيسەن ، — دېدى پەزىلەت ئاچچىقىنى ئىنىسىدىن ئېلىپ ، — مەنمۇ ئىشتىن ئەمدى كەلدىم .

— ھەي ... ئانام بولمىسا ھەممەيلەن ئاچ قالىمىز زادى ، — دېدى پەخرىدىن غودۇڭشۇپ ، — سىلەرمۇ چوپچوڭلا قىز بالا بولغاندىكىن ، ئانامغا قاراپ ئولتۇرماي تاماق ئەتكەچ تۇرساڭلار بولمامدۇ ؟

— ئوغۇل بالا تاماق ئەتسە بولمامدىكەن ، — دېدى پەرىدە نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ ، — سىڭىڭمۇ قولۇڭنىڭ پەنجىسى بەش . قولۇڭدا پىچاق بىلەن چۆمۈچ تۇرىدۇ . بىز بولمىساق ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالما ، يەنە .

— سەندەك ئاچلىرىم تۇرۇپ قازان بېشىدا ئۆملەپ يۈرسەم سەت تۇرار ، يەنە . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، مەن دېگەن ئوغۇل بالا تۇرسام .

— ئوغۇل بالا تاماق ئەتسە بولمايدۇ دەيدىغان گەپ يوقتۇ ، — دېدى پەزىلەت .

— ئۇنداق گەپ بولمىغان بىلەن ئەزەلدىن قائىدە ئاشۇنداق ، — دېدى پەخرىدىن ئاچىلىرى بىلەن زاكونلىشىپ ، — يىراقنى قويۇپ يېقىننىلا مىسال ئالاي . مۇشۇ ياشقا كىرىپ دادامنىڭ بىرەر قېتىم تاماق ئەتكىنىنى ، قازان بېشىغا كېلىپ باققىنىنى كۆرمەپتىمەن . نېمە ئۈچۈن شۇنداق ؟ چۈنكى دادامۇ ئوغۇل بالا - دە . قانداق ، ئەمدىغۇ چۈشىنىشلىك بولغاندۇ ، خانلىرىم .

— تولا ھەددىڭدىن ئاشما ، — دېدى پەزىلەت ئىنىسىغا ھومىيىپ .

— يەنە شۇنىمۇ دەپ قوياي ، — دېدى پەخرىدىن پېتىنى بۇزماي ، — ئانامنى كېلىپ تاماق ئېتىپ بېرەرمىكىن دەپ خام خىيال قىلماڭلار . ئانام چايغا كەتتى .

— چايغا كەتتى دەمسەن ؟ — سورىدى قادىر ئەپەندى .

— ھەئە ، — دېدى پەخرىدىن ، — چۈشلۈك تاماققا ھېچقايسىڭلار كەلمىدىڭلار . ئانام ماڭا ، داداڭ بىلەن ئاچىلىرىڭغا دەپ قوي ، كەچتە تاماق ئېتىشكە چولام تەگمەيدۇ ، ئاچىلىرىڭ بىر

www.uyghurkitap.com

نەرسە قىلىپ بەرسۇن ، كەچتە چېيىم بار ، دېگەن .

— ئانامنۇ قىزىق ئىكەن . چاي دېگەننى جۇمە ، شەنبە كەچكە توغرىلىماي ، ھەپتە ئارىلىقىدا چاي ئويناپ ، — دېدى پەزىلەت .

— چۈشتە مەن بىر دوستۇم بىللە تاماق يېگەنتىم . شۇڭا ، ئۆيگە كېلەلمىگەن . ماڭا بۇرۇنراق تېلېفون قىلغۇەتسەڭ بولمامدۇ ، — دېدى پەرىدە .

— بۇ گېپىڭ كەچتە تاماق پىشماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇغۇ دەيمەن ، ھەقىچان ، — دېدى پەخرىدىن ، — ئانامغا ساقلاپ تاماق ئەتمىگىنىڭلارغا ئىقرار بولدۇڭلارغۇ ئاخىر . پەرىدە ئاچا ، بۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى دوستۇڭ بىلەن بىللە تاماق يېسەڭ ماڭىمۇ ھايت دەپ قوي ، باھانىدە تونۇشۇۋالاي .

— ھەددىڭدىن ئاشما ، — دېدى پەرىدە ، — ماۋۇ قىلىشىڭ ئىزا تارتماي دەۋاتقان گېپىنى .

— گېپىمنى خاتا چۈشىنىۋالما ، ئاچا ، — دېدى پەخرىدىن شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ ، — مەن سىنىڭ قىز دوستلىرىڭ بىلەن تونۇشۇۋالاي دېمىدىم . سىنى چۈشلۈك تاماقتا ئالاھىدە تەكلىپ قىلغان ھېلىقى دوستۇڭ بىلەن تونۇشۇپ قوياي دەيمەن . گېپىم چۈشىنىشلىك بولغاندۇ ؟

— ئاغزىڭغا بىر تەستەك سالـــــمەن باكا ، كاس ـ كاس شۇمنىڭ ، — دېدى پەرىدە دادىسىنىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇپ .

ئاچىسىنىڭ جىلە بولغىنىنى كۆرۈپ پەزىلەت پىخىـــلداپ كۈلۈۋەتتى .

— بولدى ، ئۈششاق گەپنى ئاز قىلىپ تاماق ئىچىڭلار ، — دېدى قادىر ئەپەندى قاپىقىنى تۈرۈپ .

— سەن خېمىـــر يۇغۇرۇشقا تۇرامسەن ياكـــى كۆكتات ئاقلاشقىمۇ ؟ — سورىدى پەزىلەت ئاچىسىغا قاراپ .

— خېمىرنى ئۆزۈڭ يۇغۇ ، مەن كۆكتات ئاقلايمەن ، — دېدى پەرىدە قاپىقىنى تۈرۈپ .

— ئىشىڭ ئاسىنىنى تاللاشقا بەك ئۇستا جۇمۇ ، سەن ، —

دېدى پەزىلەت نارازى بولۇپ، — تاماقتىن كېيىن قازان ـ قومۇچلارنى ئۆزۈڭ يۇيىسەن، ئەمىسە.

— بىرەر قېتىم سەن يۇساڭ قولۇڭنىڭ سىرى چۈشۈپ كەتمەس.

— بولدى، بولدى، خانىم. مۇشۇنداق تالاشقىلى تۇرساڭلار، ئەتكەن تامىقىڭلار پىشىپ بولغۇچە تاڭ ئېتىپ كەتمىسۇن يەنە. ھېلىمۇ قورساق ئېچىپ كوركىراپ كەتتى، — دېدى پەخرىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ، — جۇرۇڭلار، سىرتقا چىقىپ تاماق يەيلى. مەن مېھمان قىلاي.

— ھە، ما گېپىڭ جايىدا. ئەمدى ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭ، مانا، — دېدى پەرىدە چىرايىغا ۋىللىدە كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

— شۇنداق قىلايلى. مېھمان قىلىدىغان ۋاقتىڭمۇ بولۇپ قالغان سېنىڭ، — دېدى پەزىلەت، — بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭلار، مەن كىيىم ئالماشتۇرۇۋالاي.

— بولمايدۇ. بۈگۈن تاماقنى ئۆيدە يەيمىز. تامىقىڭلارنى ئېتىۋېرىڭلار، — دېدى قادىر ئەپەندى قاپىقىنى تۈرۈپ.

«چوپچوڭلا قىز باللا تۇرۇپ ئانىسى بولمىسا تاماق ئېتەي دېمىگەن. مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، بۈگۈن ـ ئەتە توي قىلىپ خەقنىڭ ئۆيىگە بارغاندا قانداق قىلىدۇ. بۈگۈن بۇلار تاماق ئەتسۇن زادى ...»

— ۋايجان، ماقۇل دەڭە، دادا، — دېدى پەزىلەت دادىسىغا ئەركىلەپ، — پەخرىدىن مېھمان قىلاي دېگەندىكىن سىرتتا تاماق يەيلى.

— شۇنداق قىلايلى، دادا، — دېدى پەرىدەمۇ سىڭلىسىغا بولۇشۇپ، — تاماق پىشىپ بولغۇچە قورسىقىمىز ئېچىپ كېتىدۇ.

— تولا گەپ قىلماي تاماقنا تۇتۇش قىلىڭلار، — دېدى قادىر ئەپەندى.

— ماقۇل دېگىنە، دادا، سىرتتا تاماق يەيلى، — دېدى پەخرىدىن دادىسىغا ئىلتىجا قىلىپ، — ھازىر تاماق ئەتسە نە ۋاختتا

پىشىدۇ . شۇ تاپتا قورسىقىم ئېچىپ كۆرۈنكىراپ كېتىۋاتىدۇ .
سىزنى راسا مېھمان قىلىۋالاي .
— ئاناڭنىچۇ ؟ — سورىدى قادىر ئەپەندى ئوغلىغا قاراپ .
— ئانام بۈگۈن چايدا مېھمان بولغاندىكىن ، بىزمۇ سىرتتا
مېھمان بولايلى ، دادا ، — دېدى پەزىلەت يالۋۇرۇپ ، — ئانامىمۇ
خاپا بولۇپ كەتمەيدۇ .
— ئاناڭلار بىرەر ۋاخلىق مېھماندارچىلىقتىن قېلىپ قالسا
خاپا بولۇپ قالىدىغان ئايال ئەمەس ، — دېدى قادىر ئەپەندى
چۆشەنچە بېرىپ ، — بىراق ، ئاناڭلارنى ئايرىپ قويۇپ سىرتتا
تاماق يېسەك قانداق بولىدۇ . بوپتۇ ، پەخرىدىن مېھمان قىلسا
قىلسۇن . لېكىن ، بۈگۈن كەچتە ئەمەس ، ئەتە كەچتە مېھمان
بولايلى . ئاناڭلار ، يەنە تېخى سىڭلىڭلار پەخرىئاي خەۋەر تاپسۇن .
بىر ئائىلە كىشىلىرى تولۇق جەم بولۇپ مېھمان بولايلى ، —
ئاندىن پەخرىدىنگە قاراپ دېدى ، — سەنمۇ چىداپ رېستوراندا
مېھمان قىل ئەمىسە .
— ماقۇل ، دادا ، — دېدى پەخرىدىن ئائىلاج ، ئاندىن ئىككى
ئاچىسىغا قاراپ شوخلۇق بىلەن كۆز قىستى ، — قېنى خانىلىرىم ،
يەنىلا ئاشخانىغا قاراپ قەدەملەپ مارش . ھەرىكىتىڭلار چاققان
بولسۇن . پېقىر ئىنىڭلار ئەتكەن ئېشىڭلار پىشىپ بولغۇچە مېۋە
بىلەن قورسىقىمنى گوللاپ تۇرارمەن .
— پەخرىئاي دېگەن شۇم مۇشۇ ۋاخقىچە ئۆيگە كەلمەي نەدە
يۈرىيدىكىن ، — دېدى پەرىدە غوتۇلداپ .
— ئەمدى پەخرىئايغا بەس سالاي دەمسەن ، ئاچا ، — دېدى
پەخرىدىن چىقىشىپ .
— ئىشىڭنى قىلە ، ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشماي ، كۆزۈم سەتى
شۇم .
— بايا چىرايلىق ئۇكام دەۋاتاتتىڭ ، بىردەمدىلا سەت شۇم
بولۇپ قالدىممۇ دەيمەن .
— ئاغزىڭغا بىر تەستەك يەيدۇ باكا .

— ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال ، ئاچا . سېنىڭ تەستىكىڭگە قورساق تويمايدۇ . ئەگەر تەستەك بىلەن قورساق تويغۇزالىساڭ ، ئاشۇ مەززىلىك تەستىكىڭنى ئاۋۋال دادامغا يېگۈز .

پەرىدە ئىنىسىغا بىرنى ئالىيىپ قويۇپ ئاشخانىغا قاراپ ماڭدى .

— پەزىلەت ئاچا ، توڭلاتقۇدا مېۋە بولسا ئاچىقىۋېتە .

— چولىسى ئەگمەيدىكەن دەپ قوي .

قادىر ئەپەندى بالىلىرىنىڭ گېپىدىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلدى ۋە پەخىردىنىگە قاراپ بۇيرۇق قىلدى .

— قوپە ، ئاداش ، بۇيرۇقۋازلىقنى ئاز قىلىپ ، ئۆزۈڭ قوغۇن تىلىپ چىق . شۇنىڭ بىلەن بولسىمۇ قورساقنى گوللاپ تۇرايلى .

## 3

«گۈلدەك ياشلىق» دىسكوخانىسى چەت ئەل تولغىما ناخشىلىرىنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرى بىلەن بۇ يەرگە تۇنجى كىرگەن ئادەمگە ھازىرلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى . شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى سودا سارىيىنىڭ يەر ئاستى قىسمىغا جايلاشقان بۇ دىسكوخانىغا تىقىلىشىۋېلىشقان ياشلار بىرەر يۈزدىن كەم چىقمايتتى . غۇۋا ئالا - بېشىل چىراغ يورۇقىدا بۇ ياشلارنىڭ چىرايىنى ، ھەتتا جىنسىنىمۇ پەرق ئەتمەك تەس ئىدى . ھەرەڭ - سەرەڭ ، ساڭگىل - سۇڭگۇل كىيىنىۋالغان ياشلار سورۇنغا چۈشۈپ ، بەدىنىنى مۇزىكىنىڭ رىتىمىغا كەلتۈرۈپ تولغاپ ، ئەسەبىيلىك بىلەن سەكرەپ دىسكو ئويناۋاتاتتى . چېچىنى سېرىق رەڭدە بوياپ سالۋارتىۋالغان پەخرىئايمۇ ئاشۇ دىسكو ئويناۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدا بار ئىدى . مۇزىكا ئاخىرلىشىشى بىلەن زالنىڭ ئىچى بىرئاز تىنچىدى . دىسكو ئويناپ تەرلەپ كەتكەن پەخرىئاي ئۆزىنى ساقلاپ ئولتۇرغان دوستلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ ، ئىستاكاندىكى مېۋە شەربىتىدىن ئوتلىدى . ئۈستەلدە ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى قىز ،

www.uyghurkitap.com

ئۈچ يىگىت بار ئىدى . ئۇلارنىڭمۇ كىيىنىشى ساڭگىل ـ سۇڭگۈل ، ھەر خىل پاسوندا ياسىتىۋالغان چاچلىرى ئالاپەسەك بوپالغانىدى .

— دىگەنبىلەن دىسكوغا ھەقىـــــقەتەن پەيزىڭ بار جۇمۇ، پەخرىئاي ، — دىدى بىر تال شۇپۇڭدەك ئورۇق يىگىت .

— شۇڭا ئۇنى دىسكو خانىشى دەيمىـــز ـ دە ، — دىدى سېمىزرەك غۇنچە بوي قىز .

— ئـادەمنى بـوشراق ئۇچـۇرۇڭلار ، سىلـەرمۇ مـەندىن ئۇستىغۇ ، — دىدى پەخرىئاي قاپىقىنى سۈزۈپ .

— كەمتەرلىك قىلما ، ئاداش . ساڭا يەتمەيمىز ، — دىدى يەنە بىر زىلۋا كەلگەن قىز .

— نازۇكئاي راست دەيدۇ ، — دىدى ئىگىمز ، خام سېمىز كەلگەن يىگىت . ئۇ يېنىدىكى گەپ قىلماي ئولتۇرغان يىگىتنى بىقىندىدى ، — قانداق دىدىم ، ئـاداش . نىمـانداق مـۆرىـمـەي ئولتۇرىسەن .

تەمبەلرەك كەلگەن ، بوي ـ بەستى ئىگىمز ، چاچلىرى قۇلاق ، بويۇنلىرىنى يېپىپ تۇرغان ، مايسا بولغان قاپقارا بۇرۇتلىـــرى قاڭشارلىق چىرايىغا خويمۇ ياراشقان يىگىـــت پەخرىئايغا قاراپ پىسسىڭىدە كۈلدى .

— شۇ تاپتا بۇ گۈزەل مەلىكىنى تەرىپلەشكە سۆز تاپالماي قىلىۋاتىمەن .

— ئۇسـتاتلىقىنى مـاۋۇ خۇشـامـەتچىنىـــڭ ، — دىدى نازۇكئاي ، — بۇنىڭدىنمۇ ئېسىل ماختاش بولامدۇ جاھاندا .

— سەنمۇ نازۇكئايىنـــى ماختاپ قويە ، خانزاد ، — دىدى پەخرىئاي خام سېمىز يىگىتكە قاراپ .

— مەن ئاتىلادەك گەپكە ئۇستا ئەمەس .

— ئاغىنە بولغاندىكىن ئۆگەنسەڭ بولمامدۇ دۆت ، — دىدى نازۇكئاي چىرايلىق قاش ـ قاپىنى ئۇچۇرۇپ ، — ھىچبولمىغاندا مېنىمۇ بىرەر قېتىم مەلىكەم دەپ قويساڭ تىلىڭغا قوقاق چىقىپ قالماس .

— مەلىكەم دېيەلمىسەڭ ، خانىشىم دېسەڭمۇ بولىدۇ ، — دېدى شۇپۇڭدەك ئورۇق يىگىت .

نازۇكئاي شۇ هامان بويىنى شاپتۇل قاقتى :

— خانىشىم دېيىشكە سالاهىيىتى توشمايدىكەن ، دەپ قوي . هەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى .

— خەپ توختاپ تۇر ، بىر كۈنى پادىشاهمۇ بولارمەن . شۇ چاغدا خانىشىم بولمىغىنىڭنى كۆر ، — دېدى خانزاد كۈلگەن پېتى ۋە غۇنچە بوي قىزغا قاراپ دېدى ، — قانداق دېدىم ، نېلۇپەر .

— خام خىيالنى ئاز قىلىپ تىرىشساڭ ئۇمۇ بولۇپ قالار ، — دېدى نېلۇپەر ، — ئەسلىدىمۇ پادىشاه ، خانىش بولغۇدەك ، شاهزادە ، مەلىكە بولغۇدەك باللارغۇ بىز ، — ئۇ هېلىقى شۇپۇڭدەك ئورۇق يىگىتكە قاراپ دېدى ، — قانداق دېدىم . ئىككى ئىغىز گەپ قىلىپ مېنى قوللاپ قويمامسەن ، پەرۇخ .

— تامامەن توغرا ، — دېدى پەرۇخ شوخلۇق بىلەن كۆز قىسىپ ، — مەنمۇ داۋاملىق ئۆزۈمنى پادىشاه ، سېنى خانىش دەپ خىيال قىلىمەن .

— ئوهوش ، نېمانچە جىق پادىشاه ، خانىشلار بۇ ، — دېدى پەخرىئاي .

— قانداق ، ئۆزۈڭنى كېيىنزەكتەك هېس قىلىپ قالغان ئوخشىمامسەن ، ئاداش ، — دېدى نېلۇپەر چاقچاق قىلىپ .

— خام خىيالنى ئاز قىلىپ ئۆيگە قايتايلى ، — دېدى پەخرىئاي ، — ۋاقىت خېلى كەچ بولۇپ قاپتۇ ، يەنە كەچ قالساق ئاتا - ئانىمىز خانىش - مەلىكىلىكىمىزنى ئىككى پۇل قىلىپ قويمىسۇن يەنە .

— نېمىگە ئالدىرايسەن ، سائەت ئەمدى ئون بولدى ، — دېدى ئاتىللا ، — يەنە يېرىم سائەت ئولتۇرايلى .

— ياق ، بولمايدۇ ، — دېدى پەخرىئاي سومكىسىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ ، — هېلىمۇ خېلى كەچ قالدىم . ئانام تېرەمنى تەتۈر سويمىسىلا بولاتتىغۇ .

www.uyghurkitap.com

— شۇنداق قىلايلى ، — دېدى نازۇكئاي بىلەن نىلۇپەرمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ، — سىلەردىن ئەنسىرىمىگىنى بىلەن بىزدىن ئەنسىرەيدۇ . سىلەر گۆشىيىپلا قۇتۇلىسىلەر ھەقچان . بىز كەچ قالغان ھەربىر سائەت ۋاقتىمىزغا بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بىرىدىغان گەپ .

— نېمىدىن قورقاتتىڭلا ، — دېدى خانزاد تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلەپ ، — يامىنى كەلسە ، بولغۇسى ئەرلىرىمىز بىلەن بىللە ئولتۇردۇق دېمەمسىلە ؟

— لاۋزىلاشمىغىنا ، — دېدى نازۇكئاي خانزادنى سىلكىپ .

— بۇ گەپنىڭ نېمىسى يامان ، — دېدى پەرۇخ ئېغىزىنى كالچايتىپ ھىجىيىپ ، — كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس دەپتىكەن ، خۇدايىم بۇيرۇسا ئەتە ـ ئۆگۈن ئەر ـ خوتۇنمۇ بولۇپ قالارمىز .

— نىلۇپەر ، پەرۇخنىڭ ئاغزىغا سەن تەستەك سالامسەن ياكى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەنمۇ ، — دېدى پەخرىئاي دوستىغا قاراپ .

— بولدى ، سىلەر ئاۋارە بولماڭلا ، قىزلا ، پەرۇخنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلاي ، — دېدى ئاتىللا .

— ھە ، ما گەپ جايىدا بولدى ، — دېدى نازۇكئاي ، — يالغۇز پەرۇخنىلا ئەمەس ، خانزادنىمۇ ئۇچۇقداپ قوي . ئۇلار دەرھال بىزدىن ئەپۇ سورىسۇن .

— قاراپ تۇرۇڭلار ، ھە ، مانا ھازىر ، — ئاتىللا شۇنداق دېگەچ چاقچاقانىلىق بىلەن ئوڭ ـ سول تەرىپىدىكى ئىككى يىگىتنىڭ بويىنىدىن ئېلىپ قۇچاقلىدى ـ دە ، چاقماق تېزلىكىدە ئۇلارنىڭ مەڭزىگە سۆيدى ، ئاندىن قىزلارغا ئاگلىتىپ تۇرۇپ دېدى ، — رەھمەت ئاغىنىلەر . مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى گەپنى دېدىڭلار . ھېلىمۇ بىزنىڭ ئۆيلىنىدىغان ۋاقتىمىز بولۇپ قالدى ئەمەسمۇ .

يىگىتلەر قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى .

قىزلار نارازىلىق بىلەن چۇرقىراشتى .

— قېلىن ، ئەسكى تازلار .

قىزلار يامانلىغانىنى قىلىپ سىرتقا ماڭدى .

يىگىتلەر ھېسابنى ئۆزۈپ چىققاندا، قىزلار دىسكوخانىنىڭ ئالدىدا ئۇلارنى ساقلاپ تۇراتتى.

— ئەسلىدە سىلەرنى ساقلىماي كېتىۋېرەيلى دېگەن، — دېدى نىلۇپەر چاقچاق قىلىپ، — ئەمما سىلەرنى قاراڭغۇدا ئۆيىنى تاپالماي تېنەپ قالمىسۇن، دېيىشتۇق.

— ياخشى ئويلاپسىلەر، رەھمەت، — دېيىشتى يىگىتلەر.

ئاندىن ھەرقايسىسى ئۆز جۈپتىلىرى بىلەن تۈن قوينىغا سىڭىپ كەتتى.

## 4

ھەپتە ئارىلىقى بولغاچقىمۇ، «كۆكلەم» رېستورانىدىكى ئۇستەللەر خېلىلا بوش ئىدى. رېستوراندا ئۈچ ئۇستەللا مېھمان بار ئىدى. ئۇسسۇل سەھنىسىگە يېقىنراق بىر ئۇستەلدە بەش - ئالتە، نەپەر ئەر ھاراق ئىچىشىۋاتاتتى. ئۇلاردىن ئىككى ئۇستەل ئارىلىق قالدۇرۇپ ئولتۇرغان مېھمانلار بىر ئائىلە كىشىلىرى بولسا كېرەك. ياشانغانلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشلار ۋە بالىلاردىن تەركىب تاپقان مېھمانلار ئۇستەلگە پاتمايلا قالغاندى. بۇ ئىككى ئۇستەل مېھمانلاردىن يىراقراق بولغان دېرىزە تەرەپتىكى ئۇستەلدە زۆھرە خانىمنىڭ چاي ئويناۋاتقان دوستلىرى ئولتۇرۇشقانىدى. مېھمانلار تەلەپ قىلمىدىمۇ ياكى ناخشىچىلارنىڭ ناخشا ئېيتقۇسى كەلمىدىمۇ، ئەيتاۋۇر سەھنىدە ناخشىچىلار كۆرۈنمەيتتى. VCD ئاپپاراتىدىن چىقىۋاتقان مۇزىكا زال ئىچىدە لەرزان تەۋرەيتتى. بىر - بىرىدىن سۆلەتلىك ياسىنىشقان، ئالتۇن زىبۇزىننەتلىرىنى قولاق، بويۇن، بىلەك، بارماقلىرىغا تولۇق ئېسىشقان خانىملار ئۇستەلدىكى قورۇمىلارغا ئېغىز تېگىشكەچ ئۇششاق گەپكە چۈشۈشكەنىدى. زۆھرە خانىممۇ نۆۋەتتە كەلگەندە ئانچە - مۇنچە گەپكە ئارىلىشىپ قويۇپ، ئۆزىنى چوڭ سۇپەت تۇتۇشقا تىرىشىپ ئولتۇراتتى، ئەمما ئۇنىڭ ياسالما قىياپىتى مانا مەن دەپلا

ئاشكارىلىنىپ قالغانىدى . ھەئە ، سورۇنلىنى بېشىغا كىيىپ سۆزلەۋاتقانلارمۇ ، گەپكە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغاندەك قىلغان بىلەن ، ئىچىدە مەنسىتمەي ئولتۇرۇۋاتقانلارمۇ ، نۆۋىتى كەلگەندە گەپنى تارتىۋېلىپ سۆزلەۋاتقانلارمۇ ، ئانچە ـ مۇنچە گەپكە قوشۇق سېلىپ قويىدىغانلارمۇ ، ئۈندىمەي ئۆز خىيالى بىلەن ئولتۇرغانلارمۇ بار ئىدى .

— ۋاي شۇ ئوغلۇم بەك ۋاپادار بالا بولدى ، — دەپ سۆزلەۋاتاتتى ئايشەم خانىم ، — ئۆزىمۇ پەقەتلا جىم تۇرمايدۇ ، بەك يۈرۈشى بار ، تاپاۋىتى بەلەن . ئالغان ماشىنىسى سىنت ئۇيان ـ بۇيان قىلماي ، ۋاي ئانا ، خەجلىسىلە ، دەپ ماڭا بېرىدۇ . ۋاي مېنىڭ ماشىمىمۇ ئۆزۈمگە كەڭتاشا يېتىدۇ ، ئۆزۈڭ خەجلە بالام دېسەم ، مېنىڭمۇ خەجلىگۈدەك پۇلۇم بار ، بۇ پۇلغا كۆڭۈللىرى تارتقاننى ئېلىپ يېسىلە ، كىيسىلە ، دەيدۇ . بىر قىسىم بالىلار بولسا بۇ كەمگىچە نەچچە خوتۇن ئېلىپ يولغا سېلىپ بولاتتى . ئوغلۇم بەك ئەخلاقلىق بولغاچقا ھازىرغىچە بىرەر قىزنى ئالىمەن دەپ ئۆيگە باشلاپ كەلمىدى . دادىسى بىرنەچچە قېتىم يېشىڭ خېلى چوڭ بولۇپ قالدى ، ئەمدى ئۆيلەنگىن دېسە ، ئالدىراپ كەتمەيلى ، دادا ، دەيدۇ . ھەقىچان شەھىرىمىزدە دىتىغا ياققۇدەك قىز چىقمىدى بولغاي ، ئوغلۇمغا . خۇدايىم بۇيرۇسا ، ئۆزۈم چېكىنىپ تاللاپ تۇرۇپ تىرناقتا توختىغۇدەك بىر قىز تاپىمسام ...

ئايشەم خانىمنىڭ ۋالاقلاشلىرى زۆھرە خانىمنىڭ زىتىغا تەگكەنىدى . ئۇ قولىدىكى ئىستاكاننى ئۈستەلگە تاققىدە قويۇپ لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈردى .

«ئوغلى بار ئادەم شۇنچىۋالامۇ پو ئاتقان بارمۇ . خەپ مېنىڭ قىزلىرىممۇ ئوغۇل بولۇپ قالغان بولسىچۇ . زەي سالماي پۇ ئېتىپ كېتىشلىرىنى ، داغۋاز . كىم بىلىدۇ ، قىز سوراپ بېرىپ كىملەرنىڭ بوسۇغىسىنى قېرىتۇۋەتمىدى . بۇ شەھەردە ئوغلۇمغا يارىغۇدەك قىز چىقمىدى دەپ كېتىشلىرىنى ، ھالىغا باقماي . خەقمۇ قىزنى تەستە باقىدۇ ، مانا ، كېلىن قىلىۋالسىلا دەپ ئىككى

قوللاپ تۇتمايدۇ خەققە . مېنىڭ ئالدىمغا قىز سوراپ كېلىپ باقسۇنچۇ قېنى ، كۆرسەتمەيدىغان بولسام ، ئوغلى شۇنداق ئېسىل بالا بولغانمىدۇيا ؟ مۇشۇنداق كاسىلداپ يۈرۈپمۇ ئوغلىنى قېرىتىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ بۇ خوتۇن . ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىن بولۇپ كىرگەن قىزنىڭمۇ جېنىغا ۋاي ... »

ئايشەم خانىمنىڭ گېپىگە پاتىمە خانىمنىڭ قوشۇق سېلىشى زۆھرە خانىمنىڭ خىيالىنى چالغىتىۋەتتى .

— ئوغلۇم بار دەپ ئۇنچە چوڭ سۆزلەپ كەتمەيلى . بىزمۇ قىزلىرىمىزنى كۆز قارىچۇقىمىزدەك ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلغان ، — پاتىمە خانىم ئادەتتە ئانچە گەپ يوشۇرۇپ ئولتۇرمايدىغان ، گەپكە گەپ توغرا كەلگەندە يۈز ئاياپ ئولتۇرمايدىغان ئايال ئىدى ، — سىلەرنىڭ ئوغلۇڭلارمۇ ئاغزىدا گۈل چىشلەپ ، قولىدا ئالتۇن تۇتۇپ تۇغۇلمىغان بولغىيدى ھەقىچان .

— شۇنى دەيمەن ، — دېدى گۈلسۈم خانىم ، — قىز بالا دېگەن كۆيۈمچان ، ئانىنىڭ قولىغا يېقىن كېلىدۇ . مېنىڭمۇ ئىككى ئوغلۇم ، ئىككى قىزىم بار . ئوغۇل بالا دېگەن چوڭ بولۇۋالسىلا تالادىن كىرگىلى ئۇنىمايدىكەن . ئاشۇ ئىككى قىزىم ئۆيدە قولۇمنى سۇغا تەگكۈزمايدۇ ، ئاش - تامىقىمنى ئېتىدۇ ، كىر - قېتىمىنى يۇيىدۇ . ئۆي ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى شۇلاردىن ئاشمايدۇ . تېخى ، ۋاي جېنىم ئانا ، ھېرىپ كەتتىڭ ، دەپ ئىشتىن كېلىپ بولغۇچە پۇت - قوللىرىمنى تۇتۇپ قويىدۇ .

— مېنىڭ قىزلىرىمنى دېمەمدىغان ، — دېدى زۆھرە خانىممۇ ئۆزىگە سۆزلەش پۇرسىتى كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ ، — ئىشتىن قايتىپ كەلسە بىردەم جىم تۇرمايدۇ . ھەرقاچان تامىقىم تەييار . قولۇمنى ئاش ئېتىمەن دەپ خېمىرغا ، كىر يۇيىمەن دەپ سۇغا تىقمايمەن . شۇڭىمۇ تاماق ئېتىشنى ئۇنتۇپ قالغىلى تۇردۇم . قىز بالا باقسا ئادەم بالدۇرلا راھەتكە چىقىپ قالىدىكەن .

ئۇ ئۈچ قىزىمنىڭ بىر - بىرىگە ئامراقلىقىنى دېمەمدىغان . ۋاي ئاچا ، ۋاي سىڭلىم دېيىشىپ ئۆي ئىشىنى بەس - بەستە

قىلىدۇ ...

زۆھرە خانىم سۆزلەۋېتىپ خۇدۇكسىرىدى، باشقىلارغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى، كۆڭلى ئەسكى بولدى.

«ۋاي بۇ جۇۋاينىمەكلەر دەۋاتقانلىرىمنىڭ بىرىنى قىلغان بولسا كىمنىڭ دەردى. خەپ، ئۆيگە بارغاندىن كېيىن راسا بىر ئەدىپىنى بېرىپ، ئۆي ئىشلىرىغا سالمايدىغان بولسام. قىز بالا باققاننىڭ تۇزۇك راھىتىنىمۇ كۆرمىدىمغۇ. شۇ تاپتا مەنغۇ بۇ يەردە زەي سالماي پو ئېتىپ، ئېسىل مەزەلەرنى يەپ ئولتۇرۇپتىمەن. ئۇ جۇۋاينىمەكلەر دادىسىغا بىرەر قاچا ئاش ئېتىپمۇ بەرگەنمىدۇ؟ ئاشۇ ئادەم، ئاچ قالمىسا بولاتتىغۇ؟ بولمىسا، رېستوراندىن بۇرۇنراق قايتىپ كەلسىلە بولماسمىدى دەپ كوتۇلدىغىلى تۇرىدۇ ئادەمگە. ئۇ جۇۋاينىمەكلەرنى ئاشۇنداق ئەركە، ھۇرۇن، بولۇمسىز كۆندۇرۇپ قويغانمۇ ئاشۇ ئادەم بولمىسا. ئاچ قالسىمۇ ھەق، ئەمدى مېنىڭ باشقۇرۇشۇمغا ئارىلىشىۋالسۇنچۇ قېنى ...»

ئەمدى پاراڭ باشقا تېمىغا كۆچكەنىدى.

— مەن «چىننۇرى» پەرداز بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىۋاتىمەن.

— ماڭا «چىننۇرى»نىڭ مايلىرى تازا ياقمىدى، «رۇخسار» نىڭكىنى ئىشلىتىۋاتىمەن.

— «چىننۇرى»نىڭ مايلىرى شۇنداق ياخشىغۇ. ھېلىقى قورۇقتىن ساقلاش يۈز مېيى بارغۇ، شۇنداق خىل كەلدى ماڭا. قورۇقلىرىم خېلى ئازلاپ قېلىۋاتىدۇ.

— بولمىسا «مەھلىيا»نىڭكىنى ئىشلىتىپ باققىن.

— مېنىڭمۇ يۈز تېرەم پارقىراپلا قالدى.

— يەنىلا «ئەمۋاي»نىڭ مەھسۇلاتى ياخشى جۇمۇ.

— ۋاي قوياڭلا، ئۇنداق ساختا نەرسىنىڭ گېپىنى قىلماي، ماڭا پەقەتلا ياقمىدى.

— بىر ئاي بولدى، تۈركمىنىڭكىنى ئىشلىتىۋاتىمەن.

— ھە راست، بۇ يىل قىش تۈركىيىنىڭ خۇرۇم چاپىنى مودا بولارمىش، بىرەردىن ئالامدۇق، ئاداشلا.

— تۇركىيىنىڭ خۇرۇم چاپانلىرىدىن ئىتالىيىنىڭ خۇرۇم چاپانلىرى ياخشى .

— ھەممىسى ساختا . ئۇرۇمچىدىكى بىر دوستۇمنىڭ ئېيتىشىچە ، ھازىر بازارغا سېلىنغان چەت ئەل مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسى دۆلىتىمىزدە ئىشلەپ چىقىرىلغان ماللار ئىكەن . پەقەت چەت ئەلنىڭ ماركىسىنى چاپلىيمىش شۇ .

— ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ خانىمىمۇ تۇركىيىنىڭ خۇرۇم چاپىنىنى كىيەرمىش .

— ھېلىقى ۋالىينىڭ ئايالىمۇ مەخسۇس تۇركىيىدىن كىيىم ئەكەلدۇرۇپ كىيەرمىش .

— كورىيىنىڭ كىيىملىرىنى تۇركىيىنىڭكىدىن داڭلىق دەيدۇغۇ ؟

— مەن بىر ئۇرۇقلىسام بولاتتى ، بارغانسېرى سەمرىپ كېتىۋاتىمەنغۇ تاڭ ، بولمىسا تامىقىم ئانچە جىق ئەمەس .

— بىر ئولتۇرۇشۇڭدا ئىككى تەخسە لەڭمەننى كۆرمىدىم دەپ يەۋەتكەن بىلەن ھە .

— ئوھوشتە ، چىشىمنى قېرىشتۇرمىغىنا ، خېنىم .

— يالغانمۇ ؟ قاراپ باقە . مۇشۇ ئۇستەلدىكى قورۇمىلارنىڭ گۆشىنى سەنلا يەۋەتتىڭ .

— ھەئە ، سەن يېمەي ، چاي ئىچىپ چىشىڭنى كوچىلاپ ئولتۇردۇڭ .

— ئاڭلىدىڭلارمۇ ، ئىراقنىڭ ئاياللىرىمۇ ئامېرىكىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىۋېتىپتۇ .

— پەلەستىندىمۇ كىچىك قىز باللار ئىسرائىلىيىگە بېرىپ ئۆزىنى پارتلىتىپ يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرەرمىش .

— ئامېرىكىنىڭ ئالدىنقى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى ئاشنىسى بىلەن تۇتۇلۇپ قالغاندىن كېيىنمۇ خوتۇنى يەنىلا كېلىشىپ ئولتۇرغانمىدۇ ؟

— كېلىشىپ ئولتۇرغاندۇ جۇمۇ .
— پېتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالغىلى بولمايدۇ - دە .
— ئاڭلىشىمچە ، ئاجرىشىپ كەتمەپتۇمىــــش ، تېلېۋىزوردا كىلىنتون زۇڭتۇڭنى ئاقلاپ نۇتۇق سۆزلەپتۇمىش .
— تازىمۇ بىر ئايالكىنە ئۇ .
— ئېرىنى ئاشنا ئويىنىغانغا تويغۇزماي .
— ئەقىللىق ئايالكەن .
— توۋا دېگىنە ، خېنىم .
— ئاجرىشىپ كەتسە ئۆزى زىيان تارتىدۇ شۇ . ئۇ زۇڭتۇڭ غوجامغا تېگىمەن دەيدىغان قىزلار ئامېرىكىدا جىقتۇ ھەقىچان .
— شۇ ئەمەسمۇ . ئاشۇ ئىشنى دەپ ، ئاران تۇتقان ئۆيىنى خەققە تارتقۇزۇپ قويۇشقا كىم چىدايدۇ .
— بىچارە ئايالغىمۇ ئۇۋالكەن .
— خەقنىڭلا گېپىنى قىلماي ، بىزمۇ ئەرلىرىمىزگە كۆز - قۇلاق بولايلى .
— ئۇنى دېسىغۇ ، ئەر خەقتە ئىنساپ قالمىدى .
— مۇشۇ ، خەقنىڭ ئۆيىنى بۇزغان نېمىلەرنى مۇددەتسىز كېسىۋەتسە دەيمەن .
— مۇددەتسىز كېسىۋەتسە تۈرمىدىكى ساقچىلارنىڭ ئۆيىنى بۇزارمىكىن . مېنىڭچە بولغاندا ، ئېتىۋەتسە بولامدىكىن .
— قايسى كۈنى تېلېۋىزوردا ھېلىقى چوكاننىڭ دېگىنىدەك تۆمۈر ساندۇققا سولاپ ، ئاچقۇچىنى دېڭىزغا تاشلىۋەتسە بولىدۇ زادى .
— خۇدايا توۋا دەيلى ، ئاداشلا .
— ... ...
رېستوراننىڭ ناخشىچىسىنىڭ ئوقۇغان جاراڭلىــــق ، شوخ ناخشىسى ئاياللارنىڭ قىزغىن پاراڭنى ئۈزۈپ قويدى .
— بىرەر پەدە ئۇسسۇل ئويناپ قويمامدۇق ؟— دېدى



www.uyghurkitap.com

گۇلسۇم .

— شۇنداق قىلايلى . ھەممەيلەن ئۇسسۇل ئوينايلى ، — دېدى شاراپەت خانىم ، — ھېچبولمىسا باياتىن بېرى يېگەن تاماقلىرىمىز بولسىمۇ سىڭە .

ئاياللار بىر - بىرىنى ئۇسسۇلغا تارتىشىپ ، شوخ ھەرىكەتلەر بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشتى . تورۇستىكى زىنىنەت چىراغلىرىنىڭ نۇرىدا ئۇلارنىڭ قۇلاق ، بويۇن ، بىلەك ، بارماقلىرىدىكى ئالتۇن زىبۇزىنەتلىرى يالت - يۇلت قىلىپ چاقنايتتى . ئۇلار ئارقىمۇئارقا تۆت - بەش پەدە ئۇسسۇل ئويناپ ئوبدانلا ھېرىپ قېلىشتى . ئۇستەلگە پاتماي ئۇستى - ئۇستىلەپ تىزىلغان تەخسىلەردىكى قورۇمىلار سوۋۇپ قالغانىدى . ئۇنىڭسىزمۇ ئۇلارنىڭ قورسىقى تويۇپ ، بۇ قورۇمىلارغا قاراشقا زوقى قالمىغانىدى .

— ئەمدى ئاستا بىرىپ ئۆينى تېپىۋالامدۇق ، ئەرلىرىمىز كوتۇلدىغىلى تۇرمىسۇن يەنە ، — دېدى مەرەمنىسا خانىم .

— شۇنداق قىلايلى . ھېلىمۇ كەچ بولاپ كېتتى ، سائەتمۇ ئون بولاي دەپ قاپتۇ ، — دېدى زۆھرە خانىم .

گۇلسۇم خانىم سورۇننىڭ ساھىبخانى بولغاچقىمۇ ھۆسىلە قىلدى .

— ۋاي ، يەنە بىرئاز ئولتۇرايلى . كۇتكۇچى قىزنى چاقىراي ، يەنە بىرنەچچە تەخسە قورۇما ئاچىقسۇن . كۆڭلۇڭلا تارتقان قورۇمىلارنى بۇيرۇتۇڭلار .

ئاياللار ئارقىمۇئارقىدىن ئۆزرە ئېيتىشتى .

— رەھمەت ، ھېلىمۇ جىق بولاپ كېتىپتۇ .

— قايسى قورساققا يەيمىز .

— قورۇمىلار شۇ پېتىچە ئېشىپ قالغان تۇرسا .

— كۆپ رەھمەت ، شۇنداق جىق كايىپلا .

— پۇخادىن چىققۇدەك مۇڭدىشىۋالدۇق ، ئوينىۋالدۇق .

— لايىقىڭلاردا بولمىدى ، رەنجىمەڭلار ئەمىسە ، — دېدى

گۈلسۇم خانىم .

— كېلەر قېتىملىق چاينىڭ نۆۋىتى كىمگە كەلدى ؟ — دېدى پاتىمە خانىم .

— ماڭا كەلدى ، — دېدى كۆپتەك سەمرىگەن چىمەنگۈل خانىم ، — ھاۋا بەك ئىسسىپ كېتىۋاتىدۇ . ئەگەر خالىساڭلار بۇ قېتىملىق چاينى بىرەر باغدا راسلايمىكىن دەيمەن .

چىمەنگۈل خانىمنىڭ تەكلىپىنى ئاياللار تۇشمۇتۇشتىن قوللىدى .

— ۋاي بەك بەلەن ئويلاپسەن .

— شۇنداق قىلايلى . باغ سەيلىسى قىلايلى زادى .

— رېستوراندا ئولتۇرۇۋېرىپ زېرىكىپمۇ قالغان ئادەم .

— ئوغلۇڭ يېزا باشلىقى بولغاندىكىن ، دۆلىتىنى بىزگىمۇ كۆرسەتسۇن ئەمدى .

— ئاپپارات تەييارلاپ قويۇشنى ئۇنتۇما ، باھانىدە خاتىرە قالدۇرۇپ قويايلى .

— بولىدۇ ، ئەمىسە ، — دېدى چىمەنگۈل خانىم ، — ۋاقتى كەلگەندە ئۆزۈم خەۋەر بېرىمەن . قاتناشتىن غەم قىلماڭلار .

— ماڭا قايلا ، خېنىم . ئىككى كۈن بۇرۇن خەۋەر بېرىۋېتەسەن جۇما .

— راست ، شۇنداق قىل . سەھراغا چىققىدىغان ئىش بولغاندىكىن ، شۇ كۈنى خەۋەر قىلساڭ ئالدىراپ قالىدىكەنمىز .

— مۇمكىن بولسا بىرەر - ئىككى سازەندە ئۇقۇشۇپ قويارسەن .

— غەم قىلماڭلا ، — دېدى چىمەنگۈل خانىم ، — ئوغلۇم يېزىنىڭ دېھقان سازەندىلىرى بار ، مۇقام ئېيتقۇزۇپ ، مەشرەپ قىلىپ بېرىمەن ، دەيدۇ .

— ھە ، ما گېپىڭ جايىدا .

— خانىلىرىم ، رەسمىيەتنى ئۆتىۋېتەمدۇق ، — دېدى زۆھرە خانىم ئاياللارنى جىمىلەپ .

— ۋاي راست ، مۇھىم بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتۇق .

ئاياللار سومكىلىرىنى ئاختۇرۇپ ئىككى يۈز كويدىن پۇل ئېلىپ زۆھرە خانىمغا بىر - بىرلەپ تاپشۇردى . زۆھرە خانىم پۇلنى يىغىپ بىرقۇر ساناپ چىققاندىن كېيىن تەخسىگە سېلىپ ، پۇل سېلىنغان تەخسىنى گۈلسۇم خانىمغا ئىككى قوللاپ تەڭلىدى .

— ئاداش ، ئاز بولسىمۇ سورۇندىكىلەرنىڭ كۆڭلىــكەن . كۆپكە تاۋاپ قىلىپ قوبۇل قىلارسەن .

— ۋاي رەھمەت ، سىلىنى بەك كايىتىپتىمەن ، — دېدى گۈلسۈم خانىم ئورنىدىن تۇرۇپ ، — شۇنداقلا كەلسەڭلىــــمۇ بولىتتى .

— ھېلىمۇ شۇنداقلا كەلدۇق ، — دېدى زۆھرە خانىم .

— ئېلىڭلا ئاداش ، بىزنى خىجىل قىلماي ، — دېيىشتى باشقا ئاياللارمۇ .

ھەر قېتىملىق سورۇنغا ئىككى يۈز كويدىن پۇل ئېلىــپ كېلىش ئالدىن بېكىتىلگەن قائىدە ئىدى . بۇ پۇلنى چاي بېرىش نۆۋىتى كەلگەن ساھىبخانا ئالاتتى . گەرچە بۇ بېكىتىلگەن قائىدە بولسىمۇ ، ساھىبخانىمۇ مېھمانـلارمۇ تەڭـلا ھۆسلە قىلىشـاتتى ؛ بىر - بىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشــىپ ، رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتىشاتتى .

گۈلسۈم خانىم تەخسىنى قولىغا ئېلىپ ، ئېگىلىپ تۇرۇپ سورۇندىكىلەرگە يەنە بىر قېتىم ھەشقاللا ئېيتتى ، ئاندىن ئېلىپ كەلگەن شارپىلارنى چاينىڭ خاتىرىسى دەپ تارقاتتى .

ئاياللار قىسقىلا دۇئا قىلىشقاندىن كېيىـــــن سورۇننـــــى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى . ھەئە ، كۆتكۈچى قىز ئەكېلىپ بەرگەن يالتىراق خالتىلارغا ئۇستەلدىكى ئېشىپ قالغان قورۇمىلارنى تالىشىپ زەللە قىلىشتى .

ئۇلار رېستوراندىن چىققاندىن كېيىن بىر - بىرىگە ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈپ خوشلاشتى .

## 5

زۆھرە خانىمغا ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى قادىر ئەپەندى ئېچىپ بەردى. باللار ئۆزلىرىنىڭ ياتاق ئۆيلىرىگە كىرىپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت قادىر ئەپەندىلا تېلېۋىزور كۆرگەچ بۇ قەدىناسىنى ساقلاۋاتاتتى.

— كەچ قالدىڭغۇ، خانىم؟ — سورىدى قادىر ئەپەندى.

زۆھرە خانىم ئايىغىنى سالغاچ جاۋاب بەردى.

— بىر ئايدىن بېرى يىغىلىپ قالغان پاراڭلىرىمىز تۈگىمەي. باشتا جىم، ئاخىرىسىدا ھەممىسىنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغۇسى كېلىپ كەتتى. قورساقلىرى قانداق؟ غاچچىدە يېگۈدەك بىر نەرسە قىلىپ بېرەيمۇ؟

— ئاۋارە بولمىسىلا، تاماق يېدىم.

— سىلىنى ئاچ قالغانمىدۇ دەپ ئەنسىرەپلا ئولتۇردۇم، — زۆھرە خانىم بايا سورۇندىكى دوستلىرىنىڭ باللىرىنى داڭلاپ بەرگىنىنى ئېسىگە ئېلىپ كۆڭلى يېرىم بولدى، — ئۈچ قىزىمىز بار دېگەن بىلەن، بۇيرۇمىساق ھېچقايسىسى ئۆزلۈكىدىن ئىسسىق بىر قاچا تاماق ئېتىپ ئالدىمىزغا ئەكەلمەيدۇ. خەقنىڭ باللىرى قانداق بالىدۇ، بىزنىڭ باللىرىمىز قانداق بالىدۇ؟

— كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا، بۈگۈن پەرىدە بىلەن پەزىلەت تاماق ئېتىپ بەردى، — دېدى قادىر ئەپەندى، — ئەتكەن تامىقىمۇ شۇنداق ئوخشاپتۇ. دېگەنبىلەن قىزلىرىمىز تاماققا ئۇستىكەن.

— ئاغزىلىرىغا تېتىغۇدەك تاماق يېگەن بولسىلا بولدى.

— يەنىلا سىلىنىڭ ئەتكەن تاماقلىرىغا يەتمەيدۇ. سىلىنىڭ قوللىرىنىڭ تەمى باشقىچە، — قادىر ئەپەندى شۇنداق دېگىنىچە زۆھرە خانىمنىڭ قولىنى تۇتتى.

— ئۇنداق قىلمىسىلا، باللار كۆرۈپ قالسا سەت

تۇربدۇ، — زۆھرە خانىم قولىنى تارتىۋالدى.
— ماڭسىلا ئەمىسە، ياتاق ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى، — دېدى قادىر ئەپەندى پىچىرلاپ.
— باللارنىڭ ھەممىسى ئۆيدىمۇ؟
— پەخرىئاي تېخىچە كەلمىدى.
زۆھرە خانىمنىڭ بىردىنلا جۇدۇنى تۇتتى.
— بارغانسېرى ھەددىدىن ئاشقىلى تۇردىغۇ، بۇ كۇچۇك، گەپ قىلمىسام كۇندىن ـ كۇنگە كەچ كېلىپ، بىر ئەدىپىنى بەرمەيدىغان بولسام.
شۇ ئەسنادا ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى.
زۆھرە خانىم غەزەپ بىلەن ئىشىك ئاچقىلى مېڭىۋىدى، قادىر ئەپەندى ئالدىراش تاپىلىدى.
— پەخرىئاي كەلگەن ئوخشايدۇ، تىللىماي چىرايلىق گەپ قىلسىلا، بالا قاشىرىپ قالسا باشقۇرماق تەس بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، قوشنىلار ئاڭلاپ قالسىمۇ سەت. ئەتە يالغۇز ئولتۇرۇپ چىرايلىق نەسىھەت قىلسىلا.
زۆھرە خانىم ئىشىكنى ئېچىپ، بوسۇغىدا گۇناھكارلارچە يەرگە قاراپ تۇرغان پەخرىئايغا غەزەپ بىلەن چەكچەيدى.
پەخرىئاي قورقۇمسىراپ ئۆيگە كىردى ـ دە، ئايىغىنى سالغاچ چۈشەنچە بەردى.
— بىر دوستۇمنىڭ تۇغۇلغان كۇنى بولغانتى، بەك يېقىن دوستۇمتى ئۇ. شۇڭا ...
— داۋاملىق كەچ كەلسەڭ تۇغۇلغان كۇن، تۇغۇلغان كۇنلا دەيسەن. دېگىنە، سېنىڭ ئۇ دوستلىرىڭ ئايدا بىر قېتىم تۇغۇلغان كۇننى ئۆتكۇزەمدۇ؟ قىز بالا دېگەن ئازراق سوكۇلدايدىغان، لالما ئىتتەك.
پەخرىئاي گەپ قىلماي يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى.
— ماڭە، كىرىپ ئۇخلا. سەن بىلەن ئەتە ئايرىم سۆزلىشىمەن.

زۆھرە خانىم بىلەن قادىر ئەپەندىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

زۆھرە خانىم كىيىملىرىنى سېلىپ كېچىلىك كىيىمىنى ئالماشتۇرۇشقا تەمشىلىپ تۇرۇۋىدى، قادىر ئەپەندى پەم بىلەن ئارقىسىدىن قۇچاقلىۋالدى.

— ئۇنداق قىلمىسىلا، بالىلار تېخى ئۇخلىمىدى، — دېدى زۆھرە خانىم ئېرىنىڭ قۇچىقىدىن چىقىپ كېتىشكە تىرىشىپ.

— ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىدە تېلېۋىزور كۆرۈۋاتىدۇ، ئاڭلىمايدۇ، — دېدى قادىر ئەپەندى ئايالىنىڭ بوينىغا سۆيۈپ تۇرۇپ.

زۆھرە خانىم ئۆرۈلۈپلا ئېرىنىڭ بوينىغا گىرە سالدى. بۇ قەدىناس ئەر - خوتۇنلار قانماي سۆيۈشتى...

— پەردە بىلەن پەزىلەتنى تېزرەك ياتلىق قىلىۋەتسەك بولاتتى، — دېدى قادىر ئەپەندى ياستۇققا يۆلەنگىنىچە زۆھرە خانىمنىڭ چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچلىرىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، — ئۇلارنىڭ يېشى بارغانسېرى چوڭىيىپ قېلىۋاتىدۇ.

— قانداق، ئۆي تارچىلىق قىلىۋاتامدۇ؟ — دېدى زۆھرە خانىم ئېرىنىڭ تۈكلۈك مەيدىسىگە يۈزىنى يېقىپ تۇرۇپ ئەركىلىگەن ھالدا، — سىلىمۇ بارغانسېرى ياشلىقلىرىغا يېنىپ قېلىۋاتىلا.

— مېنى قېرىپ قالدى دېگەنمىتىلە، مېنىڭ نەزىرىمدە سىلىمۇ خۇددى يېڭى توي قىلغان ۋاقىتلىرىدەكلا.

— مەنمۇ قىزلىرىمىزنى تېزرەك ياتلىق قىلىۋەتسەك دەپ ئالدىرايمەن بولمىسا. كۆڭۈلدىكىدەك يەردىن لايىق چىقسا بولاتتى.

— شەرتنى بەك يۇقىرى قويۇۋالمايلى، خوتۇن. مۇھىمى، بالىلار بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشسىلا بولدى.

— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن، قىزلىرىمىزنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتتۇق. كۈيئوغۇللارمۇ ھەم مەلۇماتلىق، ھەم ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى بولۇشى كېرەك - دە. بۇ جۇۋاينىمەكلەرنىڭ تاپقان

لايىقلىرى پەقەتلا دىتىمغا ياقمىدى . چىرايى بار دەپ سۆيۈنسەم ئەقىلسىز چىقىپ قالدى بۇ كۈچۈكلەر .

— ئۇلارنىڭ لايىقلىرى بىلەن كۆرۈشكەن ئوخشىمامىلا ؟

— نەدىكىنى ، پەرىدە ، پەزىلەت بىلەن مۇڭدىشىپ باقتىم .

— لايىقلىرى قانداقكەن ؟

— ئىشقىلىپ ، ماڭا ياقمىدى .

— قانداق دەيلا ؟

— پەرىدەنىڭ لايىقىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى سەھرادىكەن . دېھقان دەيدۇ . ئۆزى ئوقۇتقۇچىكەن ، تېخى يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئىشلەيدىكەن . پەزىلەتنىڭ لايىقى ساتىراشكەن ، ئاتا ـ ئانىسى سودىگەر ئوخشايدۇ .

— شۇنداق قىلىپ ھەر ئىككىلىسىنى ياقتۇرمىدىم ، دېسىلە .

— شۇنداق بولماي ئەمىسە . بىزمۇ ئۇنچە كاتتا ئادەملەردىن بولمىساقمۇ ، خېلى ـ خېلى ئادەملەر ، ۋاي قادىر ئەپەندى ، زۆھرە خانىم دەيدۇ . دېھقان بىلەن قۇدىلىشىپتۇ . كۈيئوغلى ساتىراشكەن دېسە سەت ئەمەسمۇ ؟

— بۇنىڭ سەت تۇرغۇدەك نېمىسى بار . باللار ياقتۇرغان بولسا مەيلى ئەمەسمۇ ؟ ھەممىدىن سەت تۇرىدىغىنى ، قىزلىرىمىزنىڭ ياتلىق بولالماي قېرى قىز دەپ ئاتىلىپ قېلىشى . ھېلىمۇ ئۇلارنىڭ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالدى .

— ئۇلاردىن يېشى چوڭ قىزلارمۇ ئەرگە تەگمەي يۈرىدۇغۇ تېخى . ھازىر جاھان ئۆزگەردى . قىزلىرىمىزنى قېرى قىز دېيىشكە تېخى بالدۇر . ئالدىراپ ـ تېنەپ ئەرگە بېرىپ قويغان بىلەن كېيىن كېلىشەلمىسە نىكاھ زېدىسى بولىدۇ . كۈيئوغۇلنىڭمۇ كۈيئوغلۇم دېگۈچىلىكى بولۇشى كېرەك . سىلى پەخرىدىنىنىڭ ئىشىغا ئىگە بولسىلا ، قىزلارنىڭ ئىشىغا ئۆزۈم ئىگە .

— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن ، خەققە قىزىمنى ئوغۇللىرىغا ئەپبەرسىلە دەپ ئالدىغا بارغىلى بولمايدۇ ـ دە .

— ئۆزۈمنىڭ ئامالىم بار . مەنمۇ بىرنەچچەيلەننىڭ قىزلىرىغا

لايىق تونۇشتۇرۇپ قويغان. كېيىن شۇنداق ئوبدان كېلىشىپ قالدى. كۆيئوغۇللىرىنىڭمۇ شۇنداق يۈز ـ ئابرۇيى بار. نۆۋەت ماڭا كەلگەندە، يول ماڭدىغانلار چىقىدۇ.

— سىلى ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن، سىلىنىڭ تاپقان لايىقلىرىغا قىزلىرىمىز ئۇنىمىسىچۇ؟

— ھەددى ئەمەس، ئۇ جۇۋاينىمەكلەرنىڭ، مۇشتۇمدەك ۋاقتىدىن تارتىپ بېقىپ، ئەمدى گەپكە كىرگۈزەلمەسمەنما؟

قادىر ئەپەندى پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى.

— نېمىگە كۈلىلا؟ — دېدى زۆھرە خانىم رەنجىگەن ھالدا.

— بىلەملا، قىزلىرىمىز سىلىنىڭ مۇشۇ جاھىل خۇيلىرىنى دورىغان.

— سىلىگە تاماشا بولاپ بېرىپتۇ ـ دە.

— ئۇنى بىر دېمىسىلە، ئانا ـ بالا جاھىللارنىڭ بىر مەيدان تاماشىسىنى كۆرىدىغان ئوخشايمەن.

— ئۆتەپ بارسىلا نېرى.

زۆھرە خانىم تەتۈر قاراپ يېتىۋالدى.

— رەنجىمىسىلە، چاقچاق قىلىپ قويدۇم، — دېدى قادىر ئەپەندى ئايالىنى پەپىلەپ، — پەخرىئايغا گەپ قىلىپ قويسىلا، چېچىنى ئۇنداق سەت بوياپ، پاخپايتىۋالمىسۇن. كىيگەن كىيىملىرىمۇ بىر مۇقامدا يوق، ساڭگىل ـ سوڭگۈل.

— ماقۇل، — دېدى زۆھرە خانىم، — چوڭ كۆچۈكنىڭ بېشىنى ئوڭشاپ بولغۇچە، كىچىك كۆچۈكنىڭ دەردى. بالىنى كىچىك ۋاقتىدا باقماق ئاسانكەن زادى.

— كۆڭۈللىرىنى ئۇنچە يېرىم قىلمىسىلا، بالىلىرىمىز ھەرھالدا ئەخلاقلىق. بولدىلا، بۇ ئىش توغرۇلۇق ئەمدى مۇڭداشمايلى. بۇنىڭدىنمۇ باشقا گېپىمىز باردۇ بىزنىڭ. تەتۈر يېتىۋالماي ئالدىلىرىنى مايانغا قىلسىلا.

قادىر ئەپەندى ئايالىنى قايتىدىن قۇچاقلىدى.

— بولدى، ئەمدى ئۇخلايلى، — دېدى زۆھرە خانىم نازلىنىپ.

# 6

ئۈچ قىز بىر ئۆيدە ئۇخلايتتى. ئۆيگە پول ياتقۇزۇلۇپ بولۇپ ئۈستىگە گىلەم سېلىنغانىدى. تامنىڭ بىر تەرىپىگە لىق كەلگۈدەك كىيىم ئىشكاپى قويۇلغان بولۇپ، كىيىم ئىشكاپى ئۈچ بۆلەككە ئايرىلغانىدى. ھەربىر بۆلەككە بىر قىزنىڭ يوتقان - كۆرپىسى ۋە كىيىم - كېچەكلىرى سېلىنغانىدى. يەنە بىر ئۆيدە پەخرىدىن يالغۇز ياتاتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مېھمانخانىدىن باشقا ئۆيلەر بۇ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ياتىقى ھېسابلىناتتى. پەخرىئاي كىرىپ كەلگەندە ئىككى ئاچىسى ئۇخلاش ئۈچۈن سېلىنغان يوتقان - كۆرپىسىگە ياتپاشلىغىنىچە تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى. ئۇلار سىڭلىسىغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ تېلېۋىزورنى كۆرۈۋەردى. پەخرىئاي كېچىلىك كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋېلىپ، ياتىدىغان جايىنى راسلىغاچ غوتۇلدىدى.

— ماڭىمۇ ئورۇن سېلىپ قويسا بولىدۇ.

پەزىلەت تېلېۋىزوردىن كۆزىنى ئۈزمەي جاۋاب قايتۇردى.

— بىز سېنىڭ دېدەكلىڭ ئەمەس، داۋاملىق ئاخشىمى ئورنۇڭنى سېلىپ بېرىپ ئەتىگىنى يىغىپ بېرىدىغان.

— يامان گەپ قىلمىغىنا ئادەمگە، ئاچامكەن دەپ دەۋاتىمەن، — دېدى پەخرىئاي رەنجىپ.

— ئاچا بولغانلىقىمىز ئۈچۈن سېنىڭلا خىزمىتىڭنى قىلساق بولامتى. ھېلىمۇ كىچىك ۋاقتىڭدىن تارتىپ پوقلۇق زاكاڭنى يۇيۇپ، بۆشۈكۈڭنى تەۋرىتىپ، پىت باشلىرىڭنى تاراپ چوڭ قىلىپ قويدۇق. يەنە نېمە قىلىپ بەرسەك بولىتتى. ئىزا تارتماي دەۋاتقان گېپىنى، ئەمدى سەن بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى قىلساڭ بولىدۇ.

— ۋاي قوۋۇرغامەي، پوقلۇق زاكامنى سەن يۇغانمىتىڭ، — دېدى پەخرىئايمۇ بوش كەلمەي، — بۇ گەپنى پەرىدە ئاچام قىلسا

يارىشىدۇ . مەن تۇغۇلغاندا ، سەن مېنىڭ پوقلۇق زاكامنى يۇيۇش توگول ئۆزۈڭنىڭ پوقۇڭنىمۇ ئادالىيالمايتتىڭ . گەپ قىلمىسام مېنى بېقىپ چوڭ قىلىپ قويغان ئادەم بولۇۋېلىشلىرىنى .

— ئىشقىلىپ ، زاكاڭنى يۇمىسامىمۇ بۆشۈكۈڭنى تەۋرەتكەنمەن…

— ھەئە ، خەۋىرىم بار . بۆشۈكۈمنى تەۋرەتمەن دەپ ئۆرۈۋېتىپ قېچىپ كېتىپتىكەنسەن . تاس قاپتىكەنمەن ئۆلۈپ قالغىلى . ھېلىمۇ ياخشى دادام چىرىپ قاپتىكەن .

سىڭلىسىنىڭ گېپى پەزىلەتنىڭ تىتاڭ تومۇرىغا تەگدى .

— ئاشۇ ۋاقىتتا دادام چىرىپ قالمىغان بولسا بولاپتىكەن تازا .

— ۋىيەي ، ما قانجۇق مېنىڭ ئۆلۈمۈمنى تىلەۋاتىدۇيا . دېگىنە ، مەن سېنىڭ نەرىڭگە تاقاشتىم .

— مېنى قانجۇق دەۋاتىدۇيا ما شۇم . ئاغزىغا تەستەك بىلەن بىر سالمەن باكا .

— ھە ، نوچى بولساڭ ، شۇنداق قىل . ئانام مېنى قولى يوق تۇغۇپتىكەن .

— جىم يېتىشە ، جېدەل قىلىشماي ! — دەپ ۋارقىرىدى پەرىدە ئىككى سىڭلىسىنى جېمىلەپ ، — ئادەمنى ئارامخۇدا تېلېۋىزور كۆرگىلىمۇ قويمىغان .

ئىككى سىڭلىسى جىم بولدى ، ئەمما بىر - بىرىگە سەت ئالىيىشتى .

پەخرىئاي تېلېۋىزورغا بىردەم قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن قولىغا تىزگىنەكنى ئېلىپ قانال يۆتكەشكە باشلىدى .

— نېمانداق تايىنى يوق بۇ كىنونىڭ ، باشقا قانالنى كۆرەيلىلا .

پەخرىئاي قانالنى يۆتكەپ تۇرۇشىغا ، پەرىدە تىزگىنەكنى ئېلىپ بايا كۆرگەن قانالنى ئاچقاچ غوتۇلدىدى .

— نېمانداق چىشىمغا تېگىدۇ . بىردەم جىم تۇرە ، ما

تېلېۋىزىيە تىياتىرى تۈگىسۇن .

پەردە قانالنى يۆتكەپ بولۇپ ، تىزگىنەكنى قولىدا مەھكەپ تۇتۇۋالدى .

— تېلېۋىزور يالغۇز سېنىڭمىتى ، — دېدى پەخرىئاي نارازى بولۇپ ، — داۋاملىق سېنىڭ خالىغىنىڭچە تېلېۋىزور كۆرىدىغان ئىشمىكەن .

پەردە سىڭلىسىغا بىرنى ئالايدى :

— ئۇنداق ئادەم بۇرۇنراق كەل . كىم ئۆيگە بۇرۇن كېلىپ تېلېۋىزور كۆرسە ، شۇنىڭ گېپى ھېساب .

— يوغان ئىش . بۈگۈن بۇرۇن كېلىپ قالغان ئوخشايسەن ئۆيگە .

— ياۋاشراق بول . كەچ كەلگىنىڭ ئۈچۈن ئەتە ئانامدىن تاياق يەپ قالامسەن تېخى . ئاشۇنداق بولۇپ قالسا بىر چەتتە تۇرۇپ تاماشا كۆرسەم كۆرىمەنكى ، ھەرگىز ئارىغا چۈشمەيمەن .

— چۈشمىسەڭ چۈشمە . بەربىر ئىشتىدىغان دەشنامنى ئىشتىپ بولدۇم .

— كۈندە كەچ كېلىپ خىجىلمۇ بولمايدىكەنسەن .

— ئىشىڭنى قىلە ، ماڭا قېينانىلىق قىلماي . ئەجەبمۇ زېرىكتىم .

— مەن زېرىكمىدىم . مەن ساڭا بەك ئامراق . كۆزۈم سەتى كۆزمونچاق .

پەزىلەت ئاچىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ جېدىلىنى ئاڭلاپ ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشكە باشلىدى .

پەخرىئاي ئاچىلىرى بىلەن گەپ تالىشىپ قالسا تەڭ تۇرغاندەك قىلغان بىلەن ، چىڭ يېرىگە چىققاندا جىم تۇرۇۋالاتتى . ھەئە ، ئاخىرقى ھېسابتا ئاچىلىرىغا ھۆرمەت قىلىشنى بىلەتتى ، لېكىن بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر جىم تۇرغۇسى كەلمىدى . پەردەنىڭ ھە دېگەندە ئاچىلىق قىلىشى ، پەزىلەتنىڭ تاماشا كۆرۈپ خىرىلداپ كۈلۈشى ئۇنىڭ زىتىغا تەگكەنىدى . ئادەتتە ، ئىككىيلەن گەپ

تالىشىپ قالسا بىرەيلەن ئارىغا چۈشۈپ ياراشتۇراتتى. بۈگۈن ئىككى ئاچىسى بىرلىشىۋالغاندەك، ئىككىسى بىرلىشىپ ئۆزىنى بوزەك ئېتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى-دە، بوش تۇرغۇسى، يول قويغۇسى كەلمىدى. ئاچىسىغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ غوتۇلدىدى:

— يا بىر ئەرگە تېگىپ ئۆيىنى بىكالىمىدى.

ئۇنىڭ بۇ بىر ئېغىز گېپى بىلەن ئىككى ئاچىسىنىڭ قۇلاقلىرى دىڭ بولدى، كۆزلىرى چەكچەيدى، چىرايى تۇرۇلدى. يانپاشلىغان يېرىدىن دەس قوپۇپ ئولتۇردى.

— نېمە، نېمە دېدىڭ؟ — سورىدى ئىككىسى تەڭلا.

ئاچىلىرىنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ پەخرىنىساي سەل تەمتىرىدى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىگە غەيرەت بېرىپ تۇرۇپ جاۋاب قايتۇردى.

— ئەرگە تېگىپ ئۆيىنى بىكالاشمىدىڭ دېدىم، قانداق، يامان دەپتىمەنمۇ؟

— ئەرگە تېگىشكە ئالدىراپ قالغان بولساڭ، ئۆزۈڭ تەگكەچ تۇر، — دېدى پەرىدە غەزەپتىن تىترىگەن ھالدا، — نېمە جېنىمنى چىقىرىدۇ ما شۇم.

— بۇ شۇمنىڭ كىچىك تۇرۇپ ئەرگە تەگكۈسى كېلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، — دېدى پەزىلەتمۇ گەپكە قوشۇق سېلىپ، — ھۇ قېلىن قانجۇق.

پەخرىنىساي ئەمدى رەسمىي پارتلىغاندەك قىلاتتى، شۇڭا ئاچىلىرىدىن بەكرەك كۆزلىرىنى چەكچەيتتى.

— ھە، ئەرگە تەگكۈم كەلدى، قانداق قىلىشاتتىڭ. ھېلىمۇ دوستلىرىمدىن بىرنەچچىسى توي قىلىپ بولدى. مېنىڭ ھەرقايسىڭغا ئوخشاش قېرى قىز بولۇپ ئولتۇرغۇم يوق. ئىككىڭ ئەرگە تەگسەڭ، ئاندىن ماڭا نۆۋەت كېلە. ئىزا تارتمىسۇن دەپ يۈزىنى قىلسام بىلىشمەيۋاتقىنىنى.

پەرىدە غەزەپ بىلەن ئورنىدىن دەس تۇردى. سىڭلىسىنىڭ «قېرى قىز» دېگەن گېپى تىتاڭ تومۇرىغا تەگكەنىدى. ئۇ پەخرىنىسايىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلىدى.

— ئاغزىنى يىرتىۋېتىدىغان شۇمكەن ماۋۇ .

— بولدى قىلە ، ئاچا . بۇ بىشەم بىلەن تەڭ بولمايلى ، — دېدى پەزىلەت ئارىغا چۈشۈپ ، شۇ تاپتا ئۇنىڭمۇ ئاچچىقى كېلىپ تۇرغان بولسىمۇ ، ئاچا ـ سىڭىللار ئوتتۇرىسىدىكى جېدەلنىڭ يوغىناپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى .

— نوچى بولساڭ ئاغزىمنى يىرتىۋەت ، — دېدى پەخرىنىساي تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ ، — تاك ئېتىپ بىرنى چېكىپ باقە قېنى . ئانام ـ دادام ، پەخرىدىن ئاكاممۇ ئارىلاشسۇن بۇ جېدەلگە .

پەرىدە لاسسىدە بوشاپ قالدى . ھەئە ، ئۇ پەخرىنىسانىڭ ئەلپازىدىن كۆرە ، ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئىنىسىنىڭ ئالدىدا ئىزا تارتىشىدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى .

پەزىلەت ئاچىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ۋىلىقلاپ كۈلۈۋەتتى . ئۇنىڭ كۈلكىسى پەرىدەنى تېخىمۇ بەك جىلە قىلدى .

— نېمانداق سەت ھىجىيىسەن ، بۇ شۇمنىڭ گېپى بىلەن مۇناسىۋىتىڭ يوقتەك .

— بولدى ، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال ئاچا ، — دېدى پەزىلەت كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران توختىتىپ ، — بۇ جۇۋاينىمەك بەك يامان بولۇپ كېتىپتۇ . شۇ تاپتا جېدەل قىلىدىغان بولساق ، ئانام ، دادام ھەم پەخرىدىنىنىڭ ئالدىدا ئۆزىمىزنى بازارغا سالىمىز . ئۇلار گۇناھنى يەنىلا بىزگە ئارتىدۇ .

— نېمىشقا بىزگە گۇناھ ئارتىقۇدەك ، — دېدى پەرىدە تېرىكىپ ، — بىشەملىكنى مۇشۇ قىلغان تۇرسا .

— ئۇغۇ شۇنداق ، — دېدى پەزىلەت چۈشەندۈرۈپ ، — دېگەنىبىلەن پەخرىنىسانىڭ گېپىنىڭمۇ ئاساسى بار . قائىدە بويىچە سۇ باشتىن ئاياغقا قاراپ ئاقىدۇ . ئەسلىدىمۇ سەن تېزرەك توي قىلساڭ بولاتتى .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ پەرىدە تېخىمۇ بەك تېرىكتى .

— بۇگۈن نېمە بولغاندۇ ماۋۇ ئىككى جۇۋاينىمەككە ، مەن

www.uyghurkitap.com

بىلەئلا قالدىغۇ . سىنىڭمۇ ئەرگە تەگكۇڭ كەلگەن ئوخشايدۇ .

پەزىلەت ئاچىسىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ سورىدى :

— سىنىڭ ئەرگە تەگكۇڭ كەلمىدىما ؟

پەرىدەنىڭ تىلى تۇتۇلدى .

پەخرىئاي ۋىلىقلاپ كۇلۇۋەتتى .

— ھە ، ما گەپ جايىدا بولدى ، سەنمۇ بىرەر قېتىم لىللا گەپ قىلىشنى بىلىدىكەنسەن ـ ھە ، پەزىلەت ئاچا .

— ئۆلە ، بېشىڭنى يەيدىغان جۇۋاپىنىمەكلەر .

پەرىدە شۇنداق دېگىنىچە ۋىلىقلاپ كۇلۇۋەتتى . ئىككى سىڭلىسىمۇ ئۇنىڭ كۇلكىسىگە جور بولدى .

شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىز يانفونىنىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇچ قىز دەرھال كۇلكىسىنى توختىتىپ ، قايسىمىزنىڭ يانفونى جىرىڭلىدىكىن دەپ دىققىتىنى يىغدى .

— پەرىدە ئاچا ، سىنىڭ يانفونۇڭ سايراۋاتىدۇ ، — دېدى پەخرىئاي .

پەرىدە يۇگۇرۇپ بېرىپ سومكىسىدىن يانفونىنى ئالدى . يانفونىنىڭ ئېكرانىغا شۇنداقلا قاراپ ، خۇدۇكسىرىگەن ھالدا ئىككى سىڭلىسىغا قارىدى .

— نېمىگە قاراپ تۇرسەن ، سۆزلەشمەمسەن ، — دېدى پەزىلەت .

پەرىدە يانفونىنىڭ يېشىل كۇنۇپكىسىنى دەرھال بېسىپ قۇلىقىغا تۇتتى ـ دە ، ھاياجانلانغان ھالدا : «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دېدى . شۇ ھامان ئۇنىڭ يۇزىگە سۇس قىزىللىق تارىدى ، كۆزلىرىدىن بىر خىل بەخت نۇرى بالقىدى .

— سەل تۇرۇپ تۇرۇڭ ، — دېدى پەرىدە ۋە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ھاجەتخانىغا كىرىپ كەتتى . ھە ، ئۇ قارشى تەرەپ بىلەن سىڭىللىرىنىڭ ئالدىدا سۆزلىششنى بىئەپ كۆرگەندى .

— ھېلىقى ئوقۇتقۇچى ئاكاشتىن تېلېفون كەلگەن ئوخشىمامدۇ ؟ — سورىدى پەخرىئاي پەزىلەتكە قاراپ .

— ھەقچان شۇ ، — دېدى پەزىلەت ، — بولمىسا ئاچام بىزدىن يوشۇرۇپ كېتەمتى .

— پەرىدە ئاچامغىمۇ تەس بولدى ، — دېدى پەخرىنىساي ، — ئانامغا نەرى يارىمىدىكىنىتالىق ، قارشى چىقىپلا كەتتىغۇ ئۇلارنىڭ تويىغا . بىچارە پەرىدە ئاچامغىمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ . يا ئانامغا ئىككى ئېغىز گېپىنى جايلاپ قىلالمىغان .

— سەنمۇ ئىچ ئاغرىتىشنى بىلىدىكەنسەن ـ ھە ، قارا ، بايا ئاشۇنداقمۇ گەپ قىلامسەن . ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ ، پەرىدە ئاچامغا بەك ئېغىر گەپ قىلىۋەتتىڭ .

— مېنىمۇ بوش قويمىدىغۇ . ئۇبدانلا تىللىۋالدى ، — دېدى پەخرىنىساي تەن ئالغۇسى كەلمەي .

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ، ئۇ دېگەن ئاچا ئەمەسمۇ ، ئانام ـ دادامدىن قالسا ئىككىمىزگە چىق ئەجرى كىرگەن . ئاشۇنداق گەپنى قىلساڭ ، ئېچىشقان يېرىگە تۇز سەپكەندەك بولمامدۇ ، ھېلىمۇ ئاچام ساڭا كۆپ يول قويدى .

پەخرىنىسايغا گەپ تەسىر قىلغاندەك قىلاتتى ، بېشىنى تۆۋەن سالدى .

— ھېلى ئاچام كىرسە ئەپۇ سورىغىن ، — دېدى پەزىلەت .

— ماقۇل ، — دېدى پەخرىنىساي .

— مەندىنچۇ ؟ مەندىن ئەپۇ سورىمامسەن ؟ — دېدى پەزىلەت كۈلۈپ ، — كىچىك ۋاقتىڭدا بۆشۈكۈڭنى ئۆرۈۋەتكىنىمنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەتكۈڭ يوقمۇيا .

— ئادەمنى خىجىل قىلمىغىنا ، — دېدى پەخرىنىساي كۈلۈپ ، — ئاشۇ ئىشتىنلا بۆشۈكۈمنى تەۋرىتىپ باققىنىڭ چىقىپ تۇرمامدۇ . سەن بىلەن چېقىشىپ دەپ قويدۇم ئۇ گەپنى . رەنجىمە ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئۇنداق دېمەيمەن .

— مېنىڭمۇ ئاغزىم ئىتتىك . بايا دېگەن گەپلىرىمگە سەنمۇ رەنجىمە . بۇنىڭدىن كېيىن ئاچا ـ سىڭىللار بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىمىزنى قىلىپ ئۆتەيلى . بولۇپمۇ پەرىدە ئاچامنى

رەنجىتمەيلى .

— ماقۇل ، — دېدى پەخرىئاي ۋە بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ سورىدى ، — سېنىڭ ئىشىڭ قانداق بولۇپ كەتتى ، ئاچا ؟

پەزىلەت خىيالچانلىق بىلەن جاۋاب بەردى .

— ئاچام بىلەن ئوخشاش . ئانام قوشۇلمىدى .

— نېمىدەپ قوشۇلمىدى ؟

— ساتىراشنى ھەرگىز كۆيئوغۇل قىلمايمىش . چوقۇم مۇقىم خىزمىتى بار بىرى بىلەن توي قىلىشىم شەرتمىش .

— بۇنداق دېسە قانداق بولىدۇ . ئۇ دېگەن ساتىراش ئەمەس ، ھۆسن تۈزەش ئۇستىسى . ھازىر جەمئىيەتتە پۇل تاپقان ھەممىدىن نوچى . ھۆسن تۈزەش كەسپى ھازىر ئەڭ ئېقىۋاتقان كەسىپ تۇرسا ، تېزرەك توي قىلساڭ مەنمۇ چېچىمنى بىكارغا ياسىتاتتىم .

— ئەجەب چۇتۇچى جۇمۇ سەن .

— ئاكام بولغاندىكىن ھەقسىز مۇلازىمەتتىن بەھرە ئالارمىز .

— دۇكىنىغا چاچ ياسىتىمەن دەپ كىرمىگەنسەن ؟

— توۋا دېگىنە . ئۇنچىلىك قائىدە دېگەننى مەنمۇ بىلىمەن . سىلەر تېخى توي قىلمىغان تۇرساڭلار . دۇكىنىغا خىجىل بولماي قانداق كىرەلەيمەن . مېنىمۇ تونۇمايدۇغۇ ھەقىچان . ئەممازە ، دۇكىنىدا بەك ئېسىل پەرداز بۇيۇملىرى بار . باشقا دۇكانلاردىن تېپىلمايدۇ . مەھكەم تۇر . ھەرگىز بەل قويۇۋەتمە . ئانام چوقۇم قايىل بولىدۇ .

— سېنىڭ يۈرگەن يىگىتىڭ بارمۇ ؟

پەخرىئاي بىرئاز تۇرۇۋېلىپ جاۋاب بەردى .

— بىرى بىلەن يۈرۈۋاتىمەن ، لېكىن ئانامغا دەپ قويمىغىن جۇمۇ ، ئاچاممۇ بىلمەي تۇرسۇن .

— توغرا دەيسەن ، بولمىسا ئاچامغا بېسىم بولىدۇ .

پەردىنىڭ كىرىپ كېلىشى ئۇلارنىڭ پاراڭنى ئۈزۈپ قويدى . پەزىلەت «ئەپۇ سورىمامسەن» دېگەننى قىلىپ پەخرىئايغا ئىشارە قىلدى .

— ئاچا، خاپا بولمىغىن، بايام سېنى رەنجىتىپ قويدۇم، — دېدى پەخرىئاي.

— ۋاي خۇدايىمەي، ئەمدى ئەتە كۈن قاياندىن چىقار، — دېدى سىڭلىسىنىڭ گېپىدىن سۆيۈنگەن پەرىدە چاقچاق قىلىپ، — سەن جىنىدىن رەنجىگىلى بولامتى. رەنجىمىدىم. مەندىنمۇ ئۆتتى. ئەسلىدىمۇ مەن چوڭ بولغاندىكىن ساڭا يول قويسام بولاتتى.

— ئۇنداق دېمە، ئاچا، مەن ئەسكىلىك قىلدىم. ئەمدى ھەرگىز كۆڭلۈڭنى رەنجىتمەيمەن، — پەخرىئاي پەرىدەنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ ئەركىلىدى، — قانداق، ھېلىقى ئوقۇتقۇچى ئاكاشنىڭ قىلغان تېلېفونىمىكەن؟

— ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشما، — دېدى پەرىدە جاۋاب بەرگۈسى كەلمەي.

— پەخرىئايدىن يوشۇرۇپ نېمە قىلىسەن، — دېدى پەزىلەت، — يا بۇ ئالتە ياشلىق بالا بولمىسا، دېگىنە، نېمە دېيىشتىڭلار؟

پەخرىئايمۇ گەپ قاتتى.

— دەۋەرگىن ئاچا، قولىمىزدىن كەلسە ساڭا ياردەم قىلىمىز.

پەرىدە ئىككى تايىن بولۇپ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى.

— نېمە دەيتتى شۇ، توي ئىشىمىزغا ئانىڭىزنى قايىل قىلدىڭىزمۇ، تېزرەك بولۇڭ دەپ ئالدىرىتىۋاتىدۇ.

— سەن نېمە دېدىڭ؟ — سورىدى پەزىلەت.

— مەن نېمە دەيتتىم، ئانام گەپنى چورتلا كېسىۋەتكەن تۇرسا.

— يەنە دەپ باقمامسەن؟ — دېدى پەخرىئاي.

— ئانامنىڭ جاھىللىقىنى بىلىسەنغۇ؟ مەن دېمىدىم ئەمەس، دېدىم. خىزمىتىنى شەھەرگە يۆتكەپ كىرسۇن، دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئانام شەھەرگە خىزمەت يۆتكىمەكنىڭ تەسلىكىنى

ئوبدان بىلىدۇ . بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىلارغا بەك تەس . ئۇنىڭمۇ ئاتا ـ ئانىسىنى تاشلاپ شەھەرگە يۆتكەلگۈسى يوق .

— ئاتا ـ ئانىسى شۇنداق نامراتمىدۇ ؟

— ئۇنچە ئەمەس ، — دېدى پەرىدە ، — دېھقان بولغىنى بىلەن خېلى قول ئىلكىدە بار . هويلا ـ ئاراملىرىمۇ شۇنداق كەڭرى ، ياسىداق . هويلىسىنىڭ كەينىدە شۇنداق كەڭرى بېغى بار . ئاتا ـ ئانىسىنى دېھقان دېسەم ، ئانام بەك نامرات ئوخشايدۇ دەپ قالدى بولغاي .

— بۇ ئانامىمۇ بەك غەلىتىكەن ، — دېدى پەزىلەت ئاھ ئۇرۇپ ، — بىرىنى نامرات دەپ ياراتمىغان ، بىرىنى ساتىراشكەن دەپ ئۇنىمىغان . بولمىسا ، ئاتا ـ ئانىسى باي ئادەملەرتى .

— دېمىسىمۇ ساڭا قېيناتا ـ قېينانا بولغۇچىلار شەھەردىكى داڭقى بار بايلاردىن تۇرسا ، — دېدى پەخرىئاي .

— باي بولسا نېمە بوپتۇ ، — دېدى پەزىلەت رەنجىپ ، — باي مال ـ دۇنياسىنى بۆلۈپ بەرمەيدۇ ، كەمبەغەل كېلىپ يېتىۋالمايدۇ . ئۇمۇ ئاتا ـ ئانامنىڭ مال ـ دۇنياسىنىڭ ماڭا كېرىكى يوق دەپ ، مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەپ پۇل تېپىۋاتىدۇ . تېخى ئانامنىڭ ھە دېسە ساتىراش دەپ كەمسىتىپ كېتىشلىرىدىن ئايلىناي .

— ئانامنى چاندۇرماي باشلاپ ئاپىرىپ ، چېچىنى ياسىتىپ پەرداز قىلدۇرۇپ قويساڭغۇ ماقۇل دەيتتى ، — دېدى پەخرىئاي .

سىڭلىسىنىڭ ئويناشقاندەك بەرگەن مەسلىھەتىگە پەزىلەت بىر ئاز قىزىقىپ قالدى .

— سىنىڭچە ، شۇنداق قىلسام بولارمۇ ؟

— چوقۇم بولىدۇ ، — دېدى پەرىدە تەستىقلاپ ، — كۆرگەنسەن ، ئاناممۇ پەرداز ئۇستىلىنىڭ ئالدىدا ئۇزاق ئولتۇرىدىغان بولۇپ كەتتى .

— ئاۋۋال سىنىڭ ئىشىڭ بىر تەرەپ بولسۇن . ئۇنىمۇ ئويلىشىپ كۆرەرمىز .

مېھمانخانا ئۆيدىكى تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشى، ئۇلارنىڭ قىزغىن پارىڭىنى ئۈزۈپ قويدى.

— پەخرىئاي، سەن چىقىپ تېلېفوننى ئېلىپ باقە، — دېدى پەرىدە.

— بەربىر ماڭا كەلگەن تېلېفون ئەمەس، — دېدى پەخرىئاي، — بىرئاز ساقلايلى، پەخرىدىن ئاكام چىقىپ ئالىدۇ.

— راست، بۇنداق كەچ بولغاندا تېلېفون كەلسە، چوقۇم پەخرىدىنگە كېلىدۇ.

— ئەجەب يانفونىغا ئۇرماپتۇغۇ؟ — دېدى پەرىدە.

— ئاكام يانفوننى ئېتىپ قويغاندۇ، — دېدى پەخرىئاي.

## 7

ھەئە، تېلېفون پەخرىدىنگە كەلگەنىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى پەخرىدىن تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىپ پەس ئاۋازدا.

قارشى تەرەپتىن بىر قىزنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بۇ مەن.

— بىلدىم، — دېدى پەخرىدىن، — ھەقچان سىنى تېلېفون قىلدى دەپ ياتقان يېرىمدىن يۈگۈرۈپ چىقتىم.

— يانفونۇڭ توختاپ كېتىپتۇ.

— مەنمۇ بايىراق بىلدىم.

— توخۇ قونداققا چىقماستا يوتقانغا كىرىۋالغانمىدىڭ؟

— ھېلىمۇ سائەت ئون بىر بولاي دېدى. يوتقانغا كىرگىنىم بىلەن ئۇخلىمىغان تېخى.

— ئۇخلىماي نېمە ئىش قىلدىڭ؟

— بىرى بىلەن مۇڭدىشىۋاتقان.

— كىمكەن ئۇ يوتقاندا مۇڭدىشىپ كەتكۈدەك.

— كىم بولاتتى، سەن. سېنى سېغىنىپ كۆزۈمگە ئۇيقۇ

كېلەمدىغان دېگىنە .

— يالغانچى .

— كىمنى دەۋاتىسەن ؟

— سېنى . سېغىنغان بولساڭ تېلېفون قىلاتتىڭ .

— دېدىمغۇ . بايا تېلېفون قىلاي دېسەم ، يانفونۇم توختاپ كېتىپتۇ . ئۆينىڭ تېلېفونىدا تېلېفون قىلاي دېسەم ، دادام كەچكىچە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇردى . بىئەپ دېگىنە . بەزەن گەپلەرنى دېگىلى بولمايدۇ .

— بولدى ، چۈشەندۈرۈپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ . چاقچاق قىلدىم .

— قانداق ، سەنمۇ مېنى سېغىنغان ئوخشىمامسەن ؟

— سېغىنماتتىكىن ئەمىسە . ھېلىمۇ كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئىككى كۈن بولدى .

— كاماندىروپكىغا چىققان . ئۆزۈڭ ياخشى تۇرغانسەن ؟

— ياخشى تۇردۇم ، بىراق ...

تېلېفوندا قىزنىڭ ئاۋازى پەسلەپ كەتتى . پەخرىدىننىڭ كۆڭلى سەل ئاغقاندەك بولدى .

— نېمە ئىش بولدى ؟

— بولدىلا ، ئەتە كەچتە دەپ بېرەي .

— ئەتە كەچتە بولمايدۇ ، — دېدى پەخرىدىن بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ ، — بايا ئۆيدىكىلەرنى ئەتە كەچتە مېھمان قىلىدىغانغا ۋەدە بېرىپ قويۇپتىمەن .

— ئۇنداق بولسا ، ئۆگۈنلۈككە كۆرۈشكەندە مۇڭدىشايلى .

— ۋاي - ۋۇي ، دەۋېتە ئادەمنى تەقەززا قىلماي . گەپنىڭ بېشىنى چىقىرىپ قويۇپ ...

— بىر ئېغىز گەپ بىلەن تۈگىمەيدۇ .

— ھەرقانچە بولسىمۇ رومان ئوقۇپ بەرمەيدىغانسەن . ھېچبولمىسا گەپنىڭ گۈندىسىنىمۇ بولسا دەۋەت . كاللامغا بىر ئىش چىرىۋالسا ، كېچىچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان ئادىتىم بار

مېنىڭ .

— ئۇنداق ئادىتىڭ بارلىقىنى مەن نەدىن بىلەي . يا مەن سەن بىلەن بىللە ئۇخلاپ باقمىسام .

— ئۇخلىغۇڭ بارمۇ ؟ — پەخرىدىن قىزنىڭ جاۋاب بەرمىگىنىنى ھېس قىلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — مېنىڭمۇ سەن بىلەن شۇنداق ئۇخلىغۇم بار .

— كەم بولا دەپ قوياسەن ، — دېدى قىز ۋىلىقلاپ كۈلگەن پېتى ، — گەپ قىلمىسام دەۋاتقان گېپىنى ، قېلىن داپشاقىنىڭ .

— خەپ ، ئاشۇنداق كۈنلەرمۇ كېلىپ قالا ، — دېدى پەخرىدىن ھاياجانلانغان ھالدا ، — كېچە - كۈندۈز كارىۋاتتىن چۈشكىلى قويماي ئۇخلىمايدىغان بولسام .

— چاقچاقنى ئاز قىلە ، غوجام ، — دېدى قىز رەسمىي گەپكە كۆچۈپ ، — ئەگەر شۇنداق ئارزۇيۇڭ بولسا ، قۇرۇق خام خىيالنى ئاز قىلىپ ، ئەمەلىيرەك ھەرىكەت قىل . بولمىسا ، ئۇ خام خىيالىڭ ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ .

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ؟

— ئەجەب گالۋاڭكەنسەن . مۇشۇنچىلىك گەپنىمۇ چۈشەنمىگىنىنى . بىلەمسەن ، ئالدىمىزدىكى شەنبە كۈنى ماڭا ئەلچى كېلىدىكەن .

— ياخشى بوپتۇغۇ ؟

— نېمە دېدىڭ ؟ — قىزنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى .

— مېنى قورقۇتۇۋاتمايدىغانسەن ھە ، گۈلناز .

— نېمە دەيدىغانسەن . مۇشۇنداق ئىشقىمۇ چاقچاق قىلامدىمەن .

پەخرىدىن قىزنىڭ جىلە بولغانلىقىنى ھېس قىلدى . شۇ تاپتا ئۆزىمۇ ئالدىراپ قېلىۋاتاتتى .

— ئاناڭغا لايىقىم بار دېمىدىڭمۇ ؟

— دېدىم .

— نېمە دەيدۇ ؟

— نېمە دەيتتى ، سېنىڭ تاپقىنىڭ ھېساب ئەمەس ، خام خىيال قىلما ، ساڭا لايىقنى ئۆزۈم تاپىمەن ، دەيدۇ . تېخى بىرمۇنچە تىللاپ پۇسكايتىۋەتتى مېنى .

— ئاناڭ بەك يامان ئايال ئوخشىمامدۇ ؟

— ئانامنى تىللاۋاتامسەن . ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە جۇما .

— ياق ، ئەمدى دەيمەنا . سەن لايىقىم بار دېگەندىكىن ، ئاۋۋال مېنى كۆرۈپ باقسا بولامدۇ . مەنمۇ كېلىشكەن يىگىتقۇ ، خېلى - خېلى ئانىلارنىڭ كۈيئوغۇل قىلغۇلغۇسى كەلگۈدەك .

— بوپتۇ ، سېنىڭ توي قىلغۇڭ يوق ئوخشايدۇ .

— كىم شۇنداق دەيدۇ ؟

— مۇشۇنداق ئىشقىمۇ چاقچاق قىلىپ ئولتۇرساڭ .

— ھە ، دېگىنە ، قانداق قىلىمىز ؟

— ئاناڭ كېلىپ ئانام بىلەن بىر كۆرۈشۈپ باقسا بولاتتى .

— ئاۋۋال مېنى باشلاپ ئاپىرىپ باقامسەنيا ؟

— پاچىقىڭنى چېقىۋېتەمىكىن .

— ئادەمنى قورقۇتمىغىنا .

— ھېچبولمىغاندا مېنىڭ پاچىقىمنى چېقىۋېتىدۇ .

— ئاناڭ راستىنلا يامانكەن ئەمىسە .

— تېلېفوننى قويۇۋەتتىم ، — قىزنىڭ مەيۈس ئاۋازى ئاڭلاندى .

— ياق - ياق ، ئۇنداق قىلما !

قىز تېلېفوننى راستىنلا قويۇۋەتتى .

پەخرىدىن ئالدىراپ قىزغا تېلېفون قىلدى .

قىز تېلېفوننى ئالدى .

پەخرىدىن ئالدىراپ سورىدى .

— نېمانداق نازۇكلۇق قىلىسەن ؟

— ئۆزۈڭدىن سورا .

— مېنىڭ كۆرۈشكىنىمنىڭ نېمىسى يامان ؟ بەربىر ماڭا قېينانا بولىدۇغۇ ؟

— ئۇغۇ شۇنداق . بىراق ، ئىشنىڭ يولى ئۇنداق ئەمەس ، — دېدى قىز چۈشەندۈرۈپ ، — قائىدە بويىچە ئاۋۋال چوڭلار كېلىشى كېرەك . ئانامنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن سەن كەلسەڭ بولىدۇ . مۇشۇنچىلىك قائىدىنى بىلمەمسەن ؟

— مەن نەدىن بىلەي بۇنداق مۇرەككەپ قائىدىنى . يا مەن ئىلگىرى خوتۇن ئېلىپ باقمىغان تۇرسام .

— ئۇنداق بولسا مەنمۇ ئەرگە تېگىپ باقمىغان . نېمانداق جېنىمنى چىقىرىدۇ !

— ۋاي چاقچاق قىلدىم ، رەنجىمىگىنە . مېنىڭمۇ تىل قىسىلىدىغان يېرىم بار .

— تىل قىسىلىدىغان يېرىم بار ؟

— ھەئە ، ئاتا ـ ئانامنىڭ ئالدىدا . سەنمۇ بىلىسەن . مۇنداق ئىش ، ئىككى ئاچامنى تېخى ياتلىق قىلمىدۇق . مۇشۇنداق ئەھۋالدا مەن قانداقمۇ ئۇلارغا توي قىلىمەن ، ئەلچىلىككە بېرىڭلار دېيەلەيمەن .

— ئاچىلىرىڭنىڭ تېخىچە لايىقى يوقمىدى ؟

— لايىقىغۇ بار ، بىراق ئانام قوشۇلمايۋاتىدۇ .

— سېنىڭ ئاناڭمۇ تازا يامان خوتۇن ئوخشىمامدۇ ؟

— تازا كېلىشتۈرۈپ ئۆچۈڭنى ئېلىۋالدىڭ ـ ھە .

— قانداق ، ئاچچىقىڭ كەلدىما . ئۆزۈڭنىڭ دېگەن گېپىڭنى قايتۇرۇپ بەردىم شۇ .

— ئەھۋالنى چۈشەنگەنسەن ؟

— بۇ بىر مۇرەككەپ ئىشكەن . بوپتۇ ، قالدى گەپنى يۈزتۇرا كۆرۈشۈپ دېيىشەيلى .

— ھېلىقى ئەلچىلەر كېلىپ قالسا قانداق قىلىسەن ؟ — سورىدى پەخرىدىن .

— بىر ئامالىنى قىلارمەن . يامىنى كەلسە ئانامدىن بىرەر ـ ئىككى تەستەك يەرمەن شۇ .

— ۋاي بىچارە ، يۈرىكىمنى ئېچىشتۇرمىغىنا .

— ھەممە گەپ سەندە قالدى ، پەخرىدىن .

— بولىدۇ . خاتىرجەم بول . شۇنى ئېسىڭدە تۇت ، گۈلناز . مەن سەندىن باشقا ھېچقانداق قىز بىلەن توي قىلمايمەن .

— مەنمۇ شۇ . خوش ، ياخشى چۈش كۆر .

— سەنمۇ ياخشى چۈش كۆر . چۈشۈڭدە مېنى كۆرەرسەن ئىلاھىم .

پەخرىدىن تېلېفوننىڭ تۇرۇپكىسىغا چوككىدە بىرنى سۆيۈپ قىزغا سۆيۈش يوللىۋېتىپ تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتى .

## 8

«خانئۆي» كاتتا رېستورانىنىڭ ئايرىمخانىسى ئۇيغۇرچە ئۇسلۇبتا ھەشەمەتلىك بېزەلگەنىدى . پەرىدەدىن باشقا بارلىق ئائىلە ئەزالىرى يۇمىلاق شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشاتتى . زۆھرە خانىم تىت - تىت بولۇپ پات - پات سائىتىگە قارايتتى .

— ئەجەب كەلمىديا بۇ جۇۋاينىمەك ، — دېدى زۆھرە خانىم تاقىتى تاق بولۇپ ، — بولدىلا ، ساقلاۋەرمەيلى . پەخرىدىن ، كۈتكۈچىلەرگە بۇيرۇغىن ، قورۇمىلارنى ئاچىقىۋەرسۇن . پەخرىئاي ، سەن ئاچاڭغا يەنە بىر تېلېفون قىلىپ باق .

پەخرىئاي سومكىسىدىن يانفوننى ئېلىپ نومۇر باستى - دە ، قۇلىقىغا تۇتۇپ بېقىپ دېدى :

— يانفوننى يەنە ئاچماپتۇ .

زۆھرە خانىم غۇدۇرىدى .

— ئەجەب يانفوننى ئېتىۋاپتىا ؟

— يانفونىنىڭ توكى تۈگىدىمىكىن ، — دېدى پەزىلەت .

— رېستورانغا كېلىدىغانلىقىمىزدىن خەۋىرى بار بولغىيتتى ، — سورىدى قادىر ئەپەندى .

— خەۋىرى بار ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — ئەتىگەن دەپ قويغان ، چۈشتىمۇ تاپىلاپ قويغان تېخى .

— بىرەر زۆرۈر ئىشى چىقىپ قالدىمۇيا؟

— ئىشى چىقىپ قالغان بولسا، تېلېفون قىلىۋەتسە بولمامدۇ، — دېدى زۆھرە خانىم چېچىلىپ، — بالىنىڭ چوڭى بىخەرەز چىقىدۇ دېسە ئىشەنمەيتتىكەنمەن. قاتتىقراق گەپ قىلاي دېسە، ئۆز بويلۇق بولۇپ قالغان، يا ئۆزىنى سورىمىغان.

— چېچىلمىسىلا، خانىم، — دېدى قادىر ئەپەندى، — ھېلىغىچە كېلىپ قالار.

— چوپچوڭ بولغاندا ئادەمنى ئەنسىرەتمىسە بولمامدۇ.

— ئەنسىرىمىگىنە، ئانا، — دېدى پەخرىئاي ئەركىلەپ، — ئاچام يا كىچىك بالا بولمىسا. ئاله، قورۇمىلار سوۋۇپ قالىدۇ بىكا.

زۆھرە خانىم ئىشتىھاسىزلا قولىغا چوكا ئالدى - دە، باشقىلارنىمۇ تاماققا تەكلىپ قىلدى.

— سىلەرمۇ ئېلىڭلار.

— ئۈسسۈزلۇققا مېۋە شەربىتى ئەكىرسۇنمۇ، ئانا، — سورىدى پەخرىدىن.

— شۇنداق قىلايلى. مەن ئانار شەربىتى ئىچەي، مۇزلاتقىنىدىن بولسۇن، — دېدى پەزىلەت.

— بولدىلا، چاي ئىچەيلى، — دېدى زۆھرە خانىم، — ئۈسسۈزلۇققا چاي ياخشى.

پەخرىئاي ئانىسىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ دومسايدى.

— ئاكام مېھمان قىلىدىغان بولغاندىكىن بىرەر قۇتىدىن مېۋە شەربىتى ئىچسەك بولمامدۇ...

— تېجەشلىكرەك بولايلى. ئاكاڭنىڭ پۇلىمۇ بىزنىڭ پۇلىمىز. بۈگۈن كەپلەپ خەجلىۋالمىساقمۇ بولا.

زۆھرە خانىمنىڭ گېپىنى ھېچكىم يىرالمىدى.

— قورۇمىدىن يەنە ئىككى تەخسە بۇيرۇيلى ئەمسە، — دېدى پەخرىدىن، — دادا، ئۆزۈڭ ياخشى كۆرىدىغان قورۇمىدىن

www.uyghurkitap.com

ئىككىنى دېگىنە .

— بولدى ، بالام . ئاۋۋال مۇشۇ قورۇمىلارنى يەپ تۇرايلى . ئەھۋالغا قاراپ بۇيرۇتارمىز ، — دېدى قادىر ئەپەندى ئايالىغا قاراپ قويۇپ .

— سەن بۇ ئايلىق مائاشىڭنى ئۆيگە ئەكىرمىدىڭغۇ ، — دېدى زۆھرە خانىم ئوغلىغا قاراپ ، — مائاش تارقاتمىدىمۇيا ؟

— مانا مېھمان قىلىۋاتىمەنغۇ ، — دېدى پەخرىدىن كۈلۈپ .

— مۇشۇنىڭ بىلەن بولدى قىلاي دەپسەن ـ دە ، — دېدى ، — زۆھرە خانىم نارازىلىق بىلەن ، — ئۇنداق بەتخەجلىك قىلما ، بالام .

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم ، ئانا ، — دېدى پەخرىدىن ، — كاماندىروپكىغا چىقىپ مائاش ئالغىلى چولام تەگمىدى . سىلەرنى ئايرىم جۇغلىغان پۇلۇمغا مېھمان قىلىۋاتىمەن .

ئوغلىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ زۆھرە خانىمنىڭ چىرايىغا سۈس كۈلكە يۈگۈردى .

— ئانام مائاشىمىزنى باشقۇرۇۋالدى دەپ رەنجىپ قالساڭلا بولمايدۇ ، باللىرىم ، — دېدى زۆھرە خانىم ئۆزىچە سۆزلەپ ، — ئادەم ئىقتىسادچىل بولغان ياخشى . خۇدايىممۇ ئىسراپخور بەندىلىرىم مېنىڭ دوستۇم ئەمەس ، دەپتىكەن .

— ئۇنداقتا ، سەن يۈزدەيۈز پىرسەنت خۇدايىمنىڭ ئەڭ يېقىن دوستىكەنسەن ، — دېدى پەخرىئاي چاقچاق قىلىپ .

— جىم ئولتۇرە ، ساقال تارغىقى ، — دېدى زۆھرە خانىم تېرىكىپ .

— ئانامنىڭ ساقىلىنى تارايمەن دەپ يۈگۈرۈۋەتمە يەنە ، — دېدى پەزىلەت سىڭلىسى بىلەن چېقىشىپ .

— ئاناڭلارنىڭ گېپى توغرا ، — دېدى قادىر ئەپەندى سۆز ئېلىپ ، — سىلەر پۇلنىڭ قەدرىنى بىلمەي ، يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتماي ، خۇددى ياغنىڭ ئارىسىدىكى بۆرەكتەكلا چوڭ بولدۇڭلار . ئالىي مەكتەپنىمۇ ھېچقانداق قىيىنچىلىق تارتماي

ئوقۇدۇڭلار. ئاناڭلار سىلەرنى ئوقۇتىمەن، پۇلدىن قىسىلدۇرمايمەن دەپ كىيگۈسى بولسىمۇ كىيمىدى، يېگۈسى بولسىمۇ يېمىدى، ئوقۇشۇڭلار پۈتۈپ بولغۇچە ئاچ - توق يۈردى. ئاددىيسى، پايپاقلىرىنى يامان كىيسە كىيدىكى، بىر تال پايپاقىمۇ ھېسابلاپ تۇرۇپ پۇل خەجلىدى. مانا سىلەر ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئارقىمۇئارقىدىن خىزمەتكە چىقىۋىدىڭلار، ئۇھ دېدۇق، قولىمىزمۇ پۇل كۆردى، ئانچە - مۇنچە ئىقتىسادىمۇ قىلدۇق. ئەمما، بار دەپ قالايمىقان بۇزۇپ - چاچساق بولمايدۇ. ئەتە - ئۆگۈن بىر - بىرلەپ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولىسىلەر، شۇنىڭغىمۇ پۇل خەجلەيدىغان گەپ. تېخى پۇل خەجلەيدىغان نى - نى ئىشلار ئالدىمىزدا.

بالىلار خىرىلداپ كۈلگىنىچە بىر - بىرىگە يەرنىڭ تېگىدىن قاراشتى.

— سەن پەخرىئاي بەك بەتخەج بولۇپ كېتىۋاتىسەن. ئالغان كىيىملىرىڭنىڭ بىرىمۇ مۇقامىغا كەلمەيدۇ. قىز بالا دېگەن كىيىم - كېچەكنى سىپتا، چوڭ سۈپەت كىيىشى كېرەك. چېچىڭنىمۇ ئالا - يېشىل بوياپ، ئالۋاستىدەك سالۋىرىتىپلا يۈرىسەن. تۇرقۇڭغا قارىسا، ئۇيغۇرمۇ ياكى باشقا مىللەتمۇ بىلگىلى بولمايدۇ. ئەمدى سەنمۇ چوڭ بولدۇڭ، ئۇنداق كىيىنىپ، ياسىنىپ يۈرمىگىن. قارىغىنا، پەزىلەت ئاچاڭغا، كىيىنىشىگە بىر قاراپلا ئۆلچەملىك ئۇيغۇر قىزى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ كىيىنىش، ياسىنىش ئەنئەنىمىزنى تاشلىۋەتسەك يامان بولىدۇ، ياتلارنى دورىساق تېخىمۇ يامان بولىدۇ.

پەخرىئاي ئانىسىنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي، ئاچىسىنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى.

— قارا، ئانام سېنىڭ ھاجىمغا كېلىن بولىدىغانلىقىڭنى بىلمەي داڭلاپ كەتكىنىنى.

— زۇۋانىڭنى يىغە، — دېدى پەزىلەت سىڭلىسىنىڭ مەڭزىنى بوش چىمدىپ.

www.uyghurkitap.com

— نېمە دېيىشىۋاتىسەن هاي ، — ۋارقىرىدى زۆھرە خانىم .

— ھېچنېمە ، — دېدى پەخرىئاي .

— شۇنچە گەپ قىلسام ، قۇلىقىغا ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا سالغانچىلىك ئاڭلانمىغىنىنى . يەنە ئاشۇنداق يۇرىدىغان بولساڭ چاچلىرىڭنى يۇڭداپ ، كىيىملىرىڭگە ئوت قويۇۋېتىمىگىنىمنى كۆر ، — زۆھرە خانىم پەخرىئاينىڭ لام - جىم دېمەي يەرگە قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ نەزىرىنى پەزىلەتكە ئاغدۇردى ، — سەنمۇ ھە دېسە كىيىم - كېچەككە پۇل خەجلەيدىغان بولۇپ كەتتىڭ . تېخى ئېزا تارتماي ئالتۇن زەنجىر ، ئالتۇن ھالقا ئېسىۋاپسەن . قىز بالا دېگەن توي قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئالتۇن جابدۇق ئاسىدىغان ، بولمىسا خەق زاڭلىق قىلىدۇ . پەرىدە ئاچاڭلار هازىرغىچە ئالتۇن ئەمەس ، كۈمۈش چاغلىق بىر نەرسە تاقىمىدى .

— بايا پەرىدە ئاچامنى بىغەرەز دەۋاتاتتىڭ ، ئەمدى ئەجەب داڭلاپ كېتىۋاتىسەنغۇ ، ئانا ، — دېدى پەخرىئاي قەستەن ئانىسىنىڭ چىشىغا تېگىپ .

— ماۋۇ جىن داۋاملىق گېپىمدىن ئاقاق چىقىرىدۇ ، قەستەن ئادەمنى جىلە قىلىپ .

— بىردەم جىم ئولتۇرساڭ بولمامدۇ ، — دېدى پەخرىدىن سىڭلىسىنى جېمىلەپ .

پەخرىئاي شۇ هامان دومسايدى .

— ماقۇل ، بىر قېتىم مېھمان قىلىپ قويۇپلا ياخشى ئادەم بولۇۋالدىڭغۇ دەيمەن .

پەخرىدىن سىڭلىسىنىڭ چېچىدىن يەڭگىل تارتىپ ئەركىلەتتى .

— ماۋۇ جىنىنىڭ دېگەن گېپىنى . يۈزسىز .

— پەرىدە دېگەن جۇۋاينىمەك ئەجەب كەلمەيدۇيا ، — دېدى زۆھرە خانىم تىت - تىت بولۇپ .

ھەئە ، ئانا قىزىدىن ئەنسىرەپ ئەمەس ، ئۇستەلدىكى ئېسىل قورۇمىلارنى ئۇنىڭغا سىقىنىپ ، تىت - تىت بولۇپ قالغانىدى .

دۇنيادا قايسىبىر ئانا ئالدىغا تاماق كەلگەندە پەرزەنتىنى ئېسىگە ئالمىسۇن.

## 9

شۇ تاپتا پەرىدەمۇ ھۇزۇرلىنىپ تاماق يەۋاتاتتى. بۇ تېز تاماقخانىنىڭ خېرىدارى جىق بولغىنى بىلەن، مۇھىتى پاكىز ھەم تىنچ ئىدى. ئۇ بۇلۇڭدىكى ئىككى كىشىلىك ئورۇندۇق قويۇلغان كىچىككىنە ئۈستەلدە يىگىتى بىلەن قارىشىپ ئولتۇراتتى. بېشىغا چىمەندوپپا، ئۈچىسىغا كاستيۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك چىگىۋالغان يىگىتنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا خاس سالاپىتى بار ئىدى.

ھەئە، ئاخشام يىگىت پەرىدەگە بۈگۈن چۈشتە شەھەرگە كىرىدىغانلىقى ھەققىدە تېلېفون قىلغان، ئۇلار بۈگۈن ئىشتىن چۈشكەندە مۇشۇ ئاشپۇزۇلدا كۆرۈشىدىغانغا ۋەدىلەشكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەرىدە كەچتىكى ئائىلىۋى زىياپەتكە بارمىغان، ئانىسىنىڭ تولا تېلېفون قىلىپ ئالدىرىتىشىدىن ئەنسىرەپ يانفونىنى ئېتىۋەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ كۆرۈشمىگىنىگە ئىككى ھەپتىدىن ئاشقانىدى. شۇ تاپتا ئۇلار بىر ـ بىرىگە قاراپ تويمايتتى، گەپ ـ سۆزلىرى تۈگىمەيتتى.

— شەنبە، يەكشەنبىدىمۇ دەم ئېلىش قىلماي دەرس ئۆتۈۋاتىمىز. سىزنى يوقلاپ كىرەلمىدىم، — دېدى يىگىت چۈشەندۈرۈپ، — ئىچكىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلىرىمغا دەرس تولۇقلاپ بېرىۋاتىمەن.

— ئوقۇغۇچىلىرىڭىزدىن ئۈمىد بارمۇ؟

— ئاز دېگەندە ئون نەپەر ئوقۇغۇچىمدا ئۈمىد بار. مېنىڭ نىشانىممۇ ئاز دېگەندە ئون نەپەر ئوقۇغۇچىمنى ئىمتىھاندىن ئۆتكۈزۈش. سىلەرنىڭ مەكتەپتىنمۇ ھەقىچان جىق ئۆتىدۇ. شەھەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرى.

— بىرنېمە دېمەك تەس . ئوقۇغۇچىلىرىمىزدىن ھەرھالدا ئۈمىد چوڭ . سىزمۇ بەل قويۇۋەتمەڭ . ئوقۇش ماتېرىياللىرىدىن قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلىرىڭىزغا مەن ياردەم قىلاي .

— رەھمەت ، ھېلىمۇ كۆپ ياردەم قىلدىڭىز . ئۆتكەندە ئېلىپ بەرگەن دەپتەر ـ قەلەملىرىڭىزنى تارقىتىپ بەردىم ، ھېلىقى كىيىملەرمۇ بار تېخى . شۇغىنىسى ، بەزەن كىيىملەرنى قىزلار كىيگىلى ئۈنىمىدى . بۇ كىيىملەر بەك غەلىتىكەن ، كىيىشتىن خىجىل بولىدىكەنمىز ، دەيدۇ .

— شۇنداقىمۇ ، — دېدى پەرىدە خىرىلداپ كۈلۈپ ، — ھەقىچان پەخرىئايىنىڭ كىيىملىرىنى كىيگۈسى كەلمىگەندۇ . دېمىسىمۇ پەخرىئايىنىڭ كىيىملىرى بەك غەلىتە . مودا قوغلىشىپ قاملاشمىغان كىيىملەرنى كىيىدۇ . بولمىسىغۇ يېڭى ، پۇللۇق كىيىملەر ئىدى . ئۆزۈمنىڭ ھەم ئۇكىلىرىمنىڭ كىيىملىرىدىن يەنە ئىككى بوغچۇما تەييارلاپ قويغانىدىم . باللارنىڭ كىيگۈسى بولمىسا ئەمدى ئاۋارە بولۇپ ئاچىقىپ يۈرمەڭ . بەك نامرات باللار بولسا ، بىرنەچچە قۇر يېڭى كىيىم قىلىپ بېرەي . ھەرقانچە نامرات بولسىمۇ ، باللارنىڭ كۆڭلى نازۇك كېلىدۇ ، كىيىپ قويغان كىيىمكەن دەپ ياراتمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن .

— ئۇنداقمۇ ئەمەس . تەييارلاپ قويغان كىيىملەرنى ئالغاچ چىقاي ، ئۆزلىرى كىيمىسە ئاكا ـ ئاچىلىرى كىيسىمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ .

— مەيلى ئەمىسە .

يىگىت بىرئاز تۇرۇۋېلىپ سورىدى .

— ئانىڭىز يەنىلا يۇمشىماي تۇرامدۇ ؟

— ھەئە ، — دېدى پەرىدە خىجىللىق بىلەن يەرگە قاراپ ، — دەۋېرىشتىن خىجىل بولدۇم .

— مەن بىلەن توي قىلىشىڭىزغا قوشۇلماسلىقىدىكى سەۋەب نېمىكەن ؟

پەرىدە دەيمۇ ، دېمەيمۇ دەپ بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن

قىسقىلا جاۋاب بەردى .

— مەنمۇ تازا بىلەلمىدىم .

— يالغان گەپ قىلىۋاتىسىز ، — دېدى يىگىت ئەستايىدىللىق بىلەن ، — مېنى دىلى ئازار يەپ قالىدۇ دەپ ئويلىماڭ ، پەرىدە . بۇ ئىشتا ئوچۇق - يورۇق سۆزلەشمىسەك ئامال تاپالمايمىز . ھەرقانداق ئىشنىڭ بىر سەۋەبى بولىدۇ . دەڭە ، ئانىڭىز نېمە دەيدۇ ؟

پەرىدە تەڭقىسلىقتا قالغان ھالدا كۆزىنى يىگىتتىن ئېلىپ قاچتى .

«سەۋەبىنى دېسەم دىلىڭىز ئازار يەيدۇ ، سىزنى ئالداۋېرىشكە تىلىم يۈزۈم چىدىمايدۇ . مەيلىلا ، دەۋېرەي ...»

ئابدۇساتتار پەرىدەنى يەنە ئالدىراتتى .

— نېمە كىچىك بالىدەك تىرناق تاتىلايسىز ، دەۋېرىڭ . ھەرقانداق گەپ بولسا كۆڭلۈمگە ئالمايمەن . ئاتا - ئانا بولغۇچىنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئويلىغىنى بولىدۇ . بۇ ئۇنچە رەنجىپ كەتكۈدەك ئىش ئەمەس .

پەرىدە ئاخىر غەيرەتكە كەلدى .

— ئەمىسە ئاڭلاڭ ، — دېدى ئۇ قەددىنى رۇسلاپ ، — لېكىن ئانامدىن رەنجىپ قالسىڭىز بولمايدۇ . ئانامنىڭ توي ئىشىمىزغا قوشۇلماسلىقىدىكى سەۋەب ئىككى . بىرىنچىدىن ، ئاتا - ئانىڭىزنى دېھقان ئىكەن دەپ ياراتمايۋاتىدۇ . چۈنكى ، بىزنىڭمۇ يېزىدا دېھقان تۇغقانلىرىمىز بار ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى خېلىلا نامرات . ئانام سىزنىڭ ئاتا - ئانىڭىزنىمۇ ئاشۇلارغا ئوخشاش نامرات دەپ ئويلاپ قالدى ھەم ئۆزىچە شەھەردىكى دوستلىرىنىڭ ئالدىدا يۈزى چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى . ئىككىنچىدىن ، سىزنىڭ خىزمەت ئورنىڭىزنى يېزىدىكەن دەيدۇ . ئىشقىلىپ ، سىزنىڭ گۇناھىڭىز سەھرالىق بولۇپ قالغىنىڭىزدا .

پەرىدە گەپنى دەپ بولۇپ يىغلىۋەتتى .

قىزنىڭ ئاق كۆڭۈل ، سەمىمىي ، ساددا قىياپىتى

ئابدۇساتتارغا تېخىمۇ سۆيۈملۈك كۆرۈنۈپ كەتتى. تومۇرلىرىدىكى قانلار ھاياجاندىن قاينىدى. قىزنى قۇچاقلاشتىن، باغرىغا بېسىپ سۆيۈشتىن، مەڭزىدىكى ياشلىرىنى سۈرتۈپ قويۇشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى.

«سىزنى سۆيۈپ خاتا قىلماپتىمەن، پەرىدە. سىز قەلبىمدىكى پەرىشتە. مەڭگۈلۈك جانانىم. سىز بىلەن توي قىلىش ئۆمۈرلۈك بەختىم. ماڭا ئىشىنىڭ، ھەرقانچە تاش يۈرەك بولسىمۇ ئانىڭىزنى قايىل قىلماي قويمايمەن ...»

— نېمىگە يىغلايسىز، پەرىدە، يىغلىماڭ، سەت تۇرىدۇ. قاراڭ، باشقىلار بىزگە قاراۋاتىدۇ.

پەرىدە دەرھال كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.

— ئانامدىن رەنجىمىدىڭىزمۇ؟

— نېمىشقا رەنجىگۈدەكمەن. بۇنى يامان گەپ دېگىلى بولمايدۇ. قايسىبىر ئانا قىزىنىڭ توي قىلغاندىن كېيىن جاپا تارتىشىنى خالايدۇ. بۇ دېگەن نورمال ئىش.

پەرىدە مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

— رەھمەت، سىزگە.

— خىزمىتىمنى شەھەرگە يۆتكەش ئالدىراپلا ھەل قىلغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس، بۇنىڭغا خېلى ۋاقىت كېتىدۇ. بەلكىم بىرنەچچە يىل ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن. ئۇنىڭغىچە مەنمۇ، سىزمۇ ساقلىيالمايمىز. ھېلىمۇ يېشىمىز ئوتتۇزغا باراي دەپ قالدى. بىر ئامال قىلىپ ئانىڭىزنى بىزنىڭ ئۆيگە ئېلىپ چىقساق بولاتتى. ئاتا - ئانامنى، ئۆيىمىزنى كۆرسە، ئۇنچە نامرات دېھقانلاردىن ئەمەسلىكىمىزنى بىلىپ قالاتتى.

— بۇ ئەلپازىدا ئانامنى ئۆيىڭىزگە باغلاپمۇ ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ.

— ئانىڭىزنى ماقۇل كەلتۈرگىلى بولسا، باغلاپ ئېلىپ چىقساممۇ مەيلىتتى.

— راستىما؟

— ھەئە ، سىزنى ماڭا بېرىشكە ماقۇل بولىدىغانلىقىڭ ئىشى بولسا ، ئانىڭىزنى باغلاپ ئېلىپ چىقىشتىنمۇ يانمايتتىم ، ئۆيىمىزدىكى كالا باغلايدىغان ئارغامچىدا .

پەردە پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى . يىگىتمۇ كۈلدى ، لېكىن كۈلكىسى ئازابلىق ئىدى .

— ئەپسۇس ، بۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ - دە ، — دېدى ئابدۇساتتار ، — باشقىچە بىر ئامال ئىزدەيلى . ئانىڭىز ئاتا - ئانام بىلەن كۆرۈشسىلا نىيىتىدىن ياناتتى . چۈنكى ، ئاتا - ئانام دېھقان بولغان بىلەن ساۋاتسىز ، جاھاننىڭ يېڭىلىقىدىن خەۋىرى يوق ، يەر تېرىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان قارا دېھقانلاردىن ئەمەس .

— بۇنى بىلمەن .

— ئانام تولا گېپىڭىزنى قىلىدۇ . سىزمۇ چىقىپ قوياي دېمىدىڭىز .

— مېنىڭمۇ چىققۇم بار ، پۇرسەت بولمىدى . خۇدايىم بۇيرۇسا پات يېقىندا يوقلاپ چىقىمەن . مېنىڭمۇ كۆرگۈم كەلدى . دادىڭىزنىڭ پۇتىنىڭ ئاغرىقى ئوڭشالدىمۇ ؟

— گاھى - گاھى تۇتۇۋالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا خېلى ياخشى . داداممۇ پەردە قىزىم بىلەن ئوبدانراق سۆزلەشمىدىڭ دەپ مەندىن خاپا .

— چۈشەندۈرمىدىڭىزمۇ ؟

— چۈشەندۈردۈم . لېكىن ، ئوغۇل بالىدەك مىجەزىڭ يوق ، دەيدۇ .

— بۇ نېمە دېگىنىكەن .

— ئاتا - ئانىسى بەرمىسە قىزنى ئېلىپ قاچساڭ بولامدۇ ، دەيدۇ . بىر ھېسابتىغۇ بۇمۇ بولىدىغان ئامال ، ئېلىپ قاچايمۇيا .

پەردە يەنە كۈلۈۋەتتى .

— ھەددىڭىزدىن ئاشماڭ .

— ماڭىمۇ نېمە ئامال . ھە دېسىڭىزلا ئېلىپ قاچاتتىم بولمىسا . ئەپسۇس ، بىرەر سومكىغا قاچىلاپلا ماڭغىلى بولمايدۇ -

ده ، سىزنى .

— سومكىغا قاچىلىيالىسىڭىز ، شۇنداق قىلامتىڭىز؟

— شۇنداق قىلماي ئەمىسە . ھېلىمۇ نەچچە يىل بولدى سىزگە تەلمۈرۈپ ئولتۇرغىلى . يۈرتتىكى تەڭتۇشلىرىمنىڭ بالىلىرى مەكتەپكە كىرگۈدەك بولدى .

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ ، بىر ئامالى بولۇپ قالار .

— بىر ئامال تاپساق بولاتتى زادى .

— سىزنىڭ ئېلىپ قېچىشتىن باشقا ئامالىڭىز يوقمۇ زادى .

— ھازىرچە يوق ، — دېدى يىگىت كۈلۈپ ، — ئەمما ئاتا - ئانىڭىزنى يېزىغا ئېلىپ چىقىپ ، ئاشۇ دېھقان ئاتا - ئانامنى ، ئۇلارنىڭ تۇتقان ئۆي - ماكانىنى كۆرسەتمەي قويمايمەن .

— ۋاقتى كەلگەندە بىزگە ياردەم قىلىدىغانلار چوقۇم چىقىدۇ ، — دېدى پەرىدە مەدەت بېرىپ ، — خوش ، ئابدۇساتتار ، ئەمدى مەن ماڭاي . .

— يەنە بىردەم ئولتۇرساق بولمامدۇ ؟ — دېدى يىگىت ئايرىلىشقا قىيماي .

— مېنىڭمۇ كەتكۈم يوق ، — دېدى پەرىدە ، — لېكىن كەتمىسەم بولمايدۇ . رېستورانغا بىللە تاماق يېگىلى بارمىغىنىمنى ئاز دەپ ھېلىمۇ كەچ قالدىم . ئانامدىن دەشنەم ئىشىتىپ ئولتۇرماي يەنە .

— بوپتۇ ئەمىسە ، مېنى دەپ كۆڭلىڭىز ئازار يەيدىغان بولدى .

— بۈگۈن ھەرقانچە تىللىسىمۇ پەرۋايىم پەلەك .

— نېمىشقا ؟

— چۈنكى ، سىز بىلەن كۆرۈشۈۋالدىم ئەمەسمۇ ؟

— رەھمەت سىزگە ، پەرىدە ، — دېدى يىگىت ھاياجانلانغان ھالدا ، — ئەمىسە ئەتە كۆرۈشەيلى . ھېلىقى تەييارلاپ قويغان كىيىملەرنى ئالغاچ كېلەرسىز .

— ماقۇل ، ئەتە كۆرۈشەيلى .

ئىككى ئاشىق - مەشۇق بىر - بىرىگە قىيمىغان ھالدا خوشلاشتى .

## 10

زۆھرە خانىمغا قورۇمىلارمۇ ، بالىلىرىنىڭ چاقچاقلىرىمۇ تېتىمىدى . ئۇنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ باشقىلارمۇ تۈزۈك بىر نەرسە يېمىدى .

— قورۇمىلار سوۋۇپ قالغىلى تۇردى ، ئىسسىقىدا بىرەر چوكىدىن يېسەڭلار بولاتتى ، — دېدى پەخرىدىن ، — ئانا ، نېمانچە جىم ئولتۇرۇۋالىسەن . قورۇمىلار تېتىمىغان بولسا ، يېڭىلاپ بۇيرۇتايلى .

— قورسىقىم تويدى ، — دېدى زۆھرە خانىم قىسقىلا قىلىپ ، — قورۇمىلار ئوخشاپتۇ .

— يېمەي قانداق تويىسەن ، — دېدى پەخرىدىن زورلاپ ، — بۇنداق ئولتۇرۇۋالساڭ بىزنىڭ كۆڭلىمىز يېرىم بولىدىكەن . ئەسلىدە بۈگۈن خۇشال - خۇرام ئولتۇرۇپ غىزالىنارمىز دەپتىكەنمەن .

— شۇ ئەمەسمۇ ، تازىمۇ بىر كەيپى ئۇچتىغۇ ئادەمنىڭ ، — دېدى پەخرىئاي .

— ئاغزىمغا كەلدى دەپ كوتۇلداۋەرمە ، — دېدى پەزىلەت سىڭلىسىنى جېمىلەپ ، — ئانامنىڭ كۆڭلىگە كېلىدۇ ، — پەزىلەت ئانىسىغا قاراپ سورىدى ، — مىجەزىڭ يوق ئوخشىمامدۇ ، ئانا .

— ياقەي ، — دېدى زۆھرە خانىم چوكىنى قولىغا ئېلىپ ، — ھە ، ئېلىڭلا ، سىلە جىقراق يەڭلا ، مېنىڭ تازا كۆڭلۈم تارتمايۋاتىدۇ .

— سەن يېمىسەڭ ، بىزمۇ يېمەيمىز ، مەنمۇ تويدۇم ، — دېدى پەخرىئاي .

— ئۇنداق بولسا ئۆيگە كېتەيلى ، — دېدى قادىر ئەپەندى ، —

ئاناڭلار چارچاپ قالغان ئوخشايدۇ، بۇرۇنراق ئارام ئالسۇن.

باللار شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىشتى. زۆھرە خانىم سومكىلىرىنى دولىسىغا ئېسىپ ئۆلگۈرگەن ئىككى قىزىغا قاراپ بۇيرۇق قىلدى.

— ئۇستەلدىكى قورۇملارنى ئېلىۋېلىڭلار.

قىزلار نارازىلىق بىلەن تۇمشۇقىنى ئۈچلىدى.

— ئېلىۋالمىساقمۇ بولا. ئاشقان - تاشقان ئىككى - تۆت تال نەرسىنى، — دېدى پەخرىئاي.

— نېمە دېدىڭ؟ — زۆھرە خانىم نارازىلىق بىلەن ئالايدى.

— بولدى، ئېلىۋالساق ئېلىۋالايلى، — دېدى پەزىلەت سىڭلىسىنى جىم تۇر دېگەننى قىلىپ بېقىنداپ ۋە كۈتكۈچى قىزنى چاقىردى، — خان، ماۋۇ ئېشىپ قالغان قورۇملارنى قاچىلاپ بېرىڭە.

زۆھرە خانىم كۈتكۈچى قىزغا ئالاھىدە جېكىلىدى:

— قورۇملارنى ئايرىم - ئايرىم قىلىپ ھەممىنى قاچىلاڭ، قىزىم، چالا قالمىسۇن.

— ئىشقىلىپ، بۇ نەرسىلەرنى مەن كۆتۈرۈپ ماڭمايمەن، — دېدى پەخرىئاي ئىشىك تەرەپكە ماڭغاچ.

پەخرىئاي يەپ ئاشقان نەرسىلەرنى ئېلىپ مېڭىشتىن نومۇس قىلغانىدى. پەزىلەتمۇ سىڭلىسىنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. پەخرىدىن ھېسابات قىلغىلى چىقىپ كەتكەنىدى.

— ئەجەب چوڭچىلىق قىلىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ بۇ جۇۋاينىمەكلەر، — دېدى زۆھرە خانىم نارازى بولۇپ.

— باللاردىن رەنجىمىسىلە، خانىم، — دېدى قادىر ئەپەندى تەسەللى بېرىپ، — ئۇلار تېخى كىچىك. يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى بىلمەيدۇ، بېشىغا بىردىن ئۆينى كېيگەندە بىلىپ قالا.

— شۇنچىۋالا يېمەكلىكنى تاشلىۋەتسەك ئىسراپخورلۇق بولمامدۇ، — دېدى زۆھرە خانىم ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ، — بۇ كۈچۈكلەر بىرەر ئاي يېگىلى بىر نەرسە تاپالماي تازا بىر ئاچ

قالسىغۇ ھەرگىز بۇنداق قىلمايتتى . نومۇس قىلىپ كىتىشلىرىنى دەيمىنا . ئۆزىمىزدىن ئاشقان يىمەكلىكلەر تۇرسا ، ئالغاچ كەتسەك نىمە يامىنى بار . ئۆيدىمۇ ئىشىپ قالغان تاماقلارنى قىزىتىپ يەيمىزغۇ ؟

— ھازىر بۇنداق قىلغان بىلەن ئەتە تالىشىپ يەيدۇ ، — دىدى قادىر ئەپەندى ، — زامان شۇنداق كەڭرىچىلىك بولۇپ كەتتى . خۇدايىم بىز كۆرگەن قاتتىق كۈنلەرنى بالىلىرىمىزغا كۆرسەتمىسۇن .

كۈتكۈچى قىز يىمەكلىكلەر قاچىلانغان خالتىنى ئۇلارغا بەردى .

— رەھمەت ، قىزىم ، — دىدى قادىر ئەپەندى كۈتكۈچى قىزنىڭ قولىدىن خالتىنى ئىلىپ .

— ياخشى كۈتەلمىگەن بولساق ، ئەپۇ قىلارسىلەر ، — دەپ ئۆزرە ئېيتتى كۈتكۈچى قىز ئۇلارنى ئۇزىتىپ .

پەزىلەت بىلەن پەخرىئاي رېستوراننىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇشقانىدى . ئۇلار دادىسىنىڭ قولىدىكى خالتىنى ئالاي دىمىدى ، ئۇنىڭغىچە پەخرىدىنمۇ ھىساۋات قىلىپ چىقتى .

— نەچچە پۇل بولاپتۇ ؟ — سورىدى زۆھرە خانىم .

دەل شۇ چاغدا پەخرىدىننىڭ يانفونى جىرىڭلىدى . ئۇ ئانىسىنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ يانفوننى قولىقىغا تۇتتى . زۆھرە خانىم نارازىلىق بىلەن غۇدۇردى .

— نىمانچە تولا تىلىفون كىلىدىغاندۇ بۇ بالىغا . تۈگىمەيدىغان قانداق جىق ئىشى باردۇ . مۇشۇنداق سۆزلەشسە تىلىفون ھەققىمۇ ئالتە پاتمان بولىدىغاندۇ تايىنلىق .

پەخرىدىن ئاتا - ئانىسىدىن ئىككى - ئۈچ قەدەم كەينىدە قىلىپ يانفوندا سۆزلەشكەندىن كىيىن دادىسىنىڭ قىشىغا كەلدى .

— دادا ، سىلەر ماڭغاچ تۇرۇڭلار ، كەينىڭلادىن ھايال بولماي يىتىشىۋالىمەن .

— نەگە بارىسەن ، بۇ كەچتە ، — دىدى زۆھرە خانىم .

— ھايال قالماي ئۆيگە بارىمەن.
پەخرىدىن شۇنداق دېگىنىچە ئۇلاردىن ئايرىلدى.
— بەختىياشلىقىنى بۇ بالىنىڭ، — دېدى زۆھرە خانىم ئوغلىنىڭ كەينىدىن قاراپ، — ئىككى ئېغىز جاۋاب بېرىشكىنى ئېرىنىپ كېتىپ باردۇيا؟
— ئوغۇل بالىنىڭ دېگەن ئۆزىگە تۇشلۇق مەخپىيەتلىكى بولىدۇ، — دېدى قادىر ئەپەندى ئوغلىنىڭ كەينىدىن مەستلىكى كەلگەنىدەك قاراپ قويۇپ، — پەخرىدىنمۇ چوڭ بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇنى كىچىك بالىنى باشقۇرغاندەك سوراقلاۋەرمىسىلە. ئىچ پەش تارتىشىپ قالغان قىزلىرى بادۇ، بەلكىم.
— ئۇنچە ئالدىراپ كەتمىسىمۇ بولا، تېخى ئىككى ئاچىسى بار تۇرسا.
— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن ئۇمۇ ئۆيلىنىش يېشىغا بېرىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ يېشىدىكى ۋاقتىمدا پەرىدە ئاللىقاچان تۇغۇلۇپ بولغان.
زۆھرە خانىم ئۈندىمىدى. كۆزى ئالدىدا نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ، كۈلۈشۈپ كېتىپ بارغان ئىككى قىزىدا ئىدى. ھەئە، ئۇ پەزىلەتنىڭ يېشىدا پەزىلەتكە قورساق كۆتۈرۈپ بولغانىدى. ھازىر بولسا چوڭ قىزى پەرىدەمۇ تېخى ياتلىق بولمىغانىدى. زۆھرە خانىمنىڭ كاللىسى قوچۇلۇپ كۆڭلى بىردىنلا ئەسكى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا بالىلىرى خۇددى بەسلەشكەندەك چوڭ بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ پەخرىدىننى ئۆيلەشتىمۇ كۆڭلىدە سان بار ئىدى.
ئىككى قىزىنى كۆڭۈلدىكىدەك يەرگە ياتلىق قىلىۋەتكەندىن كېيىن پەخرىدىنگە ئالدىرىماي، چېكىپ تاللاپ لايىق ئىزدەش، قاتار چايدىكى ئاشۇ داغۋاز ئايالالارنىڭ ئالدىدا ئوغلى ھەققىدە كېرىلىپ پو ئېتىش، بويىغا يېتىپ قالغان قىزلىرىنى تېخىچە ياتلىق قىلالمىغانلارنىڭ ئىچىگە ئوت سېلىش، ئۆيگە كۆڭلىدىكىدەك كېلىن ئەكىرىش ئارمىنى بار ئىدى. ئەپسۇس،

ئۇنىڭ ئاشۇ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى بالىلىرى ئازراق بولسىمۇ چۈشەنسە نېمە بولار؟ پەخرىدىنغۇ هازىرغىچە ئېغىز ئېچىپ بىر نەرسە دېمىدى، لېكىن يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى تولىمۇ گۇمانلىق. بايا تاماق يەپ بولغۇچە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم كەلگەن تېلېفوننىمۇ سىرتقا چىقىپ ئالدى. قىزلاردىن كەلگەن تېلېفون بولمىسا يوشۇرۇپ كەتمەستى. مانا هازىرمۇ تېلېفون كېلىۋىدى، تۇتۇرۇقسىز سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ بەدەر قاچتى. ئۇنچە ئالدىراپ كەتمىسە بولاتتى، خۇدايىم كۆڭلىگە ئىنساپ بېرەر …

زۆهرە خانىم خىيال سۈرگەنسېرى ئالدىراپ قالدى. پەرىدەنىڭ ئىشىنى بولسىمۇ تېزرەك بىر ياقلىق قىلىۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

«شۇنداق قىلاي. ئاۋۋال پەرىدەنىڭ توي ئىشىنى بىر تەرەپ قىلاي، ئاندىن پەخرىدىنگە لايىق تاللىغاچ پەزىلەتنىڭ تويىنى قىلاي. ئاشۇنداق قىلسام ئۆلگۈرەلىگۈدەكمەن. پەرىدە دېگەن جۈۋاينىمەك ئەجەب ئاچچىقىمنى كەلتۈردىيا. نېمە زۆرۈر ئىشى بار بولغىيدى. هېلىقى سەھرالىق مۇئەللىم بىلەن كۆرۈشكەنمىدۇيا؟ ياق، بۇنىڭغا قەتئىي يول قويماسلىق كېرەك. شەرۋانەم گېپىنى قىلغان هېلىقى يىگىت بولىدىغاندەك قىلىدۇ. يىگىتنىڭ خىزمىتى شەهەرلىك هۆكۈمەتتە ئىكەن، ئانىسى پېنسىيىگە چىقتى دېگەندەك قىلىۋاتاتتى، دادىسى بىر ئىدارىدە مۇئاۋىن باشلىقمىش. بۇ تويىنى چوقۇم قىلىش كېرەك. قۇداڭ بارمۇ دېسە، بار دېگۈچىلىكى بار. هېلىقى سەھرالىقلاردىن مىڭ هەسسە ياخشى …».

— ئانا، پەخرىئاي بىلەن بىللە بېرىپ يۈز سوپۇنى، چاچ سوپۇنى ئېلىۋالاي. كەينىڭلاردىن يېتىشىۋالىمەن.

پەزىلەتنىڭ ئەركىلەپ تۇرۇپ قىلغان گېپى زۆهرە خانىمنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قىزىغا ئالايدى.

— تولا دوپپامغا جىگدە سالىمەن دېمەي مېڭىشە ئۆيگە. كۈندۈزدە ئالماي نېمىش قىپتۇكى. كەچ بولغاندا تولا لاغايلاشما. ئىككى قىز ئانىسىنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ جىم بولۇشتى.

www.uyghurkitap.com

— ئەكەلسىلە ، مەن بىردەم كۆتۈرۈۋالاي ، — دېدى زۆھرە خانىم قادىر ئەپەندىنىڭ قولىدىكى خالتىغا قولىنى ئۇزىتىپ ، — قولىلىرى تېلىپ كەتكەندۇ ، ھەقىچان .

— ئۆزۈملا كۆتۈرەي ، تېلىپ كەتمىدى ، — دېدى قادىر ئەپەندى قولىدىكى خالتىنى يەنە بىر قولىغا يۆتكەپ تۇرۇپ .

## 11

گۈلناز ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىدى . ئۇنىڭ بۇ ئىككىنچى قەۋەتكە جايلاشقان چايخانىنىڭ دېرىزە تۈۋىدىكى ئۇستەلدە ئىككىنى يۆلەپ خىيالچانلىق بىلەن ئولتۇرۇشى ، خۇددى چۆچەكلەردىكى ئاشىقىنى ساقلاپ چارباغدا مۈگۈلىنىپ ئولتۇرغان مەلىكىلەرگە ئوخشايتتى .

پەخرىدىن قەھۋەخانىغا كىرىپ ، يىراقتىن گۈلنازنى كۆردى - دە ، ئۇدۇل قېشىغا كەلدى . قىز پەخرىدىننى كۆرۈپ چىرايىغا تاتلىق كۈلكە يۈگۈرتكىنىچە ئورنىدىن تۇردى . يىگىت ئالدىراپ قىزدىن ئەپۇ سورىدى .

— كەچۈرگىن ، سېنى ساقلىتىپ قويدۇم .

— ھېچقىسى يوق ، — دېدى گۈلناز ، — سېنى بىر ئۆمۈر ساقلاشقا رازىمەن .

يىگىت قىزنىڭ كۆزلىرىگە ھاياجان بىلەن تىكىلدى . ھەئە ، ئاشىق كۆزلەر ئوتلۇق ، مۇھەببەتلىك ئىدى .

— رەھمەت ، — دېدى پەخرىدىن ، — پەرىدە ئاچامغا ساقلاپ رېستوراندا ئۇزۇنراق ئولتۇرۇپ قالدۇق . شۇنداق ئالدىرىدىم بولمىسا . مەن مېھمان قىلىدىغان بولۇپ قالمىغان بولسام ، قېشىڭغا ئۇچۇپلا كېلەتتىم .

— بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بولۇپ تازا كۆڭۈللۈك غىزالانغانسىلەر ؟

— نەدىكىنى ، پەرىدە ئاچام كەلمەي ، ئانامنىڭ كەيپى ئۇچتى .

شۇنىڭ بىلەن تازا بىر كۆڭۈلسىز كەيپىياتتا ئولتۇردۇق . سەن بىلمەيسەن . ئانام بىزنىڭ ئائىلىنىڭ ھاۋارايى مۇئەككىلى ، — دېدى پەخرىدىن پىخىلىداپ كۈلۈپ ، — ئانامنىڭ قاپىقى ئېچىلسا ئاپتاپ چىقىدۇ ، كەيپىياتمۇ جانلىق بولىدۇ . ئانامنىڭ قاپىقى شۇنداقلا تۈرۈلدىمۇ ، بولدى ياكى يامغۇر ياغىدۇ ، ياكى قار ياغىدۇ . ھېچبولمىغاندا ھاۋا تۇتۇلۇپ بوران چىقىدۇ ، كەيپىياتمۇ ياخشى بولمايدۇ .

قىز يىگىتنىڭ يۇمۇرلۇق چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى .

— ئاناڭ ئائىلەڭلەرنىڭ ھۆكۈمرانىكەن ـ دە .

— شۇنداق ، — دېدى پەخرىدىن ، — داداممۇ ۋاي خانىم دېسە خانىم دەپ ئانامنى پەپىلەپلا ئولتۇرغان . مانا شۇ ياشقا كەلگۈچە ئانامغا قاتتىقراق گەپ قىلغىنىنى ياكى قاپاق تۈرگىنىنى كۆرۈپ باقماپتىمەن .

— ئۇ ئىككىسى بەك ئامراق ئوخشىمامدۇ ؟

— ئۇنى بىردېمە ، خۇددى يېڭىلا مۇھەببەتلەشكەن ئاشىق ـ مەشۇقلارغا ئوخشايدۇ . ئانام نېمە دېسە ، دادام راست دەپلا تۇرىدۇ . تېخى ئانامنى ئەركىلىتىپ زۆھرە جانىم دەپ كېتىشلىرى بار .

— ئەمىسە ھەقىقىي تاھىر ـ زۆھرەلەردىن ئىكەن ئۇلار .

— راست دېدىڭ .

— بىزمۇ ئاشۇنداق ئۆتەلەرمىزمۇ ؟ — دېدى قىز خىيالچانلىق بىلەن .

— نېمىشقا ئۆتەلمىگۈدەكمىز ، — دېدى يىگىت كەسكىنلا جاۋاب بېرىپ ، — مەنمۇ دادامنىڭ بالىسى ـ دە . تېخى ئۇلاردىن ئاشۇرۇپ ياشايمىز . سەن بىر ئۆمۈر ماڭا جانان بولىسەن ، گۈلناز .

— مېنى چىن يۈرىكىڭدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭغا ، قەدىرلەيدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن ، پەخرىدىن ، — دېدى قىز

ھەسرەتلىنىپ، — بىراق بىزنىڭ تويى قىلىپ بىر ئۆيگە كىرەلىشىمىزگە ھېچ كۆزۈم يەتمەيدۇ.
— نېمىشقا؟ — پەخرىدىن ئالدىراپ سورىدى.
— ئانام ماڭا كېلىدىغان ئەلچىلەرگە بەك ئۈمىد باغلاپ كېتىپ بارىدۇ.
— يۈرگەن يىگىتىم بار دېمىدىڭمۇ؟
— دېدىم. بىراق، شۇ ھامان بۇرنى ـ قۇلىقىمغىچە دەشنەم ئىشىتتىم. بىزنىڭ ئۆيدە چوڭ ئىشلاردا دادام قارار چىقىرىدۇ. ئانامۇ دادامنىڭ ئاغزىغا قارايدۇ. بىراق، دادامغا يۈرگەن يىگىتىم بار دېيىشتىن خىجىل بولىدىكەنمەن.
— ئەستاغپۇرۇللا، — دېدى پەخرىدىن تىت ـ تىت بولۇپ، — داداڭدىن ياردەم سورىساڭ بوپتىكەن. بۇ ھامان ھەرقانداق پەرزەنتنىڭ بېشىدا بار ئىشقۇ. داداڭ چوقۇم توغرا چۈشىنەتتى…
— سەن مېنىلا قىينايدىكەنسەن، — دېدى قىز دومسىيىپ، — ئاۋۋال سىلەرنىڭ ئۆيدىكىلەر كەلگەن بولسىدى، مەنمۇ يۈرەكلىك ھالدا دادامغا ئىككى ئېغىز گېپىمنى قىلاتتىم. ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوقلا بۇنداق گەپنى قىلسام سەت ئەمەسمۇ. قېنى، سەن تەگمەكچى بولغان يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى دېسە، نېمە دەيمەن.
— ئەلچىلەر راست كېلىدىغان بولدىمۇ؟
— ھەئە، — دېدى قىز، — ئۆگۈنلۈككە كېلىدۇ. ئانام ھەدەپ مېھماننىڭ تەييارلىقى بىلەن ئاۋارە.
— داداڭمۇ قوشۇلغان ئوخشىمامدۇ؟
— ئانام دادامنى قايىل قىلغان ئوخشايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەلچىلەرنى كۈتۈش ئانا بولغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى ـ دە. دادام ئاخىرقى قارارنى چىقىرىشى مۇمكىن. سىلەرنىڭ ئۆيدىكىلەر ھېچبولمىغاندا ئەتىلىككە رەسمىي يوسۇندا بولمىسىمۇ، سۆز



www.uyghurkitap.com

سالغىلى بولسىمۇ بىر كەلگەن بولسا ، دادامغا يالۋۇرۇپ بولسىمۇ ئۆگۈنلۈككە كېلىدىغان ئەلچىلەرنىڭ يولىنى توسقىلى بولاتتى .
پەخرىدىن چوڭقۇر ئۇھ تارتتى :
— ئانام سىلەرنىڭ ئۆيگە بارغاندىمۇ ، ئەتە بارالىشى مۇمكىن ئەمەس .
— قانداق قىلارمىز ئەمدى ، — دېدى قىز قولىدىكى چاي پىيالىسىنى ئويناپ تۇرۇپ ، — سەن تېزرەك بىر ئامال تاپساڭ بولاتتى .
— ئۆز ئالدىمىزغىلا توي خېتى ئالغاچ تۇرامدۇقيا ؟
— سەن ئانام بىلەن دادامنى قولۇم - قوشنا ، تونۇش - بىلىشلەرنىڭ ئالدىدا ، قىزى بىر يىگىت بىلەن مەخپىي نىكاھلىنىۋاپتۇ دېگەن ئاھانەتنى كۆتۈرسۇن دېمەكچىمۇ ؟ ھەرگىز بۇنداق قىلالمايمەن ، پەخرىدىن . بۇ تۇزكورلۇق بولىدۇ . مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئاتا - ئانامنىڭ ھاقارەتلىنىشىنى خالىمايمەن .
قىز شۇنداق دېگىنىچە كۆزىگە مۆللىدە ياش ئالدى .
— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما . مەن بىر ئامالىنى قىلاي ، — دېدى پەخرىدىن قىزغا تەسەللى بېرىپ ، — خاتىرجەم بول ، سېنى ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ .
— قانداق پىلانىڭ بار ، دەپ باقە قېنى ؟ — دېدى قىز بىر ئاز جانلىنىپ .
يىگىت تەڭقىسلىقتا قالغان ھالدا جاۋاب بەردى .
— ھازىرچە مېنىڭمۇ كاللام قۇپقۇرۇق . ماڭا ئىشەنگىن . ئۆگۈنلۈككىچە چوقۇم بىر ئامالىنى تاپىمەن .
قىزنىڭ چىرايىدا قايتىدىن ئۈمىدسىز تۇيغۇ ئەكس ئەتتى . ئۇلار بىرنەچچە دەقىقە ئۈنسىز ئولتۇرۇشتى . ئادەتتە ، بىر يەرگە كەلسە كۈلكە - چاقچاقلىرى تۈگىمەيدىغان بۇ ئاشىق - مەشۇقلار شۈكلەپ قېلىشقانىدى . ھەئە ، شۇ تۇرقىدا غەم تاغلىرى ئۇلارنى بېسىۋالغانىدى . ھەي ... ئاتا - ئانا دېگەنمۇ قىزىق بولىدىكەن .

بىر ئۆمۈر بالىلىرىنىڭ بەختى ئۈچۈن پالاقلايدىكەنمۇ ، ئەمما بالىلىرىنىڭ ئۆز بەختىنى ئۆزى تېپىشىغا يول قويمايدىكەن . شۇنچە ياشقا كىرىپ قالغان بالىلىرىنى ئەمچەكتىكى بوۋاق ھالىتىدە كۆرۈپ ، ھەممە ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگۈسى كېلىدىكەن . چوڭ بولغىلى قويمايدىكەن . بەختىنى ھەركىم ئۆزى ئىزدەپ تاپسا ياخشى ئەمەسمۇ ؟ قىز - يىگىتلەر ئۈچۈن ئۆزى ياخشى كۆرگەن ، چىن يۈرىكىدىن سۆيگەن ئاشىق بولغان يارى بىلەن توي قىلىشتىنمۇ ئارتۇق بەخت بولامدۇ جاھاندا . توغرا ، پەرزەنت دېگەن ئاتا - ئانىنىڭ گېپىنى ئاڭلىشى ، ئاتا - ئانىسىنى ھۆرمەتلىشى ، ئاتا - ئانىسىدىن ھايا قىلىشى كېرەك . بۇ دېگەن ئەقەللىي بۇرچ ، ئەمما ئاتا - ئانىسىنىڭ سىزىقىدىن چىقمايدىغان پەرزەنتنىڭ يارامىلىق پەرزەنت بولۇشى ناتايىن . ئۇ پەقەت گەپ ئاڭلايدىغان رايىش بالا بولالايدۇ ، خالاس .

— مەن ئۆيگە كېتەي . ھېلىمۇ كەچ قالدىم . ئانام تىللىغىلى تۇرمىسۇن يەنە ، — دېدى گۈلناز ئورنىدىن تۇرۇپ .

گەرچە پەخرىدىننىڭ قىزدىن ئايرىلغۇسى بولمىسىمۇ ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ نائىلاج ئورنىدىن تۇردى .

ئۇلار قىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا بارغۇچە ئۈن - تىنسىز مېڭىشتى .

— خاتىرجەم بول ، — دېدى يىگىت ئىشەنچ بىلەن ، — مەن مۇۋاپىق بىر ئۇسۇل بىلەن بۇ ئىشنى ھەل قىلىمەن .

— بولىدۇ ، ئاتا - ئانامنىڭ ئالدىدا مېنى تەڭقىسلىقتىن تېزرەك قۇتۇلدۇرغىن ، — دېدى گۈلناز ، — خوش ، پەخرىدىن .

— تېلېفونۇڭنى ئوچۇق قوي ، ئالاقىلىشىپ تۇرايلى ، ياخشى چۈش كۆر .

يىگىت قىز ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بولغۇچە كەينىدىن قاراپ تۇردى . ئۇ قىزغا ۋەدىنى چوڭ بېرىپ قويغىنى بىلەن شۇ تاپتا كاللىسى قۇيقۇرۇق ئىدى . ئۇ ئىچ پۇشۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى .

## 12

پەرىدە ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئىككى سىڭلىسى بىلەن بىنانىڭ ئالدىدا دوقۇرۇشتى.

زۆھرە خانىم قىزىنى كۆرۈپ بىرئاز خاتىــــرجەم بولغان بولسىمۇ، نېمە ئۇچۇندۇر ئېچىلالمىدى.

— ھەنىم بولسا ئۆينى تاپالاپسەن، — دېدى ئۇ پەرىدەگە راسا بىرنى ئالىيىپ.

پەرىدە گەپ قىلماي دادىسىنىڭ قولىدىكى يالتىراق خالتىنى ئالدى. قادىر ئەپەندى خالتىنى قىزىغا بېرىۋېتىپ يا ئاق، يا كۆك دېمىدى.

— ئېھتىيات قىل، ئانامىنىڭ ئەلپازى يامان، — دەپ پىچىرلىدى پەزىلەت ئاچىسىنىڭ قۇلىقىغا.

پەخرىئاي ئاچىسىغا شۇنداقلا قاراپ قويۇپ بەخىرامان سىغىز چايناۋەردى.

پەرىدە ئىلدام مېڭىپ پەلەمپەيدىن چىقتى ـ دە، ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى.

زۆھرە خانىم ئۇچىنچى قەۋەتكە چىقىپ بولغۇچە ھاسىراپ قالغانىدى. ئۇ قادىر ئەپەندىنىڭ كىيىملىرىنى كىيىم ئاسقۇچقا ئېسىۋېتىپ، ئاشخانا ئۆيدىكى پەرىدەگە دېدى:

— قورسىقىڭ ئاچقان بولسا، خالتىلاردىكى قورۇمىلارنى قىزىتىپ يە.

— قورسىقىم توق، — دېدى پەرىدە.

— ئەمىسە قورۇمىلارنى توڭلاتقۇغا سېلىۋەت، — دېدى زۆھرە خانىم.

پەرىدە قورۇمىلارنى توڭلاتقۇغا سېلىۋېتىپ پەم بىلەن ياتاق ئۆيگە چىقتى. پەزىلەت ئاچىسىنىڭ ئۇستىبېشىغا بىر قارىۋېتىپ چىرايىنى پۈرۈشتۈردى.

www.uygurkitap.com

— ۋايجان ، يەنە مېنىڭ كىيىمىمنى كىيىۋاپسەن ـ دە . تېخى بىر قېتىممۇ ئۇچامغا سايمىغانىدىم ، دائىم مۇشۇنداق قىلىسەن .

— خاپا بولمىغىن . مانا ھازىرلا سېلىۋېتىمەن .

— سېلىۋەتمەي كېچىچە كىيىپ ياتساڭ بولامتى ئەمىسە ، — دېدى پەزىلەت تېرىكىپ ، — ئەتە يۇغۇزۇپ قولامغا بەر .

— بىر قېتىم كىيگەنگە كىر بولاپ كەتمىگەندۇ ، — دېدى پەرىدە نارازى بولۇپ ، — يۇزسىز شۇمنىڭ گېپىنى . سەنمۇ مېنىڭ كىيىملىرىمنى كىيىۋالغاندا گەپ قىلمىغانمۇ .

— كىيسەم يېڭى كىيىملىرىڭنى كىيىۋالمىغاندىمەن . ئۆزى كىيىم ئالمايدۇ . ئادەم يېڭى كىيىم ئېلىپ بولغۇچە كىيىۋېلىشقا ئامراق . ئەجەبمۇ زېرىكتىم .

پەرىدە سىڭلىسى بىلەن تەڭ بولغۇسى كەلمەي كىيىملەرنى سېلىشقا باشلىدى .

— ئەتە يۇغۇزۇپ بېرىسەن ، — دېدى پەزىلەت يەنە ئەزۋەيلەپ .

— ماقۇل ، ماقۇل ، — دېدى پەرىدە تەئەددى بىلەن ، — بۈنىڭدىن كېيىن مېنىڭ كىيىمىمنى كىيىپ باققىنا قېنى .

پەرىدە كىيىملەرنى پۇرلەپ تاشلىۋەتتى . بۇنى كۆرۈپ پەزىلەتنىڭ تېخىمۇ جۇدۇنى تۇتتى .

— تاشلاۋاتىسەنغۇ ؟

— ھامىنى ئەتە يۇغۇزىدىغان بولغاندىكىن قاتلاپ قويمىساممۇ بولا .

پەزىلەت كىيىملىرىنى ئېلىپ ، كىيىم ئىشكاپىغا ئاسقاچ غۇدۇرىدى .

— خەپ ، بۈنىڭدىن كېيىن كىيىم ئىشكاپىمغا قۇلۇپ سېلىۋالمايدىغان بولسام .

— بولدى قىلىڭلا ، — دېدى پەخرىئاي ئىككى ئاچىسىغا قاراپ ، — سىرى چۇشۇپ قالمىغاندۇ بىرەر قېتىم كىيىپ قويغانغا . كىيگۈڭلار بولسا مېنىڭكىنى كىيىڭلار . مەن ھەرگىز

گەپ قىلمايمەن.

— ئۆتەپ بارە، دەققال، — دېدى پەزىلەت دەردىنى سىڭلىسىدىن ئېلىپ، — سېنىڭ ئۇنداق مۇقامدا يوق ساڭگىل ـ سۇڭگۇل كىيىملىرىڭنى كىيىپ سىرتقا چىققىلى بولامتى.

— سېنىڭ كىيىملىرىڭمۇ تايىنلىق، — دېدى پەخرىئاي جاۋاب ياندۇرۇپ، — مەنمۇ ئۇنداق خېنىم مىجەز كىيىملىرىڭنى ھەرگىزمۇ كىيمەيمەن، ياپياش تۇرۇپ قېرى خوتۇنلاردەك كىيىنىپ.

پەخرىئاينىڭ بۇ گېپى پەردەگىمۇ ئۆتكەنىدى، شۇڭا قاپىقىنى تۈرۈپ ۋارقىرىدى:

— ئاغزىڭنى يۇمە!

قىزلار بىرنەچچە دەقىقە جىم بولۇشتى.

— بايا ھېلىقى ئوقۇتقۇچى ئاكاش بىلەن كۆرۈشكەن ئوخشىمامسەن؟ — سورىدى پەخرىئاي ھېچ ئىش بولمىغاندەك پەردەگە قاراپ.

— ھۇشش ... ! ئاستا گەپ قىل، — دېدى پەردە بېگىز بارمىقىنى لېۋىگە قويۇپ، — ئانام ئاڭلاپ قالمىسۇن.

— دەپ بېرە، نېمىلەرنى دېيىشتىڭ، — دېدى پەزىلەتمۇ بايىقى خاپىچىلىقىنى ئۇنتۇپ، — تويى توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشتىڭمۇ؟

— ھەئە، — دېدى پەردەمۇ سىڭلىسىغا ئوچۇق چىراي ئېچىپ، — تويىنى تېزرەك قىلساق دەپ ئالدىرىتىۋاتىدۇ، شۇ. ئاتا ـ ئانىسى بەك قىستاپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

— سەن نېمە دېدىڭ؟

— ھېچنېمە.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ئانام قوشۇلمايدىغان تۇرسا.

— ئاۋۋال قېينانا بولغۇچى كېلىپ باقمىسۇنمۇ؟

— ئابدۇساتتارمۇ ئانام ئەلچى بولۇپ بېرىپ باقسۇن، دەيدۇ.

بىراق، ئانامنىڭ چوڭچىلىق قىلىپ ئۇلارنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ قالدىم.

— راست دەيسەن. دېھقاننىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق كۆڭلى بار-دە.

— ئۇلار دېھقان بولغىنى بىلەن خېلىلا باي دەۋاتاتتىڭ. ئانام بىر كۆرسىغۇ قايىل بولۇپ قالاتتى.

— ئابدۇساتتارمۇ شۇنداق دەيدۇ، بىراق ئانامنى قانداق ئېلىپ چىققىلى بولاركىنتاڭ.

— بىر دوستۇم ئۆيىگە باغ سەيلىسىگە قىچقارغان دەپ ئاچىقامدۇق، — دېدى پەخرىئاي.

— ئاشۇنداق قىلساق بولارمۇ؟ — دېدى پەرىدە بىر ئاز ئۈمىدلىنىپ.

— نېمىسى بولمىغۇدەك. ھەممە ئادەمنىڭ يېزىغا چىقىپ باغ سەيلىسى قىلغۇسى كېلىدۇ. بۇنداق دېسەك، ئاناممۇ ياق دېمەسلىكى مۇمكىن.

— بۇنى ئانامغا كىم دەيدۇ، — دېدى پەزىلەت، — بىزنىڭ يېزىدا تۇزۇك دوستلىرىمىزنىڭ يوقلۇقىنى ئانام ئوبدان بىلىدۇ.

— پەخرىدىن ئاكام دېسۇن، — دېدى پەخرىئاي.

— توۋا دېگىنە. پەخرىدىننىڭ بۇ گەپنى قانداق چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ، — دېدى پەرىدە قوشۇلماي، — پەخرىدىن يا كىچىك بالا بولمىسا ئىزا تارتمامدىمەن.

— توغرا، پەخرىدىن كىچىك بالا بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا، بۇ گەپنى ئانامغا ئۇنىڭ دېيىشى ئەڭ مۇۋاپىق، — دېدى پەزىلەت، — ئادەتتىمۇ ئۇنىڭ يېزىدا خىزمەت قىلىدىغان ئاغىنىلىرى خېلى جىققۇ.

— ياق، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، — دېدى پەرىدە رەت قىلىپ، — پەخرىدىننىڭ ئالدىدا ئىزا تارتىمەن.

— سەن كارىڭ بولماي جىم ئولتا. پەخرىدىن ئاكامغا پەزىلەت ئاچام بىلەن مەن دەي. ئۇ چوقۇم ساڭا ياردەم قىلىدۇ.

— ياردەم قىلماي قالسىچۇ؟
— خاتىرجەم بول، چوقۇم ياردەم قىلىدۇ، — دېدى پەزىلەت، — پەخرىدىنىنىڭ بۇنداق ئىشلارغا خېلى ئېپى بار. ئادەتتىمۇ يالغانى قاملاشتۇرۇشقا خېلى ئۇستىغۇ ئۇ. شۇنچە يىل كېيىم - كېچەكلىرىنى يۇيۇپ، دەزماللاپ بەرگىنىمنىزنىڭ يۈزىنىمۇ بولسا قىلار.
— ۋاھ، تازا بىر قىزىق ئويىان ئويىنايدىغان بولدۇق - دە، — دېدى پەخرىئاي كۈلۈپ.
— بۇ ئىش قاملىشارمۇ؟ — دېدى پەرىدە ئۈمىدسىزلىنىپ.
— چوقۇم قاملىشىدۇ، — دېدى پەخرىئاي ئىشەنچ بىلەن، — پەخرىدىن ئاكام بىلەن ھېلىقى ئوقۇتقۇچى ئاكاشىنى ئاغىنە قىلىپ قويساق، بۇ ئۆيگىمۇ خاتىرجەم كىرىپ - چىقالايدۇ تېخى.
— پەخرىدىن تېزرەك قايتىپ كەلسە بولىتتى، — دېدى پەزىلەت.
پەرىدە ئارتۇقچە ئىپادە بىلدۈرمىدى، گەرچە ئانچە ئىشەنچى بولمىسىمۇ، سىڭىللىرىنىڭ بۇ تەكلىپىگە قايىل بولۇپ قالغانىدى.

## 13

— پەرىدە، بۇياققا چىقە، گېپىم بار.
ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قىزلار جىم بولۇشتى. پەرىدە قورقۇمسىراپ ئورنىدىن تۇردى.
— قورقما، ئانام نېمە دېسە ماقۇل دەپ تۇر، — دېدى پەزىلەت مەدەت بېرىپ.
پەرىدە ئانىسىنىڭ قېشىغا بوينىدىن باغلىغاندەك چىقتى. زۆھرە خانىم مېھمانخانا ئۆيدىكى ساپادا ئولتۇراتتى.
— ئولتۇر، — دېدى ئۇ قولى ئارقىلىق ئىشارە قىلىپ. پەرىدە ياۋاشلىق بىلەن ئانىسىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى.

زۆھرە خانىم قىزىغا راسا بىرنى قارىۋالغاندىن كېيىن سورىدى :

— ئېيتە ، بۈگۈن كەچ نەگە باردىڭ ؟

پەردە ئانىسىنىڭ بۇ سوئالنى ھامان سورايدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ ئەندىيىسىدە تەييارلىق قىلىۋالغانىدى .

— چايغا باردىم .

— چايغا ؟ — زۆھرە خانىم ئىشەنمىگەن ھالدا قىزىغا قارىدى ، — نېمە چاي ئۇ ؟

— ساۋاقداشلارنىڭ چېيى .

— تېخى ئۆتكەن جۈمە چايغا بارغانتىڭغۇ . ھەپتىدە بىر قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان چايمۇ ؟

— بىر دوستۇم ئۆرۈمچىگە بارىدىكەن . شۇنى خوش دەپ قويغاچ ئالدىغا سۈرگەن .

— ئەتىگەن ئۇنداق دېمىگەنتىڭغۇ ؟

— مەنمۇ چۈشتىن كېيىن خەۋەر تاپتىم .

— ئەمىسە نېمىشقا يانفونۇڭنى ئېتىۋالىسەن ؟

— باتارىيىسىدە توك قالماپتىكەن .

— باشقىلارنىڭ تېلېفونىدا خەۋەر بېرىۋەتسەڭ بولمامدۇ ؟

— سىزنى ئەنسىرەپ قالماس دەپتىمەن .

زۆھرە خانىم قىزىنىڭ دۇدۇقلىماي بەرگەن جاۋابلىرىنىڭ يالغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئامالسىز قالدى .

— بىلەمسەن ، سەن دېگەن بويىغا يېتىپ قالغان قىز بالا . ھەرقانداق ئىش بولسا ، مەندىن يوشۇرساڭ بولمايدۇ .

«گېپىنىڭ چىرايلىقلىقىنى كۆرمەمدىغان . راست گەپ قىلسام بىرمۇنچە تىللاپ كېتە ھەقىچان ...»

— ماقۇل ، ئانا ، — دېدى پەردە رايىشلىق بىلەن ، — بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلاي .

قىزىنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن بەرگەن ۋەدىسى زۆھرە خانىمنىڭ ئاچچىقىنى خېلى ياندۇرغانىدى . شۇڭا ، ئۇ مۇلايىملىق

بىلەن گەپ باشلىدى .

— مۇنداق گەپ . بىزنىڭ ئىدارىدىكى شەرۋانەم ئاچاڭنى بىلەمسەنغۇ ؟

پەرىدە بىلىمەن دەپ بېشىنى لىڭشىتتى ، ئەمما كۆڭلى دەككە - دۈككىدە ئىدى .

«ئانامغا نېمە بولغاندۇ ؟ ئەجەب مۇلايىملىشىپ قالدىغۇ ؟ »

— شەرۋانەم ئاچاڭ سېنى جىيەن ئوغلىغا سوراپ تۇرۇۋالدى . ئۆزى شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىكەن . كەلگۈسىدە خېلى ئىستىقبالى باردەك قىلىدۇ . كۆرۈشۈپ باققىن ، بولامدۇ ؟

پەرىدە لېۋىنى مەھكەم چىشلەپ ئولتۇردى ، ئەمما نارازىلىق تۇيغۇلىرى كۆزىدىن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى . زۆھرە خانىم يەنە ئەزۋەيلەشكە باشلىدى :

— مەنمۇ ساڭا يامان بولسۇن دېمەيمەن ، قىزىم . قىز بالا ئۈچۈن تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن جاپا تارتماي ، خاتىرجەم ياشاشتىنمۇ چوڭ بەخت يوق . مەن شەرۋانەم ئاچاڭغا ۋەدە بېرىپ قويدۇم . ئەتە كەچتە كۆرۈشىدىغان بولدۇڭلار . سېنى ھازىرلا ماقۇل دە دەپ قىستىمايمەن . ئاۋۋال كۆرۈش ، كىم بىلىدۇ ، بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالامسەن تېخى .

«ھەرقانچە ۋالىيىنىڭ ئوغلى بولسىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالماسمەنا » دەپ ئويلىدى پەرىدە .

— نېمىشقا ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ئادەم بىلەن توي قىلغىلى قويمايسەن ، ئانا ، — دېدى پەرىدە كۆزىنى ئانىسىنىڭ كۆزىدىن ئېلىپ قېچىپ تۇرۇپ ، — مېنى بۇنداق تەتۈر قىينىمىساڭ بولاتتى . ئوقۇتقۇچىلىقىمۇ يامان كەسىپ ئەمەسقۇ . مەنمۇ ئوقۇتقۇچىغۇ ؟

زۆھرە خانىمنىڭ چىرايى غۇززىدە تۇرۇلدى ، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى .

— مەن ئوقۇتقۇچىنى يامان دېگىنىم يوق . لېكىن ، سېنىڭ تاپقان ئۇ يىگىتىڭ يېزىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىكەن . ئەر - خوتۇن

دېگەن ، بولۇپمۇ يېڭىدىن توي قىلغان ئەر - خوتۇنلار ئايرىلىپ تۇرسا ياخشى ئەمەس . شەھەردە ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بىر يەردە خىزمەت قىلغانغا نېمە يېتىدۇ . تۇتقان ئۆي دېگەننىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشى بولىدۇ . ئەر كىشى سىرتتا خىزمەت قىلسا ، ھەممە جاپاغا خوتۇن كىشى قالىدىغان گەپ . سىنى جاپا تارتىپ قالمىسۇن دەۋاتىمەن .

— خىزمىتىنى شەھەرگە يۆتكەشكە يول مېڭىۋاتىدۇ ، — دېدى پەرىدە تېرىكىپ ، — ئۆزىمۇ بەك ئىنتىزارلىق .

— شەھەرگە يۆتكىلىشكە يول مېڭىۋاتىدۇ ؟ — دېدى زۆھرە خانىم قوپاللىق بىلەن قىزىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ، — ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەپ ئولتۇرىۋەرمە . يېزىدىن شەھەرگە خىزمەت يۆتكىمەك ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس . خەقنىڭ يۆتكىلىشىنى كۈتۈپ نە ۋاخقىچە ساقلايمىز . ئۆكىلىرىڭغا قاراپ باق . پەزىلەت بىلەن پەخرىدىنمۇ تەييار بولۇپ قالدى . بىر باشتىن تويۇڭلارنى قىلىۋەتمىسەك بولمايدۇ .

— ئاۋۋال تويىنى قىلىۋەرسەم ، خىزمىتىنى كېيىن يۆتكىۋالسىمۇ بولىۋېرىدىغۇ ؟

— جۆيلۈمە ! شۇنچە قىلغان گەپلىرىم ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا سايىيە چالغانچىلىق تەسىر قىلماپتۇ - دە ، ساڭا ، بىغەرەز .

پەرىدە ئانىسىغا يەنە چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ توختاپ قالدى . ھەئە ، ئۇ ئانىسىغا گەپ يېگۈزەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندى . ئىلاجسىز ئىچىگە تىندى .

شۇ ئەسنادا ئۆيگە پەخرىدىن كىرىپ كەلدى .

— تېخىچە ئۇخلىمىدىڭلارمۇ ؟ — دېدى ئۇ ، — ئاتايىن مېھمان قىلاي دېسەممۇ كەلگىلى ئۇنىمىدىڭ ، پەرىدە ئاچا . سەن بولمىغاچقا ئانامنىڭ كېلىدىنىمۇ تۇزۇك تاماق ئۆتمىدى . ئېيتە ، مېنىڭ مېھماندارچىلىقىمدىنمۇ مۇھىم نېمە ئىشىڭ بار ئىدى .

پەرىدە ئىنىسىغا جاۋابەن بىرنى ئالىيىپ قويدى .

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن . قالغان گەپنى ئەتە چۈشتە

دېيىشەيلى ، — دېدى زۆھرە خانىم ئورنىدىن تۇرۇپ .

پەرىدەنى غەم بېسىۋالغانىدى .

— بىرەر خاپىچىلىقىـــڭ يوقتۇ ؟ — سورىدى پەخرىدىن ئاچىسىنىڭ غەمكىن تۇرقىغا قاراپ كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا .

پەرىدە ئىنىسىغا گەپ قىلىش ئۈچۈن ئاغزىنــى ئۆمەللەپ توختاپ قالدى .

— ھېچ گەپ يوق ، — دېدى ئۇ روھسىز ھالدا .

— ئىش ـ پىشلىــرىڭ بولسا ، دەۋەرگىـــن ، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن ، — دېدى پەخرىدىن .

— ماقۇل ، — دېدى پەرىدە .

ھەر ئىككىلىسى ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى .

## 14

ئاچىسىنىڭ روھسىز ھالدا كىرىپ كەلگىنىنـــى كۆرۈپ پەزىلەت بىلەن پەخرىئاي تەڭلا سورىدى :

— ئانام نېمە دېدى ؟

پەرىدە جاۋاب بەرمەي ، تامغا يۆلىنىپ ، ئىككىنى ئىككى تىزىغا تىرەپ ئولتۇردى .

— ئانام تىللىدىما ؟ — سورىدى پەخرىئاي .

— ياق .

— ئەمىسە نېمە دېدى ، گەپ قىلە ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقماي .

— نېمە دەيتتى ، يەنە شۇ گەپ .

— ئوچۇقراق گەپ قىلە ، — دېدى پەزىلەت .

— ماڭا لايىق تېپىپ قويۇپتۇ . ئەتە كۆرۈشىدىكەنمەن ، — دېدى پەرىدە كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا .

— سەن نېمە دېدىڭ ؟

— مەن نېمىمۇ دېيەلەيتتىم ، — دېدى پەرىدە تېرىككەن ھالدا ، — ياق دەپ قوتۇلالايمەنمۇ .

— ماقۇل دەپسەن ـ دە .
— گەپ قىلماي تۇرۇۋالدىم .
— ئانام سەندىن ئېنىق جاۋاب ئالماي بولدى قىلمىغاندۇ ھەقىچان .
— ئۇنىڭغىچە پەخرىدىن كىرىپ قالدى .
— پەخرىدىن ئاكام كەلدىما ؟ جۆرە ، پەزىلەت ئاچا ، پەخرىدىن ئاكامنىڭ قېشىغا چىقىپ ئاچامنىڭ ئىشىنى مەسلىھەتلىشەيلى .
— شۇنداق قىلايلى ، — دېدى پەزىلەت ، ئاندىن پەردەگە قاراپ دېدى ، — ئۇنچە ئېزىلىپ كەتمەي ، روھلۇقراق بول . قالدى گەپنى پەخرىدىن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بولغاندىن كېيىن دېيىشەيلى .
پەردە ئاق ـ كۆك دېمىدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىنى ئۇمىدسىزلىك چۇلغىۋالغانىدى . ھەئە ، ئۇ بۇ ئىشنى ئىنى ـ سىڭىللىرىنىڭ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشىغا ئىشەنچ قىلالمايۋاتاتتى .

## 15

پەخرىدىن خىيالچانلىق بىلەن تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى . ئۇ ئاچىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ ئىشىكنى چەكمەيلا ئۇسۇپ كىرگىنىنى كۆرۈپ يالغاندىن قاپىقىنى تۈردى .
— ئىككىڭ ئەدەپ ـ قائىدە دېگەننى بىلىشمەمسەن ؟ ئەر كىشىنىڭ ياتىقىغا ئىشىكنى چەكمەيلا كالىدەك ئۇسۇپ كىرگىنىنى كۆرمەمدىغان .
— سەت گەپ قىلمىغىنا ، كىم كالىكەن ، — دېدى پەخرىئاي تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ .
— سەت شۇمنىڭ ئەر كىشىنىڭ ياتىقىغا ئۇسكەكلەپ كىردىڭ دەپ كېتىشلىرىنى ، ۋاي قوۋۇرغامەي ، — دېدى پەزىلەت .
— سىڭىلچە ، مەن ئەر كىشى ئەمەسمىكەنمەن ؟ — ھۇرپەيدى

پەخرىدىن ، — تولا شوْم دىمە . ئىغى ئوچوْق ئىشتان كىيىدىغان كىچىك بالا ئەمەس مەن .

— خاپا بولىمىغىنا ئاكا . بۇنىڭدىن كىيىن ئۆندااق دىمەيلى ، — دىدى پەخرىئاي ئەركىلەپ .

— ھە ، ماۋۇ گىپىڭ جايىدا ، — دىدى پەخرىدىن كۆلۈپ ، — پەزىلەت ئاچا ، سەنمۇ گۆناھىڭنى بوينۇڭغا ئال .

— ماقۇل ، بۇنىڭدىن كىيىن ياتىقىڭغا ھەرگىز كىرمەيمەن . ياتىقىڭ ئىغىل بولۇپ كەتسىمۇ كارىم يوق . ئۆيۈمنى تازىلاپ بەر ، كىيىملىرىمنى يۇيۇپ بەر ، دەپ باققىنا قىنى .

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم . بەك نازۇك جۇمۇ سەن ، — دىدى پەخرىدىن ، — بىرەر ئىشىڭلار بارمىدى ؟

— سەن بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار ، — دىدى پەخرىئاي ۋە پەزىلەتنى نوقۇدى ، — سەن دىگىنە ، ئاچا .

— مۇنداق ئىش ، — دىدى پەزىلەت سەل ئىچىلىپ ، — پەرىدە ئاچامنىڭ ئىشىدىن خەۋىرىڭ بارغۇ دەيمەن .

— قايسى ئىشىنى دەيسەن ؟ — سورىدى پەخرىدىن تاماكىسىنى كۆچەپ شوراپ .

— ئۆچۆرە ، تاماكاڭنى ، — دىدى پەزىلەت قاپىقىنى تۈرۈپ ، — بىزگە ئەدەپ - ئەخلاقتىن سۆزلەيسەنۇ ئۆزۈڭ رىئايە قىلمايسەن . قىزلارنىڭ ئالدىدا ، يەنە كېلىپ ئاچاڭنىڭ ئالدىدا تاماكا چېكىشنىڭ ئەدەپسىزلىك بولىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن . ياتىقىڭنىڭ ئىچىنى ئىسقا تولدۇرۇۋېتىپسەن .

پەخرىدىن دەرھال تاماكىسىنى كۆلدانغا بىسىپ ئۆچۈردى .

— مانا بولدىمۇ ؟

— پەرىدە ئاچامنىڭ توي ئىشچۇ ، — دىدى پەخرىئاي .

— پەرىدە ئاچامنىڭ توي ئىشىغا ئانام قوشۇلۇپتۇما ؟ — ئالدىراپ سورىدى پەخرىدىن .

— قوشۇلماپتۇ ، — دىدى پەزىلەت ، — ئانام بىر يەردىن لايىق تاپقان ئوخشايدۇ . ئەتە كۆرۈشكۆدەك .

— پەرىدە ئاچام قوشۇلۇپتۇمۇ؟

— نەدىكىنى. بىراق، ئانامدىن قورقۇپ بىر نەرسە دېيەلمەپتۇ، سەن بىلەن مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشەيلى دېگەن.

— مېنى نېمە قىل دەيسەن، — دېدى پەخرىدىن گاڭگىرىغان هالدا، — مېنى ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىشىنى بۇزۇۋەت دېمەيدىغانسەن؟

— شۇك ئولتۇرۇپ گېپىمنى ئاڭلىغىنا، — دېدى پەزىلەت بىرئاز تېرىكىپ، — ئەتىكى ئۇچرىشىش ئانچە مۇهىم ئەمەس. پەرىدە ئاچام رەسمىيەت يۈزىسىدىن شۇنداقلا كۆرۈشۈپ قويسا بولىۋېرىدۇ. ناۋادا، ئۇ غەرەز ئۇقىدىغان يىگىت بولسا، يۈرگەن يىگىتى بارلىقىنى، ئانامنىڭ گېپىنى يىرالماي ئۇچرىششقا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويسا بولىدۇ. بىزنىڭ دەۋاتقىنىمىز، پەرىدە ئاچامنىڭ يۈرگەن يىگىتىنىڭ ئىشى. سەن مۇشۇ ئىشقا ياردەم قىل.

— ئانام قوشۇلمىغان تۇرسا، مەن قانداق ياردەم قىلالايمەن. مەقسىتىڭنى ئوچۇقراق دېگىنە.

— بىز ئانام بىلەن هېلىقى ئوقۇتقۇچى ئاكاشنى هەم ئاتا-ئانىسىنى ئۇچراشتۇرايلى دېگەن، — دېدى پەخرىئاي.

— سەنمۇ بىلىسەن، — دېدى پەزىلەت ئىنىسىغا چۈشەندۈرۈپ، — ئانام ئۇلارنى كۆرمەي تۇرۇپلا خىزمىتىنى يېزىدىكەنەي، ئاتا-ئانىسى دېهقانكەنەي··· دەپ قوشۇلماۋاتىدۇ. ئۇلار بىر-بىرىنى بەك ياخشى كۆرۈشىدىكەن. پەرىدە ئاچامنىڭ دېيىشىچە، يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىسى دېهقان بولغىنى بىلەن خېلىلا باي ئادەملەرمىش. ئانامنى شۇلارنىڭ ئۆيىگە بىر ئېلىپ چىقساق بولاتتى.

— بېشىڭلار ئىششىپ قالمىغاندۇ، — دېدى پەخرىدىن، — ئانامنى قانداق ئېلىپ چىققىلى بولىدۇ ئۇ يەرگە. باغلاپ، ماشىنىغا بېسىپ ئېلىپ چىقايلى دېمەيدىغانسىلەر؟

— مۇشۇ قاپاق كاللاڭنى ئازراق ئىشقا سالساڭ نېمە

بولار ، — دېدى پەزىلەت ئىنىسىغا تەنبىھ بېرىپ ، — ئاشۇنداق ئۇسۇل بىلەن بۇ ئىشنى ھەل قىلغىلى بولامتىكى .
— مەنمۇ شۇنى دەيمەن ، — دېدى پەخرىدىن كۈلۈپ .
— سەن ھېلىقى ئوقۇتقۇچى ئاكاش بىلەن كۆرۈشۈپ ئاغىنە بولغىن ، — دېدى پەخرىئاي .
— ئاندىن كېيىن يېزىدىكى بىر ئاغىنەم باغ سەيلىسىگە تەكلىپ قىلدى دەپ ، ئانام ، دادام ھەم بىزنى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ چىقىسەن ، — دېدى پەزىلەت سىڭلىسىنىڭ گېپىنى تولۇقلاپ ، — قانداق ، بۇ چارە بولامدىكەن ؟
پەخرىدىن خىرىلداپ كۈلۈۋەتتى .
— ماۋۇ ھىيلىگەرلەرنىڭ تۈزگەن پىلانىنى .
پەخرىئاي مەغرۇرلۇق بىلەن ئاكىسىدىن سورىدى .
— قانداق ، تۈزگەن پىلانىمىز بولامدىكەن ؟
— ئاڭلىماققا بولىدىغاندەك قىلىدۇ ، — دېدى پەخرىدىن ، — بىراق قاملاشتۇرالارمىزمۇ ؟
— چوقۇم قاملاشتۇرالايمىز ، — دېدى پەزىلەت ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا ، — ئادەتتىمۇ سېنىڭ يېزىلىق ئاغىنىلىرىڭ خېلى كۆپقۇ . سېنى پات - پات ئىزدەپمۇ قويىدۇ . ياخشى يېرى ، ئانام ئۇلارنى ئانچە تونۇپمۇ كەتمەيدۇ دېگىنە .
— ئاغىنىلىرىم يېزىغا چىقىپ سەيلە قىلىپ كېتىڭلار دېدى ، دېسەڭ ، ئانام چوقۇم ئىشىنىدۇ ، — دېدى پەخرىئاي ، — ئانام گۇمانلانماسلىقى مۇمكىن .
— بۇ مەسلىھەتنى پەرىدە ئاچام كۆرسەتتىمۇ ياكى سىلەر ئويلاپ تاپتىڭلارمۇ ؟
— بايا ئاچام بىلەن ئاشۇنداقراق مەسلىھەتلەشكەن ، — دېدى پەزىلەت ، — بىراق ، ئۆزىنىڭ تازا ئىشەنچى يوق .
— بىچارە پەرىدە ئاچامنى غەم بېسىۋاپتۇ ، قارىساڭ سىنىڭمۇ ئىچىڭ ئاغرىيدۇ .
— بايا مەنمۇ كۆردۈم ، — دېدى پەخرىدىن ، — مەيلى ، پەرىدە

www.uyghurkitap.com

ئاچامنىڭ رايى شۇ بولسا، بىر ئۇرۇنۇپ كۆرەيلى. يېتىپ قالغۇچە ئېتىپ قال، دەپتىكەن. ئەپلەشمىسە، ئانامدىن بۆرىنى - قۇلىقىمغىچە تىل ئىشىتىۋالارمەن شۇ.

— ماۋۇ گېپىڭ جايىدا بولدى، — دېدى پەزىلەت مەمنۇنلۇق بىلەن، — ئاچامغا قېرىنداشلىقنى بىر يەتكۈزەيلى. كىچىك ۋاقتىمىزدا بۆشۈكىمىزنى تەۋرىتىپ باققىنىنىڭ جاۋابى بولۇپ قالار.

— بەلكىم ئىككىنچى قەدەمدە ساڭىمۇ ياردەم قىلىپ قالارمەن، — دېدى پەخرىدىن پەزىلەت بىلەن چېقىشىپ، — ھېلىقى ساتىراش ئاكاش بىلەنمۇ تونۇشتۇرۇپ قوي مېنى. ئۇنىڭ بىلەنمۇ تېزرەك ئاغىنە بولۇپ قالاي.

— ھەددىڭدىن ئاشما، كىم ساتىراشكەن، — دېدى پەزىلەت تېرىكىپ، — تايىقىڭنى يەپ قالما يەنە.

— نېمىگە تېرىكىسەن، ئانام ساتىراشكەن دېدىڭمۇ؟

— ساتىراش ئەمەس، داڭلىق ھۆسن تۈزەش ئۇستىسى، — دېدى پەخرىئاي تۈزىتىش بېرىپ، — ھەرقانداق ئەيىبى بار چىرايلارنى ئوپېراتسىيە قىلىپ تۈزىيەلەيدۇ. تېخى قورۇق يوقىتىش، قوش قاپاق چىقىرىش، چاچ پاسونىنى ...

— چۈشەندۇرۇپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ، ساقال تارغىقى، — دېدى پەخرىدىن، — پەزىلەت بىلەن چېقىشىپ قوياۋاتىمەن. پۈتۈن شەھەرگە داڭقى كەتكەن ئۇ ھۆسن تۈزەش دوختۇرىنى كىم بىلمەيدۇ، — پەخرىدىن پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى، — ئانامنىڭ ساتىراش دەپ ياراتماي كېتىشلىرى قىزىق - دە.

پەزىلەتمۇ ئىنىسىغا ئەگىشىپ كۈلدى.

— مېنى يەنە زاڭلىق قىلىدىغان بولساڭ، تېرىكىپ قالىمەن جۇمۇ، — دېدى پەزىلەت قاپىقىنى تۈرۈپ.

— بولىدۇ، ئەمدى ھەرگىز ساتىراش دېمەيمەن، — دېدى پەخرىدىن ۋەدە بېرىپ.

پەزىلەت ئورنىدىن تۇردى.

— ئەمسە شۇنداق بولسۇن ، قالدى گەپنى ئەتىگەنچە مەسلىھەتلىشەرمىز .
— بىردەم ئولتۇر . مېنىڭمۇ دەيدىغان گېپىم بار ، — دېدى پەخرىدىن ئەستايىدىللىق بىلەن .
— نېمە گەپتى ؟ — دېدى پەزىلەت ئۆرە تۇرغان پېتى .
پەخرىدىن ئاغزىنى ئۆمەللەپ ، گەدىنىنى قاشلىدى ، خىجالەت ئارىلاش ھىجايدى .
— تېزرەك دېمەمسەن ، ئادەمنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ تۇرغاندا ، — دېدى پەخرىئاي ئەسنەپ .
— ماڭىمۇ ياردەم قىلساڭلار بوپتىكەن ، — دېدى پەخرىدىن .
— قانداق ئىشقا ياردەم قىلىمىز . ئېنىقراق گەپ قىلمامسەن .
— بىر قىز بىلەن يۈرگەنىدىم ... تويى قىلىشقا ۋەدىلەشكەن ... — پەخرىدىن گېپىنىڭ ئايىغىنى يۇتۇۋەتتى ، يۈزى ياللىدە قىزاردى .
— كىم ئۇ ، بىز تونۇيمىزمۇ ئاكا ، چىرايلىق قىزدۇ ھەقىچان ، — دېدى پەخرىئاي .
— يۈزى قېلىن ئادەم بولدى دېسەم ، سەنمۇ خىجىل بولۇشنى بىلىدىكەنسەن ـ ھە ، — دېدى پەزىلەت كۈلۈپ ، — ھە ، دېگىنە ، ئۇ قىز بىلەن ئاراڭلاردا بىرەر چۈشىنىشمەسلىك بولۇپ قالمىغاندۇ ؟
پەخرىدىن خىجالەت تۈيغۇلىرىنى يەڭدى .
— ئۇنداق ئىشقۇ بولمىدى . بىراق ، قىزنىڭ ئۆيىگە مۇشۇ شەنبە كۈنى ئەلچى كېلىدىكەن .
— ئەلچى كېلىدىكەن ؟ — دېدى پەخرىئاي ئەجەبلىنىپ ، — يۈرگەن يىگىتىم بار دەپ ئاتا ـ ئانىسىغا چۈشەندۈرمەپتۇمۇ ئۇ خېنىم .
— چۈشەندۈرۈپتۇ .
— ئاتا ـ ئانىسى نېمە دەپتۇ ؟
— يۈرگەن يىگىتىڭ بولسا ، نېمىشقا ھازىرغىچە ئاتا ـ ئانىسى

كېلىپ قويمايدۇ ، يالغان سۆزلەۋاتىسەن دەپ ئەنسىرەپ قويدۇ.
ئاچامنىڭ توي ئىشى شۇ پېتىچە تۇرسا ، مەن بۇ گەپنى ئاغزىمدىن چىقىرالمىدىم .

— ئاغزىڭدىن چىقارغان تەقدىردىمۇ ، ئانامنىڭ ئۇ ئۆيگە ئەتىلا قىز سوراپ بېرىشى ناتايىن ، — دېدى پەزىلەت ئويلانغان هالدا ، — تازىمۇ بىر ، توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەڭ تۇتۇپتۇمۇ دەيمەن .

— قانداق قىلساق بولار بۇ ئىشنى ، ئۆگۈنلۈككە شەنبە تۇرسا ، — دېدى پەخرىئاي .

— سېنىڭ قانداق پىلانىڭ بار ، — دېدى پەزىلەت ئىنىسىغا قاراپ .

— ئانامنىڭ ئورنىدا سىلەر بېرىپ كېلەمسىلىكى .

— بىز ساڭا ئەلچى بولامدۇق ؟ — دېدى پەخرىئاي هەيران بولغان هالدا .

— ئىشقىلىپ ، گۈلنازنىڭ يۈرگەن يىگىتىنىڭ بارلىقىغا ئاتا - ئانىسىنى ئىشەندۈرۈپ قويساڭلارلا بولىدۇ .

— بىز ئىشەندۈرگەن تەقدىردىمۇ ئەلچىلەر ئۆگۈنلۈككە كېلىدىغان تۇرسا ، — دېدى پەزىلەت تەڭقىسلىقتا قالغان هالدا .

— ئەڭ ياخشىسى ، بىزمۇ ئۆگۈنلۈككە بارايلى ، — دېدى پەخرىئاي .

— ساراڭ بولدۇڭمۇ ؟ — دېدى پەزىلەت .

— قانداق دەيسەن ؟ — دېدى پەخرىدىن .

— ئۆگۈنلۈككە بىزمۇ ئەلچىلەرنىڭ كەينىدىنلا بارايلى . ئەلچىلەرگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ سېنىڭ گېپىڭنى چىقىرايلى . شۇنداق قىلساق ، يۈرگەن قىزىڭنىڭ ئاتا - ئانىسى قايىل قىلالمىساقمۇ ، ھېلىقى ئەلچىلەرنى نىيىتىدىن ياندۇرالايمىز . كىممۇ يۈرگەن يىگىتى بار قىزنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىشنى خالىسۇن .

— بۇ بولىدىغان چارىكەن ، — دېدى پەخرىدىن بىر ئاز جانلىنىپ ، — ئاۋۋال ئەلچىلەرنىڭ ئىشىنى بۇزايلى ،

قالغان ئىشنى يەنە مەسلىھەتلىشەرمىز ، — ئۇ سىڭلىسىنى ئەركىلەتتى ، — خېلى كاللاڭ ئىشلەيدۇ جۇمۇ سەن جىنىنىڭ .

— ئەتە چۈشتە ھەممىمىز بىر يەرگە كېلىپ مەسلىھەتلىشۋالايلى ، — دېدى پەزىلەت ، — ھېلىقى قىزغا خەۋەر قىلىپ قوي .

— پەرىدە ئاچامغا دەپ قوي ، يۈرگەن يىگىتىنى مەن بىلەن تېزرەك كۆرۈشتۈرسۇن ئەمىسە .

— ۋاھ ، ئويۇننىڭ قىزىقى ئەمدى چىقىدىغان بولدى ، — دېدى پەخرىنساي ھاياجانلىنىپ .

ھەئە ، شۇ تاپتا بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا ئويۇندەكلا بىلىنىپ كەتكەنىدى .

# 16

— ئىش پۈتتى ، — دېدى پەخرىنساي خىيالچانلىق بىلەن ئېگىنىنى تىزىغا يۆلەپ ئولتۇرغان پەرىدەگە قاراپ ، — پەخرىدىن ئاكامغا ھېلىقى ئوقۇتقۇچى ئاكاشنى ۋاقتىدا تونۇشتۇرۇپ قوي .

— پەخرىدىن قوشۇلدىمۇ ؟

— قوشۇلدى ، — دېدى پەزىلەت .

— مېنى زاڭلىق قىلغاندۇ ، ھەقىچان ، — دېدى پەرىدە ، — تازىمۇ بىر سەت ئىش بولدى . بۇنداق ئىشلارغا ئەسلىدە پەخرىدىننى ئارىلاشتۇرمىغان ياخشى ئىدى .

— ئوغۇل بالا بولغاندىكىن ھازىردىن باشلاپ ئارىلاشقىنى ياخشى ، — دېدى پەزىلەت ، — دادام داۋاملىق بىزدىن كېيىن قالساڭلارمۇ ئىنىڭلار سىلەرگە ئىگە بولىدۇ . ئاران بىر تاللا ئەركەك قېرىندىشىڭلار بولۇپ قالدى ، قەدرىگە يېتىڭلار ، كۆيۈنۈڭلار ، دەيتتى ئەمەسمۇ . بۇنچىلىك ئىشقا ئەسقاتمىسىمۇ بولماس .

— دېگەنبىلەن ئاكامنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى بار

ئىكەن ، — دېدى پەخرىئاي ، — بىزمۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدىغان بولدۇق .

— ئۇنىڭ نېمە دەردى بار ئىكەن؟

— پەخرىدىنىنىڭ يۈرگەن قىزىغا ئۆگۈنلۈككە ئەلچى كېلىدىكەن ، — دېدى پەزىلەت ۋە بايا دېيىشكەن گەپلەرنى قىسقىلا چۈشەندۈردى ، — ئۆگۈنلۈككە بېرىپ ئۇ قىزنىڭ ئۆيىنى بىر مالىمان قىلىدىغان ئوخشايمىز .

— ھەي مۇشۇ ئانىمۇزە . بىزنى خۇددى بەش ياشلىق بالىدەك كۆرۈپ ، ھەممە ئىشلىرىمىزغا ئارىلىشۋېلىپ ، بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەردى مانا ، — دېدى پەرىدە ھەسرەتلىنىپ ، — بىزمۇ كىچىك بالا بولمىغاندىكىن تاللىشىمىزغا يول قويسا بولماسمىدى . ئاغرىمىغان بېشىمغا ئالتە تاياق دەپ ، ئۆزىمۇ بىرمۇنچە خاپىلىق تارتىدىغان بولدى . بوپتۇ ئانىكەن دەپ يول قويايلى دېسەك ، ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىشىمىز تۇرسا بۇ . پەخرىدىنىنىڭ يۈرگەن قىزىنى تونۇيمەن . ئاددىي كىيىنىپ يۈرىدىغان ، چوڭ سۈپەت قىز ئۇ .

— سەن قانداق تونۇيسەن؟ — ئالدىراپ سورىدى پەخرىئاي .

— ئۇلار بىر - ئىككى قېتىم كۆزۈمگە چېلىقىپ قالغان . شۇنىڭدىن كېيىن ئالاھىدە دىققەت قىلدىم . ئېگىز - پەس دوستلىرىمۇ يوق ، چىرايىمۇ شۇنداق چىرايلىق . پەخرىدىن ئۇ قىز بىلەن توي قىلسا راستىنلا بەختلىك بولىدۇ .

— پەخرىدىنمۇ شۇنداق كېلىشكەن يىگىت بولدىغۇ ، — دېدى پەزىلەت ، — شۇ چاغقىچە قالايمىقان ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ قالمىدى ، ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ يۈرىدىغان ئىشىمۇ يوق ، شۇغىنىسى تاماكا چېكىدىغان بولۇۋاپتۇ .

— نەسىھەت قىلايلى ، تاماكا چەكمىسۇن ، — دېدى پەرىدە ، — ھە راست ، — دېدى ئۇ پەزىلەتكە قاراپ ، — باياتىن بېرى يانفونۇڭ بەك سايراپ كەتتى . قاراپ باق ، كىمدىن

كەلدىكىن ؟

— ۋايجان ، بۇرۇنراق دېسەڭ بولمامدۇ ، — دېدى پەزىلەت غۇدۇراپ ۋە ئالدىراپ - تېنەپ سومكىسىدىن يانفوننى ئېلىپ ، كەلگەن تېلېفون نومۇرىنى ئاختۇردى .

— كىمدىن كەپتۇ ؟ — سورىدى پەخرىئاي بوينىنى سوزۇپ قاراپ .

— ئىشىڭنى قىلە ، — دېدى پەزىلەت ۋىلىققىدە كۈلۈپ ۋە تېلېفوننى قايتۇرۇپ ئۇردى .

بىرنەچچە دەقىقىدىن كېيىن تېلېفون ئۇلاندى .

— هە مەن شۇ ، — دېدى پەزىلەت قاپىقىنى سوزۇپ ئاچچىق بىلەن سىڭلىسىغا شوخلۇق بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويۇپ . قۇلىقىغا قارشى تەرەپنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى .

— تېلېفون قىلسام نېمىشقا ئالمايسەن ؟

— تېلېفوننىڭ قېشىدا ئەمەستىم .

— نەگە كەتكەندىڭ ؟

— تولا سوراقلاۋەرمىگىنە ئىچىمنى پۇشۇرۇپ ، ئىشقىلىپ ئۆيدە بار ئىدىم . كېيىن چۈشەندۈرۈپ قوياي .

— ئاپايام كېلىمەن دەپمۇ كەلمىدىڭ .

— دېدىمغۇ ، ئۆيدىكىلەر بىلەن بىللە تاماق يېگەن . ئانام ئالدىغا سالغىنىچە ئۇدۇل ئۆيگە ياندۇرۇپ ئەكەلدى .

— سەن بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار ئىدى .

— نېمە ئىشتى ؟

— ئانام سىلەرنىڭ ئۆيگە ئەلچىلىككە بارساق بولىتتى ، دەيدۇ .

— ۋايجان ، سەن بولساڭمۇ ئالدىرىماي تۇره ، — دېدى پەزىلەت تېرىكىپ ، — بەك ئالدىراپ كەتسەڭ ، باشقا بىرى بىلەن توي قىلساڭمۇ مەيلى .

قارشى تەرەپ بىردەم جىمىپ كەتكەندىن كېيىن جاۋاب

www.uyghurkitap.com

قايتۇردى .

— نېمە دېگىنىڭ بۇ ؟ ئەجەب قاملاشمىغانلا گەپ قىلدىڭغۇ ؟

— ساڭا بۇ ئىشلارنى تېلېفوندا چۈشەندۈرۈپ بولالمايمەن ! كۆرۈشكەندە تەپسىلىي دەپ بېرەي .

— مۇنداق دېمەمسەن ، باشقا قىزلار بىلەن توي قىلىش خىيالىم بولسا ، بۇ چاغقىچە ساڭا ساقلاپ ئولتۇرمايتتىم . ئاغزىمغا كەلدى دەپ قالايمىقان گەپ قىلما ، جۇمۇ .

— ماقۇل ، — دېدى پەزىلەت سەل يۇمشاپ ، — ئەتە كەچتە كۆرۈشەيلى ، ئۆزۈم تېلېفون قىلاي .

— ئەتە چۈشتە بىللە تاماق يېگەچ مۇڭداشساق بولمامدۇ ؟

— ماقۇل دېگىن ، ئەتە چۈشتە زۆرۈر ئىشىم بار .

— سېنى سۆيىمەن ، پەزىلەت .

— مەنمۇ شۇ .

— ئەمىسە بىرنى سۆيۈپ قوي .

— ئاچام بىلەن سىڭلىم قېشىمدا بار .

— ئەمىسە مەن سۆيۈپ قوياي ، — قارشى تەرەپنىڭ چوكىدە قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى ، — خوش ، ياخشى چۈش كۆر ، پەرىشتەم .

— ۋاھ ، نېمانچە رومانتىك ، — دېدى ئاچىسىنىڭ يانفونىغا قۇلىقىنى يېقىپ ، ھەممە گەپلەرنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاپ تۇرغان پەخرىئاي ھاياجانلانغان ھالدا ، — پەرىشتەم دەپ كېتىشلىرىدىن ئايلىناي .

— بۇنىڭدىن كېيىن ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋالما ـ ھە ، — دېدى پەزىلەت سىڭلىسىنىڭ بۇرنىنى يەڭگىل چىمدىپ .

— تازىمۇ بىر شوخ ئاكاشكەن ـ دە ، — دېدى پەخرىئاي ئەزۋەيلەپ ، — تۇرقىدىنمۇ شۇنداق كۆرۈنگەن . بۇ يىل توي ئۈستىگە توي بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ .

— لېكىن ، سەن ئالدىرىما ، — دېدى پەرىدە سىڭلىسىغا نەسىھەت قىلىپ ، — سەن ئالدىراپ مۇھەببەتلىشىپ قالغاندەك

قىلىسەن ، ئۆزۈڭگە ھېزى بول .

— خاتىرجەم بول ، ماڭا يەنە بىرنەچچە قوغۇن پىششىقى بار تېخى ، — دېدى پەخرىئاي كۈلۈپ .

ئۈچ ئاچا ـ سىڭىل يەنە بىردەم پاراڭ سېلىشقاندىن كېيىن ئۇخلاپ قېلىشتى .

## 17

زۆھرە خانىم بۇگۈن ئورنىدىن تۇرۇپ ھەيران قالدى . قىزلىرى ئۇنىڭدىنمۇ سەھەر تۇرۇپ كەتكەنىدى . ئادەتتە ، ئۇ ھەر كۈنى ئورنىدىن تۇرۇپ ، قىزلىرىنىڭ ياتاق ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ ئويغىتىپ قويۇپ ، نامىزىنى ئوقۇۋېلىپ ناشتىلىق تەييارلايتتى . قىزلار ناشتىلىق تەييار بولغۇچە ئاران ئورنىدىن تۇرۇشاتتى . گاھى ئەينەك ـ تارغاق تالىشىپ ۋاقتىدا تەييار بولماي ، ناشتىلىقمۇ سوۋۇپ قالاتتى . بۇنداق چاغدا زۆھرە خانىم قىزلىرىنى ناشتا قىلىۋېلىشقا ھەيدىگەچ ، ئۆيلەرنى تازىلاپ بېسىقتۇرۇشقا كىرىشكەن بولاتتى . بىراق ، بۇگۈن ئىشلار ئادەتتىكىدىن باشقىچە تۇراتتى . پەرىدە ئاشخانا ئۆيدە ناشتىلىق تەييارلاۋاتاتتى . پەزىلەت ئۆيلەرنى تازىلاۋاتاتتى . ئۇيقۇغا ئامراق پەخرىئايمۇ ئاكىسى بىلەن نېمىلەرنىدۇر دېيىشكەچ ياتاق ئۆينى تازىلاۋاتاتتى .

زۆھرە خانىم ۋۇجۇدىنىڭ بىردىنلا ئېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى .

«خۇدايىم قىزلىرىمنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرگەن ئوخشايدۇ . ئەسلىدىمۇ بويىغا يەتكەن ئۈچ قىز بار ئۆي دېگەن مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى ...»

زۆھرە خانىم تاتلىق خىياللارغا ئەسىر بولغىنىچە ھاجەتخانىغا كىرىپ تەرەت ئالدى ، ئاندىن ياتاق ئۆيىگە كىرىپ قادىر ئەپەندىنى ئويغىتىۋېتىپ ناماز ئوقۇشقا تۇتۇندى . ھەئە ، ئۇ جايناماز ئۈستىدە

ئۆلتۈرۈپ بالىلىرىغا بەخت، سالامەتلىك، ياخشىلىق، ئىنساپ تىلىدى.

ئۇ نامازدىن كېيىن پەرداز ئۈستىلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ پەرداز قىلىشقا تۇتۇندى. يۈزىگە ماي سۈرتۈپ بولۇپ، كۆزنىڭ ئەتراپىدىكى قورۇقلارغا ئىنچىكىلىك بىلەن سەپسالدى، قورۇقلارنى تەپسىلىي ساندى. ئۇنىڭغا قورۇقلار، ئاق چاچلار كۆپىيىپ قالغاندەك بىلىندى. ھەئە، ئۇنىڭ چېچىغا ياققان خىنە ئۆڭۈشكە باشلىغان بولۇپ، قىزغۇچ رەڭدىكى ئاق چاچلىرى سارغىيىپ قالغان، چاچلىرىمۇ جۇلاسىنى يوقاتقانىدى.

«شەنبە كۈنى چېچىمغا خىنە قويۇۋالسام بولغۇدەك. ھەي، مۇشۇ قورۇقلارغا بىر ئامال قىلسام بولاتتى. مەرەمنىسامۇ ئۈرۈمچىگە بېرىپ قورۇق يوقىتىش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇپتىكەن. نەچچە پۇلغا قىلدۇرغان بولغىيدى. ئىككى - ئۈچ مىڭ كوي خەجلىگەندۇ تايىنلىق. بۇ قورۇقلاردىن قۇتۇلىدىغانىنىڭ ئىشى بولسا ئۇنچىلىك پۇلنىڭ كارايىتى چاغلىق، لېكىن ئۈرۈمچىگە ئاتايىن بېرىپ - كېلىدىغان گەپ - دە. ئارىلىق يىراق تۇرسا. ئۈرۈمچىگە ھۆسن تۈزەتكىلى بارىمەن دېسەم، ئاۋۇ ئادەم ئۇنىمايدۇ ھەقىچان. ‹بىر چىرايلىق تۇرماملا خېنىم، نېمە قىلىدىلا ئاۋارە بولۇپ، مەن ياراتسام بولمىدىمۇ سىلىنى› دەيدىغىنى ئېنىق. يۈز ماي، پەردازلار قورۇقلارنى يوشۇرالمايدىغان بولۇپ كەتتى. ھە راست، ئىشخانىدىكى چوكانلار شەھىرىمىزدە يېڭىدىن ئېچىلغان ھۆسن تۈزەش ئورنىنىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتاتتى. تېخنىكىسى يۇقىرىكەن، ئۈرۈمچىدىن قېلىشمايدىكەن، باھاسى ئەرزانكەن دېگەندەك قىلغان. راستتىنلا قورۇق يوقىتىش ئوپېراتسىيىسى قىلالامدىغاندۇ؟ خەلچەم دېگەن تۇڭگان قاپاق چوكانمۇ قاپىقىنى بىر چىرايلىق قوش قاپاق قىلىۋاپتۇ. بۇ يېقىندا ئۈرۈمچىگە بارغاندەكمۇ قىلمىغان. ئۇمۇ ئاشۇ يەردە قوش قاپاق قىلدۇرغانمىدۇ يا. تازا دىققەت قىلمىغانىكەنمەن، چاندۇرماي سوراپ باقسام بولغۇدەك. ناۋادا، ئاشۇنداق قىلغىلى بولسا،



www.uyghurkitap.com

چاندۇرماي يۇزۇمنىڭ تېرىسىنى تارتقۇزۇپ، قورۇق يوقىتىش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇۋالاي. ھەئە، ماۋۇ ئادەم پات - پات بىرەر - ئىككى ھەپتىلىك كاماندىروپكىغا چىقىپ كېتىدۇغۇ. ئاشۇنداق ۋاقىتنى پايلاپ تۇرۇپ شاققىدە ھۆسن تۈزىتىۋالمايمەنمۇ. ئۇقۇشۇپ باقاي زادى. چېچىمنى ئۆزۈم بويىۋالغان بىلەن يۈزۈمگە ئامالىم يوق - دە، مېنىڭ. مەرەمنىسا، پاتىمە، تاجىنىسالار ۋاي چەت ئەلنىڭ مايلىرىنى ئىشلەتتۇق دەپ قويغىنى بىلەن چوقۇم قورۇق يوقىتىش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇردى. مەنمۇ شۇنداق قىلاي. ئۇلاردىن نەرىم كەم مېنىڭ. ئۇلار قىلغاننى مېنىڭمۇ قىلغۇچىلىكىم بار. قايسى كۈنى چايغا ئالتۇن زەنجىرىمنىڭ نۇسخىسىنى ئۆزگەرتىپ ئېسىپ بارسام، يېڭىدىن ئالدىڭمۇ دەپ سوراپ كەتتىغۇ ئۇ چىدىماسلار. بۇ قېتىم ھۆسن تۈزەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇپ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋېتەي. بىرەر قۇر كىيىممۇ كىيىپ قويىدىغان ئىشمىكىن تېخى. شۇنداق قىلاي. كىيىممۇ كىيەي، ھۆسنىمۇ تۈزىتەي، بۇ ئۆلۈپ كېتىدىغان جانغا، پۇلنى سىقىپ - يالاپ جۇغلاپ، ئۆلۈپ قالسام گۆرۈمگە ئېلىپ كەتمەسمەن. پەرىدەنىڭ تويىدىن بۇرۇنراق ھۆسن تۈزىتىۋالسام ياخشى بولاتتى. ناۋادا، شاراپەتنىڭ جىيەنى بىلەن چىقىشىپ قالسا تويىنى ۋاقتىدا قىلىۋېتەي. ھېلىمۇ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالدى. تونۇش - بىلىش، كۆرگەن - بىلگەنلەر: «ۋاي قىزلىرىڭ بەك چىرايلىق، ياخشى بالا بولدى، توي ئىشى يېقىنلاشتىمۇ؟» دەپ تولا سورايدىغان بولۇپ قالدى. گاھىلىرى سورايدىغاننى سوراپ بولۇپ، ئاغزىنى غەلىتە قىيسايتىپ كۈلۈشىدۇ تېخى. بىلىمەن، ئىچىدە نېمە ئويلاۋاتقىنىنى. قىزىغا ئەر چىقمىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالدى بولغاي. ۋاي كۈيئوغلۇم ئاق، كۈيئوغلۇم قاق دەپ، كۈيئوغۇللىرىنى داڭلاپ كېتىدىغانلارمۇ بار تېخى. كۈيئوغۇللىرىنىڭ قانداقلىقىنى كىم بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دەردىنى ئىچىدە بىلىشىدۇ ھەقىچان. كۈيئوغۇلنىڭ دەردى يامان، قىزىمغا ئەر چىقتى دەپلا ئەرگە بېرىپ قويغان بىلەن هاراقكەش، تاياقچى،

قىمارۋاز ، لۇكچەك ، ئويۇنچى ، لايغەزەل بىرنېمە چىقىپ قالسا ، دەردىنى قىز بالىمۇ ، ئانا بولغۇچىمۇ تەڭ تارتىدىغان گەپ . خۇدايىم چىرايىنى ئايىماي بەرگەن ئاشۇ قىزلىرىمنىڭ بەختىنىمۇ كەينىدىن بېرەر ، ئىلاھىم ...»

— نېمانچە خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭ ، ئانا ، چاققان بول ، ناشتىلىقنىڭ سوۋۇپ قالدى .

پەخرىئاينىڭ ئەركىلەپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرى زۆھرە خانىمنىڭ گادىرماچ خىياللىرىنى ئۈزۈپ قويدى .

— مانا هازىر ، — دېدى ئۇ .

پەخرىئاي ئانىسىنىڭ بوينىغا ئارقىسى تەرەپتىن ئېسىلىپ تۇرۇپ گىرە سالدى - دە ، مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ تۇرۇپ ، ئەينەككە چۈشكەن سىيماسىغا قاراپ ئەركىلىگەن هالدا سۆزلىدى :

— بەك چىرايلىق جۇمۇ ، ئانا سەن ، هېچكىمنىڭ ئانىسى سەندەك چىرايلىق ئەمەس .

زۆھرە خانىم قىزىنىڭ قولىنى ئىچكۆيەرلىك بىلەن سىلىدى .

— بولدىلا ، ئازراق خۇشامەت قىل ئالدامچى ، كۆرگەنسەن ، هەرقايسىڭنى بىقىپ بولالماي قېرىپ ، ماكچىيىپ كەتتىم مانا .

پەخرىئاي ئانىسىنىڭ مەڭزىگە چوككىدە بىرنى سۆيدى .

— نەدىكىنى ، پەرىشتىگە ئوخشاش بىر چىرايلىق تۇرۇپسەنغۇ مانا .

زۆھرە خانىم كۆزىنىڭ چۆرىسىدىكى قورۇقلارنى قولى بىلەن تۇتۇپ كۆرسەتتى .

— كۆرمەيۋاتامسەن ماۋۇ قورۇقلارنى ، قېرىپ كېتىۋاتىمەن . سەن بولساڭمۇ هالىمغا يېتىپ مېنى ئازراق قاقشاتقىن ، بالام .

— ماقۇل ، ئانا ، — دېدى پەخرىئاي ، — هېلىقى تېلېۋىزوردا ئېلان قىلىنىۋاتقان «چىننۇرى» قورۇقتىن ساقلىنىش يۈز مېيىنى ئىشلىتىپ باقامسەنكىن ، ساڭا ئىككى قۇتا ئېلىپ سوۋغا قىلاي .

— ئۇنۇمى بولارمۇ ؟ — دېدى زۆھرە خانىم خىيالچانلىق بىلەن ، — تېلېۋىزوردا ئۇنى قورۇقتىن ساقلىنىش يۈز مېيى

دەۋاتىدۇ . قورۇق يوقىتالارمۇ ؟

— بولمىسا ، ھۆسن تۈزىتىپ باقامسەنيا ؟ ھازىر ئوپېراتسىيە ئارقىلىق قورۇق يوقىتىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ .

قىزنىڭ بۇ سۆزلىرىگە زۆھرە خانىم قىزىقىپ قالدى .

— بۇ ئىشنى دەپ ئاتايىن ئۈرۈمچىگە بارغۇم يوق ، داداڭمۇ قوشۇلماسلىقى مۇمكىن . بىلمىدىم ، شەھىرىمىزدە بۇنداق ئورۇن بارمىكىنتاڭ .

— بار ، ھېلىقى …

پەخرىئاي دەرھال گېپىنى يۇتۇۋەتتى . ھەئە ، ئۇ ئالدىراقسانلىق قىلىپ پەزىلەتنىڭ لايىقىنىڭ گېپىنى چىقىرىپ قالغىلى تاس قالغانىدى ، ئەمما زۆھرە خانىم بۇنى سەزمىدى .

— دولامنى بەك بېسىۋەتتىڭ ، — دېدى ئۇ قىزىنىڭ قولىنى دولىسىدىن ئېلىۋېتىپ ، — ئېيتە ، شەھىرىمىزدە ئاشۇنداق ئورۇن بارمۇ ؟

— مېنىڭچە ، بارغۇ دەيمەن ، — دېدى پەخرىئاي ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ، — ساڭا ئۇقۇشۇپ بېرەيمۇ ؟

— مەيلى ، ئۇقۇشۇپ باققىن . ئىشەنچلىكمۇ ، تېخنىكىسى قانداقراق ، ئۈرۈمچىدىكىلەر بىلەن ئوخشاش سەۋىيىدە ھۆسن تۈزەلەمدۇ ، تەپسىلىي بىلىپ باق . نا ئۇستا ئادەملەرگە ئالدىنىپ قېلىپ ، ھۆسن تۈزەيمەن دەپ چىرايىمنى بۇزۇۋېلىپ يۈرمەي يەنە .

— ماقۇل ، ئانا ، تەپسىلىي ئۇقۇشاي .

«ۋاھ ، پەزىلەت ئاچامنىڭ ئىشى ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ كېتەمدۇ نېمە ، دېمىسىمۇ پەزىلەت ئاچامنىڭ لايىقىنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ھۆسن تۈزەش ئۇستىسى يوق - دە ، بۇ شەھەردە . بەلەن بولدى ، بۇ خوش خەۋەرنى پەزىلەت ئاچامغا ۋاقتىدا يەتكۈزەي … »

بۈگۈن ئەتىگەنلىك ناشتىلىقنى ھەممە ئائىلە ئەزالىرى دەرقەمتە قىلىشتى .

— مەن ماڭغاچ تۇراي ، — دېدى قادىر ئەپەندى دۇئادىن

كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ .
— چۈشتە ياناشلىرىدا بىرەر كىلو گۆش ئالغاچ كەلسىلە ، — دېدى زۆھرە خانىم قادىر ئەپەندىنىڭ كاستۇمىنى كىيىم ئاسقۇچتىن ئېلىپ تۇرۇپ ، — ئۆيدە گۆش تۈگەپتۇ ، — ئاندىن ئۇ قادىر ئەپەندىنىڭ ياقىسىنى ئوڭشاپ تۇرۇپ دېدى ، — كۆڭلەكلىرىنى ئالماشتۇرۇۋالسىلا بوپتىكەن ، ياقىسى كىر بولۇپ قاپتۇ .

— تايىنلىق ئەتە ئالماشتۇراي ئەمدى .

— ھۇرۇنلۇق قىلمىسىلا ، بىردەملىك ئىشقۇ ئۇ ، — دېدى زۆھرە خانىم يول قويماي ، — ماڭسىلا ، يۇيۇپ ، دەزماللاپ قويغان كۆڭلەكلىرىنى ئېلىپ بېرەي ، كۆڭلەكلىرىنى ھەپتىدە ئىككى قېتىم ئالماشتۇرسىلا دەپ تۇرساممۇ ، ھەيدەپ تۇرمىسام ئۆزلىرى ئالماشتۇرمايلا زادى .

— سىلىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا كۆنۈپ قاپتىمەن ، خانىم ، — دېدى قادىر ئەپەندى كۈلۈپ ، — ھەممە ئىشلىرىمنى قىلىپ بېرىپ كۆندۈرۈپ قويغان - دە ، سىلى مېنى .

زۆھرە خانىم قادىر ئەپەندىنىڭ كىر كۆڭلىكىنى ئېلىپ چىقىپ كىرئالغۇنىڭ ساندۇقىغا سالدى - دە ، كىرلەرنىڭ غولداپ قالغىنىنى كۆرۈپ پەخرىئايغا قاراپ دېدى :

— پەخرىئاي ، بۈگۈن كىرلەرنى يۇيۇۋەتكىن .

— تېخى ئۆتكەن ھەپتىدە مەن كىر يۇدۇمغۇ ، — دېدى پەخرىئاي نارازىلىق بىلەن تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ ، — پەزىلەتكە نۆۋەت كەلگەندۇ ، ھەقچان .

— ئۆتكەن ھەپتىدە سەن كىر يۇغان بولساڭ ، ئۇنىڭ ئالدىنقى ھەپتىسى مەن يۇغان ، — دېدى پەزىلەت .

— بولدى ، بەس سالماڭلار ، مەن يۇيۇۋېتەي ، — دېدى پەرىدە .

— ياق ، پەخرىئاي يۇيىدۇ ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — سېنىڭ كەچتە ئىشىڭ بار . پەخرىئاي گەپ ئاڭلا ، قىزىم . كەچتە



www.uyghurkitap.com

مەن يەنە بىر قېتىم بۇيرۇپ سالماي .
— خوپ ، ئاغىچا خېنىم ، — دېدى پەخرىئاي شوخلۇق بىلەن .
— ياتاق ئۆيۈمدە مېنىڭمۇ بىرقانچە كىر كىيىملىرىم بارغۇ دەيمەن ، — دېدى پەخرىدىن .
— بولىدۇ ، بەگزادەم ، سىلىنىڭ قاسماقلىرىمۇ ئايرىلىپ قالمايدۇ ، — دېدى پەخرىئاي ئەركىلەپ .
قادىر ئەپەندىنىڭ كەينىدىن باشقىلار ئىشقا مېڭىشقا ئالدىرىدى .
— پەرىدە ، سەن ئالدىرىماي تۇر ، دەيدىغان گەپ بار ، — دېدى زۆھرە خانىم سومكىسىنى قولىغا ئېلىپ بولغان پەرىدەگە قاراپ .
ئىنى - سىڭىللىرى پەرىدەگە كۆزىنى قىسىپ قويۇپ سىرتقا مېڭىشتى .
— چۈشتىن كېيىن رۇخسەت ئالغىن ، — دېدى زۆھرە خانىم پەرىدە بىلەن يالغۇز قالغاندىن كېيىن ، — شاراپەت ئاچاڭنىڭ جىيەن ئوغلى بىلەن كۆرۈشىسەن .
— بۇ ئىشقا مېنى زورلىمىساڭ زادى بولمامدۇ ، ئانا ، — دېدى پەرىدە يالۋۇرغان هالدا .
— مەن بىلەن تىكلەشمە .
— يا مەن خەق بىلەن تونۇشمىسام .
— شاراپەت ئاچاڭ تونۇشتۇرۇپ قويىدۇ .
— يات ئادەمنىڭ ئالدىدا سەت تۇرامىكىن .
— شاراپەت ئاچاڭ يات ئادەم ئەمەس . تونۇشتۇرۇپلا قويىدۇ ، قالدى گەپنى ئۆزۈڭلار دېيىشىسىلە ، مېنى نائۈمىد قويمىغىن ، قىزىم .
— ماقۇل ، — دېدى پەرىدە ئۆيدىن چىقىشقا ئالدىراپ .
— ئەمىسە ، مەن سېنى ئۆيدە ساقلايمەن . چۈشتىن كېيىن شاراپەت ئاچاڭنىڭ ئۆيىگە بىللە بارىمىز ...

پەردە ئائىسسىنىڭ گېپى ئاخىرلىشىپ بولغۇچە ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ بولدى .
زۆھرە خانىمنىڭ ئىمە ئۈچۈندۇركى كەيپى چاغ ئىدى . ئۇمۇ قىزىنىڭ كەينىدىنلا سومكىسىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقتى . ئۆيدىن چىقىپ بولۇپ ، ئىشكىنىڭ مەھكەم ئېتىلگەن ـ ئېتىلمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈشنى ئۇنتۇپ قالمىدى .

## 18

— ئانامنىڭ ھۆسن تۈزەتكۈسى باركەن دېگىن ، — دېدى پەزىلەت يولدا كېتىۋېتىپ ، — دېمىسىمۇ ئانامدىن يېشى چوڭ ئاياللارمۇ ئىبسىل مودا كىيىملەرنى كىيىشىپ ، ياسىنىپ يۈرۈشىدۇ . سەن دېمىگەن بولساڭ ، مەنمۇ دىققەت قىلماپتىكەنمەن . ئويلاپ باقسام ، ئانام راستتىنلا ئۆزىنى تاشلىۋېتىپتۇ . ئانامنىڭ چىرايىدىكى قورۇقلارنى ئوڭشاش قۇتلۇقنىڭ قولىدىن كېلىدۇ .
— كەلگۈسىدىكى قېيىنانىسىنى ھەقسىز داۋالاپ قويا ـ ھە ، ئاچا ، ئۇ ئاكاش .
— ئۇنىڭدىغۇ گەپ يوق ، لېكىن بىكارغا داۋالىنىشقا ئانام ئۇنىماسمىكىن .
— نېمىشقا ؟
— سەن بىلمەيسەن . ئانام بەك غۇرۇرلۇق ئايال . ناۋادا ، قۇتلۇقنىڭ مېنىڭ يۈرگەن يىگىتىم ئىكەنلىكىنى بىلسە ، بىكارغا ھۆسن تۈزىتىش ئەمەس ، پۇلغا ھۆسن تۈزەتكىلىمۇ كەلمەسلىكى مۇمكىن . بۇنى ئەڭ ياخشىسى ئانام ئۇقماي تۇرسۇن .
— قۇتلۇق ئاكاشقا بىلدۈرسەكقۇ بولا .
— بۇ ئىشقا ھازىرچە باش قاتۇرۇپ كەتمەيلى . ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولا ، — دېدى پەزىلەت ، — سەن قۇتلۇقنىڭ ئېخنىكىسىنى بەك كۆپتۈرۈۋەتمەي ، مۇۋاپىق بىر ئۇسۇلدا ئانامنى خاتىرجەم قىلىپ قويغاچ تۇر . بۇ ئىشتا ئانامنى زورلىماي ئاستا ـ

ئاستا قىزىقتۇرايلى . بۇ ئىشنى مەنمۇ ، ئاچاممۇ بىلمىگەن بولايلى . ئانام سىنى كىچىك دەپ كۆڭلىدىكى گەپنى قىلغان بىلەن ، ئاچام بىلەن ، مەندىن خىجىل بولۇشى مۇمكىن . ئەڭ ياخشىسى ، قۇتلۇقنىڭ ھۆسن تۈزەش ئورنىغا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بارسۇن .

— بۇ گېپىڭمۇ توغرا ، — دېدى پەخرىئاي ئويلانغان ھالدا ، — مەن ئانامغا مۇۋاپىق پۇرسەتنى تېپىپ قۇتلۇق ئاكاشنىڭ ھۈنىرىنى تازا بىر سۆزلەپ بېرەي . بەلكىم ئۆزىمۇ باشقىلاردىن ئۇقۇشۇپ بىقىشى مۇمكىن . نېمىلا دېگەنبىلەن ئانامنىڭ چىرايىدىكى قورۇقلار يوقالسا ، ئىككىڭلارنىڭ تويۇڭلارغا قوشۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن .

— دېگىنىڭ كېلەر ، ئىلاھىم .

— ئۇ چاغدا ساتىراش دېمەي ، ۋاي ئوغلۇم دەپ كېتەمدۇ تېخى .

— ئاغزىڭغا بىر سالىمەن باكا ، سەنمۇ قانداقراق يىگىتكە ئۇچرايسەن ، كۆرىمىز تېخى .

— مېنىڭ يىگىتىمنى ئانام چوقۇم ياقتۇرىدۇ . ئىشەنچىم كامىل .

— ئەمىسە چۈشتە كۆرۈشىدىغان ئىشنى ئۇنتۇپ قالما ـ ھە .

— نەدە كۆرۈشىمىز ؟ — دېدى پەخرىئاي .

— چۈشتە تېلېفونلىشىپ ئاندىن بىرنېمە دېيىشەيلى ، — دېدى پەزىلەت ، — پەرىدە ، پەخرىدىنلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ بولۇپ ساڭا تېلېفون قىلاي بولمىسا .

— پەرىدە ئاچامنىڭ يىگىتى بىلەن پەخرىدىن ئاكامنىڭ لايىقىنى كۆرىدىكەنمىز ـ دە ، تايىنلىق قۇتلۇق ئاكاشنىمۇ قىچقىرىپ قويامسەنيا .

— سېنىڭ يىگىتىڭمۇ چالا قالمىسۇن تايىنلىق ، — دېدى پەزىلەت قاپىقىنى تۈرۈپ .

— شۇنداق قىلامدۇق بولمىسا ، — دېدى پەخرىئاي

ئاچىسىنىڭ تەنىسىنى چۆشەنمەي .
— ئىزا تارتە ، قىلمن .
پەخرىئاي ۋىلىلىدە قىزاردى .
— چاقچاق قىلىپ قويدۇم .
— شۇنداق بولسۇن ئەمىسە ، — دېدى پەزىلەت .
ئۇلار تۆت كوچا ئېغىزىدا ئايرىلىشتى .

## 19

شەھەر مەركىزىدىكى بۇ تېز تاماقخانىغا ئۈچ ئاچا - سىڭىل ئىلگىرى - كېيىن كېلىپ جەم بولۇشتى .
— نېمە تاماق يەيسىلە ؟ — دەپ سورىدى كۆتكۈچى قىز ئۇلارنىڭ قېشىغا ئىككىنچى قېتىم كېلىپ .
— يەنە ئىككى مېھمان كەلمەكچىدى ، سەل ساقلايلى ، — دېدى پەرىدە ئەدەپ بىلەن .
— ئەجەب ساقلاتتىغۇ بۇ پەخرىدىن ، — دېدى پەزىلەت تىت - تىت بولۇپ .
— ھېلىقى بولغۇسى كېلىن خېنىم يالتىيىۋالدىمۇيا ، — دېدى پەخرىئاي چاقچاق قىلىپ .
— نېمىگە يالتايغۇدەك ، — دېدى پەزىلەت تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ ، — بىز شۇنىڭ ئىشىنى دەپ ساقلاپ ئولتۇرساق .
پەرىدە بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى .
— بەلكىم ئىزا تارتىپ قالغاندۇ .
— ئۇمۇ بار گەپ ، — دېدى پەخرىئاي ، — بىر ئەمەس ، ئۈچ قېينانىنىڭ ئالدىغا كېلىش ئاسان ئىش ئەمەس - دە .
پەزىلەت ۋىلىقىدە كۈلۈۋەتتى .
— مۇشۇنىڭ ئاغزىنىزە .
— ھېلى ئاغزىڭنى سەل يۇمۇپ ئولتۇرارسەن ، — دېدى پەرىدە پەخرىئايغا قاراپ ، — پەلىپەتىش گەپ قىلىپ خەقنى

تەمتىرىتىپ قويما يەنە .
پەخرىنىساي نارازىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇردى .
— ئۇنچىۋالا يۈزى تۆۋەنمۇ ئەمەستۇ، ئۇ خېنىمنىڭ .
— قانداق، پەخرىدىننى ئابدۇساتتار بىلەن كۆرۈشتۈر-دۈڭمۇ؟ — سورىدى پەزىلەت ئاچىسىدىن .
— ھەئە، كۆرۈشتۈردۇم .
— ئۇلارنى كۆرۈشتۈرۈپ بولدۇڭ؟ — دېدى پەخرىنىساي ھەيران بولۇپ، — قاچان كۆرۈشتۈردۈڭ .
— ئىككى سائەتچە بولدى، — دېدى پەرىدە .
— ۋاي ئىسىت، مەن كۆرەلمەي قاپتىمەن - دە، — دېدى پەخرىنىساي ئەپسۇسلانغان ھالدا، — تېلېفون قىلىۋەتكەن بولساڭچۇ؟
— قانداق، پەخرىدىن بىلەن ئىككىسى ئاسانلا چىقىشىپ قالدىمۇيا؟ — دېدى پەزىلەت سىڭلىسىنىڭ گېپىنى ئېتىبارغا ئالماي .
— ھەئە، — دېدى پەرىدە كۈلۈمسىرەپ، — قىزىق ئىش بولدى، ئۇ ئىككىسى بۇرۇنلا تونۇشىدىكەن، لېكىن ئانچە ئارىلىشىپ ئۆتمەپتىكەن .
— قانداق تونۇشۇپ قاپتىكەن؟ — قىزىقىپ سورىدى پەخرىنىساي .
— دوستىلىرى ئارقىلىق بولسامدۇ .
— پەخرىدىن ئاكامغا يارىدىمۇ؟
پەرىدەنىڭ ئورنىدا پەزىلەت جاۋاب بەردى :
— ئاچامغا يارىغاندەكمۇ ئەلۋەتتە يارايدۇ - دە، يا خەقنىڭ يۈزىدە يامىقى بولمىسا .
— تازا كېلىشكەن ئاكاشتۇ ئۇ ھەقچان .
— بېشىغا داۋاملىق چىمەندوپپا كىيىۋالىدىغان، كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ گالستۇك چىگىۋالىدىغان، بەتىنكىسىنى مايلاپ پارقىرىتىۋالىدىغان، بويى بىر مېتىر سەكسەن ئەتراپىدا، ئورۇقمۇ ئەمەس، سېمىزمۇ ئەمەس، قارا قاشلىق، بۇغداي ئۆڭ

بىر يىگىتنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرسەڭلا بولدى، — دېدى پەزىلەت جاۋاب بېرىپ.

— پاھ، ئاجايىپ ئۆلچەملىككەنغۇ ئەمىسە، — دېدى پەخرىئاي قايىل بولۇپ، — ھەممىدىن دادامغا ياراپ كەتكۈدەك ئەمىسە، كىيىنىشلىرىلا دادامنىڭ ئۆزىكەنغۇ.

— راست دەيسەن، — دېدى پەزىلەت، — دادامۇ داۋاملىق پەخرىدىنىنى ئاشۇنداق كىيىندۈرەلمەي ئاۋارە. بولۇپمۇ، چىمەندوپپا كىيىپ، گالستۇك چىگىشكە ئالاھىدە ھەۋىسى بار ـ دە، دادامنىڭ.

— ھە راست، ئىككىڭلارغا دەپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. كىيمەي تاشلاپ قويغان بىر قىسىم كىيىمڭلارنى ئابدۇساتتارغا بېرىۋەتتىم. نامرات ئوقۇغۇچىلىرىغا بېرىدىغان بولدى.

— ئەستاغپۇرۇللا، كىيىملىرىمنى ئۆزۈم تاللاپ بېرەتتىم، — دېدى پەخرىئاي نارازى بولۇپ، — ئۆتكەندىمۇ تازا مودا بولۇۋاتقان كىيىملىرىمنى كونىكەن دەپ بېرىۋېتىپتىكەنسەن.

— سېنىڭ ئۇ ساڭگىل ـ سۇڭگۇل كىيىملىرىڭنىڭ كونىسى بىلەن يېڭىسىنى ئايرىغىلى بولمىسا، — دېدى پەرىدە، — ئىشقىلىپ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تۈزۈك كىيمەي تاشلاپ قويغان كىيىملىرىڭدىن بىرنەچچە قۇرنى ئايرىپ بەردىم.

— ۋايجان، — دېدى پەخرىئاي تېرىكىپ، — ھازىر كىيمىگەن بىلەن كېيىن كىيەتتىم ئەمەسمۇ، قايسى كىيىممنى بەرگەنسەن، ئاقساقال.

— سەن گەپ قىلما، — دېدى پەزىلەت.

پەخرىئاي خېلىلا نارازى بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

— ئىشقىلىپ، كارىم يوق، — دېدى ئۇ تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ، — ناۋادا ياخشى كۆرىدىغان كىيىملىرىمنى بېرىۋەتكەن بولساڭ، قايتا ئالغۇزىمەن.

— ئۇششۇقلۇق قىلما، بىرەر قۇر يېڭى كىيىم ئېلىپ بەرسەم بولامدۇ زادى، ئۇششۇق.

پەخرىئاي دومسايغىنىچە لام ـ جىم دېمىدى .

— سەنمۇ توغرا قىلماپسەن ، — دېدى پەزىلەت ئاچىسىغا قاراپ ، — بۇنداق نىيىتىڭ بار ئادەم ئاخشاملا بىزگە دېگەن بولساڭ ، ئۆزىمىز ئايرىپ بەرمەسمىدۇق . كىم بىلىدۇ ، مېنىڭمۇ قايسى كىيىمىمنى بېرىۋەتتىڭ تېخى .

— ھە ، بولسا سەنمۇ ئۇششۇقلۇق قىلاسەن ، — دېدى پەرىدە تېرىكىپ ، — خاتىرجەم بول ، ساڭىمۇ بىرقۇر كىيىم ئېلىپ بېرەي .

— ياق ، مېنى خاتا چۈشەنمىگىن ، — دېدى پەزىلەت ، — بىرەر ـ ئىككى قۇر كىيىم دېگەننىڭ كارايىتى چاغلىق . لېكىن ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۇستىخىنىغا باقىدىغان ، كىيسە يارىشىدىغان ، ياخشى كۆرىدىغان كىيىمى بولىدۇ ، ئەمەسمۇ . ئېسىڭدىدۇ ، ئۆتكەن قېتىمدىمۇ مېنىڭ شۇنداق ئامراق كۆڭلىكىمنى بېرىۋېتىپتىكەنسەن . ئۇ باللار قەدرىگە يېتىپ كىيسىغۇ مەيلى ···

— ئابدۇساتتار ، ئوقۇغۇچىلىرىم كىيىمسە ئاتا ـ ئانىسى ، ئاكا ـ ئاچىلىرى كىيىدۇ ، دەيدۇ ، — دېدى پەرىدە چۈشەندۇرۇپ ، — كونىلارنىڭ بىر كىيىمنى كىيمەي ئۇزاق قويۇپ قويسا زاكىتى كېلىدۇ دەيدىغان گېپى بار . ھېچبولمىسا كىيىملىرىڭنىڭ زاكىتى بولۇپ قالار .

— ئىشقىلىپ ، مېنىڭ زاكات ئايرىغۇم يوق ، — دېدى پەخرىئاي .

— خاپا بولمىغىن ، پېخسىق سىڭلىم ، — دېدى پەرىدە كۈلۈپ ، — ئۆيگە بارغاندا غوۋغا كۆتۈرمىسەڭلا ، يېڭىدىن بىرقۇر كىيىم ئېلىپ بېرىمەن .

— گېپىڭدە تۇر ، ھە ، ئەمىسە ، — دېدى پەخرىئاي چىرايىغا كۈلگە يۈگۈرتۈپ .

— پەخرىدىن كەلدى ، — دېدى پەزىلەت ئىشىك تەرەپنى ئىشارە قىلىپ ، — يېنىدىكى لايىقى شۇ ئوخشايدۇ .

— ھەئە ، ئاشۇ قىز شۇ ، — دېدى پەرىدە .

www.uyghurkitap.com

— راستىنلا چىرايلىق قىزكەن ، — دېدى پەخرىئاي ، — ئاكامنىڭ ھەقىقەتەن كۆزى باركەن جۇمۇ .

— كىيىنىشلىرىمۇ بەكلا ئادىمىي ، چوڭ سۇپەتكەن .

پەخرىدىن قىزنى ئۆلارنىڭ يېنىغا باشلاپ كەلدى . قىزلار ئورنىدىن تۇرۇپ ، مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ كۆرۈشتى .

— بۇ ، گۈلناز بولىدۇ ، — دېدى پەخرىدىن ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن قىزنى تونۇشتۇرۇپ .

گۈلناز بېشىنى تەۋازۇ بىلەن ئېگىپ ئۈچ قىزغا ئېھتىرام بىلدۈردى .

— بۇياق ، پەرىدە ئاچام بولىدۇ ، — دېدى پەخرىدىن ئۈچ قېرىندىشىنى تونۇشتۇرۇپ ، — بۇ ، پەزىلەت ئاچام بولىدۇ ، مەندىن بىر يېرىم ياشلا چوڭ . بۇ ، پەخرىئاي ، مەندىن ئۈچ ياش كىچىك . ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا بىر قېرىندىشىمىز چاچراپ كېتىپتىكەن . قانداق ، ئەمدى تاماق بۇيرۇتامدۇق ؟

— شۇنداق قىلايلى ، قورسىقىم ئېچىپ كوركىراپلا كەتتى ، — دېدى پەخرىئاي .

— ئۆزۈڭمۇ بىر كوركىراپلا تۇرىدىغان ئاچ پاقا ، — دېدى پەخرىدىن سىڭلىسى بىلەن چېقىشىپ .

— سەنمۇ قىلىشمايسەن ، — دېدى پەخرىئاي بوش كەلمەي ، ئاندىن گۈلنازغا قاراپ چاقچاق قىلدى ، — ئاكام بىلەن توي قىلىدىغان بولسىڭىز ، قورسىقىنى تويدۇرۇپ بولالماي ھېرىپ كېتەرسىزمىكىن .

— مېنىڭ ئەيىبىمنى ئاچقىلى تۇرىدىغۇ ماۋۇ دۈشمەن ، — دېدى پەخرىدىن كۈلۈپ .

پەخرىدىنگە ئەگىشىپ باشقىلارمۇ كۈلدى . گۈلنازمۇ سۈس قىزارغىنىچە مىيىقىدا كۈلۈمسىرىدى . ھەئە ، ئاكا ـ سىڭىلنىڭ چاقچىقى بىلەن ئارىدىكى تارتىنىشلارمۇ تۈگىگەندەك بولدى . كۈتكۈچى قىزنى چاقىرىپ تاماق بۇيرۇتۇشتى .

پەرىدە ئانىسىنىڭ ئۆزىنى ساقلاۋاتقانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ

سەل ئالدىراپ قالغانىدى .
— ئەسلىي مەقسىتىمىزگە كېلەيلى ، — دېدى ئۇ گۈلنازغا قاراپ ، — سىزمۇ خىجىل بولۇپ كەتمەڭ ، سىڭلىم . بىزنى بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىڭىز قاتارىدا كۆرۈپ قېشىمىزغا كەلگىنىڭىزگە خۇش بولدۇق . خاتىرجەم بولۇڭ ، قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمىز . دەڭە ، بىز ئەتە ئەلچىلەردىن ئاۋۋال بارساق ياخشى بولارمۇ ياكى ئەلچىلەر بىلەن تەڭ بارغىنىمىز تۈزۈكمۇ ؟
— مەنمۇ بىر قارارغا كېلەلمىدىم ، — دېدى گۈلناز خىجىللىق بىلەن يەرگە قاراپ ، — ئەلچىلەردىن بۇرۇن بارساڭلار ، ئانام سىلەرنى چىرايلىق گەپ بىلەن يولغا سېلىۋېتىپ يەنە ئۆزى بىلگەننى قىلارمىكىن ، دەيمەن .
— ناۋادا دادىڭىز بىلەن كۆرۈشسەكچۇ ، — دېدى پەزىلەت .
— دادام ئۆيدە يوق ، — دېدى گۈلناز ، — بۈگۈن ئەتىگەن تۆۋەنگە خىزمەت تەكشۈرگىلى كەتتى . ئەتىگەن ئانامغا شۇنداق دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم . يەنە تېخى ئانامغا ئەتە ئەلچىلەرگە ئېنىق جاۋاب بەرمەڭلا ، مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەسلىھەتلىشەيلى ، دەپ جېكىلىدى .
— ئۇنداق بولسا ، ئىشىمىز ئوڭدىن كەپتۇ ، — دېدى پەخرىئاي ، — ئەتە ئۆيىڭىزگە بىرىپ ئەلچىلەرنىڭ ئالدىدا سىزنى ئاكامغا ئېلىپ بېرىدىغانلىقىمىزنى ئوچۇق ئېيتايلى . سىزمۇ يۈرەكلىك بولۇپ بىزنى ياقلاڭ . ئىشقىلىپ ، ئانىڭىزنى قايىل قىلالىساقمۇ ، ئەلچىلەرنى قاچۇرۇۋەتسەكمۇ ھېساب .
— ئۇنداق قىلساڭلار ئانامنىڭ جەھلىنى قاتۇرۇپ قويسىلە ، ئانام دادامغا سىلەرنى مېھماننىڭ ئالدىدا ئەدەپسىزلىك قىلدى دەپ چېقىشتۇرىدىغان بولسا ، دادامنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭلارنى ھەرگىزمۇ ئاقلاپ بولالمايسىلەر .
— راست ، — دېدى پەخرىدىن گۈلنازنى ياقلاپ ، — چىرايلىقراق ، سىپايىرەك بىر چارە تاپساق بولاتتى .
— پەخرىئاينىڭ دېگىنىدەك قىلساق ھەرگىز بولمايدۇ ، —

دېدى پەزىلەت ، — گۈلنازنىڭ ئانىسى قىزىمىنىڭ لايىقىنىڭ بىر - بىرىدىن جادۇگەر ئۈچ ئاچا - سىڭلىسى بار ئىكەن دەپ ئويلاپ قالسا ، ئىشىمىز چاتاق ، ئۇ چاغدا ئىشنى تۈزىيەلمەي دەپ بۇزۇپ قويىمىز .

— يامان تەسىر بېرىپ قويمايلى دېمەكچىغۇ ، سەن ، — دېدى پەرىدە .

— دەل شۇنداق ، — دېدى پەزىلەت ، — بىز ئەتە چوقۇم بارايلى ، لېكىن گۈلناز قىزنىڭ ئانىسىدا ياخشى تەسىرات قالدۇرايلى . تېخى ئەلچىلەرگە ئەتىلا جاۋاب بەرمەيدىكەنغۇ . دېمەك ، بىزگىمۇ ئاشۇ ئەلچىلەرگە ئوخشاش پۇرسەت بار دېگەن گەپ .

— ھە ، مەقسىتىڭنى چۈشەندىم ، — دېدى پەرىدە سۆز ئېلىپ ، — قىزلىق ئۆي دېگەن خان كۆۋرۈكى دەپتىكەن . قىزى بار ئۆيگە بىر كۈندە بىرلا يەردىن ئەلچى كېلىدۇ ، دەيدىغان قائىدە يوق . بىزمۇ ئەلچى بولۇپ بېرىۋېرەيلى . قالغان گەپ سىزگە باغلىق ، — دېدى ئۇ گۈلنازغا قاراپ ، — سىزمۇ تارتىنىپ ئولتۇرماي ، ئانىڭىزغا كۆڭۈل خاھىشىڭىزنى چىرايلىق بىلدۈرۈڭ . دادىڭىز كاماندىروپكىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، خىجىل بولىدىكەنمەن دەپ ئولتۇرماي دەۋېرىڭ . ئۇنىڭغىچە بىزمۇ يەنە ھەرىكەت قىلىمىز .

— ئەلچىلىكنى قاملاشتۇرالارمىزمۇ ، ئاچا ، — دېدى پەزىلەت كۆز قورقۇتۇپ .

— باشقا كەلگەندە باتۇر دەپتىكەن ، — دېدى پەرىدە قەتئىيلىك بىلەن ، — چوقۇم قاملاشتۇرىمىز . ھەممەيلەن تەڭ غەيرەت قىلايلى . ئۆزىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن بۇنچىلىك ئىشقا كۆز قورقۇتساق بولماس . ئالدىمىزدا نى - نى ئىشلار بار تېخى .

— يارايسەن ، ئاچا ، — دېدى پەخرىئاي ھاياجانلىنىپ ، — زادى شۇنداق قىلىش كېرەك . ئۆزۈڭنىڭ ئىشىدىمۇ مۇشۇنداق كەسكىن ، غەيرەتلىك بولارسەن .

پەرىدە پەخرىئاينىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ ئالايدى . ھەئە ، ئۇ گۈلنازنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئىشىنى تىلغا ئېلىشنى خالىمىغانىدى . پەخرىئاي ئاچىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ ، ھەيیارلىق بىلەن تىلىنى چىقىرىپ قويدى .

— گۈلنازنىڭ ئانىسى ئاتا ـ ئاناڭلار نېمىشقا كەلمىدى دېسە قانداق قىلارمىز ؟ — دېدى پەزىلەت .

— بۇ گەپنى ھازىر مەسلىھەتلەشمەيلى ، — دېدى پەرىدە ، — يولۇمغا قاراپ كۆزى ئانامنىڭ تېشلىپ كېتەي دەپ قالدى شۇ تاپتا . قالدى گەپنى ئاخشاملىقتا مەسلىھەتلىشەرمىز ، لېكىن سىز ئانىڭىز بىلەن بەكمۇ قارشىلاشماڭ . مەقسىتىڭىزنى بىلدۈرۈپ قويۇڭ . تەلەپپۇزىڭىز قەتئىيرەك بولسۇن .

— ماقۇل ، — دېدى گۈلناز .

ئۇلار تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇشتى .

— ھېساباتنى مەن قىلاي ، سىلەرنى مېھمان قىلغىنىم بولۇپ قالسۇن ، — دېدى پەخرىئاي .

— مەيلى ئەمىسە ، — دېدى پەرىدە .

ئۇلار ئاشخانىنىڭ ئالدىدا خوشلاشتى . پەخرىدىن گۈلناز بىللە كەتتى .

— خېلى بولىدىغان قىزكەن ـ ھە ، — دېدى پەزىلەت گۈلنازغا قايىل بولۇپ .

— غەيرەتلىك قىزكەن ، — دېدى پەرىدە ، — پەخرىدىننى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىكەن .

— سەنمۇ غەيرەتلىك بول ، ئاچا ، — دېدى پەخرىئاي ، — ئانام ساڭا تونۇشتۇرغان يىگىتكە مەقسىتىڭنى ئېنىق ئېيت .

— شۇنداق قىل ، — دېدى پەزىلەتمۇ ، — كەچتە خەۋىرىڭنى كۈتىمىز . ھەممەيلەن بىرلەشسەك ئانامنى قايىل قىلماي قويمايمىز .

— بولىدۇ ، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن ، — دېدى پەرىدە ۋەدە بېرىپ .

www.uyghurkitap.com

# 20

كاللىسىدىن ھەر خىل خىياللار كېچىپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، تىت - تىت بولۇپ ئولتۇرغان زۆھرە خانىم پەردەنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدى.

— نېمانچە كېچىكىپ كېلىسەن؟

پەردە ئانىسىنىڭ سوئالىغا خالىمىغان ھالدا جاۋاب بەردى.

— مانا كەلدىمغۇ؟

— چاققان كىيىم ئالماشتۇر، — دېدى زۆھرە خانىم، قىزىنىڭ ئۈستىبېشىغا بىرقۇر قارىۋېتىپ.

— ئالماشتۇرمىساممۇ بولا.

زۆھرە خانىم قىزى بىلەن ئارتۇقچە تاكاللىشىپ تۇرۇشنى لايىق كۆرمىدىمۇ ياكى كېلىشىپ قويغان ۋاقىت قىستاپ قالغاچقا ئالدىراپ قالدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئانچە تىكلەشمىدى.

— جۇ، ئەمىسە ماڭايلى.

— سەنمۇ بىللە بارامسەن؟ — دېدى پەردە ئانىسىنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— شاراپەت ئاچاڭنىڭ ئۆيىگىچە بىللە باراي.

پەردە بويىنىدىن باغلاپ سۆرىگەندەك مېڭىپ ئانىسىغا ئەگەشتى. شۇ تاپتا ئۇنى غەم بېسىۋالغانىدى.

«نېمىشقىمۇ ئۆيگە كەلگەندىمەن. باشلىق رۇخسەت بەرمىدى دەپ كەلمىگەن بولسام بوپتىكەن. ناھايىتى كەتسە ئاخشاملىققا ئانام بىر تىللىۋالاتتى. ھازىرلا قېچىپ كېتەيمىكىنىيا. قېچىپ نەگىمۇ بارارمەن. كەچتە يەنە ئۆيگە، ئانامنىڭ ئالدىغا كېلىدىغان گەپ. ئەجەب قىينىدىغۇ بۇ ئانام ئادەمنى. كۆڭلۈمنى چۈشەنسە، رايىمغا باقسا نېمە بولا. مانىڭ يولى ماۋۇ دەپ ئىككى ئېغىز چۈشەندۈرەي دېسە تېخى، ئېغىز ئاچۇرمايدۇ ئادەمنى. چوڭ بولۇۋېلىپ گېپىمنى

ئاڭلىمىدى دەپ رەنجىپ كېتىشلىرى بار تېخى. چۈشىنىمەن، كەلگۈسۈمنى ئويلايدۇ، بەختلىك بولسىدى، دەيدۇ. شۇڭا، ھەممە ئىشلىرىمنى ئۆزى بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇرغۇسى كېلىدۇ. بەخت ھەققىدە ھەركىمنىڭ ئۆز ئالدىغا چۈشەنچىسى بولىدۇ. نىكاھ ئىشى دېگەن ئۆمۈر سودىسى تۇرسا. قانداقمۇ قاراپ تۇرۇپ كۆڭۈل خاھىشىمنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلالايمەن. مەن پەقەت ئابدۇساتتارنىلا سۆيىمەن. پەقەت ئابدۇساتتار بىلەنلا بەختلىك بولالايمەن. ئابدۇساتتارلا ماڭا ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولالايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم بىلەن نىكاھلىنىپ، بەختلىك ئائىلە قۇرۇشۇم ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. بىچارە ئابدۇساتتار ھېلىمۇ كۆڭلۈمنى كۆپ ئايىدى، ئاغزىمغا قارىدى. پەخرىدىن بىلەن ئىككىسى نېمىلەرنى دېيىشتىكى، قانداقراق پىلانلارنى تۈزۈشتىكى، ھېلىمۇ ئىككىسىنىڭ تونۇش چىقىپ قالغىنى بەك ياخشى بولدى. بولمىسا، يەنە بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىك كېلىپ چىقاتتى. پەخرىدىن بۇ ئىشلارنى ئەپلەشتۈرەلەمدۇ؟ ئۇغۇ ئەقىللىق ئادەم بولدى. ئابدۇساتتارنىڭمۇ ھەرقانداق ئىشتا پىلانى ئوي. ئىككىسى بىرلەشسە بۇ ئىشنى چوقۇم بىر باشقا ئېلىپ چىقالايدۇ. شاراپەت ئاچامنىڭ جېنىنى قانداقراق يىگىتتۇ؟ كۆڭلۈمدىكىنى يوشۇرماي دېسەم، مېنى چۈشىنەرمۇ؟ خۇدايىم بۇيرۇسا قائىدە بىلىدىغان يىگىت چىقىپ قالار، ئىلاھىم. ئۇنىڭغا گەپنى ئوچۇق قىلىشتىن باشقا ئامالىم يوق. ئۇ نېمىتىدىن يانسىلا ئانامۇ ھېچنېمە دېيەلمەيدۇ. ئۇنىڭغىمۇ مەندىن ياخشىراق قىز نېسىپ بولار. بۇ جاھاندا ئادەم ئارزۇسىغا يەتمەك نېمىدېگەن تەس - ھە. ئانام ئۆز ۋاقتىدا ماقۇل دېگەن بولسا، ئابدۇساتتار بىلەن ئاللىقاچان توي قىلىپ بولاتتىم. بەلكىم بۇ چاغقىچە بالامۇ تۇغۇلار ئىدى، پەزىلەتمۇ ياتلىق بولغان بولاتتى. ئەجەب كەپلەشتى بۇ ئىشلار. پەخرىدىننىڭ توي ئىشىمۇ تەييار بولۇپ قاپتۇ. ئانام بۇنداق تىركىشىپ، بىزنى ئۆزىنىڭ كېچىكىگە سولايمەن دېگۈچە، بوپتۇ بالىلىرىم، كۆڭلۈڭلار چۈشكەن يىگىت بىلەن توي قىلىڭلار دېگەن بولسا، بىزمۇ بۇنچىۋالا دەرد - ھەسرەت چەكمەس ئىدۇق.

ئۆزىمۇ بۇنچىۋالا جاپا تارتىپ يۈرمەستى. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ پەرزەنتىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمىكىنى مۇ تەس ئوخشايدۇ. دادامغۇ ئانامنىڭ رايىغا بەك بارىدۇ. باشقا ئىشلارغۇ مەيلى، ھېچبولمىغاندا توي ئىشىمىزدىمۇ بولسا بىزنى قوللاپ ئىككى ئېغىز گېپىمىزنى قىلىپ قويسا نېمە بولار ـ ھە دېمىسىمۇ، دادام بەكلا باغرى يۇمشاق ئادەم. بۇ چاغقىچە ئانامنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپلا كەلدى. ئۇلاردەك بەختلىك ئەر ـ خوتۇنلار ئاز ئۇچرايدۇ. ئابدۇساتتارمۇ چوقۇم دادامدەك ئەر بولىدۇ. مەن ئۇنىڭدەك ئېسىل يىگىتتىن يەنە بىرىنى ھەرگىز تاپالمايمەن ...»

— نەگە كېتىۋاتىسەن، ھوي، شاراپەت ئاچاڭنىڭ ئۆيى بۇ ياقتا قالدى.

ئانىسىنىڭ گېپى بىلەن پەرىدەنىڭ خىيالى بۆلۈندى. ھەئە، ئۇ ئۆز خىيالى بىلەن ئالدىغا قاراپ كېتىۋەرگەنىدى. ئۇن ـ تىنسىز يەنە ئانىسىغا ئەگەشتى. پەرىدەنىڭ بۇ خىيالچان، رايىش تۇرقى زۆھرە خانىمغا بەكمۇ بىچارە تۇيۇلدى. قىزىنىڭ تۇرقىغا قاراپ يۈرىكى شۇررىدە ئېرىپ كەتتى، كۆزىگە غىلىلىدە ياش كەلدى:

«بىچارە بالام، كۆڭلۈڭدە مەندىن رەنجىۋاتىسەن، ھەقچان. ئۇنچە قىلىپ كەتمە، مەنمۇ سېنىڭ بەختىڭنى كۆزلەيمەن. سېنى بەختلىك بولسۇن، تۇرمۇشتا قىينالمىسۇن، جاپادا قالمىسۇن، ئارتۇقچە غەم ـ غۇسسىدە ياشىمىسۇن، دەيمەن. ھازىر رەنجىگىنىڭ بىلەن كېيىن چۈشىنىپ قالىسەن. ئانام رايىمغا بارماي توغرا قىپتىكەن دەپ قالارسەن. بولمىسىغۇ بەكلا قائىدىلىك، سىپتا، نازاكەتلىك، ياۋاش، رايىش بالا بولغانتىڭ. خۇدايىم بەختىڭنى بېرەر، قىزىم ...»

شاراپەت خانىم ئۇلارنى دەرۋازىسى ئالدىدا كۈتۈۋالدى. ئاۋۋال زۆھرە خانىم بىلەن، كېيىن پەرىدە بىلەن مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ كۆرۈشتى.

— قېنى، ئۆيگە كىرىڭلار، — دېدى دەرۋازىسىنى يوغان

ئېچىپ .

شارابەت خانىمنىڭ قورۇ ـ جايى خېلىلا يوغان ئىدى . ھويلىسىدا چاققانغىنا گۈللۈك ، تال بارىكى بار ئىدى . تال باراڭ ئۈيغۇرچە ھۈنەر ـ سەنئەت بىلەن ھەشەمەتلىك ياسالغان پىشايۋاننى پۈتۈنلەي چۈمكىگەنىدى . پېشايۋاننىڭ ئاستىدىكى سۇپىغا ئورنىتىلغان گىلەم سېلىنغان ، تاملار گەج بىلەن تورلۇك گۈل نۇسخىسى چۈشۈرۈلۈپ نەقىشلەنگەنىدى .

— قېنى ، مېھمانخانىغا كىرىڭلار ، — دېدى شارابەت خانىم ئۆدۈلدىكى نەقىشلىك قوش قاناتلىق ئىشىكنى ئېچىپ تۇرۇپ .

ئاۋۋال زۆھرە خانىم ، ئاندىن پەرىدە مېھمانلىق ئۆيگە كىردى . ئاستىغا پول ياتقۇزۇلۇپ گىلەم سېلىنغان ، ئالىي دەرىجىلىك خۇرۇم ساپا قويۇلغان ، تورۇسى چىغ ۋاسا قىلىپ ياسىلىپ سىرلانغان ، تاملىرى مىللىيچە ئۇسلۇب بىلەن ياۋروپاچە ئۇسلۇب بىرلەشتۈرۈلۈپ بېزەلگەن ، بىر ئىدارىنىڭ ئوتتۇرا ھال مەجلىسخانىسىدەك چوڭلۇقتىكى بۇ ئۆي ئالىي دەرىجىلىك ، زامانىۋى ئۆي جابدۇقلىرى بىلەن سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ ، ئادەمگە خۇددى ئوردىدەك تەسىرات بېرەتتى .

— ئامىن !

زۆھرە خانىم پاتىھە قىلىپ : «ئاللاھۇئەكبەر» دەپ يۈزىنى سىيپىدى ـ دە ، ئورنىدىن تۇرۇپ شارابەت خانىمدىن قايتىدىن تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىدى . شارابەت خانىممۇ ئاۋۋال زۆھرە خانىمدىن ، كېيىن پەرىدەدىن ئەھۋال سوراپ بولغاندىن كېيىن ، قادىر ئەپەندى ، پەزىلەت ، پەخرىدىن ، پەخرىئايىلارنىڭ ئىسمىنى بىر ـ بىرلەپ ئاتاپ ئامانلىق سورىدى ، ئاندىن ئىشىكنىڭ تۆۋىدىكى ئاپتۇۋا بىلەن چىلاپچىنى ئېلىپ ، مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ ئېلىشقا تەرەددۇتلەندى .

— ۋاي ، سىلىگە قول تەگلىسەم قانداق بولىدۇ ، ئاداش ، سۇنى پەرىدە قىزىم ئالسۇن ، — دېدى زۆھرە خانىم قولىنى تەگلىگىلى ئۇنىماي .

پەردەمۇ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ شاراپەت خانىمنىڭ قولىدىكى ئاپتۇۋا ـ چىلاپچىنى تالاشتى .

— ماڭا بەرسىلە ، سۇنى مەن ئالاي .

— ياق ، جېنىم قىزىم ، ئۇنداق دېسىلىرى قانداق بولىدۇ ، — دېدى شاراپەت خانىم قەتئىي رەت قىلىپ ۋە زۆھرە خانىمغا قاراپ دېدى ، — قولۇڭلىنى بېرىڭلا ، ئاداش . ئاران تەستە بىر نۆۋەت كەپتۇ . قولۇڭلىغا ئۆزۈم سۇ بېرەي . ھە ، تۇتۇڭلا قولۇڭلىنى .

— ئەستا ، سەت بولىدى ـ ھە .

زۆھرە خانىم شۇنداق دېگىنىچە قولىنى چايقىدى .

قول چايقاش نۆۋىتى پەردەگە كەلگەندە ، پەردە يەنە تىكلىشىپ تۇرۇۋالدى .

— ئاپتۇۋىنى ماڭا بەرسىلە ، ئۆزۈم چايقاي .

— ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ ، جېنىم قىزىم . سىلى دېگەن مېنىڭ ئارزۇلۇق مېھمىنىم ، ئەكەلسىلە قوللىرىنى ، سۇنى مەن قۇيۇپ بېرەي ، قوللىرىنى ئۆزلىرى يۇيسىلا .

پەردە تەڭقىسلىقتا قالغان ھالدا ئانىسىغا قارىدى .

— بوپتۇ قىزىم ، شاراپەت ئاچاڭنىڭ قولى تېلىپ كەتمىسۇن ، — دېدى زۆھرە خانىم پەردەنى قولىنى چايقاشقا بۇيرۇپ ، — ئەجەب سەت بولدى ـ ھە .

— ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭلا ، ئاداش ، — دېدى شاراپەت خانىم پەردەنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇۋېتىپ ، — سىلى دېگەن تۆگە سويۇپمۇ چىللىغىلى بولمايدىغان ئەزىز مېھمىنىم ، مېنىڭ .

— قېنى ، مەزەدىن ئالغاچ ئولتۇرۇڭلا ، — دېدى شاراپەت خانىم مېھمانلارنى قول چايقىتىپ بولغاندىن كېيىن شىرەگە تىزىلغان ھەر خىل تاتلىق ـ تۈرۈم ، ھۆل ـ قۇرۇق يەل ـ يېمىش ، مۇراببا ـ گۇلقەنتلەرگە ئىغىز تېگىشكە تەكلىپ قىلىپ ، — مەن چاي دەملەپ كىرەي .

شاراپەت خانىم چىقىپ كېتىشى ھامان زۆھرە خانىم ئۆيىنىڭ

تام ـ تورۇسلىرىدىن تارتىپ، جابدۇقلىرىغىچە بىرقۇر قاراپ چىقتى.

«ئەجەب كاتتا ياسىۋاپتۇ ئۆيىنى، ئۆتكەندە ئۆيۈمنى قايتىدىن بېزەتتىم دېگەندەك قىلغان. پۇلنى ئايىماي خەجلەپتۇ ـ دە، بۇ ئاداش. ئۆيى بىزنىڭ ئۆيدىن نەچچە ھەسسە ئېسىلكەن. پەردەنىڭ تويى بولغۇچە مەنمۇ ئۆينى قايتىدىن بېزەتسەم بولغۇدەك. ئاۋۇ ئادەم ئۇنامۇ؟ ۋاقتى كەلگەندە بىر ئامال قىلىپ گەپكە كىرگۈزەرمەن. خەقتىن قېلىشقۇچىلىكىمىز يوقتۇ بىزنىڭمۇ. بىنا ئۆيدە قىشتا پار بار، ئىسسىق دەيمىز. بولمىسا، زېمىن ئۆيگە نېمە يېتىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ھەممە ئادەم زېمىنلىرىنى سېتىپ بىنا ئۆيگە كۆچسە، بىزمۇ زېمىنىمىزنى سېتىپ بىناغا چىقىپتىكەنمىز. شاراپەتنىڭ ئۆيى نېمىدېگەن چوڭ ـ ھە. بىزنىڭ ئۆي بۇ ئۆينىڭ ئالدىدا توخۇ كاتىكىدەكلا كۆرۈنىدىكەن. بوپتۇلا، ھەرنېمە بولسا بىر بېزەتكۈزۈۋېتەي. بالىلارنى بىر ـ بىرلەپ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىۋەتسەك، ئۆيمۇ كىچىكلىك قىلماس ...»

زۆھرە خانىم ئېغىر خورسىندى.

شاراپەت خانىم مېھمانلارغا بىر پىيالە سىنچاي تۇتتى.

— بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، تاماقىم ھازىرلا تەييار بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

— بولدى، تاماقنى سەل تۇرۇپ يەيلى، — دېدى زۆھرە خانىم، — جۇرۇڭلا، سىرتتا ئىككى ئېغىز مۇڭدىشىۋالايلى.

ئىككى ئايال ھويلىغا چىقىشتى.

— مۇراتجاننىڭ كېلەر ۋاقتى بولدىمۇ؟

شاراپەت خانىم سائىتىگە قارىۋېتىپ جاۋاب بەردى.

— يەنە ئون مىنۇتتىن كېيىن كېلىدۇ. ۋاقىتقا بەك رىئايە قىلىدۇ، ئۇ بالا.

— ئۇنداق بولسا، مەن ماڭاي، — دېدى زۆھرە خانىم، — بۇ قېتىم مەن مۇراتجان بىلەن يۈز كۆرۈشمەي تۇراي، ئاۋۋال بالىلار ئۆزلىرى كۆرۈشسۇن.

— مەيلى، بۇ گېپىڭىزمۇ توغرا، — دېدى شاراپەت

www.uyghurkitap.com

خانىم ، — مۇراتجانمۇ قىز بالىدەكلا يۈزى تۇۋۇەن بالا بولدى ، سىلىدىن تارتىنىپ قالمىسۇن يەنە .

— سىلى مۇراتجاننىڭ ھاممىسى بولغاندىكىن ئاداش ، بەكرەك گەپ قىلىپ قويۇڭلا . تەشەببۇسكارراق بولسۇن . پەردەگە ياخشى تەسىر قالدۇرۇشقا تىرىشسۇن . سىلىدىن يوشۇرمايمەن . باغلاپ ئەكەلگەندەك ئەكەلدىم بۇ بالىنى .

— خاتىرجەم بولۇڭلا ، — دېدى شاراپەت خانىم ، — پەردەمۇ ئۆزۈمنىڭ قىزى ئەمەسمۇ . خۇدايىم بۇيرۇسا بۇ بالىلارنىڭ رىزقى - نىكاھى قېتىلىپ قالار ، ئىلاھىم .

— مەن ئانىسى بولغاندىكىن بەزەن گەپلەرنى قىلىششقا بىئەپكەن . پەردەگىمۇ ئوبدان چۈشەندۇرۇڭلا .

— خاتىرجەم بولۇڭلا ، — دېدى شاراپەت خانىم يەنە بىر قېتىم .

— مەن ماڭغاچ تۇراي ، قىزىم ، — دېدى زۆھرە خانىم مېھمانلىق ئۆيگە كىرىپ ، غەمگە چۆكۈپ ئولتۇرغان پەردەگە قاراپ ، — ئۈنداق ئېزىلىپ ئولتۇرماي ، بەردەمرەك بول . قانداق گېپىڭ بولسا شاراپەت ئاچاڭغا دېگىن . خوش ئەمىسە .

پەردەنىڭ كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى . ئانىسىغا دېمەكچى بولغان گېپى بوغۇزىدا قېلىپ قالدى . ھەئە ، ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇراتتى . كۆزلىرى قەپەسكە سولانغان كېپىنەكتەك مۆڭلۈق مۆلدۈرلەيتتى . زۆھرە خانىم شاراپەت خانىم بىلەن دەرۋازا ئالدىدا خوشلاشتى .

## 21

— تارتىنماي ئولتۇسىلا ، قىزىم ، — دېدى شاراپەت خانىم ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن پەردەنىڭ پىيالىسىگە چاي جىقلاپ قويغاچ ، — بۇمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ئوخشاش . سىلى مېنىڭ

ئالدىمدا ئويناپ چوڭ بولغان. بوۋاق ۋاقىتلىرىدا قۇچىقىمغا سىيىپمۇ قويغانتىلە تېخى.

پەرىدە ۋىللىدە قىزاردى، خىجىللىق ئارىلاش كۈلۈمسىرىدى.

— ۋاي مېنىڭ مۇشۇ ۋات ـ ۋات ئاغزىمنىزە، — دېدى شاراپەت خانىم كۈلۈپ، — نەدىكى كونا گەپلەرنى ئەزۋەيلەپ سىلىنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدۇممۇ دەيمەن. دېمەكچىمەن، مەنمۇ ئانىلىرىغا ئوخشاش. زۆھرە بىلەن ئىككىمىز زاكا ئاداشلىدىن. زۆھرەنىڭ غېمى، ئوخشاشلا مېنىڭمۇ غېمىم. ئاتا ـ ئانا دېگەن بالىنىڭ غېمىدىلا يۈرىدىكەنمىز. زۆھرە بىلەن ئىچ سىرىمىزنى پەقەتلا يوشۇرۇشمايمىز. سىلىنىڭ غەملىرىنى بەك يەيدۇ ئۇ ئادىشىم. قانداق قىلىمىز ئەمدى. قىز بالىنى كىچىكىدىن ئارزۇلاپ باقىدىكەنمىز، چوڭ بولغاندا ياتلىق قىلىشقا ئالدىرايدىكەنمىز. شۇنداق ئۇز، شۇنداق ئەخلاقلىق بالا بولدىلا. سىلىگە قاراپ شۇنداق مەسلىكىم كېلىدۇ. ئوبدان يەرگە ياتلىق بولسا، بەختىنى تاپسا دەپ ئويلاپ كېتىمەن. قايسى كۈنى زۆھرە بىلەن گۇڭ ـ مۇڭ بولۇشۇپ قالدۇق. گەپ ئارىلىقىدا سىلىنىڭ گەپلىرى چىقىپ قالدى. بىردەم سىلىنىڭ ئىشلىرىغا باش قاتۇرۇشتۇق. بىر تۇغقان سىڭلىم ×× ناھىيىدە. ئوغلى مۇراتجان ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە ئىشلىگەن، ھازىر غىچە قېشىمدا تۇرۇۋاتىدۇ. مۇراتجاننىڭ گېپىنى قىلىۋىدىم، زۆھرەگىمۇ خوپ كەلدى. مۇراتجاننى تونۇمايدىلا، ئەتىمالىم.

پەرىدە «شۇنداق» دېگەننى قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى ـ دە، يەنە يەرگە قارىۋالدى.

— شۇنىڭ بىلەن مۇراتجانغا سىلىنىڭ گەپلىرىنى قىلىۋىدىم، بىچارە بالا خۇشلۇقتا بوينۇمغا ئېسىلىپ: «رەھمەت، شاراپەت ئانا» دەپ كەتتى. نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ دېمەملا قىزىم، ئەسلىدە مۇراتجان بالاممۇ سىلىنى تونۇيدىكەن. سىلىگە يوشۇرۇن كۆيۈپ يۈرۈپتىكەن ئەمەسمۇ؟ — شاراپەت خانىم يەردىن ئۈستۈن قارىماي

ئولتۇرغان قىزغا قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — خىجىل بولمىسىلا، قىزىم. كۆڭۈل دېگەن ئاشۇنداق نەرسە. سىلىدەك ئۈز، كېلىشكەن، ئەخلاقلىق قىزغا ھەرقانداق يىگىت كۆيىدۇ. مۇراتجانمۇ بەكلا يۈزى تۆۋەن چوڭ بولدى. «ۋاي، شاراپەت ئانا، ھەنىم بولسا كۆڭلۈمدىكىدەك ئىش قىپسەن. پەرىدە بەك ئەخلاقلىق، چوڭ سۈپەت قىز بولغاچقا، ئالدىنى توسۇپ كۆڭلۈمنى بىلدۈرەلمىگەنىدىم. پەرىدە مەن بىلەن توي قىلىشقا ماقۇل دەرمۇ» دەپ سۆزلەپلا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىڭلارنى يۈز كۆرۈشتۈرۈپ باقايلى دەپ، زۆھرە بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بۈگۈنكى كۈننى قارار قىلىشقان. ھەنىم بولسا مېنى، مۇراتجاننى ئادەم ئېتىپ كەپتىلا، قىزىم. بەك خۇش بولدۇم. مۇراتجانمۇ ھازىرلا كېلىدۇ. ئاۋۋال كۆرۈشۈپ بېقىڭلار. دىتىڭلارغا ياقسا، كۆڭۈللىرىڭگە ماقۇل كەلسە، تويۇڭلارنى قىلىپ قويىمىز. ناۋادا، ماقۇل كەلمىسە، ئۇمۇ مەيلى. يېپىقلىق قازان يېپىقلىق پېتى قېلىۋېرىدۇ. خۇدايىم بۇيرۇمىسا، بەندىگە ئامال يوق دەپتىكەن. شۇڭلاشقا، ئۆزلىرىنى ئەركىن - ئازادە تۇتسىلا، قىزىم. ياق دېسەم شاراپەت ئاچام رەنجىپ قالارمۇ دېگەننى ھەرگىز ئويلىمىسىلا، ئىككى ئوغۇل، ئۈچ قىز، جەمئىي بەش بالىنى توغۇپ قاتارغا قوشۇپتىمەن. ھەممىسىنى ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈل خاھىشى بويىچە توينى قىلىپ بەردىم. مانىڭغا تەگ، ئانى ئال دەپ ھەرگىز زورلىمىدىم. خۇداغا شۈكۈر، باللارنىڭ ھەممىسى ئوبدانلا كېلىشىپ قالدى. بۇ چاغقىچە بىرەرسىمۇ باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى دەپ قېشىمغا كېلىۋالمىدى. ۋۇي، دەرۋازىنى بىرى قېقىۋاتىدۇ، مۇراتجان بالام كەلدىمىكىن.

شاراپەت خانىم شۇنداق دېگىنىچە سىرتقا ماڭدى.

پەرىدە «ئۇھ» دېگىنىچە يەڭگىل بىرنى تىندى. ھەئە، شاراپەت خانىمنىڭ سۆزلىرى ئۇنى خېلىلا خاتىرجەم قىلىپ قويغانىدى. «دېمىسىمۇ، ئانام بىلەن شاراپەت ئاچام ئۇزۇن يىللىق دوستلاردىن. دوستلار ئادەتتە بىر - بىرىنىڭ خۇيىنى ئالىدۇ دەپ

ئويلايتتىم. لېكىن، ئانام بىلەن ئىككىسى ئىككى دۇنيا ئىكەن. ئانامنىڭ شاراپەت ئاچامغا ئوخشاش بىزنىڭ رايىمىزغا باقسا نېمە بولار. بۇ مۇراتجان قانداقراق يىگىتتۇ؟ مېنى نەدە كۆرگەن بولغىيدى؟ ياخشى كۆرۈپ قالغىنى قىزىق ـ دە. ئىككى ئېغىز چىرايلىق گەپ قىلىپ، پەم بىلەن قاچارمەن دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمدى قانداق قىلارمەن. كۆيۈپ قالدىم دەپ ماڭا يېپىشىۋالارمۇ؟ بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرى قىزىقكەن. شۇنچە چوڭ شەھەردە مەندىن باشقا قىز ئۇچرىمىدىمىكىن ئۇنىڭغا. ھەممە بالانى تېرىغان ئاشۇ ئانام. شاراپەت ئاچامغا ھال دادلاپ بەرمىسە، مۇشۇ ئىشىمۇ يوق ...»

شۇ دەقىقىدە ھويلىدا شاراپەت خانىم بىلەن مۇراتجان پىچىرلىشىۋاتاتتى.

— دەيدىغان گەپنىڭ ھەممىنى دېدىم، بالام. بىچارە قىز ئىزا تارتىپ بىر چىشلەم بولۇپ ئولتۇرىدۇ. ياخشى تەسىر بېرىشكە تىرىشقىن. كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەپ ئۇركۇتۇپ قويما يەنە.

— نەدىكى گەپنى قىلىسىز، ھاما. ھېلىتىن يۈرىكىم دۇپۇلدەپ تۇرسا، نەدىكى كەلسە ـ كەلمەس گەپكەن ئۇ.

— ۋۇي يۈزى تۆۋەن يىگىت بالام. شۇڭىمۇ مۇشۇ كەمگىچە بىرەر قىزنىڭ قولىنى تۇتالمىدىڭ. يۈرەكلىكرەك بول. قىزلار ئۆزلىرى تارتىنچاقلىق قىلغان بىلەن، تارتىنچاق، يۈزى تۆۋەن يىگىتلەرنى كۆزگە ئىلمايدۇ. ماڭ، بىسمىللا دەپ مېھمانخانا ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغىن.

مۇراتجاننىڭ مېھمانخانىغا كىرىپ كېلىشى بىلەن، شۇنچە يوغان ئۆي پەردىگە گويا كىچىكلەپ كەتكەندەك تۇيۇلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى يىگىت قىزغا سالام بېرىپ.

پەردە دەس ئورنىدىن تۇرۇپ يىگىتنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى، «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېگەن ئاۋازىنى پەقەت ئۆزىلا ئاڭلىدى.

يىگىتكە سوغدىشىپلا كىرگەن شاراپەت خانىم بىر پىيالە چاي

قويۇپ يىگىتكە پەتنۇس بىلەن تۇتتى .

— مەزەگە باققاچ ئولتۇرۇڭلار ، بالىلىرىم ، — دېدى ئۇ ئىككى ياشنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ ، — مەن چىقىپ تاماق قىلاي . مۇراتجان بالام ، پەرىدە قىزنى داستىخانغا تەكلىپ قىلغاچ ئولتۇرارسەن .

مېھمانخانا ئۆينىڭ ئىچىنى قايتىدىن سۈكۈت قاپلىدى . ھاياجان ۋە جىددىيچىلىكتىن كانىيى قۇرۇپ كەتكەن يىگىت بىر پىيالە قىزىق چاينى بىردەمدىلا ئىچىپ بولدى . پەرىدە ئەدەپ يۈزىسىدىن يىگىتنىڭ پىيالىسىگە چاي قۇيۇپ قويدى .

— رەھمەت ، ئاۋارە قىلدىم ، — دېدى يىگىت پىيالىسىگە قولىنى تەگكۈزۈپ .

پەرىدە يىگىتكە يەر تېگىدىن قىيا نەزەر تاشلىدى . پادىچى شىمى ، بىنەپشە رەڭ كالتە يەڭ مايكا كىيىۋالغان ، تەبىئىي بۇدۇر قاپقارا چاچلىرىنى مايلاپ پارقىرىتىۋالغان ، بىر قارىغان كىشىگە يېقىملىق ، شوخ ھەم چاققان تەسىر بېرىدىغان يىگىتنىڭ چىرايىدا قىلچىلىك نۇقسان يوق ئىدى . بۇرۇت قويمىغاچقىمۇ ، بىر قارىماققا ئەسلىي يېشىدىن تۆت - بەش ياش كىچىك كۆرۈنەتتى . پەرىدە يىگىتنى ئىلگىرى بىر يەردە ئۇچرىتىپ باقمىغانلىقىنى ھېس قىلدى . «بەلكىم كوچىدا ئۇچرىتىپ قالغان بولسامۇ دىققەت قىلمىغاندىمەن» دەپ ئويلىدى پەرىدە .

— شاراپەت ھامماڭنىڭ تامىقى پىشقۇچە ئىككى ئېغىز مۇڭداشقاچ ئولتۇرامدۇق ، — دېدى يىگىت ئاردىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ يېقىملىق كۈلۈمسىرىگىنىچە ، — مېنى تونۇمايسىز ھەقىچان .

— شۇنداق ، سىزنى پەقەتلا ئۇچرىتىپ باقماپتىكەنمەن ، — دېدى پەرىدە تاتلىققىنا كۈلۈمسىرەپ .

يىگىتنىڭ ئوچۇق - يورۇقلۇقى ئاردىكى تارتىنىشنى كۆتۈرۈۋەتكەنىدى .

— ئەمەلىيەتتە بىز كۈندە ئۇچرىشىپ تۇرىمىز ، — دېدى

يىگىت قىزغا تىك قاراپ، — ھەر كۈنى «يېڭى ئەسىر» سودا سارىيىنىڭ ئالدىدىكى دوقمۇشتا بىر قېتىم دوقۇرۇشىمىز . سىز بىپەرۋا ھالەتتە سول تەرەپكە قاراپ ماڭىسىز ، مەن ئارقىڭىزدىن بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئوڭ تەرەپكە ماڭىمەن . نەزىرىڭىز بەكلا ئۈستۈن بولغاچقا ، كۆزىڭىزگە چېلىــــقمايمەن . قەستەن ئالدىڭىزغا دوقۇرۇپمۇ كېلىپ باقتىم . ماڭا ئەدەپ بىلەن يول بېرىسىزۇ ، لېكىن بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمايسىز .

پەرىدە خىرىلداپ كۈلۈۋەتتى . يىگىتنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا بەكمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلغانىدى .

— مېنى زاڭلىق قىلىۋاتامدىغانسىز ـ ھە ، — دېدى يىگىت ئوڭايسىزلىنىپ .

— ياقەي ، — دېدى پەرىدە ، ئۇ ئورۇنسىز كۈلۈپ يىگىتنى خىجىل قىلىپ قويغانلىقىدىن ئەپسۇسلاندى .

— ھامىنى گېپىڭىزنى قىلىۋىدى ، بەكمۇ خۇش بولدۇم . سىز بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىمنى ئويلاپ ھاياجاندىن بىر كېچە كىرپىك قاقماپتىمەن . خۇداغا شۈكۈر ، سىز بىلەن ئاخىر رەسمىي يوسۇندا كۆرۈشتۇم . ئەسلىدە سىز بىلەن كۆرۈشۈپ قالسام دەيمەن دەپ ، كۆڭۈل سۆزلىرىمنى مارجانلەك تىزىۋالغانىدىم . شۇ تاپتا ئاشۇ گەپلەرنى نەدىن باشلىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن . مېنى گەپ قىلىشنى بىلمەيدىكەن دەپ زاڭلىق قىلىسىڭىزمۇ مەيلى . مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يۈرەك سۆزۈمنى دەۋالاي . بىلەمسىز ، پەرىدە ، مەن سىزگە ئاشىق . ئىككى يىلدىن بېرى سىزگە كۆيۈپ يۈرىمەن .

قىزنىڭ يۈزى ، ياق ، پۈتكۈل ئەزايى يالقۇندە ئوت ئالدى . يۈرىكى تېپىرلىدى . ھەئە ، ئاشىق يىگىتنىڭ ئالدىدا ئۆزىنــى يوشۇرۇشقا جاي ئىزدىدى . يىگىتنىڭ ئاشىقلارچە تىكىــلگەن كۆزلىرى قىزدىن جاۋاب كۈتۈۋاتاتتى . قىز يىگىتنىڭ ئۆتكۈر كۆز نۇرىنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى تىتىپ ئۆتۈۋاتقانلىقىنــى سېزىپ تۇراتتى . ھەئە ، ئۇ يىگىتكە جاۋاب بېرىش كېرەك ئىدى ، لام ـ جىم دېمەي ئولتۇرىۋەرسە ئەدەپسىزلىك بولاتتى ، يىگىتنىــڭ

غۇرۇرى ئازار يەيتتى . بىچارە قىز نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي تولىمۇ قىينالدى .

— مېنى كەچۈرۈڭ ، — دېدى پەرىدە مىڭ تەستە زۇۋانغا كېلىپ ، — تەقدىرىمىزگە پۈتۈلمىگەنىكەن .

— ئالىي مەكتەپتە هاياتىم ، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش بىلەن ئۆتۈپتۇ ، — دېدى يىگىت قىزنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىمىغاندەك سۆزلەپ ، — گەرچە شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسەممۇ ئاسپىرانتلىق ئىمتىهانىدىن ئۆتەلمىدىم . خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ دەپ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى يەنە داۋاملاشتۇردۇم ، ئاخىر ئاسپىرانتلىقتىن ئۆتكەنمۇ بولدۇم . ئۈچ يىل ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇدۇم . بۇ جەرياندا بىرقانچە قىزلارغا يولۇققانمۇ بولدۇم . بىراق ، هېچقايسىسى مەن ئىزدىگەن قىزلار ئەمەسكەن . كەچۈرۈڭ ، پەرىدە ، سىزگە بۇ گەپنى دەپ يۈرمىسەم بولاتتى . تۈنجى سۆزلىشىۋاتىمىز ئەمەسمۇ ، مېنى چۈشەنسىكەن دەيمەن . ئاشىقلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سىزنى تۈنجى قېتىم ئۇچراتقاندىن كېيىن ئاندىن بىلدىم . سىز بىلەن ئۇچرىشىشقا نۇرغۇن پۇرسەتلەرنى ئىزدىدىم . شاللاق يىگىت ئىكەن دەپ قالمىسۇن دەپ ، ئالدىڭىزنى توسۇپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم . بايا تەقدىرىمىزگە پۈتۈلمىگەنىكەن دېدىڭىزغۇ ، شۇنداق ، تەقدىرنىڭ يازمىشى قىزىق بولىدىكەن . بىزنى بەكمۇ تەستە ئۇچراشتۇردى . مەن كۆڭۈل سىرىمنى ئاخىر ئاشكارىلاش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم . مېنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن . لېكىن ، سىزنى چىن يۈرىكىدىن سۆيىدىغان ئاشىق بىر يىگىتنىڭ بارلىقىنى بىلىپ قالسىڭىزلا بولدى .

يىگىت ئىچ ـ باغرى بوشىغاندەك بولۇپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى .

— كەچۈرۈڭ ، سىزنى نائۈمىد قويىدىغان بولدۇم ، — دېدى پەرىدە ئۆزىنى تۇتۇۋالغان هالدا سۆزلەپ ، — كونىلارنىڭ گەپ

يۈزدە ياخشى، ئۈسسۈل تۈزدە، دەيدىغان گېپى بار. دىلىڭىز ئاغرىسىمۇ گەپنى ئوچۇق قىلاي. مېنىڭ ياخشى كۆرىدىغان يىگىتىم بار، ھەتتا بىز توي قىلىشقىمۇ پۈتۈشۈپ بولغان. پەقەت ئانام ئۇنىڭ خىزمىتىنى يېزىدىكەن، ئاتا - ئانىسى دېھقانكەن دەپ قوشۇلمىغانلىقى ئۈچۈنلا ھازىرغىچە توي قىلالماي يۈرۈۋاتىمىز. ئۇمۇ سىزگە ئوخشاش ياخشى يىگىت. ئاتا - ئانىسىنىڭ دېھقان بولۇشى، خىزمىتىنىڭ يېزىدا بولۇشى ئۇنىڭ گۇناھى ئەمەس. ئانام بۇنى ھەرگىز چۈشەنمىدى. بەلكىم شۇ تۈرقىدا سىز، ئۇنداق ئادەم نېمىشقا مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىڭ دەپ ئويلاۋاتقانسىز، مەن ئامالسىزلىقتىن، ئانامنىڭ كۆڭلىنى دەپلا كەلدىم. بۇ ھەرگىزمۇ تۈتۈرۈقسىزلىقىمدىن ئەمەس. مېنى چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

يىگىت كۈلۈمسىرىدى، كۈلكىسى بەكمۇ ئازابلىق ئىدى. ئەتىۋارلىق نەرسىسى چېقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ باشقىلارغا چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن كۈلگەن ئادەمنىڭ كۈلكىسىگە ئوخشايتتى.

— مەن سىزگە بايا بىر ئىشنى دېمەپتىمەن، — دېدى يىگىت، — مېنىڭ بەكمۇ جاھىل خۇيۇم بار. بىر ئىشنى قىلىمەن دېسەم، ئۈمىد بولمىسىمۇ جېنىمنىڭ بارىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باقىمەن. دېمەكچىمەنكى، شۇ تاپتا سىزنىڭ تاللىشىڭىزغا ھۆرمەت قىلساممۇ، ئەمما ھەرگىز تەن بەرمەيمەن. تاكى سىز ياخشى كۆرگەن ئاشۇ يىگىتىڭىز بىلەن توي قىلىپ بولغۇچە.

يىگىت گېپىنى تۈگىتىپ لېۋىنى چىڭ چىشلىدى، چىرايى ھاياجاندىن قىزىرىپ كەتتى.

— تاللىشىمغا ھۆرمەت قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن رەھمەت، — دېدى پەرىدە.

— ناۋادا كوچىدا ئۇچرىشىپ قالساق، سالام قىلسام سالىمىمنى ئىلىك ئالارسىزمۇ؟ — سورىدى يىگىت قىزغا

www.uyghurkitap.com

تەلمۈرۈپ .

— ئەلۋەتتە ئىلىك ئالىمەن . مانا بىر ئوبدان تونۇشۇپ قالدۇق ئەمەسمۇ ؟

— چوقۇم دوستمۇ بولۇپ قالىمىز ، — دېدى يىگىت قەتئىيلىك بىلەن ، — كېيىنچە دوستلۇق مۇھەببەتكە ئۆزگىرىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن . مەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىمەن ، ھېچقانچە ئۈمىد بولمىسىمۇ .

پەردە لام - جىم دېمىدى .

ئارىنى يەنە ئېغىر سۈكۈت قاپلىدى .

ئىشىك تۈۋىدە شاراپەت خانىمنىڭ ئاۋۋال يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى ، ئاندىن پەتنۇستا ئىككى تەخسە لەڭمەن كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى . ئۇ پەتنۇستىكى ئاشنى ئاۋۋال پەردىگە ، ئاندىن مۇراتجانغا تۇتتى .

— قېنى ، تائامغا بېقىڭلار ، بالىلىرىم .

لەڭمەن بەكمۇ ئوخشىغانىدى . قىز بىلەن يىگىت ئۈن - تىنسىز لەڭمەن يېيىشكە باشلىدى . شۇ تاپتا يىگىتنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم ئىدى . قىز ئۆيدىن تېزرەك چىقىپ كېتىشكە ئالدىراۋاتاتتى . نىھايەت تاماقمۇ يېيىلىپ بولدى . يىگىت قىزنىڭ ئالدىراۋاتقانلىقىنى سېزىپ ھەم يەنە سۆزلەشكۈدەك گەپمۇ قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ شاراپەت خانىمنى توۋلىدى .

— شاراپەت ئانا ، ئۆيگە كىرسەڭ بوپتىكەن .

شاراپەت خانىم ئالدىراپ ئۆيگە كىردى .

— دۇئا قىلىپ بەرگىنە ، — دېدى يىگىت .

— ۋاي بالام ، نەگە ئالدىرايسىلە ، بىردەم ئولتۇرۇڭلا ، يەنە بىر قازىنىم بار ، — دېدى شاراپەت خانىم تۇزۇت قىلىپ .

— رەھمەت ، ئاچا ، — دېدى پەردە ، — ھېلىمۇ كۆپ جوۋاپلا .

— شۇنداق قىلايلى ، شاراپەت ئانا ، — دېدى يىگىت .

— ئەمىسە سەن ئوغۇل بالا بولغاندىكىن ، دۇئانى ئۆزۈڭ

باشلاپ بەر ، — دېدى شاراپەت خانىم .

— ئامىن ، — دېدى يىگىت ئىككى قولىنى جۈپلەپ ئېگىز كۆتۈرۈپ ، ئۇنىڭغا پەرىدە ، شاراپەت خانىم ئەگەشتى ، — ئاللاھۇئەكبەر ، — دېدى مۇرات دۇئانى تۈگىتىپ ئالىقىنى بىلەن يۈزىنى سىيپاپ ، — تامىقىڭ بەك ئوخشاپتۇ . خۇدايىم داستىخىنىڭغا بەرىكەت بەرسۇن .

— خۇدايىم بەرىكەت بەرسۇن ، — دېدى پەرىدەمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ .

— سىلەرنى ئالاھىدە چىللىغانغا تۇشلۇق تۈزۈك بىر نەرسە قىلالمىدىم ، — دېدى شاراپەت خانىم ، — يەنە كېلىپ تۇرۇڭلار بالام . خۇدايىم يەنە بىللە كېلىشكە نېسىپ قىلغاي . پەرىدە قىزىم ، لايىقلىرىدا كۆتەلمىگەن بولسام ، ئەپۇ قىلارلا .

— ياق ، ئۇنداق دېمىسىلە ، شاراپەت ئاچا ، — دېدى پەرىدە .

ئۇلار دەرۋازا تۈۋىدە قايتىدىن ئامانلىق تىلەپ خوشلاشتى .

## 22

— سىلەرنىڭ ئائىلىنىڭ ئىشلىرى ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسىدىنمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتامدۇ نېمە ؟ — دېدى قۇتلۇق كۈلۈپ ، — شۇنداق قىلىپ ، ئەتە پەخرىدىننىڭ لايىقىنىڭ ئۆيىگە غەيرىي رەسمىي ئەلچىلىككە بارىسىلە ؟

پەزىلەت ۋىلىققىدە كۈلۈۋەتتى ، كۈلكە تەسىرىدىن بوستان كىرپىكلىك چىرايلىق قوي كۆزلىرى خۇمارلاشتى .

— بىزنىڭ ئۆينىڭ ئىشلىرى هازىر خەلقئارا مەسىلىلەردىنمۇ ئېغىر دېگىنە . ئانام ھەممە ئىشلارنى مالىمان قىلىۋەتتى . دادام بىتەرەپ بولۇپ تۇرۇۋالدى . پەرىدە ئاچامنىڭ ئىشىغا ئالدىرىساق ، پەخرىدىننىڭ ئىشى ئۇنىڭدىن مۇھىم چىقىپ قالدى . ئەتە تەۋەككۈل قىلىپ گۈلنازنىڭ ئۆيىگە بېرىپ باقايلى دېيىشتۇق . بۇ ئىشتىن قانداق نەتىجە چىقاركىن ، ئۆزىمىزمۇ

مۆلچەرلىيەلمەيمىز .

— گۈلنازنىڭ ئانىسى سىلەرنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتەمدۇ تېخى .

— بۇمۇ ئېھتىمالغا يېقىن ، — دېدى پەزىلەت ئويلىغان ھالدا ، — ئىشقىلىپ ، ئەتە گۈلنازغا كېلىدىغان ئەلچىلەرنى ياندۇرالىساقلا بولىدى .

— كىم بىلىدۇ ، ئەلچىلەر سىلەرگە پەرۋا قىلماسلىقىمۇ مۇمكىن .

پەزىلەت پىيالىدىكى چاينى ئالدىرىماي سۈمۈردى .

— كاۋاپنى قىزىتسۇنمۇ ، سوۋۇپ قاپتۇ .

— مەيلى قىزىتىپ بەرسۇن ، — دېدى پەزىلەت ، — قالدى ئىشلار گۈلنازغا قاراشلىق . ئۇ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن يۇرۇۋاتقان يىگىتى بارلىقىنى ئانىسىغا بىلدۈرمەكچى . ئەھۋالدىن قارىغاندا ، دادىسى ئۇنى قوللىشى مۇمكىن . بالىلىرىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالمايدىغان ئاتا - ئانىلار قانداق ئاتا - ئانىلاردۇ .

پەزىلەت ئېغىر ئۇھ تارتتى .

قۇتلۇق كۆتكۆچىگە كاۋاپنى قىزىتىپ ئەكىرىپ بىرىنى بۆيرۈپ قويۇپ قىزغا قارىدى .

— بىزنىڭ ئىشلىرىمىز قانداق بولۇپ كېتە ؟ پەرىدەنىڭ ئىشلىرى بىر تەرەپ بولسا ، نۆۋەت ئىككىمىزگە كېلىدۇ . بىزنىڭ ئىشلىرىمىزمۇ تېزرەك بىر تەرەپ بولسا بولاتتى . راست گەپنى قىلسام ، مەنمۇ ئالدىراپ قېلىۋاتىمەن . سەنمۇ ھە دېسىلا گۇناھنى ئاناڭغا ئارتىپ قويۇپ ، مەندىن قېچىپ يۈرۈۋاتىسەن .

— كۆرۈشۈپ تۇرۇۋاتىمىزغۇ مانا .

يىگىت قىزغا نارازىلىق بىلەن تىكىلدى .

— بىر شەھەردە ياشاپ تۇرۇپ ھەپتىدە بىرەر قېتىممۇ كۆرۈشمەيلى بولسا . سەن سېغىنمىغان بىلەن ، مەن سېغىنىپ كېتىدىكەنمەن .

— مەنمۇ سېغىنىمەن ، — دېدى پەزىلەت ئۇھ تارتىپ ، —

ئەمما توي قىلماي تۇرۇپ هە دېسە كۆرۈشۈپ يۈرسەك ياخشى ئەمەس . ئۇرۇق - تۇغقانلار ، تونۇش - بىلىشلەر ، ئاتا - ئانامنىڭ دوستلىرىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالساق ، سېنى ئەمەس ، مېنى ئەيىبلەيدۇ ، كەينىمدىن سۆز - چۆچەك توقۇيدۇ . قىز بالا بولماق ئاشۇنداق تەسكەن . بىز دېگەن ئۇيغۇر ، باشقا مىللەت ياكى چەت ئەللىك ئەمەس . ئېسىڭدە بولسۇن . ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئەخلاق مىزانى بولىدۇ . بىزنىڭ بۇنىڭدىن چەتنەپ كېتىش هوقۇقىمىز يوق . ئۆزىمىزنىمۇ ، ئاتا - ئانىمىزنىمۇ ئايىشىمىز كېرەك . نىكاھ ئەركىنلىكى ، ئەركىن مۇھەببەت دېگەنلەرنى مەنمۇ تەشەببۇس قىلىمەن ، لېكىن بۇ غەربچە ئەمەس ، ئۇيغۇرچە بولۇشى كېرەك .

— مەسىلەن ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم دېگەندەكمۇ ، — دېدى قۇتلۇق كۈلۈپ .

پەزىلەت قۇتلۇققا قاراپ قاپاق تۈردى .

— گېپىمنى چاقچاققا ئايلاندۇرما ، شەرم - هايا مىللىتىمىزنىڭ ئەڭ ئېسىل ئەخلاق - پەزىلىتى هېسابلىنىدۇ . گەرچە يۈرىكىم كېچە - كۈندۈز ساڭا تەلپۈنۈپ تۇرسىمۇ ، ئەمما هە دېسىلا كوچا - كويلاردا ، دوقمۇشلاردا ، تانسخانا - دېسكوخانىلاردا ، ئاللىقانداق ئاممىۋى سورۇنلاردا سۆيگەن يىگىتى بىلەن قولتۇقلىشىپ ، قۇچاقلىشىپ ، چاقچاقلىشىپ يۈرۈشنى خالىمايمەن .

يىگىت قايىللىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى ، يۈرىكىدە ،قىزغا بولغان سۆيگۈسى ، هۆرمىتى ، تەشنالىقى ھەسسىلەپ ئاشتى .

— مەنمۇ سېنىڭ قارىشىڭنى قوللايمەن . ئەمما ، سەنسىز يىگانە ياشاشقا يۈرەك چىدىمايدىكەن . ئاتا - ئانامنى تويۇڭنى قىلىۋەتسەك بولاتتى دەپ ئالدىرىتىۋاتىدۇ . سەنمۇ بىلىسەن . بىزنىڭ ئائىلە بىلەن سىلەرنىڭ ئائىلە ئوخشىمايدۇ . ئاتا - ئانام تۆزۈك ئوقۇمىغان ، ئەزەلدىن سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئادەملەر . ئۇلار ئۇچۇن مەندەك ياشقا بېرىپ قالغان

ئوغلىنىڭ توي قىلماي بويتاق يۈرۈشى نومۇسلۇق ئىش ھېسابلىنىدۇ. دېمىسىمۇ توي قىلىدىغان ياشتىن ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتىم.

— ئاتا - ئاناڭ لايىق تاپقان ئوخشىمامدۇ؟ — سورىدى قىز گۇمانسىرىغان ھالدا.

— تاپماي قالامتى ئەمىسە، — دېدى يىگىت كۈلۈپ، — بولۇپمۇ ئانام مەن ئۈچۈن قىز كۆرۈش بىلەن ئاۋارە. ئۇلار ئەزەلدىن مېنىڭ ھازىرقى كەسپىمنى قوللاپ كەتمەيتتى. مېنى ئۆزلىرىنىڭ سودا - تىجارىتىگە ۋارىسلىق قىلدۇرۇش نىيىتى بار ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ گېپىگە كىرمىدىم. سىلەرنىڭ پۇلۇڭلارنىڭ لازىمى يوق، ئۆز ئالدىمغا ئىگىلىك تىكلەيمەن دەپ مۇشۇ كەسپنى ئۆگەندىم. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ تىجارەت باشلىدىم. دادام ھەرقانداق ئىشنىڭ نەتىجىسىنى ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئۆلچەيدۇ. تىجارىتىمنىڭ روناق تاپقىنىنى، ئايدا نەچچە مىڭ كوي پايدا ئېلىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ لام - جىم دېمىدى. كۆڭلىدە قايىل بولدى بولغاي. بىراق، ئانام تېخىچىلا نارازى. قىلغىلى ئىش تاپالمىغاندەك ساتىراشلىق قىلدىڭ، دەپ رەنجىيدۇ. ۋاي ئانا، بۇ ئىش ساتىراشلىق بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. خەلقئارادا مودا بولۇۋاتقان ئىستىقباللىق كەسىپ دەپ چۈشەندۈرۈپ كېتىمەن، لېكىن ساتىراشلىق قىلىۋاتىسەن دېگەن گېپىدە جاھىللىق بىلەن تۇرۇۋالىدۇ.

پەزىلەت خىرىلداپ كۈلۈۋەتتى. ھەئە، شۇ تاپتا ئانىسىنىڭ قۇتلۇقنى «ساتىراش» دەپ ياراتمىغىنىنى ئەسلەپ قالغانىدى. ئىككى ئانىنىڭ قارىشى نېمىدېگەن ئوخشاش - ھە! بىچارە قۇتلۇق، يەنە كىملەر سېنى زاڭلىق قىلىدىغاندۇ؟

— نېمىگە كۈلىسەن؟ — سورىدى يىگىت قاپىقىنى تۈرۈپ، — ئەمەلىيەتتە ساتىراشلىقمۇ ياخشى كەسىپ. كىشىلەرگە گۈزەللىك ئاتا قىلىدۇ. مەن بولسام بۇ كەسىپكە پەرداز قىلىش، ھۆسن تۈزەش، سالامەتلىكنى ئاسراش، بەدەن

شەكلىنى گۈزەللەشتۈرۈش ... قاتارلىق زامانىۋى مېدىتسىنا ئىلىملىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قىلىنۋاتىمەن. ئانامغا يۈزىڭىز، كۆزىڭىزنىڭ ئەتراپىدىكى قورۇقلارنى ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالاپ قوياي، ئاز دېگەندە ئون بەش ياش ياشىرىسىز دەپ شۇنداق يالۋۇردۇم، پەقەت ئۇنىمىدى. ماڭا ئىشەنمىدىمۇ ياكى خالىمىدىمۇ بىلمىدىم، لېكىن مەنمۇ بوش كەلمىدىم. تولا سۆزلەپ، چۈشەندۈرۈپ يۈرۈپ ئاخىر قايىل قىلدىم. ئوپېراتسىيىدىن كېيىن ئانام تەسەۋۋۇر قىلىدىغاندىنمۇ بەك ياشىرىپ كەتتى، ئاخىر ماڭا تولۇق قايىل بولدى.

— قورۇق يوقىتىش ئوپېراتسىيىسىنىڭ ئۈنۈمى راستتىنلا ئاشۇنداق يۇقىرىمۇ؟ — سورىدى پەزىلەت ئانىسىنى يادىغا ئېلىپ.

— ھەئە، — دېدى قۇتلۇق ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا، — بۇ قىرىق بەش ياشتىن ئاشقان ئاياللارغا بەكمۇ ماس كېلىدۇ، ياشلىق گۈزەللىكىنى ساقلاپ قالالايدۇ. بۇنىڭغا يۈز تېرىسىنى ئاسراشنى بىرلەشتۈرسە، ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

— ھازىر تېلېۋىزوردا ئېلان قىلىنۋاتقان ئۇيغۇرچە نامدىكى قورۇقتىن ساقلاش، تېرە ئاسراش پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ ئۈنۈمى قانداقراق؟

— چەت ئەللەرنىڭ ئوخشاش تىپتىكى پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ سۈپىتىدىن قېلىشمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭغا ئىلغار پەن - تېخنىكا قوللىنىلغاندىن سىرت، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىكى چىراي گۈزەللەشتۈرۈشكە ئائىت سىناقتىن ئۆتكەن رېتسېپلار ئىلمىي ئۇسۇلدا بىرلەشتۈرۈلگەن. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ يۈز تېرىسىنى ئاسراش، پەرداز قىلىش، چىرايىنى گۈزەللەشتۈرۈش مەدەنىيىتى بەكمۇ قەدىمىيلىككە ئىگە. جىگدە يېلىمى بىلەن ئوسما بۇنىڭ ئەڭ جانلىق مىسالى. ئەجەب بۇلارنى سوراپ قالدىڭغۇ؟

— ئۆزۈمچە، — دېدى پەزىلەت مەقسىتىنى يوشۇرۇپ.

— خاتىرجەم بول، مەنلا بولىدىكەنمەن، سەن بىر ئۆمۈر قېرىپ كەتمەي، ياشلىق گۈزەللىكىڭنى ساقلاپ ياشايسەن. سېنى

www.uyghurkitap.com

ئەڭ گۈزەل ، ئەڭ قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇمىدەك ئاسرايمەن .

پەزىلەتنىڭ ۋۇجۇدى بەختىيارلىققا تولدى .

— رەھمەت ، — دېدى ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا .

— شۇنداق قىلىپ ، — دېدى قۇتلۇق ، — پەردەنىڭ ئىشى بىر تەرەپ بولغاندىن كېيىن ، ئاندىن ئانام سىلەرنىڭ ئۆيگە ئەلچىلىككە بارامدۇ ؟

— ئۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق . ھېچبولمىغاندا ئاچامنىڭ توي ئىشى بېكىتىلىپ بولسۇن . ئۇنىڭغىچە سەنمۇ ئاناڭغا ئوبدانراق چۈشەندۈر . كونىشەھەردىكى ھاجى خېنىملارنىڭ قىزىدىن كېلىن قىلىمەن دەپ چاتاق سالمىسۇن يەنە .

— مەن ئالمايمەن دەپ تۇرۇۋالسام نېمە قىلالايتتى . قاقشاپ - قاقشاپ رايىمغا بارماي قالمايدۇ .

— قارشىلاشماي چىرايلىق چۈشەندۈر ، بولمىسا ، مېنى يامان كۆرۈپ قالىدۇ .توي قىلماي تۇرۇپلا قېيىنانامنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قېلىشنى خالىمايمەن .

— تويدىن كېيىن سەت كۆرۈنۈپ قالساڭ مەيلىمۇ ؟

— خۇدايىم ساقلا ، — دېدى پەزىلەت ئالدىراپ - تېنەپ ، — قېيىنانامنىڭ ياخشى خىزمىتىنى قىلىپ كۆڭلىنى ئېلىۋالىمەن . بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ ، ئۇمۇ ئۆز ئانامغا ئوخشاش .

— خۇدايىم ئىشلىرىمىزنى ئاسان قىلا ، — دېدى قۇتلۇق .

— خوش ، ئەمدى مەن ماڭاي ، — دېدى پەزىلەت ، — ھېلىمۇ ئۇزاق مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ قالدۇق .

— پەردىگە مەندىن سالام ئېيت . ياردەم قىلغۇدەك ئىشلار بولسا دېگىن ، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن . دەپ قوي ، مەنمۇ پەردەنى قوللايمەن .

— ماقۇل ، رەھمەت ساڭا .

— يەنە قاچان كۆرۈشىمىز ؟

— ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولا .

— پەردە ، پەخرىدىن ، پەخرىئايلار بىلەن تونۇشۇۋالغاچ ،

ئۇلارنى بىر مېھمان قىلىۋالسام بولاتتى .
— مۇۋاپىق پۇرسەت تېپىپ خەۋەر قىلاي .

## 23

— ھە ، قانداق بولدى ؟
پەردە بوسۇغىدىن ئاتلاپ بولغۇچە ئالدىراپ - تېنەپ سورىدى زۆھرە خانىم .
— نېمىنى دەيسەن ؟
پەردە ئانىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىگەن بولۇپ سورىدى .
قىزىنىڭ بىپەرۋالىقى زۆھرە خانىمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى ، تەرى تۈرۈلدى ، كۆزى ئالايدى .
— خۇپسەنلىك قىلما . مۇراتجان بىلەن كۆرۈشكەن ئىشىڭنى سوراۋاتىمەن .
— ھەقىچان شاراپەت ئاچام تېلېفوندا دەپ بولغاندۇ .
— ئۆينىڭ تېلېفونى توختاپ قاپتۇ ، تېلېفون قىلالمىدىم . ھەممىڭنىڭ قولىدا يانفون بولغاندىكىن ، ئۆينىڭ تېلېفونى بىلەن كارىڭ يوق ھەرقايسىڭنىڭ . بىرەر ئايلىق تېلېفون ھەققىنى تۆلەپ قوياي دېيىشمەيسەن . تېلېفونىنى ئاچقۇزۇپ قويسام تېلېفون قىلىشنى خوپ بىلىشىسەن . دېگىنە ، مۇراتجان بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ ؟
— كۆرۈشتۈم .
— ساڭا يارىدىمۇ ؟
پەردە ۋىللىدە قىزاردى .
— بۇ نېمە دېگىنىڭ ، ئانا . مۇشۇنداقمۇ سوئال سورامسەن ؟
زۆھرە خانىم جىلە بولۇپ چالۋاقىدى .
— ۋاي جۇۋاينىمەك ، ئۆزۈڭ گەپ قىلىپ بەرمەيسەن ، سورىسام پۇتاق چىقىرىسەن ، ئىككى ئېغىز زۇۋان سۇرمەمسەن مۇنداق .

www.uyghurkitap.com

— كۆرۈش دېدىڭ ، كۆرۈشتۇم شۇ . ساڭا باشتا ئەسكەرتىپ قويغان ، ئابدۇساتتاردىن باشقا ھېچكىم بىلەن تونۇشمايمەن دەپ . مېنى ئاۋارە قىلغانلىقىڭ سىرتىدا ، ئۆزۈڭمۇ ئارتۇقچە ئاۋارە بولىسەن شۇ .

— مۇراتجانغىمۇ ئاشۇنداق دېدىڭمۇ ؟

— دېدىم . ئۆزۈڭ جان چىقىپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ يالغان گەپ قىلما دەيتتىڭغۇ ؟

زۆھرە خانىم ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى ، چاڭگىدە تەگكەن بىر تەستەكتىن پەردىنىڭ مەگزى يالىلىدە ئوت ئالدى ، مۇچ سۇركىگەندەك ئېچىشتى ، كۆزىدىن ۋاللىدە ئوت چاقناپ كەتتى . ئۇ مەگزىنى سىلىغىنىچە يەرگە قارىۋالدى . ھەئە ، شۇ دەقىقىدە زۆھرە خانىمنىڭمۇ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى . ئۇ بۇ چاغقىچە باللىرىنى ۋارقىراپ - جارقىراپ قورقۇتقىنى بىلەن ، ئۇرۇپ باقمىغانىدى . پەردە مەگزىنى تۇتقىنىچە ياتاق ئۆيىگە قاراپ ماڭدى .

— توختا ! نەگە بارىسەن ؟

پەردە جايىدا چېپپىدە توختىدى .

زۆھرە خانىم پەردىنىڭ كۆزىگە كىرىپلىۋالدى .

— ئېيتە ، مەن ئاناڭمۇ ئەمەسمۇ ؟

— ئانام ، — دېدى پەردە ئۆپكىدىگەن ھالدا .

— ساڭا گېپىم ئۆتەمدۇ - ئۆتمەمدۇ ؟

— ئۆتىدۇ .

— ئەمىسە ، نېمىشقا گېپىمنى ئاڭلىمايسەن ؟

— ئاڭلىدىمغۇ ئەينا .

— گېپىمنى ئاشۇنداق ئاڭلامسەن ؟ مۇراتجانغا نېمىشقا ئاشۇنداق گەپ قىلىسەن ؟ سېنىڭ نەزىرىڭدە ئاق سۈت بەرگىنىمنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى بارمۇ - يوقمۇ ؟ سەن ئۆزۈڭچە ئاشۇنداق چوڭ بولۇپ قالغان ئادەمما ؟ چوڭ بولۇۋېلىپ ئادەم بولۇۋالساڭلا ھېسابما ؟ ئۇكىلىرىڭغا باشلامچى بولماي ئىش

بۇز ۋۇۋاتقىنىنى كۆرمەمدىغان ، بەڭباش كۈچۈك .

پەردە ئانىسىنىڭ ئالدىدا ياغاچتەك قېتىپ تۇراتتى ، قولىقىغا ئانىسىنىڭ گەپلىرى كىرگەندەك قىلمايتتى . شۇ تاپتا ئابدۇساتتار قولىقىغا شىۋىرلاپ تەسەللى بېرىۋاتاتتى .

— ساڭا دەپ قوياي ، ئارتۇقچە خام خىيالدا بولما . ھېلىقى سەھرالىق بىلەن يەنە كۆرۈشكىنىڭنى بىلىپ قالىدىغان بولسام ئوشۇقۇڭنى چېقىۋېتىمەن . يا ماڭا تۇرىسەن ، يا ئۇنىڭغا ، ۋاي قىزىم ئۆز بويلۇق بولۇپ قالدى دەپ رايىڭغا باقسام دوپپامغا جىگدە سالىدىغان ئوخشايسەن . مەن قارار قىلىپ بولدۇم . مۇراتجان بىلەن توي قىلغىنىنىڭ قىلغان . ماڭە ، جۇگۇ ، كۆزۈڭنىڭ يۇندىسىنى ئېقىتماي خېمىر يۇغۇرغاچ تۇ ، مەن گۆش ئەكىرەي .

زۆھرە خانىم سومكىسىنى ئېلىپ سىرتقا ماڭدى .

ئانىسى سىرتقا چىقىپ كېتىشى ھامان پەردە راسا ئۆپكىدەپ يىغلىۋالدى ، ئاندىن ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كىيىم ئالماشتۇردى . ئۇنىڭ شۇ تاپتا كىمگىدۇر دەرد تۆككۈسى كېلىپ كەتكەنىدى . ئۇ سومكىسىدىن يانفونىنى ئېلىپ ئابدۇساتتارنىڭ نومۇرىنى باستى . ئەپسۇس ، ئابدۇساتتارنىڭ يانفونى ئېتىكلىك ئىدى .

«نېمىشقا يانفونىنى ئېتىۋالدىكىنە . تېخىچە دەرستىن چۈشمىدىمۇيا ...»

پەردە يانفونىنى بىرقانچە قېتىم باسقاندىن كېيىن ئۈمىدسىزلىنىپ تاشلاپ قويدى ، ئاشخانىغا كىرىپ داسقا ئۇن بېسىپ خېمىر يۇغۇرۇشقا كىرىشتى ، خىياللىرىنىڭ باش ـ ئاخىرى يوق ئىدى .

«مۇراتجان خېلى تۈزۈك يىگىتتەك قىلىدۇ ، ئۇنىڭدىن ياردەم سورىسام قانداق بولا؟ ناۋادا ، ئانام شاراپەت ئاچام بىلەن گېپىنى بىر قىلىۋالسا ، مۇراتجانمۇ توي قىلىشتىن ۋاز كەچمىسە ، ئۇ چاغدا مېنىڭ ئىشىم چاتاق . ئابدۇساتتارنى ھەرقانچە ياخشى كۆرسەممۇ ئۇنى دەپ ئانامدىن كېچەلمەيمەن . توققۇز ئاي ، توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ ، قاتتىق سىزىك ، ئاچچىق تولغاق يەپ ، ئاپئاق

www.uyghurkitap.com

سۆتىنى بېرىپ ، مېنى قۇرۇققا ئېلىپ ، ئۆزى ھۆلدە يېتىپ ، جاپايىمنى تارتىپ چوڭ قىلغان ئانام ئەمەسمۇ ئۇ . ئاچچىقى يامان بولغىنى بىلەن دىلى يۇمشاق ، پەقەت داغۋازلىقى ، سۆلەتۋازلىقى بار شۇ . ئانامنى قانداق قايىل قىلغىلى بولاركىن ؟ نېمانچە كاجلىق قىلىدىغاندۇ ؟ چىڭ يېرىگە كەلسە ، مۇراتجانغا ئەھۋالنى تەپسىلىي چۈشەندۈرەرمەن ، ياردەم سورارمەن . ئۆزىنى سۆيمەيدىغان قىز بىلەن توي قىلىشنى ئۇمۇ خالىماس . ئىشىنىمەن ، ئۇ چوقۇم ماڭا ياردەم قىلىدۇ . توۋا ، ئۆتەپ ـ تېشىپ ئۇنىڭغا يالۋۇرىدىغان بولۇپ قالدىممۇ ئەمدى ... »

## 24

زۆھرە خانىم پەرىدەنى ئۇرۇپ سالغىنىغا بەكمۇ پۇشايمان قىلدى . ئۇنىڭ گۆش ئەكىرىمەن دېگىنى باھانە ئىدى . ھەئە ، ئۇ تەستەك زەربىسىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قورقۇپ ، تىترەپ تۇرغان قىزىغا قاراپ تۇرىۋېرىشكە يۈرىكى چىدىمىغانىدى ، شۇڭا ئۇ گۆش ئېلىشنى باھانە قىلىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى .

«بىچارە قىزىم ، ئەجەب قولۇم تېگىپ كەتتى ، ساڭا . بالامنىڭ چوڭى ، قولۇمغا يېقىنى ، كۆزۈمنىڭ قارىچۇقى ئىدىڭغۇ ، قىزىم . كىچىك ۋاقتىڭدا شۇنچە خەقىنشلىك قىلساڭ ، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىڭدا شۇنچە كەپسىزلىك قىلساڭ ئۇرماي ، ئەمدى ئۆز بويلۇق بولۇپ قالغىنىڭدا ئۇرۇپ سالدىمغۇ سېنى . مەندىن رەنجىگەنسەنمۇ ؟ ماڭا ئۆچ بولۇپ قالغانسەنمۇ ، قىزىم . مېنى كەچۈرگىن قىزىم ، ئۆزۈم ئىتتىكلىك قىلدىم . ھەرقانچە گۇناھىڭ بولسىمۇ ئۇرماسلىقىم كېرەك ئىدى . نېمانچە تارتىشىدىغانسەن ، ئۇ سەھرالىققا . راست ، سەھرانىڭ موللىسى يامان دەۋاتقان ، ئوقۇتۇۋالغانىمدۇ ئاشۇ ياۋاش قىزىمنى . بىرنېمە دەپ بولغىلى بولمايدۇ . تۇزۇكرەك موللا تېپىپ ئوقۇتۇپ باقايمىكىن . ھەئە ، دۇئاغا دۇئا ئارقىلىق تاقابىل تۇرغان تۈزۈك . سەھرا موللىسىنىڭ

دۇئاسىنى ياندۇرۇۋېتەي . ئاشۇنداق دۇئا ئوقۇيالايدىغان موللىنى نەدىن تاپقىلى بولا ؟ گۇلسۇم بىلەن كۆرۈشۈپ باقايمۇيا ؟ ئۇنىڭ موللا بىلەن ھەپىلىشىدىغان خۇيى بار ئىدى . دېسەم بولامۇ ؟ نېمە دەپ قالا ؟ چايدىكى خوتۇنلارغا يېيىشۋېتەمۇيا ؟ توختا ، پەم بىلەن ئاسماقچىلاپ سوراپ بىلىۋالمايمەنمۇ ؟ موللىنى ئۆزۈم ئىــزدەپ بارساممۇ بولىۋېرىدىغۇ ؟ موللىمۇ پۇلغا دۇئا ئوقۇيدۇ شۇ . قىزىمنى ئاشۇ سەھرالىقتىن سوۋۇتۇۋالسام ياخشى بولاتتى ... »

— ھۇيت ، خان ، تاغدەك غەمنى يۇدۇپ نەگە ؟

زۆھرە خانىم خىيالدىن بېشىنى كۆتۈردى ، ئالدىدا گۇلسۇم قاراپ تۇراتتى .

«توۋا ، راستتىنلا زامان ئاخىر بولدىمۇ نېمە . كىمنى خىيال قىلسا شۇ پەيدا بوپتۇ دەپ ، ما ئاداشنىڭ ئالدىمغا پەيدا بولۇپ قالغىنىنى . ئىشلىرىم ئوڭغا تارتامدۇ نېمە ... »

گۇلسۇم خانىم زۆھرە خانىمنىڭ ھاڭۋېقىپ تۇرغىنىنــــى كۆرۈپ ئەجەبلەندى .

— ئېسىڭ جايىدىمۇ ، خېنىم ، ئادەمگە نېمانچە چەكچىيىپ قارايسەن ؟

زۆھرە خانىم دەرھال خىيالىنى يىغىشتۇردى .

— گۆش ئالغىلى چىققان ، ئاداش .

— توۋا ، نېمە بولدى ساڭا ، ھاماڭ دېسەم ، خامان باقتىم دەپ جاۋاب بېرىۋاتىسەنا . ئېلىشىپ قالمىغانسەن . كېلە ، ئاۋۋال بىر كۆرۈشۈۋېتەيلى .

ئىككى ئايال قۇچاقلىشـــىپ تۇرۇپ مەڭزىنـــى مەڭزىگە يېقىشتى .

— ئـەجـەب غەم بېسىۋالـغاندەك كـۆرۈنـدۇغۇ ، ئاداش سېنى ، — دېدى گۇلسۇم خانىم ، — بىرەر خاپىلىق تارتىپ قالمىغانسەن ؟

— خـاپىلىق دېگـەن قـەدەمـدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىكەن ، ئاداش ، — دېدى زۆھرە خانىم مۇجمەللا جاۋاب بېرىپ ، — ھە ،

ئۆزۈك نەگە ماڭغانتىڭ ؟

— ئالتۇن خانىمنىڭ دۇكىنىغا ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللارنىڭ كىيىملىرىنى ئېلىپ كەپتۇ دەپ ئاڭلىۋىدىم . كۆرۈپ باقاي دەپ مېڭىشىم . جۆرە ، كۆرۈپ كېلەيلى .

كىيىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ زۆھرە خانىمنىڭ ئۆتتەك بارغۇسى كەلدى ،لېكىن يانچۇقىدا تۈزۈك پۇل يوقلۇقىنى ئويلاپ تىرەجىدى .

— بولدى ، سەن بېرىپ كەل ، پەرىدە تاماققا تەييارلىق قىلىپ قالغان ،گۆش ئېلىپ بارمىسام قازان ئاسالمايدۇ .

— بىرەر ۋاخ گۆشسىز غىزالانغانغا ھېچنېمە بولمايدۇ ، — دېدى گۈلسۇم خانىم ، — گۆشسىز غىزالىنىش سالامەتلىككە پايدىلىق دېيىشىۋاتىدۇ . جۆرە ، بىللە بارايلى . ئاڭلىشىمچە ، ئۇ كىيىملەر ئۇرۇمچىدە بەك مودا بوپتۇمىش .

زۆھرە خانىم ئارتۇقچە تىكلەشمەي گۈلسۇم خانىمغا ئەگەشتى . «بارسام باراي ، كۆرۈپ باقامدىم . ئۇرۇمچىدە مودا بولغان كىيىمنى مېنىڭمۇ كىيگۈچىلىكىم بار . ھە راست ، باھانىدە موللىنىڭ ئىشىنى سۈرۈشتە قىلىۋالارمەن ...»

— سېنىڭ دۇئا ئوقۇيدىغان موللا بىلەن تونۇشلۇقۇڭ بارمۇ ؟

— قانداق دەيسەن ، ئېرىڭ تالاغا قاراپ قالمىغاندۇ ؟

— ياقەي ، نەدىكى گەپنى قىلمىغىنا .

— راستتىنلا شۇنداق بولۇپ قالسا ، يوشۇرما ، ئاداش . موللىنىڭ تازا يامىنى بىلەن تونۇشلۇقۇم بار . ئۆتكەندە بىزنىڭ ئادەمنىڭمۇ سەل بېشى قېيىپ قالغاندەك بولدى دېگىنە ، سۈرۈشتۈرمىسەم ئۇدا ئۈچ ئاي ئۆيگە مائاشنى ئەكىرمىدى . ھەپتە ئارىلاپ تەڭ كېچىلەردە مەست كېلىدۇ . ئاغزى ھاراق ، كىيىملىرى ئەتىر پۇرايدۇ . قىرىغاندا قېرى تاتۇق ، قىلىقلىرى ئاندىن ئاتۇق دەپ ، بۇزۇلۇپتۇ ئۇ بېشىنى يەيدىغان . ئارقا كوچىلارغا جايلاشقان قىزىل مىلەڭزىلىك ئۆيلەردىكى قاۋاقلاردا قۇشقاچتەك جالاپلار بىلەن ھاراق ئىچىشىدىكەن دەپ چېتى - پىتىڭ

ئاڭلاپ قالدىم. چىرايلىقچە گەپ قىلىپ باقتىم، يالۋۇرۇپ باقتىم، باللارنىڭ، كۈيئوغۇل، كېلىنلەرنىڭ، نەۋرىلەرنىڭ ئالدىدا نومۇس قىلسىلا دەپمۇ باقتىم. ھەلا دەيدۇ، يەنە ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەيدۇ. ئاجرىشىمەن دەپ داۋراڭ سېلىپ باقسام، غەم تارتىدىغاندەك ئەمەس. خەپ توختا ئوغرى دەپ، كونىشەھەردىكى مەتقاسىم قارىمنىڭ قېشىغا بېرىپ ھەممە گەپنى دېسەم، بىر كىلو ناۋاتقا يەتتە چارشەنبە دۇئا ئوقۇپ بەردى. بىر قوچقار قان قىلمىساق دۇئانىڭ تەسىرى بولمايدۇ، دەيدۇ. ئالدىغا 500 كوي قويدۇم. ناۋاتنى ئېلىپ كېلىپ ھەر كۈنى ئاز ـ ئازدىن چاي دەملەپ بەردىم. ناۋاتنى تولۇق ئىچىپ بولغاندا ئۆزلۈكىدىن ئوڭشىلىپ قالدى قاراڭلا. مائاشىنى ئېلىپلا قولۇمغا تولۇق تاپشۇرىدۇ. كېچە ـ كېچىلەپ قاۋاقلاردا ھاراق ئىچىدىغان ئىشتىنمۇ قالدى. ۋاي خوتۇن، خاپا بولماڭلا، دىلىڭلىغا ئازار بېرىپ قويدۇم، سىلىمۇ يوق گەپنى دەپ مەن بىلەن ئۇرۇشتۇڭلا، بۇرۇنقىدەك چىرايلىق ئۆتەيلى، باللارنىڭ ئالدىدا سەت تۇرىدىكەن. مەن ئۇ يەرگە ئانچە ـ مۇنچە دۇتار ئاڭلاي دەپ بارغان. ئاڭلىسام، مەن توغرۇلۇق ئۆسەك گەپ تارقاپ قاپتۇ، نومۇس قىلدىم، ئەمدى ھەرگىز بارمايمەن دەپ، تۇۋۋا قىلدى. مەتقاسىم قارىمنىڭ ئاچقان پالىمۇ بەك توغرا چىقىدۇ. باراي دېسەڭ، بىر كۈنى باشلاپ ئاپىرىمەن.

— مەيلى، بىر كۈنى چولاڭ تەگكەندە بىللە بارايلى، — دېدى زۆھرە خانىم، — بالىلىرىمنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا پال ئاچقۇزۇپ باقاي دەيمەن.

ئۇلار پاراڭلاشقاچ سودا بازىرىغا يېتىپ كەلدى. دۇكان خۇددى باغاق تارقاتقاندەك ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. 40 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان خام سېمىز دۇكاندار ئايال ھەدەپ مېلىنى داڭلاۋاتاتتى. ئاياللار كىيىملەرنى كىيىپ ئەينەك ئالدىدا سىناۋاتاتتى.

— ھۆي گۈلسۈم ئاچا، تېچ تۇرلىمۇ، — دېدى دۇكاندار

چوكان گۈلسۈم خانىمنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئاندىن قۇچاقلىشىپ، مەڭزىنى يېقىشىپ كۆرۈشتى.

— قېنى ماڭا ئېلىپ قويغان كىيىم؟ — دېدى گۈلسۈم خانىم.

— مانا بۇ يەردە، — دېدى چوكان مال جاھازىسىنىڭ ئاستىدىكى ئىشكاپتىن بىر كۆڭلەكنى ئېلىپ تۇرۇپ، — سىلىنى ئوچۇق رەڭگە ئامراق دەپ، شاپتۇل چېچىكى رەڭگىنى ئېلىپ قويدۇم. مۇشۇ رەڭلىكتىن پەقەت بىرسىلا قالدى. كىيىپ سىناپ باقامىلا؟

گۈلسۈم خانىم كۆڭلەكنى ئېلىپ بۇلۇڭدىكى كىيىم سىناش ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

— ياراشتىمۇ؟ — دېدى ئۇ كۆڭلەكنى كىيىپ چىقىپ زۆھرە خانىمغا قاراپ.

كۆڭلەك گۈلسۈم خانىمغا ھەقىقەتەن ياراشقانىدى. ياقا، كۆكرىكىگە يارىشىملىق رېشىلىيە ئىشلەنگەن كۆڭلەكنىڭ پاسونىمۇ ئالاھىدە ئىدى، رەختىمۇ خېلىلا ئېسىل كۆرۈنەتتى.

— ياراشتى، — دېدى زۆھرە خانىم، — خۇددى ساڭا ئۆلچەپ تىككەندەكلا كەلدى.

— سەنمۇ بىرنى ئالغىن، ئاداش، ئوخشاش كىيەيلى، — دېدى گۈلسۈم خانىم ۋە زۆھرە خانىمنىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىنلا دۇكاندار چوكاندىن سورىدى، — مۇشۇ رەڭدىن يەنە بىرەر تال چىقامدۇ؟

— يەنە بىر تال بار، لېكىن باشقىلار رەنە بېرىپ قويغان، — دېدى، بايا پەقەت بىر تاللا قالدى دېگەن چوكان ۋە دەرھال ئېڭىشىپ بايىقى ئىشكاپتىن يەنە بىر كۆڭلەكنى ئالدى.

— كىيىپ سىناپ باقە، ئاداش، — دېدى گۈلسۈم خانىم.

— باھاسى قانچە پۇل؟ — دېدى زۆھرە خانىم كۆڭلەكنى قولىغا ئېلىۋېتىپ.

— ئاۋۋال كىيىپ سىناپ باقسىلا، مال يارىسا، باھاسىدا

كېلىشىپ قالىمىز .

— شۇنداق قىل ، ئاۋۋال سىناپ باق ، — دېدى گۈلسۈم خانىم .

زۆھرە خانىم كىيىم سىناش ئۆيىگە كىرىپ كۆڭلەكنى كېيىپ چىقتى ـ دە ، تىكلىمە ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— پاھ ، ئەجەب ياراشتى ، — دېدى گۈلسۈم خانىم ۋە دۇكاندار چوكاندىن سورىدى ، — ماڭىمۇ مۇشۇنداق ياراشتىمۇ ، سىڭلىم ؟

— ياراشتى ، ئىككىلىرىنىڭ كۆڭلىكىكەن بۇ .

دۇكاندىكى باشقا ئاياللارمۇ ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدىكى كۆڭلەككە ھەۋەس بىلەن قاراشتى .

— بولدى ، مەن ئالدىم ، — دېدى گۈلسۈم خانىم كىيىم سىناش ئۆيىگە كىرىپ كۆڭلەكنى سېلىۋېتىپ چىققاندىن كېيىن ، — سەنمۇ ئالغىن ، ئاداش ، بىر جۈپ كىيەيلى .

— پۇلى نەچچىكەن ؟ — سورىدى زۆھرە خانىم يەنە .

— ئەسلىدە بۇ كىيىمنى ئۈرۈمچىدىكى بىر كىيىم ـ كېچەك كارخانىسى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپ چىقىرىپتىكەن ، مال ئالغىلى بېرىپ دەل ئۇلگۈرۈپ قاپتىمەن ، توختاملىشىپ شەھىرىمىزدىكى ۋاكالەتچى بولدۇم . بۇنىڭدىن كېيىن ماركا ئېسىپ تۈركۈملەپ ئىشلەپ چىقارماقچى . رەختىنى ئىتالىيىدىن كەلتۈرۈپتۇ . ماركا ئاسسا ، باھاسى تېخىمۇ ئۆرلەيدۇ . ئاۋۋال بازارغا سېلىپ باقاي دەپ ئەرزانراق ئەكەلدىم . راست گەپنى قىلسام ، گۈلسۈم ئاچام مېنىڭ چۆپقىتىم . شۇڭا سىلەرگە ئەسلى باھاسىدا بېرەي . 480 كويدىن ئېلىپ كەلگەن ، باشقىلارغا 680 كويدىن سىنت كەم قىلماي ساتتىم .

كۆڭلەكنىڭ باھاسىنى ئاڭلاپ زۆھرە خانىم بىر ئاز يالتىيىپ قالدى .

— ئەرزانراق بېرەرسىز ، سىڭلىم .

— راست گەپنى قىلىۋاتىمەن ، — دېدى چوكان تاش

چىشلەپ، — گۈلسۈم ھەدەمدىن باشقىلارغا ھەرگىزمۇ ئىز باھاسىدا ساتمايمەن. ئىككىڭلا بىر ئۈچ كىيەيلى دېيىشىپ قالدىڭلا. ئالاي دېسىلە باھاسى شۇ، بولمىسا مېنى خىجىل قىلمىسىلا. ئەسلىدىمۇ ئالىدىغان خېرىدارى بار مال بۇ.

— بولدىلا، ئالايلى، — دېدى گۈلسۈم خانىم، — ئالتۇنگۈل راست دەيدۇ، ئاداش. ئالدىمىزدىكى چايغا كىيىپ بارايلى. مەڭ بۇ پۇلنى سانىۋېلىڭ.

گۈلسۈم خانىم سومكىسىدىن پۇل ئېلىپ دۇكاندار چوكانغا تەڭلىدى. شۇ تاپتا زۆھرە خانىمنىڭ يېنىدا ئۇنچىلىك پۇل يوق ئىدى. كۆڭلەكنى ئالماي دېسە، گۈلسۈمنىڭ ئالدىدا شۇنچىلىك نەرسىنى ئېلىشقا كۈچى يەتمەيدىغاندەك، خۇددى گۈلسۈم بىلەن تەڭ تۇرالمايدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى.

«بوپتۇ ئالاي، گۈلسۈم كىيگەننى مەن كىيمىسەم سەت تۇرا. ئۇنىڭدىن نەرىم كەمتى مېنىڭ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇرۇمچىدە مودا بوپتۇمىش. ھەپتە - ئون كۈندە بۇ شەھەردىكى خوتۇنلار كىيگىلى تۇرسا كىيگۈم كېلىپ قالمىسۇن، ھامىنى كىيگەندىكىن، خەق كىيمەستە كىيىۋالاي. ئاۋۇ ئادەم غۇتۇلداپ قالسا، بىرنېمىلەرنى دەپ چۈشەندۈرەرمەن. ھەي ... ئۇششۇق - ئارتۇق بىر سودا بولدى - دە، بۇ»

— يېنىمغا جىقراق پۇل سالماي چىقىپتىمەن. كۆڭلەك تۇرۇپ تۇرسۇن، پۇلنى ئەكېلىپ بېرىپ ئاندىن ئەكېتەي، — دېدى زۆھرە خانىم.

— ۋيەي، ئەكېتىۋەرسىلە، — دېدى دۇكاندار چوكان، — چۆپقەت بولۇپ قالدۇق مانا، پۇلنى چولىلىرى تەگكەندە ئەكېلىپ بېرەلا.

— شۇنداق قىل، ئاداش، — دېدى گۈلسۈم خانىممۇ، — پۇلنى قاچان ئەكېلىپ بەرسەڭ بولىۋېرىدۇ. چولاڭ تەگمىسە، بالىلاردىن بىرەرىنى بۇيرۇمامسەن.

— بوپتۇ، ئەمىسە، — دېدى زۆھرە خانىم يالتىراق خالتىغا

سىلىنغان كۆڭلەكنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ .
«ئــەلگەككە چىقىپ ئەرگە تەگكەندەك تــازىمۇ بىر ئىــش بولدى ـ دە ، گۈلسۈمنىڭ گېپىــدىن قارىغاندا ، پەرىدەگە دۇئا ئوقۇتۇشقىمۇ 500 كويدەك پۇل كېتىدىغان ئوخشايدۇ . راست ، دۇئاسى پايدا قىلارمۇ ، ئۇ موللىنىڭ ... پايدا قىلىــپ قالار ، ئىلاھىم . بۇ كۆڭلەكنى بەك قىممەت ئېلىپ قالدىممۇ قانداق . رەختىمۇ خېلى ئېسىلدەك قىلىدۇ . بــولدىلا ، دوست ـ دۈشمەنىنىڭ ئــالدىدا كىيىپ قويايچۇ ... »

## 25

پەخرىدىن بىلەن پەزىلەت ئىشتىن چۈشۈپ ئۇدۇللا ئۆيىگە كەلگەنىدى . ئۇلار ئاچىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ تەڭلا سوراشتى .
— نېمە بولدى ، يىغلىدىڭمۇ ؟ قاپاقلىرىڭ ئىششىپ كېتىپتۇ .
— ھېچ ئىش بولمىدى ، — دېدى پەرىدە ئۆزىنى كۈلكىگە زورلاپ .
— نــېمە ئىش بولــدى ، دېگىــنە ، ئادەمنى تىت ـ تىت قىلماي ، — دېدى پەخرىدىن كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا .
— ھېلىقى ئۇچرىشىشتىن چاتاق چىقتىــمۇ ؟ — سورىدى پەزىلەت .
— يــاق ، ئــۇچــرىشىشــتىن چاتــاق چىقمىدى ، — دېدى پەرىدە ، — خېلى ئاق كۆڭۈل ، غۇرۇرلۇق يىگىتكەن .
— نېمە ، بىر كۆرۈپلا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالمىغانسەن ، — دېدى پەخرىدىن ئاچىسى بىلەن چېقىشىپ ، — ئابدۇساتتار بىلەن ئاكا ـ ئىنى بولۇشۇپ بولدۇق جۇمۇ بىز ، ئەمدى يېنىۋالىدىغان بولساڭ سەت تۇرىدۇ .
— ئەدىكى گەپنى قىلىــدۇ ماۋۇ شۇم ، — دېدى پەرىدە تېرىكىپ ، — باكا بىر تەستەك سالىمەن .
— قىلغان گېپىڭنىڭ ئېغى بىلەن بېغىنى بىلگىلى بولمىسا ،

ئاشۇنداق چۈشەنمەي ئەمىسە ، — دېدى پەرزىلەت ، — مەنمۇ سىېنى ئابدۇساتتارغا يۈز كېلەلمەي يىغلاپ ئولتۇرغان ئوخشايدۇ ، دېدىم .

— تولا مېنى تېرىكتۇرۇشمە ، مەن ئۇنداق ئوچمە كۆڭۈل ئەمەس .

— ھە ، مۇنداق دېگىنە ، — دېدى پەخرىدىن كۈلۈپ ، — نېمىشقا يىغلىدىڭ ئەمىسە ؟ — سورىدى پەرزىلەت .

— ئانام ئۆردى ، — دېدى پەرىدە ۋىلىققىدە كۈلۈپ .

— ئانام ئۆردى ؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى پەرزىلەت ، — ئەمىسە كۈلۈۋاتىسەنغۇ ؟

— ئانامنىڭ ئاران تەستە پىلانلىغان ئۇچرىشىشىنى بۇزۇپسەن - دە ، — دېدى پەخرىدىن ئەھۋالنى چۈشىنىپ ، — شۇنداقتىمۇ سىېنى ئۇرۇپ ياخشى قىلماپتۇ .

— بەك قاتتىق ئۇردىمۇ ؟

— ياق ، بىر تەستەك سالدى .

— ھەيي… ، ما ئانامنىڭ قىلغان قىلىقىنى ، يۈزۈڭ ئاغرىپ كەتكەندۇ ؟

— دەسلەپ ئاغرىغان ، بىردەمدىن كېيىن ئاغرىمىدى .

— ھېچقىسى يوق ، ئاچا ، — دېدى پەخرىدىن كۈلۈپ ، — ئەمدى ئابدۇساتتار ئاكامغا ھېلىقى ناخشىنى ئېيتىپ بەرسەڭ بولغۇدەك .

— قايسى ناخشىنى دەيسەن ؟ — سورىدى پەرزىلەت قىزىقىپ .

— ھېلىقى ناخشچۇ ، ئاڭلاپ تۇر ، ھە .

پەخرىدىن گېلىنى ياساپ ، قولىدىن قاس چىقارغىنىچە ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى :

سەن يار ئۈچۈن تاياق يېدىم ،
بىر مىڭ ئالتە يۈز .
يەنە يېسەم شۇنچە يەرمەن ،
جانىم قارا كۆز .
…………

— تىلىڭىغا قوقاق چىقا ، ئىلاھىم ، — پەرىدە شۇنداق دېگىنىچە ئىنىسىنى ئۇرۇشقا تەمشەلدى .
— ئاچچىقىڭغا ھاي بە ، ئاچا ، — دېدى پەخرىدىن ئۆزىنى ئاچىسىدىن قاچۇرۇپ .
پەزىلەت قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .
— ئەجەب قىزىق ئويۇن بولدى بۇ ، قىزلار ئۇچۇن تاياق يېگەن ئوغۇللارنىڭ ئوقۇيدىغان ناخشىسىدى بۇ . توۋا ، ماۋۇ جاھاننىڭ تەتۈرلۈكىنى ، راست ، بۇ ناخشىنى ئابدۇساتتارغا ئېيتىپ بەسەڭ بولغۇدەك .
— ھە ، سەنمۇ زاڭلىق قىل ، — دېدى پەرىدە تېرىكىپ ، — خەپ ، سېنىمۇ كۆرىمىز تېخى . ئانامىلا بولىدىكەن ، سەنمۇ مەندىن ئاشۇرۇۋېراق تاياق يەپ قالاسەنمىكىن . تاڭ كۆمەك تاڭدا يېتەر ، ئالدىرىماڭ سىزگىمۇ كېلەر ، دەپتىكەن .
— رەنجىمىگىن ، چېقىشىپ دەپ قويىدۇم ، — دېدى پەزىلەت ، — ھېلىقى يىگىتكە ئابدۇساتتارنىڭ گېپىنى قىلغان ئوخشىمامسەن ؟
— ھەئە ، — دېدى پەرىدە قاپىقىنى تۈرۈپ .
— قانداق دېيەلىگەنسەن ، — دېدى پەزىلەت ھەيران بولۇپ ، — ئادەتتە مىس - مىس كۆرۈنگىنىڭ بىلەن خېلى غەيرەتلىك جۇمۇ سەن . ھە ، ئۇ يىگىت نېمە دېدى ؟
پەرىدە گەپ قىلىشقا ئاغزىنى ئۆمەللەپ بولۇپ ، پەخرىدىننىڭ شۇنداقلا قاراپ گېپىنى يۇتۇۋەتتى .
— ئاخشاملىققا ئايرىم دەپ بېرەي .
— مەن ئاڭلاپ قالسام بولمامدىكەن ، — دېدى پەخرىدىن .
— سەن ئاڭلىمىساڭمۇ بولا ، — دېدى پەرىدە ۋە گەپنى باشقا تېمىغا بۇرىدى ، — گۈلناز بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ ؟ ئەلچىلەرنىڭ ئەتە كېلىدىغىنى ئېنىقمىكەن .
— ئەتە ئەلچىلەرنىڭ كېلىدىغىنى ئېنىق بوپتۇ . سائەت ئون ئىككىگە ئۈلگۈرۈپ كەلگۈدەك ، سىلەرنى كېچىككەندە سائەت بىرگە

www.uyghurkitap.com

ئۇلگۇرۇپ كېلىپ بولسۇن ، دەيدۇ . مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە بارايمىكىن دەيمەن .

— سەن بېرىپ نېمە قىلىسەن ؟ — سورىدى پەرىدە تۇغرا تاپماي .

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ، ئىشقىلىپ بارغىنىم تۇزۇكمىكىن دەيمەن .

— قېيناناڭدىن راسا بىر تىل ئىشتىۋالاي دەپسەن - دە ، — دېدى پەزىلەت كۈلۈپ ، — يۈزى قىلىنىنىڭ گېپىنى كۆرۈڭ .

— سەن بارساڭ ئىشنى بۇزۇپ قويىسەن ، — دېدى پەرىدە ئەستايىدىللىق بىلەن ، — نەدىمۇ كۈيئوغۇل بولغۇچى ئەلچى ئەۋەتمەي تۇرۇپ قېينانىسىنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان قائىدە بار . گۈلنازنىڭ ئانىسى قىزىمنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزى كەپتۇ دەپ چۈشەنسىغۇ مەيلى ، ئۇنداق بولماي ، سېنى قائىدە بىلمەيدىكەن ، لۈكچەككەن دەپ چۈشىنىپ قالسا ، بۇ ئىش تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ . ئەڭ ياخشىسى ، خەۋىرىمىزنى كۈت . ئەسلىدە بىزنىڭ ئەلچىلىككە بېرىشىمىزمۇ قائىدىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ . ھېچبولمىغاندا ئانام بىلەن دادامدىن بىرەرى بىللە بارغان بولسا ، بەك ياخشى بولاتتى .

— گۈلنازنىڭ ئانىسى بىزگە پەرۋا قىلماسلىقىمۇ مۇمكىن ، — دېدى پەزىلەت .

— بۇ قاچىدىكى ئاشتەكلا گەپ ، — دېدى پەرىدە ، — نېمىلا بولسۇن ، قىزنىڭ پەخرىدىنىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ، ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىگە مەيلى بارلىقىنى بىلىپ قالسۇن .

— بۇ ئىشنى ھېلىقى ئەلچىلەرگىمۇ بىلدۈرۈپ قويارمىز ھەقچان .

— بىلدۈرىمىز ، بىلدۈرمەي بولمايدۇ .

— قانداق بىلدۈرىمىز ؟

— ۋاقتى كەلگەندە بىر ئامالىنى قىلارمىز .

— بىر ئامالىنى قىلارمىز دەيسەنغۇ ، ئاچا ، — دېدى

پەخرىدىن تېرىكىپ ، — چوقۇم شۇنداق قىلىشىڭ كېرەك . گۈلنازنىڭ ئانىسى سىلەرنىڭ ئەلچىلىكىڭلارنى ئېتىراپ قىلمىسا مەيلى ، مۇھىمى ھېلىقى ئەلچىلەرنىڭ ئىشى . ئۇلار گۈلنازنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ، مەندىن باشقا ھېچكىم بىلەن توي قىلمايدىغانلىقىنى چوقۇم بىلىپ قالسۇن .

— قالغان گەپنى كەچتە دېيىشەيلى ، — دېدى پەرىدە ، — ھېلى ئانام كېلىپ تاماق پىشماپتۇ دەپ سۆزلەپ كەتمىسۇن يەنە . پەزىلەت ، سەن كۆكتات ئاقلا .

پەزىلەت توڭلاتقۇدىن كۆكتات ئالغاچ سورىدى .

— ئانام نەگە كەتتى ؟

— مېنى ئۇرۇپ - تىللاپ بولۇپ گۆش ئەكىرىمەن دەپ چىقىپ كەتكەن .

— توڭلاتقۇدا گۆش بار ئىكەنغۇ ئەينا .

— ۋايناڭەي ، ئىشقىلىپ شۇنداق دەپ چىقىپ كەتكەن .

— ئانامنىڭ سېنى ئۇرغان ئىشىنى دادامغا دەمدۇقيا ؟ — سورىدى پەزىلەت .

— ھېلىمۇ ياخشى سوتقا ئەرز قىلايلى دېمىدىڭ ، — دېدى پەرىدە كۈلۈپ ، — چېقىشتۇرساق دادام نېمە قىلىپ بېرەتتى . ئانا بولغاندىكىن بىرەر - ئىككى تەستەك ئۇرسا نېمە بوپتۇ . سەن بىلمەيسەن ، ئانامنىڭ بەكلا ئاچچىقى كېلىپ كەتتى .

— ئانام بۇرۇن ئۇنداق ئەمەستى ، يېقىندىن بېرى ئادەمگە قىرىچە - يىنچە تېگىدىغان بولۇپ قالدىغۇتاڭ ، — دېدى پەزىلەت .

— ئەمىسە شۇنداق بولماي ، — دېدى پەخرىدىن ، — ھېچقايسىڭلار ئانامنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىساڭلار ، بىرىڭلار سەھىرالىق مۇئەللىمنى تېپىۋالىدىڭلار ، بىرىڭلار ساتىراشقا تېگىمەن دەپ تۇرىسىلە . ئاشۇنداق بولغاندىكىن ، ئەلۋەتتە ئاچچىقى كېلىدۇ - دە .

— يەنە ئاشۇنداق كاسىلدايدىغان بولساڭ ، ئەتە ئەلچىلىككە بارمايمىز جۇمۇ ، — دېدى پەرىدە تېرىكىپ ، — نېمە دېگىنىڭ ئۇ

سەھەرلىق ، ساتىراش دېگەن .

— بولىدىلا ، مەن ئەتە بارمايمەن ، — دېدى پەزىلەت دومسىيىپ .

— بارمىساڭلار مەيلى ، — دېدى پەخىرىدىنمۇ بوش كەلمەي ، — ئۇنداق بولسا ، مەنمۇ ئابدۇساتتار بىلەن بولغان ئاغىنىدارچىلىقنى بولدى قىلاي ئەمىسە .

— خەپ سېنى ، — دېدى پەرىدە كۈلۈپ ، — يامان يەردىن تۇتۇۋالدىڭ ـ دە .

— مېنىڭ تىل قىسىنچىلىقىم يوق ، — دېدى پەزىلەت ، — مەن بارمايمەن .

— ئۇنداق ئالدىراپ قۇشقۇنغا ئولتۇرۇۋالما ، پەزىلەت ئاچا ، — دېدى پەخرىدىن كۈلۈپ ، — ۋاقتى كەلگەندە يالۋۇرۇپ قالارسەنمىكىن .

— ساڭا ھاجىتىم چۈشمەيدۇ .

— بولدى قىلە ، كىچىك بالىدەك خۇيلانماي ، — دېدى پەرىدە سىڭلىسىنى جېمىلەپ ، — پەخرىدىن ، سەن توغرا قىلمىدىڭ ، دەرھال ئەپۇ سورا .

— خاپا بولمىغىن ، ئاچا ، — دېدى پەخرىدىن ، — قەستەن دېمىدىم ، چاقچاق قىلغانىدىم . مېنى كەچۈرگىن .

پەزىلەت «ھىم» قىلىپ دىمىغىنى قاقتى .

پەخرىدىن يەنە يالۋۇردى .

— ناماقۇل بولدۇمغۇ ، مانا . بىر كۈلۈۋېتە ئاچا ، ئىككىنچى ئۇنداق دېمەيمەن .

— بوپتۇ ، پەرىدە ئاچامنىڭ يۈزىدىن سېنى كەچۈرۈۋېتەي ، — دېدى پەزىلەت قاپىقىنى تۈرۈپ ، — يەنە شۇنداق دەيدىغان بولساڭ ، مەندىن ياخشىلىق كۆرىمەن دەپ خام خىيال قىلما ، تايىقىڭنى يەپ قالىسەن .

— بىلىمەن . ئاچام بولغاندىكىن ئەلۋەتتە ئۇرالايسەن مېنى . كىچىك ۋاقتىمدىمۇ ئۇرۇپ ، ئويۇنچۇقلىرىمنى تارتىۋېلىپ ئوبدانلا

بوزەك ئېتەتتىڭ .
پەزىلەت ۋىلىقلاپ كۈلۈۋەتتى .
— ئاڭلىدىڭمۇ ، ئاچا ، ماۋۇ ئۈششۈقنىڭ گېپىنى ، نەدىكى كونا خامانىنى سورۇپ .
— كىچىك ۋاقتىمدا ئۇرغىنىڭ يالغانمىتى ئەمىسە ، — دېدى پەخرىدىن تېخىمۇ ئەرزۈەيلەپ .
— مېنىڭ ھېچ يادىمدا يوق .
— سېنىڭ يادىڭدا بولمىسا ، پەرىدە ئاچامنىڭ يادىدا بار . بىر قېتىم مېنى ئۇرغان ۋاقتىڭدا ، پەرىدە ئاچام ماڭا بولۇشۇپ سېنى ئىككى تەستەك سالغان .
— راست شۇنداق ئىش بولغانمۇ ؟ — سورىدى پەزىلەت پەرىدەگە قاراپ ، — مۇشۇنىڭغا بولۇشۇپ مېنى ئۇرغانمىتىڭ ؟
— ۋاي خۇدايىمەي نېمە بالاغا قالدىم ئەمدى ، — دېدى پەرىدە جىلە بولۇپ ۋە پەخرىدىنگە قاراپ ئاچچىقلاندى ، — نەدىكى گەپنى قىلىپ ئادەمنى ئىلەشتۈرمىگىنە .
— ھە ، راست ، — دېدى پەخرىدىن بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك بولۇپ ، — پەخرىئاي بىلەن قەلەم تالىشىپ قېلىپ مۇنداقلا ئىتتىرىۋەتكىنىمگە ، پەخرىئاي ئۇششۇقلۇق قىلىپ يىغلىسا ، سىڭلىڭنى بوزەك ئەتتىڭ دەپ سەنمۇ مېنى ئۇرغان .
— پەرىدە ئاچام ئۇرغان بولسا ، خوپ بولاپتىكەن تازا ، — دېدى پەزىلەت كۈلۈپ ، — ئەجەب دەردىم چىقتى . كىچىك ۋاقتىڭدا تازا ئۇرۇۋالسام بوپتىكەن .
— ھازىر ئۇرۇۋالساڭمۇ كېچىكمەيسەن .
— سەن توپاققا ھازىر كۈچۈم يېتەمدۇ ، مېنىڭ ، — دېدى پەزىلەت .
ئۈچ قېرىنداش ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشتى .
شۇ ئەسنادا ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقى بېسىلدى . پەخرىدىن يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى . قادىر ئەپەندى ئىشتىن چۈشۈپ قايتىپ كەلگەنىدى . پەخرىدىن دادىسىنىڭ چاپىنىنى بىلەن

www.uyghurkitap.com

دوپپىسىنى ئېلىپ كىيىم ئاسقۇچقا ئاستى .

— ئاناڭلار تېخى قايتىپ كەلمىگەن ئوخشىمامدۇ؟ — سورىدى قادىر ئەپەندى ئۆي ئىچىگە قاراپ .

— گۆش ئالغىلى چىقىپ كەتكەن ، — دېدى پەرىدە ، — ھايال قالدىغۇ تاڭ .

— تاماق پىشمىدىمۇ ، قىزىم ؟

— ھازىر تەييار بولىدۇ ، دادا .

— پەخرىدىن دادامغا چاي قۇيۇپ بېرە ، — دېدى پەرىدە .

قادىر ئەپەندى ساپاغا چۆككىنىچە تېلېۋىزورنىڭ تىزگىنىكىنى قولىغا ئالدى .

— پەخرىئاي تېخى كەلمىگەن ئوخشىمامدۇ ؟ — سورىدى قادىر ئەپەندى قانال يۆتكىگەچ .

— ياق ، تېخى كەلمىدى ، — دېدى پەخرىدىن .

— بىر يەرگە بارىمەن دېمىگەن بولغىيتتى ؟

— بايا ماڭا تېلېفون قىپتىكەن . ئىدارىگە باھالاش گۇرۇپپىسى كېلىدىكەن ، ئىش قوشۇپ ئىشلەيمەن ، دېگەنىدى ، — دېدى پەزىلەت .

قادىر ئەپەندى لام ـ جىم دېمىدى .

پەزىلەت ئاشخانىغا كىرىشى ھامان پەرىدە ئالدىراپ سورىدى :

— راستىنلا پەخرىئاي ساڭا تېلېفون قىلغانمىدى ؟

— ياقەي ، دادامغا ئاشۇنداق دەپ قويدۇم ، — دېدى پەزىلەت پىچىرلاپ ، — كەچرەك كەپ قالسا دادامدىن تىل ئىشتىمىسۇن دەيمەنا .

— بۇ قىلغىنىڭ توغرا بولمىدى ، — دېدى پەرىدە ئەيىبلەپ ، — سەن شۇ تاپتا پەخرىئايغا ياردەم قىلدىم دەپ ئويلايسەن ، ئەمەلىيەتتە بۇ ياردەم قىلغىنىڭ ئەمەس . سەنمۇ يوشۇرساڭ ، مەنمۇ يوشۇرسام ، كېيىن ئۇنى قانداق باشقۇرىمىز . ھېلىمۇ ھە دېسە ئۆيگە كەچ قايتىدۇ ، كىيىنىشلىرىمۇ بىر تال مۇقامدا يوق . مودا دەپ قاملاشمىغان كىيىملەرنى كىيىدۇ ،

چاچلىرىنى غەلىتە ياسىتىۋېلىشلىرىچۇ تېخى. ئاشۇنداق يۈرۈپ ئەتە ـ ئۆگۈن تاپتىن چىقىپ كەتسە، ئاتا ـ ئانىمىزنىڭلا ئەمەس، بىزنىڭ يۈزىمىزگىمۇ سەت. دوستلىرىمىنىڭ دېيىشىچە، ئۇنى دىبانىڭ[1] ئالدىدا كۆرۈپتۇ.

— مۇنداق دە، — دېدى پەزىلەت ئويلانغان هالدا، — ئۇنداق يەرلەردە يۈرسە قانداق بولىدۇ. كەچتە ئۇنىڭغا ئوبدانراق نەسىهەت قىلايلى ئەمىسە.

— چىرايلىق نەسىهەت قىلايلى، — دېدى پەرىدە، — بەلكىم گېپىمىزنى ئاڭلاپ قالا. كىچىك تۇرۇپ مۇهەببەتلەشكەندەك قىلىدۇ. هەرهالدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ يۈرگىنى ياخشى.

— پەقەت گېپىمىزنى ئاڭلىمىسا، ئەهۋالنى پەخرىدىنگە دەيلى، تازا بىر ئەدىپىنى بېرىپ قويسۇن.

— ئەڭ ياخشىسى، ئۆزىمىز نەسىهەت قىلايلى. ئاكا ـ سىڭىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئازراق پەردىشەپنىڭ قالغىنى ياخشى. پەخرىئايىنمۇ كىچىك دېگىلى بولمايدۇ. خىزمەتكە چىققىلى بىر يىل بولاي دەپ قالدى، مۇهەببەتلەشسىمۇ ئۆز يولىدا يۈرسە مەيلى. هېلىقىدەك قالايمىقان سورۇنلارغا بارمىسا، ئاخشاملىرى سىرتتا يۈرمىسە، باشقا ئىشلىرىغا بەك ئارىلىشىۋالمىساقمۇ بولار.

## 26

ئابدۇساتتار مەكتەپتىن ئۆيگە كېلىپلا ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىنى ئېلىپ، ئۆينىڭ كەينىدىكى باغقا چىقتى. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوغان ئۆرۈك دەرىخىنىڭ ئاستىغا سەككىز ـ ئون ئادەم سىغقۇدەك چوڭلۇقتا سۇپاكات قويۇلغان بولۇپ، سۇپاكاتنىڭ ئۈستىگە كىگىز، كۆرپە سېلىنغان هەم چاققانغىنا تاماق شىرەسى قويۇلغانىدى. ئابدۇساتتار هەر يىلى

① دىبا — كېچىلىك بەزمىخانا.

4 ـ ئايدىن باشلاپ 10 ـ ئايغىچە مۇشۇ يەردە دەرس تەييارلايتتى ، تاپشۇرۇق تەكشۈرەتتى ، كىتاب ئوقۇيتتى ، گاھى ئانچە ـ مۇنچە شېئىرمۇ يېزىپ قوياتتى . ئۇ ئاۋۋال تاپشۇرۇقلارنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈشكە باشلىدى . ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ماقالىسىنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇدى ، بىر قىسىم جۈملىلەرنى تۈزەتتى ، مۇجمەل ، ئارتۇق جۈملىلەرنىڭ تېگىگە سىزدى ، تىنىش بەلگىلىرىنى قويدى ؛ ماقالىنىڭ ئاستىغا پىكرىنى يازدى ، رىغبەتلەندۈردى ، ئاندىن نومۇر قويدى . ئۇ ئەنە ئاشۇ تەرىقىدە تاپشۇرۇقلارنى تەكشۈرۈپ بولاي دېگەندە ، ئانىسى — ئامانىنىساخان ئاچا پەتنۇستا بىر قاچا سۇيۇقئاش كۆتۈرۈپ كەلدى .

— دادىڭىزنىڭ سۇيۇق ـ سەلەڭ ئاش ئىچكۈسى بار ئىكەن . شۇڭا ئېتىپ تاشلاپ ئەتتىم ، بالام . ئىسسىقىدا ئىچىۋېلىڭ ، — دېدى ئانا شىرەگە ئاشنى قويۇپ تۇرۇپ ، — نان ئېلىپ چىقىپ بەرسەم چىلاپ ئىچەمسىز .

— رەھمەت ئانا ، مۇشۇنداقلا ئىچەي ، — دېدى ئابدۇساتتار قوشۇقنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ .

ئانا ئوغلىنىڭ ئاش ئىچىشىگە قاراپ ئولتۇردى .

— سىلىمۇ ئاشلىرىنى ئىچىۋالسىلا ئانا ، — دېدى ئابدۇساتتار .

— سەل تۇرۇپ ئىچىمەن ، — دېدى ئانا .

— ئۇنىڭغىچە ئاش سوۋۇپ قالارمىكىن ؟

— قاچانغىچە سىزگە ئاش توشۇپ يۈرىمەن ، بالام ، — دېدى ئانا ئۇھ تارتىپ .

ئابدۇساتتار خىجىللىق ئارىلاش ھىجايدى ، ئەركىلەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى .

— يەنە ئازراق تەخىر قىلسىلا ، ئانا . ئاز قالدى . خۇدايىم بۇيرۇسا پات يېقىندا كېلىنلىرى سىلىگە ئاش توشۇيدىغان بولىدۇ .

— خۇدايىم شۇنداق كۈنلەرنى تېزرەك نېسىپ قىلار ئىگەكىم . ئۆيگە تېزرەك كېلىن كىرىدىغان ئىش بولسا ،

ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە تامىقىڭلارنى ئىچىپ، ئالدىڭلارغا ئەكىلىپ بېرىشكە رازىمەن، بالام. قايسى كۈنى شەھەرگە كىرىپ چىققىنىڭىزدىن بېرى بەكمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتىڭىز، تۈزۈك ئىككى ئېغىز مۇڭدىشالمىدۇق. پەرىدە قىزىم بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟

— كۆرۈشتۈم، سىلىگە سالام ئېيتتى.

ئانا پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى.

— سالىمىنىغۇ ئاشۇ كۈنىلا ئەۋەتكەن تاتلىق - تۈرۈملىرى بىلەن قوشۇپ يەتكۈزگەنتىڭىز، بالام. لېكىن، نېمە دېيىشكىنىڭىزنى يەتكۈزمىدىڭىز. شۇنى سوراۋاتىمەن.

ئابدۇساتتار ئوڭايسىز ھالەتتە كۈلدى.

— كۈلۈپلا ئولتۇرماي ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ بەرمەمسىز، بالام. نانلىقتا قاچانلىققا كىرىدىغان بولدۇق؟

يىگىت جاۋاب بېرىشكە سەل قىينالدى. ھەئە، ھازىرغىچە بولغۇسى قېيىنانىسى زۆھرە خانىمنىڭ رازىلىق بەرمەيۋاتقانلىقىنى ئاتا - ئانىسىدىن يوشۇرۇپ كەلگەنىدى. ئۆزىنى سەھرالىق مۇئەللىم، ئاتا - ئانىسىنى يالاڭ تۆش دېھقان دەپ ياراتمايۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ ئېغىزدىن چىقىرالمايتتى، ئەلۋەتتە.

— ئانىسىنىڭ سالامەتلىكى پەقەتلا ياخشى بولالمايۋاتىدۇ، دوختۇرخانىغا بېرىپ - كېلىپ داۋالىنىپ تۇرۇۋېتىپتۇ، — دېدى يىگىت يالغاننى بولۇشىغا توقۇپ، — بۇ قېتىم پەرىدەگە يەنە دېدىم. ئانىسى مەن بىر ئاز داۋالىنىۋالاي، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئۆز قولۇم بىلەن تاماق ئېتىپ چىقمىسام بولمايدۇ، — دەپتۇ.

— ئاڭلىسام، شەلىكنىڭ قائىدىسى بەك چىقمىش. نانلىققا كەلگەنلەرنى ئاز دېگەندە ئون - ئون بەش قازان ئېسىپ كۈتۈۋالارمىش. بۇ راستمىدۇ، بالام.

گېپىگە ئانىسىنىڭ ئىشىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئابدۇساتتار خاتىرجەملىك بىلەن جاۋاب بەردى.

— ئاڭلىغانلىرى راست، ئانا. تېخى ئېتىدىغان تاماقنىڭ تىزىملىكىنى ئوغۇللۇق تەرەپ بېكىتىپ بېرىدىكەن.

— ۋاي خۇدايىمەي، تازىمۇ بىر قاملاشمىغان قائىدىكەن بۇ! نەدىن پەيدا بولغان رەسىم ـ قائىدىدۇ بۇ. ھەرقانچە بولسىمۇ ئون ـ ئون بەش قازان تاماقنى قانداق يەپ بولغىلى بولىدۇ. مېھماندارچىلىقنىڭ قائىدىسى دېگەن بۇنداق بولمايدۇ. مېھماننى بەك كايىپ ـ جوۋاپ كەتسە ئىككى ياكى ئۈچ قازان بىلەن يولغا سالغاننى كۆرگەن. نەدىمۇ ئۇنداق جىق تاماق ئېتىدىغان ئىش بار. بىزگە بىر قازان تاماق ئەتسىلا بولدى. ئارتۇقچە ھەشەمىنىڭ كېرىكى يوق. بۇ شەلىكىنىڭىزە تاپمايدىغان قائىدىسى يوقكەن. بۇ قېتىم شەھەرگە كىرگەندە پەرىدە قىزىمغا دەپ قويۇڭ، بىز دېگەن خۇدايى مېھمان، ھەرگىزمۇ بالايى مېھمان ئەمەس. بىر قازاندىن ئارتۇق جوۋىمىسۇن.

— ماقۇل، ئانا، ھە راست، — دېدى ئابدۇساتتار بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغان قىياپەتتە، — شەھەرگە كىرگەندە ئانچە ـ مۇنچە ئۆيدە قونۇپ قالىدىغان بىر ئاغىنەم بار ئىدى. ئاتا ـ ئانىسىمۇ بەك ئوبدان ئادەملەر. شۇلارنى ئۆيىمىزگە باغ سەيلىسى قىلىشقا چىللاپ قوياي دېگەن. شۇڭا، دادام بىلەن سىلىنىڭ سەملىرىگە سېلىپپراق، ئاندىن رەسمىي تەكلىپ قىلاي دېگەنتىم.

— خاتىرجەم قىچقىرىۋېرىڭ، بالام، بۇنى بىزدىن سورىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلار بىزنى ئادەم ئېتىپ چىقسىلا، قولىمىزدىن كېلىشىچە ئوبدان مېھمان قىلىمىز.

— سىلى جاپا تارتىپ قالالمىسىكىن؟

— سىزنىڭ ئىززىتىڭىزنى قىلغان كىشىلەر ئۈچۈن ھەرقانچە جاپا تارتسامۇ مەيلى، بالام. پاقلاندىن بىرنى ئۆلتۈرۈپ يېرىمىدا شورپا قىلايلى، يېرىمىدا كاۋاپ قىلىپ تاماق ئېتەيلى، ئۆلگۈرەلىسەك، ئاۋۇ دوقمۇشتىكى ھەسەن ناۋاينىڭ تونۇرىغا ئوغلاقتىن بىرنى تىقىپ ئوغلاق كاۋىپى قىلايلى. باچكا، توخۇ

دېگەننىڭ ئىشى ئاسان . ئاشۇنداق قىلساق بولا . يەل - يېمىشنىڭ ھەممىسى بېغىمىزدا بار ، نېمىدىن غەم قىلاتتۇق .
يىگىت مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلدى .
— مەيلى ئەمىسە ، مۇۋاپىق پەيت تېپىپ مېھمانلارنى تەكلىپ قىلىپ قوياي ، ئۇنىڭغىچە ھويلا - ئارامىلارنى بىر ئاقلىۋېتەيلى .
— ھە راست ، تۇنۇگۇن مۇختەر شائجاڭ كەپتىكەن ، — دېدى ئانا ، — باغقا چىرىپ ئىككى تال شاپتۇل يېدى ، دادىڭىزنى بەك سوراپ كەتتى . چارشەنبە بازارغا كەتكەن ، دېسەم ، باشقا كۈنى كېلەمەن ، دەيدۇ . قايىلىسام ، دەيدىغان مۇھىم گېپــــى باردەك قىلىدۇ ، نېمە ئىشلىرى باتى شائجاڭ ، دەپ كوچىلاپ سورىسام ، ئانامنىڭ سەككىــز - ئون ئادىشــــى باركەن ، ئوغلۇڭ يېزىدا بولغاندىكىن يېزىغا ئاچىقىپ باغ سەيلىسى قىلدۇرغىــــن دەپ تۇرۇۋاپتۇ . يېزىدىغۇ باغ تولا ، ئەمما ھەممىسى ئايال مېھمانلار بولغاچقا ، ئوبدانراق باغقا باشلاپ كۆتمەك تەسكەن . باغلىرىنى بىر كۆن بېرىپ تۇرسىلا ، قازان - قومۇچلىرىنى ئىشلىتىۋېلىــپ مېھمانلارنى ئۇزىتىــۋالسام ، مۇۋاپىــــق ھەق بەرسەم ، دەيدۇ . ئاچچىقىم نەدىن كېلە . ھەي شائجاڭ بالام ، بۇ نېمە دېگەنلىرى ، بىزدە مېھمان ئۇزاتقانغا ھەق ئالىدىغان قائىدە يوق . سىلىنىڭ مېھمانلىرىمۇ بىزنىڭ مېھمىنىمىز ، بۇ باغمۇ سىلىنىڭ باغلىرى . ئانىلىرىغا دېسىلە ، مېھمانلىرىنى خاتىرجەم ئېلىپ چىــقسۇن ، ئۆزۈم بىر قوللۇق ئۇزىتىپ بېرىمەن ، دەپ مەيدەمگە مۇشتلاپ قويدۇم . مۇختەر شائجاڭ بەك خۇش بولۇپ كەتتى . رەھمەت ، ۋاقتى كەلگەندە خەۋەر قىلىمەن . مېھماندارچىلىققا كېتىــدىغان لازىمەتلىكلەرنى ئۆزۈم ئېلىپ كېلىمەن ، سىلى خامنى پىشۇرۇپ بەرسىلىلا بولىدۇ ، دەيدۇ . شۇڭا ، سەل قۇلاق قېقىشىــــپراق تۇرىلى ، بالام . سىزنىڭ مېھمىنىڭىــز بىــــلەن شائجاڭنىـــــڭ مېھمانلىرى دوقۇرۇشۇپ قالمىسۇن يەنە .
— ماقۇل ، ئانا ، — دېدى ئابدۇساتتار ، — مۇختەر شائجاڭ

www.uyghurkitap.com

ياش بولغان بىلەن خېلى سالمىقى بار ، ئۆزىنى ئايايدىغان ئوبدان ئادەمكەن ، ئەتراپىدا «ۋاي شاڭجاڭ» دەپ تۇرىدىغانلار جىق . شۇنداقتىمۇ كۆڭلى بىزنىڭ باغنى تارتىپ قاپتۇ . دېمىسىمۇ بىزنىڭ باغ خالىي ، تىنچ ھەم پاكىز .

— گەپ بىلەن بولۇپ دادىڭىزغا تاماق ئۇسۇپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن . شىزگە يەنە بىر قاچا ئاش ئېلىپ چىقىپ بېرەيمۇ ، بالام .

— رەھمەت ، تويدۇم .

— مەيلى ، ئاشۇنداق بولسۇن ئەمىسە .

ئانا ئاشۇنداق دېگىنىچە ئابدۇساتتارنىڭ بوشىغان چىنىسىنى ئېلىپ باغدىن چىقىپ كەتتى .

«بەك ياخشى بولدى ، ئەمدى پەردىدەگە دەرھال خەۋەر بېرىۋېتەي ، ئىنىسى ئىشنى چاندۇرماي توغرىلىسۇن» .

ئابدۇساتتار يانفونىنى قولىغا ئېلىپ تېخىچە ئاچمىغانلىقىنى بىلدى . ئۇ يانفونىنى ئەتىگەن دەرس ۋاقتىدا ئېتىۋەتكەنىدى . ئۇ يانفونىنى ئېچىپ پەردىدەنىڭ نومۇرىنى باستى - دە ، قۇلىقىغا تۇتتى . ھايال ئۆتمەي يانفوندىن : «كەچۈرۈڭ ، تېلېفون ھەققىڭىزنى تولىمەپسىز ، تاپشۇرۇۋېتىڭ ، رەھمەت» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى . تېلېفون توختاپ قالغانىدى . لازىم بولغان ۋاقىتتا يانفونىنىڭ توختاپ قېلىشى ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى .

«ماۋۇ كاساپەتنىڭ ئىشىنى . بۇرۇنراق بىلگەن بولسام ، پۇل سېلىپ ئاچقۇزۇۋەتمەسمىدىم . بۇ ۋاخ بولغاندا ئىشتىن چۈشۈپ كەتتى ھەقىچان بازاردىكى تېلېفون ھەققى يىغىدىغان دۇكانمۇ . ھەي ، سەھرا دېگەنىنىڭ مۇشۇنداق قولايسىز يەرلىرى بار - دە . شۇ تاپتا پەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىدىغاندۇ ؟ تېلېفونۇمنىڭ توختاپ قالغىنىنى بىلگەن بولسا ، پۇل تۆلەپ ئاچقۇزۇۋېتەتتى» .

ئابدۇساتتار بىردەم خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ئالدىدىكى ئېشىپ قالغان بىرنەچچە تاپشۇرۇق دەپتىرىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشتى .

# 27

— رەسمىي نانلىققا بارمىغاندىكىن ، بىــرەر يۈز كويلۇق سودىلىق قىلىۋالساق بولار ، — دېدى پەزىلەت تاللا بازىرىنىڭ ئالدىدا توختاپ .

— ئاشۇنداق قىلايلــى ، — دېدى پەرىدە ، — ئېســـل كەمپۈتتىن ئىككى كىلو ، قالغىنىغا ناۋات ، پېچىنە - پىرەنىك دېگەندەك نەرسىلەردىن ئېلىۋالساق بولا .

— هامىنى ئالغاندىكىن ، ئېسىلراق ئەتىردىنمۇ بىــر قۇتا قېتىپ قويايلى ، — دېدى پەخرىئاي .

قىزلار ئالغان نەرسىلىرىنى ئۈچ بولاق قىلىپ چىرايلىـق ئوراتتى .

— داستىخىنىمىز ئاددىي بولۇپ قالمىغاندۇ - هە ، — دېدى پەرىدە .

— هەللىسىدە بولدى ، — دېدى پەزىلەت ، — هېلىـــمۇ ئۈچەيلەنگە ئۈچ داستىخان بولدى . ئەلچىلىككە بارغان بولساقتۇق ، ئۇنىڭ يولى باشقىتى .

— سەن بارمىساڭ بولامدىكى ، — دېدى پەرىدە پەخرىئايغا قاراپ .

پەخرىئاي نارازىلىق بىلەن قاپىقىنى تۈردى .

— نېمىشقا ؟

— پەلىپەتىش سۆزلەپ ئىشنى بۇزۇپ قويامسەنكىن دەيمەن .

— مەنمۇ كىچىك بالا ئەمەس ، قانداق يەردە قانداق گەپ قىلىشنى بىلىمەن . مېنى بارغىلى قوي ، ئاچا .

— مەيلى ، بىللە بارسۇن ، — دېدى پەزىلەت ، — گۈلنازنىڭ ئانىسى قىزىمىنىڭ يۈرگەن يىگىتىنىڭ بىراقلا ئۈچ قېرىندىشى يالۋۇرۇپ كەپتۇ دەپ خۇش بولۇپ كېتەمدۇ تېخى .

— هە راست ، بۇ گەپمۇ بار ، — دېدى پەخرىئاي دەرهال

www.uyghurkitap.com

گەپنى تارتىۋېلىپ، — ھېچبولمىسا گۈلنارنىڭ ئانىسىغا ئىككى ئېغىز يالۋۇرۇشۇپ بېرەرمەن.

— ئىشقىلىپ، سەن ساقال تاراپ يۈرمە، — دېدى پەرىدە، — گەپنى پەزىلەت بىلەن مەن قىلىمەن.

— بوپتۇ، ئۇنداق بولسا ئاغزىمغا سېغىز سېلىۋالاي.

— سېغىز چاينىساڭ تېخىمۇ بولمايدۇ، — دېدى پەرىدە قاپىقىنى تۈرۈپ، — چوڭلارنىڭ ئالدىدا قاسىلدىتىپ سېغىز چاينىساڭ ئەدەپسىزلىك بولىدۇ.

— ماقۇل، ئاغزىمنى شىلىمدا چاپلاپ قويغاندەك جىم ئولتۇرسام بولامدۇ زادى، — دېدى پەخرىئاي زەردە بىلەن.

پەزىلەت پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى.

— گەپ قىلماي ئولتۇرساڭمۇ گاچىكەن دەپ قالمىسۇن، ئىككى ئېغىز تاتلىق گەپ قىلىپ قويساڭ بولىدى.

— مۇنداقراق دېمەمسەن، — دېدى پەخرىئاي كۈلۈپ، — ئادەمنى كىچىك بالا كۆرۈپ...

قىزلار تاكسى بىلەن بىردەمدىلا گۈلنارنىڭ ئۆيى جايلاشقان بىنانىڭ ئالدىغا كەلدى.

— قايسى ئۆي بولغىيتتى؟ — دېدى پەرىدە بىناغا قاراپ.

— ئاپلا، مېنىڭمۇ ئېسىمدە قالماپتۇ، — دېدى پەزىلەت جىددىيلىشىپ، — پەخرىدىنگە تېلېفون قىلىپ سوراپ باقامدۇق يا؟

— بولدىلا، تېلېفون قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، مېنىڭ ئېسىمدە بار، — دېدى پەخرىئاي، — قاغىنىڭ مېڭىسىنى يەۋالغانلار، شۇ ھالىڭغا مېنى بارما دەيدۇ تېخى.

— ھە، سەن بەك ئەقىللىق، — دېدى پەرىدە كۈلۈپ، — دېگىنە، قايسى ئۆي.

— ئۈچىنچى ئىشىك، ئىككىنچى قەۋەت، سول تەرەپتىكى ئۆي.

— راستمۇيا؟ — سورىدى پەرىدە تازا ئىشەنچ قىلالماي، —

باشقىلارنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ يۈرمەيلى يەنە .
— خاتىرجەم بول ، زادى خاتاسى يوق . بايا ئاكام دەپ بەرگەندە ئېسىمدە تۇتۇۋالغان .
— ئۇنداق بولسا چىرىۋېرەيلى ، — دېدى پەزىلەت .
قىزلار ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ ئىشىكنىڭ ئالدىدا توختىدى .
— ئىشىكنى چېكە ، — دېدى پەرىدە پەزىلەتكە .
— سەن چېكە ، — دېدى پەزىلەت ، — مەن بىر قىسمىلا بولۇپ قېلىۋاتىمەن .
— مەنمۇ شۇ ، — دېدى پەرىدە ، — ئىچىمگە قورقۇنچ كىرىۋالدى ، خۇددى گۈلنازنىڭ ئانىسى ئىشىكنى ئىچىپلا تىللايدىغاندەك .
— بولمىسا ، ئىشىكنى پەخرىئاي چەكسۇن ، — دېدى پەزىلەت .
— چەكسەم چەكتىم ، — دېدى پەخرىئاي ، — مۇشۇ ھالىغا مېنى قېپقال دېيىشىدۇ تېخى .
پەخرىئاي ئىشىكنى يەڭگىل ئۈچ قېتىم چەكتى . ئىشىك ئېچىلمىدى ، ئىشىكنى قاتتىقراق ئۈچ قېتىم چەكتى . ھايال ئۆتمەي ئىشىك ئېچىلدى .
ئىشىكنى گۈلنازنىڭ ئانىسى ئەلانۇر خانىم ئاچقانىدى . ئۇ يوچۇن ئۈچ قىزنى كۆرۈپ بىرئاز تەئەججۇپلەندى . پەرىدە بىلەن پەزىلەت ھودۇقۇپ كېتىپ ئۆزلىرىنى يوقىتىپلا قويغانىدى .
— تىنچلىقمۇ ؟ تىنچ تۇرلىمۇ ؟ — دېدى پەخرىئاي كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئەلانۇر خانىمغا مەڭزىنى تەڭلەپ .
— ھارماي كېلىشلىمۇ ؟ — دېدى ئەلانۇر خانىم ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشكە مەجبۇر بولۇپ .
ئەلانۇر خانىم ئۇلارنى ئەلچىلىككە كەلگەن مېھمانلارنىڭ داۋامى ئوخشايدۇ دەپ قالغانىدى .
«سەككىزدىن ئارتۇق مېھمان باشلاپ كەلمەيمەن دەۋاتاتتى ،

هېلىمۇ ئون بىر مېھمان باشلاپ كەپتۇ . بۇ ئۈچ مېھمان نەدىن پەيدا بولدى ئەمدى . يېمەك ـ ئىچمەكتىغۇ مەسىلە يوق . ئۆينىڭ تارچىلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ، تازىمۇ بىر قائىدىسىز خەقمۇ نېمە بۇ ··· »

— گۈلناز كۆرۈنمەيدۇغۇ ، ھە راست ، ئەلچىلەردىن خىجىل بولۇپ چىقالماپتۇ ـ دە .

پەخرىئايىنىڭ بۇ گېپى ئەلانۇر خانىمنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى .

«ھە ، بۇلار گۈلنازنىڭ دوستلىرى ئىكەن ـ دە ، بۇ قىزلار مېھمان ئۈزىتىشىپ بەرگىلى كەلگەنمىدۇ ياكى مېھمان بولغىلى كەلگەنمىدۇ ؟ بۇ چاغ بولغاندا كەلمىسىمۇ بولاتتى ، ھەممە تەييارلىقىم پۈتۈپ بولغاندا ··· »

ئەلانۇر خانىم خىيالىنى ئارتۇقچە داۋاملاشتۇرالمىدى . مېھماننى ئىشىك تۈۋىدە ساقلىتىش ئەدەپسىزلىك بولاتتى ، شۇڭا ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى .

— ئۆيگە كىرىڭلار ، قىزلىرىم .

مېھمان مېھماندىن قىزغىنىدۇ دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ . ناتونۇش ئۈچ قىزنىڭ كىرىپ كەلگىنىنى كۆرگەن ئاياللار ئازراق قىمىرلاپ قويۇپ ئولتۇرۇۋەردى . دېمىسىمۇ توققۇز كىشىلىك ساپاغا ئون بىر ئايال قىستىلىپ دېگۈدەك ئولتۇرۇشقانىدى . يوغان تاماق شىرەسىگە تىزىلغان ھەر خىل يەل ـ يېمىش ، تاتلىق ـ تۈرۈملارنىڭ موللۇقىدىن پىيالە قويغۇدەك يەر قالمىغانىدى . قىزلارنىڭ كەينىدىن تاپ باستۇرۇپ كىرگەن ئەلانۇر خانىم ئۇلارنى نەگە باشلىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى . شۇ ئەسنادا ، قىزلارنىڭ كەلگىنىنى بىلگەن گۈلناز ئاشخانا ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى . بايا گۈلناز ئەلچىلەر بىلەن كۆرۈشكىلى چىقمىغان بولسا كېرەك ، ساپادا ئولتۇرغان ئاياللار گۈلنازغا بويۇنداپ قاراشتى . بىر نەچچىسى قولاقنى ـ قولاققا يېقىپ كۇسۇرلاشقا ئۈلگۈردى . گۈلناز ئۇلارغا قاراپمۇ قويماي قىزلار بىلەن قۇچاقلىشىپ ، مەڭزىنى يېقىپ كۆرۈشتى ، تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشتى .



www.uyghurkitap.com

«بۇلارنى گۈلنازنىڭ ياتاق ئۆيىگە باشلىسام قانداق بولا . قاملاشمىغان ۋاقىتتا كەلگىنىنى بۇ قىزلارنىڭ ، گۈلناز قىچقىرىپ قويدىمىكىنىيا . نەچچە كۈندىن بېرى ئەلچىلەرنىڭ كېلىشىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ يۈرەتتى . ئەجەب ، توساتتىن دوستلىرىنى تۇۋلاپ قاپتا . ئۆزىگە ئەلچى كەلسە دوستلىرىنى تۇۋلاپ قويىدىغان قائىدىغۇ بارتى ئەسلىدە . ئەھۋالدىن قارىغاندا ، بۇ توي ئىشى قىزىمنىڭ كاللىسىدىن ئۆتكەن ئوخشايدۇ . شۇنداق بولغاي ، ئىلاھىم . نەچچە كۈندىن بېرى خۇيلىنىپ مەن بىلەن تاكاللىشىپلا چىققانتى . بايا مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈپ قوي دېسەم پەقەتلا ئۇنىمىغانتى . دوستلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ، ئاۋۇ ئەلچىلەرگە پەرۋاسىز قىلماي تۇرىدۇغۇ بۇ ئەدەپسىز . ھېچبولمىسا مۇنداقلا سالام بېرىپ قويسا بولاتتى ...»

— جۇرۇڭلار ، ماۋۇ ئۆيگە چىرىپ كېتىلى ، — دېدى گۈلناز قىزلارنى ياتاق ئۆيىگە باشلاپ .

— ئەلانۇر ئاچا ، شۇنداقلا كېلىپ قالدۇق ، — دېدى قىزلار قوللىرىدىكى داستىخاننى ئەلانۇر خانىمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ .

— شۇنداقلا كەلسەڭلار بولمامدۇ ، قىزىم ، — دېدى ئەلانۇر خانىم داستىخاننى ئېلىپ .

قىزلار گۈلنازنىڭ كەينىدىن ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى . ئەلانۇر خانىم داستىخاننى ئاشخانا ئۆيگە ئەكىرىۋېتىپ ئەلچىلەرنىڭ قېشىغا چىقتى .

— ئالغاچ ئولتۇرۇشسىلا ، يەنە بىر قازىنىم ھازىرلا تەييار بولىدۇ . تاماقنى ئارقىمۇئارقا ئېلىپ چىقاي دېسەم ھەربىرلىرىنى قىيناپ قويماي دېدىم . قېنى باقسىلا ، ئازادە ئولتۇرۇشسىلا ، گۈلناز قىزىمنىڭ دوستلىرى كەپتۇ ، — ئاندىن ئۇ تۆردە ئولتۇرغان ئايالغا ئالاھىدە ئۆزرىخاھلىق ئېيىتتى ، — كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا ، خېنىم . قىزىم تۆگىدەك بولغان بىلەن تازا قائىدە بىلمەيدىغان بالا بولۇپ قالدى ، ئەدەپسىزلىكى ئۈچۈن مەن ئەپۇ سورايمەن .

www.uyghurkitap.com

— ھېچقىسى يوق ، — دېدى تۆردە ئولتۇرغان ئايال سۇۋارى قاپلىتىۋالغان ئالتۇن چىشلىرىنى چىقىرىپ بالغاندىن ھىجىيىپ ، — گۈلناز قىز تېخى كىچىك ئەمەسمۇ ، تويدىن كېيىن ئۆزۈم ئاستا - ئاستا قائىدە ئۆگىتىۋالىمەن .

ئەلانۇر خانىممۇ زورىغا ھىجايدى .

— شۇنداق قىلسىلا ، زادى . باشتىلا بىر تال قىز دەپ ئەتىۋارلاپ ، يامان ئۆگەتمەيدىغان گەپكەن ياكى سىلىدىن تارتىنىپ قالدىمىكىنتاڭ . ئەمىسە مەن قازان بېشىغا چىقاي .

قۇدا بولغۇچى ئايالنىڭ : «تويدىن كېيىن ئۆزۈم قائىدە ئۆگىتىۋالىمەن» دېگەن گېپى ئەلانۇر خانىمنىڭ كۆڭلىگە كەلگەنىدى .

«ئەجەب بىر گەپ قىلدىيا مېنى كۆڭلىگە كېلەر دېمەي ، بۇ ، گۈلناز قىزىمنى ئەدەپسىز ، قائىدىسىز دېگىنى بولماي نېمە . قىزىم رازىلىق بەرمەيۋاتىدۇ ، بىرئاز ساقلايلى دېسەم ، ھېچقىسى يوق ، ئاۋۇال نانلىق قىلىۋېتەيلى ، توي تەييارلىقى پۈتۈپ بولغۇچە كاللىسىدىن ئۆتۈپ قالار دەپ كانىدەك چاپلىشىدۇ . قىز بالا دېگەننىڭ ئۈنچىلىك نازى بولمىسا بولامتىكىن . ھېچبولمىسا مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئاياپمۇ بولسا ، تارتىنىپ قالغان ئوخشايدۇ ، ئەپۇ سوراپ كەتمىسىلىمۇ بولىدۇ ، دەپ قويسا نىم بولىدۇ . ئىككى - ئۈچ كۈندىن بېرى بىچارە قىزىم ئاز يىغلىمىدى . جېنىم ئانا ، مېنى زورلىمىغىن ، رايىمغا باققىن ، بۇ توينى ھەرگىز قىلمايمەن دەپ يالۋۇرسا پەرۋامۇ قىلماپتىمەن . مانا ئەمدى ئەر چىقماي ئولتۇرۇپ قالغان قىزغا ئەلچىلىككە كەلگەندەك قىلىۋاتىدا ئەجەب ، بۇ ئىشتا سەل ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ قالدىممۇ نېمە؟ ئۆزىمۇ ھال تارتىپلا ئولتۇرىدىغان ئايالكەن . بويۇن ، قۇلاق ، بىلەك ، بارماقلىرىغا ئاتىنىڭ تاقىسىدەك ئېسىۋالغان ئالتۇن جابدۇقلىرىدىن ئايلىناي . خۇددى ماڭا كۆز - كۆز قىلغاندەك كەپتۇ . تازىمۇ بىر سۆلەتۋاز ئايالمۇ نېمە بۇ . خۇيى ئاشۇنداقلا بولىدىغان بولسا ، گۈلناز قىزىمنىڭ تويدىن كېيىن كۆرىدىغان كۈنى بار ئوخشايدۇ . ئاۋۇ

باشلاپ كەلگەن ئايـاللارمۇ بىر ـ بىرىدىن كوت ـ كوت ، غەيۋەتچى ئاياللاردەك قىلىدۇ . ئادەم قىشىغا كەلسە بۇتتەك ئولتۇرغان ، شۇنداقلا نېرى بولسا توختىماي كۇسۇرلاشقان ... »

ئەلانۇر خانىم خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ ئۈچ پىيالىگە چاي قۇيدى ـ دە ، پەتنۇسقا سېلىپ گۈلنازنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىردى .

— سەت بولدى ، قىزلىرىم . ئۆيدە مېھمان بولۇپ قالغاچقا ، سىلەرنى مېھمانخانىغا باشلىيالمىدىم . قېنى چايغا بېقىشسىلا . گۈلناز ، دوستلىرىڭغا داستىخان سالماي ئولتۇرۇپسەنغۇ ؟

— مانا هازىر .

گۈلناز ئاشخانا ئۆيگە قاراپ ماڭدى .

— هېچقىسى يوق ، — دېدى پەرىدە قولىغا چاينى ئېلىپ تۇرۇپ ، — بىنا ئۆي دېگەن مۇشۇنداق تارچىلىق بولىدىكەن . بىزنىڭ ئۆيىمۇ شۇ . ئىككى مېھمان ئارتۇق كەلسە ، ئۆي تەڭلىكى ئۆتۈلۈپ ، قىينىلىپ كېتىمىز . بىزمۇ بىمەھەل كېلىپ سىلىنى تەڭلىك قىلىپ قويدۇق .

— ئۇنداق دېمىسىلە ، قىزىم . ئۆيىمىز تار بولغان بىلەن كۆڭلىمىز كەڭرى ، — دېدى ئەلانۇر خانىم ، — سىلەر كۆڭلۈڭلەرگە ئالمىساڭلارلا بولدى .

— ئۇنداق بولامدىغان ، — دېدى پەزىلەت ، — ھەممىدىن كۆڭۈل مۇھىم . مېھمانلارغا قارىشىپ بېرەيلىمۇ ؟

— رەھمەت ، ھەممە تەييارلىقىم پۈتكەن . داستىخانغا بىر ـ بىرلەپ ئاچىقساملا بولىدۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، قوشنام ياردەملىشىپ بېرىۋاتىدۇ . ئەمىسە مەن قازان بېشىغا چىقىپ كەتتىم .

ئەلانۇر خانىم چىقىپ كېتىشى هامان قىزلار پىخىلداپ كۇلۇشۇپ كەتتى . پەرىدە پەزىلەتنىڭ پېشانىسىنى نوقۇدى .

— دېگەن گېپىنى ، سەن بۇ ئۆيگە ئەلچىلەرنى ئۆزىتىشىپ بەرگىلى كەلگەن ئوخشىمامسەن ؟

— ئىشىڭنى قىلە ، — دېدى پەزىلەت كۇلۇپ ، — مۇنداقلا دەپ قويدۇم .

— ماقۇل دېگەن بولسا قانداق قىلاتتىڭ؟

— ھەرگىز ماقۇل دېمەيتتى.

— قانداق قىلىمىز. بىز گېپىمىزنى قاچان دەيمىز؟ — سورىدى پەخرىئاي.

— گۈلناز كىرسۇن، مەسلىھەتلىشەيلى، — دېدى پەزىلەت، — پەمىمچە، بۇ مېھماندارچىلىق يەنە ئىككى ـ ئۈچ سائەتتە تارقايدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغىچە بىزگىمۇ پۇرسەت چىقىدۇ. شۇ تاپتا گۈلنازنىڭ ئانىسى بىر قولىنى ئۇن قىلالمايۋاتقاندا، بىزنىڭ گېپىمىز قۇلىقىغا ياقماسلىقى مۇمكىن.

— باھانىدە بىزمۇ قورساق باققاچ تۇرىدىكەنمىز ـ دە.

— شۇنداق قىلىمىز، ئەلۋەتتە. بىر ھېسابتا بىزمۇ يېرىم ئەلچى، ئالدىغا كەلگەننى خاتىرجەم يەۋەر.

گۈلناز يەل ـ يېمىش، تاتلىق ـ تۈرۈملار تىزىلغان پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ كىردى.

— كۆڭلۈڭلىگە ئالمايسىلە ئەمىسە. كارىۋاتنىڭ ئۈستىگىلا داستىخان سالىدىغان بولدۇم، — دېدى گۈلناز پەتنۇسنى بىر چەتكە قويۇپ، كارىۋاتقا داستىخان سېلىپ.

— تۈزۈت قىلماڭ، — دېدى پەرىدە، — بىز ئۆز ئادەم. ئانىڭىز سىز دېگەندەك ئۈنچە قاپىقى يامان ئايالدەكمۇ قىلمايدۇ.

— سىلەرگە قاپاق تۈرسە بولماس.

— مەن ئاۋۇ ئايالىلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرەيلەننى تونۇيمەن، — دېدى پەخرىئاي، سىرتنى ئىشارە قىلىپ.

— قايسىسىنى؟ — سورىدى گۈلناز.

— مېغىز رەڭ كوپتا كىيىۋالغان، بۇدۇر چاچ ئايالنى.

— قانداق تونۇيسىز؟

— بىر دوستۇمنىڭ ئانىسى بولىدۇ، — پەخرىئاي سەل ئويلىنىۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — سىلەر قوشۇلساڭلار، مەن ئاشۇ ئايال بىلەن ئىككى ئېغىز مۇڭدىشىپ قويايمىكىن دەيمەن.

— ئۇ ئايالغا نېمە دەيسەن؟ — سورىدى پەرىدە.

— گۈلنازنىڭ ئاكامنىڭ يۈرگەن قىزى ئىكەنلىكىنى، بىزنىڭمۇ ئەلچىلىككە كەلگەنلىكىمىزنى، گۈلنازنىڭ ئاكامغىلا مەيلى بارلىقىنى دەپ قويايمىكىن دەيمەن.

— شۇنداق قىلسىڭىزغۇ بەك ياخشى بولاتتى، — دېدى گۈلناز، — ئۇلار بۇ ئىشتىن بۇرۇنراق خەۋەر تاپسا، ئىشىمىز تېخىمۇ ئەپلىشەتتى.

— بىرەر كۆڭۈلسىزلىك چىقىپ قالماس - ھە، — دېدى پەرىدە ئەندىشە قىلىپ.

— نېمە كۆڭۈلسىزلىك چىقاتتى، — دېدى پەزىلەت، — يامىنى كەلسە، ئېلىپ كەلگەن داستىخىنىنى قويماي يامانلاپ كېتىدۇ شۇ.

— شۇنداق قىلسا تېخىمۇ ياخشى بولىتى، — دېدى گۈلناز، — بىزمۇ داستىخان قايتۇرىمىز دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەيتتۇق.

— ئەمىسە سىناپ باق، — دېدى پەرىدە پەخرىئايىغا قاراپ، — لېكىن گەپ - سۆزگە دىققەت قىلارسەن.

— بىلدىم، — دېدى پەخرىئاي.

پەخرىئاي مېھمانخانا ئۆيگە چىقىپ ھېلىقى ئايال بىلەن قىزغىن سالاملاشتى.

— تىنچلىقمۇ، شەرۋانەم ئاچا؟

— ۋۇي، بۇ پەخرىئاي قىزىمغۇ؟ — دېدى شەرۋانەم ئىسسىلىك ئايال دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، — بايام ئانچە دىققەت قىلماپتىمەن، ئارقىڭىزدىن قاراپ ئەجەب پەخرىئايغا ئوخشايدىغان قىزكەن دەپ ئويلىغانتىم. نەگە ماڭدىڭىز قىزىم، بىردەم ئولتۇرمامسىز؟

— ئۆيىنىڭ ئىچى بەك ئىسسىپ كەتتى، ئازراق شامالداي دېگەن، قانداق، بىللە شامالداپ كىرەمدۇق؟

— جۇرۇڭ، شۇنداق قىلايلى.

ئۇلار بىللە سىرتقا چىقىشتى .

— ئۇنى ئېلىۋالغىنىمىز ياخشى بوپتىكەن ، — دېدى پەزىلەت ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ھەممىنى كۆرگەندىن كېيىن ، — تازا ئەسقاتىدىغان بولدى - دە .

— خۇدايىم بۇيرۇسا ، ئىشىمىز ئوڭغا تارتىدىغان بولدى ، — دېدى پەرىدە گۇلنازغا قاراپ ، — سىز بىر ئامال قىلىپ ئانىڭىزنى قېشىمىزغا كىرگۈزۈۋەتسىڭىز بوپتىكەن .

گۇلناز ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ كەتتى .

ئارىدىن بەش - ئون مىنۇت ئۆتكەندە ، ئەلانۇر خانىم قىزلارنىڭ قېشىغا تاماق كۆتۈرۈپ كىردى .

— سىلەرگە قارىيالمىدىم ، — دېدى ئۇ ئاشنى داستىخانغا قويۇۋېتىپ ، — ۋۇي ، يەنە بىر قىزىم يوق تۇرىدۇغۇ ؟

— شامالداپ كىرەي دەپ چىقىپ كەتتى .

— ئىسسىقتا بۇ قەپەستەك ئۆيدە مېھمان كۈتمەكمۇ تەسكەن ، — دېدى ئەلانۇر خانىم .

— ئۆيلەر كەڭرىكەن ، ئاچا ، — دېدى پەرىدە ، — بىزنىڭ ئۆيدىن خېلىلا چوڭكەن . بىنا ئۆينىڭ شارائىتى شۇ ، ھەرگىز خىجىل بولمىسىلا .

— رەھمەت ، قىزىم ، بىنادا ئولتۇرغان ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بىنادا ئولتۇرغان ئادەم چۈشىنىدىغان ئوخشايدۇ ، — دېدى ئەلانۇر خانىم ئۆزىچە ھال دادلاپ ، — ئاۋۇ قۇدا بولىمىز دەپ كەلگەن خېنىمنىڭ قانچىلىك ئايۋان سارىيى باركىنتاڭ . ئادەمنىڭ كۆڭلىگە كېلە دېمەي ، كۆزۈمچىلا كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇرىدۇ . باشلاپ كەلگەن مېھمانلىرىمۇ تازىمۇ بىر كوت - كوت خوتۇنلاركەن . ھە دېسە ، ۋاي بۇ ئۆي بەك تاركەن ، ئىسسىپ كەتتۇق . بۇنداق تار ئۆيدە سىقىلماي قانداقمۇ تۇرىدىغانلا ، دەپ يۇرىدۇ . ساھىبخانىغىمۇ ئاشۇنداق گەپ قىلغان بارمۇ دېسىلە . ئەسلىدە بىزنىڭمۇ زېمىن ئۆيىمىز بار ئىدى . بىنا ئۆي پاكىز بولىدىكەن ، يىغىنچاقكەن ، قىشتا پار باركەن ، گاز

تۇرۇبىلىقكەن دەپ بۇ ئۆيگە چىقىۋاپتىكەنمىز ، ئەجەب خىجىل قىلدى ئادەمنى .

— كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا ئاچا ، — دېدى پەزىلەت ، — بۇنداق قىستاڭچىلىقمۇ داۋاملىق بولمايدۇ .

— شۇنى بىر دېسىلە ، قىزىم ، ئەجەب كۆڭۈل ئاياشنى بىلمەيدىغان خوتۇنلاركىنە ئۇ .

— بىر دەم ئولتۇرۇۋالسىلا ، ھېرىپ كەتكەنلا ھەقىچان ، — دېدى پەرىدە بىر يانغا سۇرۇلۇپ ، — بۇنداق غول مېھماننى ئۇزاتماق تەس . ھەممە ئىشقا ئۆزلىرى يۈگۈرمىسىلە تېخى تۇرغان .

— ئەجەب كۆڭلۇمدىكىدەك گەپ قىلدىڭىز ، قىزىم ، — بېلىمنى ئازراق رۇسلىۋالسام رۇسلىۋالاي . پۇتۇمنىڭ ئالىقىنىنى يۇزۇمگە ياققۇدەك بولۇپ كەتتىم . ئىلگىرى سىلەرنى كۆرمەپتىكەنمەن . ئادەتتە گۈلنازنىڭ دوستلىرى ئۆيگە كېلىپ تۇراتتى .

پەرىدە پەزىلەتكە قارىدى . پەزىلەت ئۆزۈڭ بىر گەپ قىل دەپ كۆزىنى چىمىلداتتى .

— سىلىگە راست گەپنى قىلسام ، — دېدى پەرىدە بىر ئاز ئويلىنىۋېتىپ ، — بىزگە گۈلناز بىلەن تونۇشقىلى ئۇزۇن بولمىدى ، لېكىن ھازىر دوستتىنمۇ چارە بولۇپ قالدۇق . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئاچا - سىڭىل بولۇپ قالدۇق دېسەكمۇ بولىدۇ .

ئەلانۇر خانىم ئەجەبلەنگەن ھالدا بىردە پەرىدەگە ، بىردە پەزىلەتكە قارىدى .

— گېپىڭىزنى چۈشەنمىدىم ، قىزىم .

— گەپ يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ، — دېدى پەزىلەت غەيرەتكە كېلىپ ، — بۇ مېنىڭ ئاچام بولىدۇ ، ئىسمى پەرىدە . مېنىڭ ئىسمىم پەزىلەت . بايا سىرتقا چىقىپ كەتكىنى سىڭلىمىز ، ئىسمى پەخرىئاي . بىز بۈگۈن گۈلنازغا ئەلچى كېلىدىغانلىقىدىن تۇيۇقسىز خەۋەر تاپقانلىقىمىز ئۈچۈن ئالدىراپ - تېنەپ كېلىشىمىز . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، بىزمۇ شۇ تاپتا ئەلچى . ئىنىمىز

ئۇچۇن گۇلنازغا ئەلچى بولۇپ كەلدۇق .

ئەلانۇر خانىم تاڭ قېتىپ قالدى . پەردە ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا پۇرسەت بەرمەي سىڭلىسىنىڭ گېپىنى تولۇقلىدى .

— دادام بىلەن ئانام ساياھەت قىلغاچ ئارام ئېلىپ كېلەيلى دەپ ئۆتكەن ھەپتە ئۈرۈمچىگە كەتكەنىدى . بۇ خەۋەرنى تۈنۈگۈن ئىنىمىزدىن ئۇيۇقسىز ئاڭلاپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىز كېلىۋەردۇق . دادام بىلەن ئانام قايتىپ كەلسە ، رەسمىي يوسۇندا ئەلچى بولۇپ كېلىدۇ .

— ئىنىمىز پەخرىدىن بىلەن گۇلناز بىر ـ بىرىنى بەك ياخشى كۆرۈشىدۇ . گۇلناز خىجىل بولۇپ بۇ گەپنى سىلىگە دېيەلمەپتۇ . ھە راست ، ئۇلار ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقداشلار ، بىر ـ بىرىنى ئوبدان چۈشىنىشىدۇ .

— ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ ئورنىدا بۇ بىزنىڭ سۆز سالغىنىمىز بولۇپ قالسۇن ، گۇلنازنى بىزگە رەسمىي سىڭىل قىلىپ بەرسىلە ، ئاچا . ئۆتۈنۈپ قالايلى .

— ۋاي قىزىم ، چاقچاق قىلىۋاتامىدىغانسىلەر ، — دېدى ئەلانۇر خانىم گاڭگىرىغان ھالدا ، — ئادەمنى قايمۇقتۇرۇپلا قويدۇڭلىغۇ ؟

باياتىن بېرى ئىشىك تۈۋىدە گەپ تىڭشاپ تۇرغان گۇلنازمۇ ئۆيگە كىرىپ ئانىسىغا يېلىندى .

— راست ئانا ، بۇلارغا مەن خەۋەر قىلغان . مېنىڭ رايىمغا باققىن .

— ماڭ ـ ماڭ ، ئاشخانىغا چىق ، ئەدەپسىز ، — دېدى ئەلانۇر خانىم قاپىقىنى تۈرۈپ .

گۇلناز ئاستا چىقىپ كەتتى .

— سىلىدىن ئۆتۈنەيلى ، ئاچا . گۇلنازنىڭ رايىغا باقسىلا .

ئەلانۇر خانىم دەماللىققا گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى . شۇ تاپتا بۇ تاسادىپىيلىقتىن بېشى قېيىپ قالغانىدى . دېمەك ، كۆڭلى داۋالغۇۋاتاتتى .

— پۇتتى ، پۇتتى ، ئىش پۇتتى .

پەخرىئاي شۇنداق دېگىنىچە ئۆيگە ئۇسۇپلا كىردى ـ دە ، ئەلانۇر خانىمنى كۆرۈپ تىلىنى چىقىرىپ قويدى .

— ياخشى كۆڭلۈڭلەرگە رەھمەت ، قىزلىرىم ، — دېدى ئەلانۇر خانىم چىرايىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ، — سىلەر راستتىنلا كېچىكىپ قاپسىلەر . مەن ئاۋۇ مېھمانلارغا ئۇچۇر بېرىپ بولغان . ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە يېنىۋالغىلى بولمايدۇ . ئادەمنىڭ قىلغان گېپىنىڭ تۇتامى بولۇشى كېرەك .

پەخرىئاي گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋىدى ، ئۇنى پەرىدە شەرەتلەپ توختىتىۋالدى .

— ھېلىمۇ ئۇلگۈرىلا ، ئاچا ، — دېدى پەرىدە ، — بىز گۈلناز بىلەن قوشۇلۇپ تۆت ئاچا ـ سىڭىل بولۇپ ياشىساق ، دەيمىز . ھەرھالدا بەكرەك ئويلىنىپ باقالا ، ئالدىراپ قارار چىقىرىۋەتمىسىلە . نىكاھ ئىشى دېگەن ئۆمۈر سودىسى دەپتىكەن . ئىنىمىز ھەرگىز سىلىنى نائۇمىد قويمايدۇ ، چوقۇم ياخشى كۈيئوغۇل بولالايدۇ .

— ئانا ، مېھمانلار سىزنى توۋلاۋاتىدۇ ، — دېدى گۈلناز ئۆيگە كىرىپ .

ئەلانۇر خانىم گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى .

— ئىشلار شۇنداق جايىدا ئەپلەشتى ، — دېدى پەخرىئاي مەغرۇرلۇق بىلەن سۆزلەپ ، — شەرۋانەم ئاچامغا ھەممە گەپنى دېدىم . ئۇ بىزگە ياردەم قىلىدىغانغا ۋەدە بېرىپ يېنىپ چىگەن . مەن بىردەم سىرتتا تۇرۇپ ئۆيگە چىسەم ، ھېلىقى تۆردە ئولتۇرغان ئايالنىڭ قاپىقى چۈشۈپ كېتىپتۇ . ئەھۋالدىن قارىغاندا ، شەرۋانەم ئاچام بۇ ئىشنى جايىدا بۇزغان ئوخشايدۇ .

— بىردەم جىم تۇرە ، — دېدى پەزىلەت سىڭلىسىنى جېمىلەپ ۋە سىرتقا قۇلاق سالدى .

مېھمانلار بىرئاز ئۇپۇر ـ توپۇر بولدى . ئۇلار ئورنىدىن تۇرغاندەك قىلاتتى . قىزلار ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن مېھمانخانىدا

بولۇنغان گەپنى ئېنىق ئاڭلاپ تۇردى .

— ئۇنداق ئالدىراشمىسىلا ، يەنە تېخى هەرقايسىلىرىغا تەييارلىغان تۆت قازىنىم بار .

بۇ ئەلانۇر خانىمنىڭ ئاۋازى ئىدى .

— رەهمەت ، هېلىمۇ جىق كايىپلا ، بىز يېنىۋالايلى .

بۇ تۆردە ئولتۇرغان قۇدا ئايالنىڭ ئاۋازى ئىدى .

نېمە ئۈچۈندۇر ئەلانۇر خانىم مېهمانلارنى ئانچە زورلاپ كەتمىدى .

— خوش ئەمىسە ، لايىقلىرىدا مېهمان قىلالمىغان بولسام رەنجىمىگەيلا .

بىرنەچچە دەقىقىدىن كېيىن ئىشىكنىڭ يېپىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى . مېهمانخانا تىمتاسلىققا چۆمدى . ئەلانۇر خانىمنىڭ كىمگىدۇر غۇدۇرىغىنى ئاڭلاندى .

— قانداق قائىدىسىز خەق بۇ . ئۆزىچە قوڭنى چىمدىۋالغاندەك يامانلاپ كېتىپ بارىدۇيا ياكى مۇنداق سەۋەبلىك ئۆتتى دېمەي ، ياكى كېتىشنىڭ سەۋەبىنى دېمەي ، ئەجەب ئىككى بىسلىق گەپ قىلىشقا ئۇستا خوتۇنكەن . «بىز يېنىۋالايلى» دەپ كېتىشلىرىنى ، خۇددى بىركىم چاپلىشىۋالغاندەك . ئەكەلگەن داستىخىنىنى تارتىۋالىدىغاندەك پوكىنىغا تېگىپ مېڭىشتى . تۇۋا ، نەچچە كۈن پالاقلاپ ئاۋارە بولۇپ كېتىپتىمەن تېخى .

قىزلار بىر - بىرىگە قاراپ كۆز يۇمۇشلاشتى .

— ئەجەب بەلەن بولدى ، — دېدى گۈلناز خىرىلداپ كۈلگىنىچە ، — شۇغىنىسى ، سىلەر كەتكەندىن كېيىن ئانامدىن تويغۇچە تىل ئىشىتىدىغان بولدۇم .

— بىزنىمۇ تىللاپ كەتمەس - هە ، — دېدى پەخرىئاي .

— خاتىرجەم بولۇڭ ، ئانام مېهماننى هەرگىز تىللىمايدۇ .

شۇ ئەسنادا ئىشىك تۈۋىدە ئەلانۇر خانىم پەيدا بولدى . ئۇنىڭ چىرايى بۇ ئىشنى هار ئالغاندەك ئۆمسە ئىدى . قىزلار خۇددى گۇناهكارلاردەك دەس ئورنىدىن تۇردى .

— بۇ ھەقىچان تۆتىڭلارنىڭ ئويۇنىغۇ دەيمەن ، — دېدى ئۇ قىزلارغا تەكشى قاراپ ، — مېھمان ئىكەنلىكىڭلارنى ، ياخشى كۆڭلۈڭلارنى دېمىسەم قاتتىق گەپ قىلىۋېتەتتىم شۇ تاپتا . بوپتۇ ئەمدى ، بولىدىغان ئىش بولدى ، ئاخىرقى ھېسابتا مەن ئۇسال بولدۇم .

— بىزنى كەچۈرسىلە ، ئاچا ، — دېدى ئۈچ قىز تەڭلا .

— خاپا بولمىغىنا ، ئانا ، — دېدى گۈلناز .

— بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ھەددىدىن ئاشقان چاقچاقنى ھەرگىز قىلماڭلار ، — دېدى ئەلانۇر خانىم ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا ، — مەنمۇ ئۇنچە گەپ چۈشەنمەيدىغان تومپاي خوتۇن ئەمەس . مەنمۇ قىزىمنىڭ بەختىنى كۆزلەيمەن . سىلەر قايتىپ قېلىڭلار . مەن بىردەم ئارام ئېلىۋالاي .

— بىزنى كەچۈرسىلە ، ئاچا ، — دېدى پەزىلەت يېلىنغان ھالدا ، — كۆڭۈللىرىنى ئاغرىتىپ قويدۇق . بىز قايتىپ تۇرايلى . باشقا كۈنى باشلىرىنى ئاغرىتقىلى يەنە كېلىمىز .

— گۈلناز ، مېھمانلارنى ئۇزىتىپ قوي ، — دېدى ئەلانۇر خانىم .

قىزلار ئەلانۇر خانىمغا يەنە بىر قېتىم كۆڭۈل قويۇپ سىرتقا مېڭىشتى .

— خوش ، گۈلناز ، — دېدى پەرىدە ئىشىك تۈۋىدە خوشلىشىۋېتىپ ، — ئانىڭىز بىلەن ھەرگىز تاكاللاشماڭ ، جىملا تۇرۇۋېلىڭ . ئەتىگىچە ئاچچىقى يېنىپ قالا .

— خوش ، سىلەرمۇ رەنجىمەي قايتاسىلەر .

— ھەرھالدا ئىشىمىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى ، — دېدى گۈلناز پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ .

— لېكىن ، گۈلنازنىڭ ئانىسى بىزگە ئېنىق جاۋاب بەرمىدى ، — دېدى پەخرىنىساي تازا قانائەت قىلماي .

— نەدە ئۇنداق ئاسان ئىش باركەن ، — دېدى پەرىدە ، — ئانام كەلگەن بولسىمۇ بۈگۈن جاۋاب ئالالمايتتى . ئىشقىلىپ ،

مەقسەتكە يەتتۇق .

— ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ياخشى ئايالكەن .

— ھەرھالدا يۈزىمىزنى قىلدى .

## 28

— بالىلارنىڭ ھېچقايسىسى كۆرۈنمەيدۇغۇ ؟ — سورىدى قادىر ئەپەندى زۆھرە خانىم ئالدىغا ئەكەلگەن بىر تەخسە ئاشنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ ، — بۈگۈن شەنبە تۇرسا ، ھەممىسى تەڭ ئىشلەيدىغان بولۇپ قالمىغاندۇ ؟

— تاڭەي ، مەنمۇ بىلمىدىم . ھېچقايسىسى ئىشلەيدىغانىنىڭ گېپىنى قىلمىغان . سىرتقا چىقىپ كەتكىنىنى بىلمەيلا قاپتىمەنغۇ ئۇلارنىڭ . تېخى بايىلا پەخرىدىن ياتاق ئۆيىدە مۇزىكا تىڭشاپ ياتقاندەك قىلغان . بىردەمدە ئۇمۇ غايىب بوپتۇ . تاماق ئېتىۋاتقىنىمنى كۆرگەن بولمىسا . ئەجەب بەڭباش بولۇپ كەتتىغۇ بۇلار ، سىلى ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويايمۇ دېمەيلا .

— بالىلار چوڭ بولۇپ قالدى ، — دېدى قادىر ئەپەندى ،— گەپ قىلىشۇرسەك قاشىرىپ قالىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ ياشتىكى بالىلارنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئىشلىرى بولىدۇ . ئەسلىدە پەرىدە بىلەن پەزىلەتنىڭ تويىنى بالدۇرراق قىلىۋەتكەن بولساق ، بۇ چاغقا پەخرىدىنىنىڭ تويىغا قويقان بولاتتۇق . قىز بالا ئۆيدە تۇرىۋەرسە ، بىزگىمۇ ياخشى ئەمەس .

— مەنمۇ ئالدىراۋاتىمەن ، — دېدى زۆھرە خانىم ئېرىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ، — پەرىدە خېلى ياۋاش ، گەپ ئۇقىدىغان بالا بولدىمىكىن دېسەم ، ئۇمۇ بولۇۋاپتۇ . پەقەتلا گەپ چىشلىمەيۋاتىدۇ . قايسى كۈنى شاراپەت جىيەن ئوغلىنىڭ گېپىنى قىلغانتى . مەنمۇ ئۇ بالىنى نېرىدىن كۆردۈم . چىرايى پاكىز ، قامىلاشقان يىگىتكەن . شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىكەن . تېخى ئاسپىرانتلىقتىمۇ ئوقۇپتىكەن . خېلى ئىستىقبالى باركەن دەپ

ئويلاپ ، شارايەت بىلەن مەسلىھەتلىشىپ پەرىدە بىلەن كۆرۈشتۈرسەم ، يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىشكىنى يورغىلىتىپ ، ئۇ بالىغا ھېلىقى سەھرالىق مۇئەللىمنىڭ گېپىنى قىلىپ يۈرۈپتۇ . بۇ ئىشمۇ شۇنىڭ بىلەن بۇزۇلدى بولغاي . كۆڭلۈمدە ، ئىش كۆتكەن يېرىمدىن چىقسا دەرھال تەييارلىق قىلىپ بىر - ئىككى ھەپتە ئىچىدە توينى قىلىۋېتەرمىز دەپ ئويلىغان . ئاشنىڭ سۇيىدىن ئىلىپ چىقىپ بېرەيمۇ ؟

— ئىلىپ چىقمىسىلىمۇ بولا ، پەقەت بولمىسا پەرىدەنىڭ رايىغا بارىلى ، — دېدى قادىر ئەپەندى ئويلانغان ھالدا ، — خالىمىغان توينى زورلاپ قىلىپ بەرگىنىمىز بىلەن ئۆينى يەنە شۇلار تۇتىدۇ . ناۋادا كېلىشەلمىسە ، كۆڭۈل ئاغرىقىنى بىز تارتىمىز ، ئاجرىشىپ كەتسە ياپياش تۇرۇپ نىكاھ زېدىسى بولىدۇ .

— مەنمۇ بالىلارنىڭ غېمىنى يەپ شۇنداق قىلغان . بۇ بەڭباشلا كۆڭلۈمنى چۇشەنمىدى .

— سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىنى مەن چۈشىنىمەن ، خانىم ، — دېدى قادىر ئەپەندى ئايالىغا كۆيۈنۈش نەزىرى بىلەن قاراپ ، — سىلىمۇ بالىلارنى چوڭ قىلىش ئۈچۈن ئاز جاپا تارتمىدىلا ، شۇڭلاشقىمۇ ھەممىسى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇدى ، خىزمەت ئورنىمۇ يامان ئەمەس . مېنىڭچە ، ئەمدى ئۇلارنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا ئارتۇقچە باش قاتۇرۇپ يۈرمەيلى . ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئويلىغىنى ، ئارزۇسى بار ، تاللىشىغا ھۆرمەت قىلايلى .

زۆھرە خانىم قايىل بولمىغان ھالدا چىرايىنى پۈرۈشتۈردى .

— قاراپ تۇرۇپ بىر سەھرالىق بىلەن ساتىراشنى كۈيئوغۇل قىلارمىزمۇ دەيمىنا . بىزمۇ بەك كاتتا ئادەملەردىن بولمىساقمۇ ، ئۆزىمىزگە تۇشلۇق يۈز - ئابرۇيىمىز بار . كىم دېسە ، قادىر ئەپەندى ، زۆھرە خانىم دەيدۇ . دوست - دۈشمەننىڭ ئالدىدا سەت ئەمەسمۇ ؟

قادىر ئەپەندى سەۋرچان ئادەم ئىدى . ئەزەلدىن ئايالىنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلاتتى ھەم يول قوياتتى . بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر

يول قويغۇسى كەلمىدى ، ئەستايىدىللىق بىلەن زاكونلاشتى .

— سەھرالىق بولسىمۇ ئوقۇتقۇچىكەنغۇ ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپتىكەن . مەنمۇ سەھرالىققۇ ؟ ئاتا ـ ئانىسى دېھقان بولسا نېمە بوپتۇ . ئوغلىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقىنىغا قارىغاندا ، ئادەتتىكى دېھقانلاردىن ئەمەستەك قىلىدۇ .

— ئىشقىلىپ ، مەن ئۇلارنىڭ ئائىلە شارائىتىنى كۆرمەي تۇرۇپ بۇ تويغا رازىلىق بەرمەيمەن . ياشلار دېگەن كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىشنى بىلىدۇ ، كېيىنلىكىنى ئويلىمايدۇ . كېيىنچە دەرد تارتىپ قالسا ، جاپادا قالسا ، ئۆزى بىلەنلا تۈگىمەيدۇ .

— ئۇنداق بولسا ، ئاۋۋال كۆرۈپ باقايلى ئەمىسە ، — دېدى قادىر ئەپەندى ئائىلىنىڭ يۇمشىغىنىنى كۆرۈپ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ ، — پەرىدەگە دەيلى . خەۋەر بەرسۇن ، يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى رەسمىي سۆز سالغىلى كىرسۇن . ھېچنېمىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۆزىمىزنىمۇ ، بالىلارنىمۇ قىينىمايلى . قانداق دېدىم ؟

زۆھرە خانىم گەپ قىلماي پۇشۇلداپ ئولتۇرۇۋالدى . ھەئە ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ پەقەتلا قايىللىقى يوق ئىدى . ئېرىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىۋېتەي دېسە ، كۆرسەتكۇدەك تۈزۈك سەۋەبمۇ يوق ئىدى . قادىر ئەپەندى ئائىلىدىن جاۋاب كۈتۈپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن يەنە ئېغىز ئاچتى .

— بىز ھەرقانچە تىركەشكىنىمىز بىلەن بالىلار ياقتۇرمىسا قۇرۇق ئاۋارە بولغىنىمىز قالىدۇ . شۇ تاپتا بىز نېمە ئويدا ، بالىلار نېمە كويدا . ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىت بىلەن چىرايلىق ئۆي تۇتۇپ قالسا ، تۇرمۇشىنى ئاستا ـ ئاستا ياخشىلىۋالامدۇ ؟ ئويلاپ باقسىلا ، ئىككىمىز توي قىلغاندىمۇ بىر پارچە كىگىز ، بىر يورۇش يوتقان ـ كۆرپە ، قازان ـ قومۇچىمىزدىن باشقا نېمە بار ئىدى . كاتەكتەك بىر ئېغىز ئۆينى تۇتۇپ ئولتۇرغانىدۇق . شۇ چاغدىمۇ سىلى مېنى سەھرالىقكەن ، نامراتكەن ، ھېچنېمىسى يوقكەن دېمەي تەگكەنىدىلە . خۇدايىم بېرىپ مۇشۇنچىلىك كۈنگە ئۇلاشتۇق . بۇ



www.uyghurkitap.com

جەرياندا ھەر خىل سىياسىي ھەرىكەتلەرنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزۈپ ئاز جاپا تارتمىدۇق. پەقەت بىر ـ بىرىمىزگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىمىز، ھۆرمەت ـ ئىشەنچىمىز بىزنى ئايرىۋەتمىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇھەببەتنىڭ سېھرىي كۈچى. بالىلارنىڭ تەلپۈنۈۋاتقىنىمۇ بىزنىڭ ياشلىقىمىزغا ئوخشاش پاك، سەممىي مۇھەببەت.

زۆھرە خانىم خىجىل بولدى. كۆز ئالدىدىن ياشلىق دەۋرىدىكى ئاشۇ قارا كۈنلەر، يوقسۇزلۇق، سىياسىي كۈرەشلەر بىر ـ بىرلەپ ئۆتتى. ھەئە، ئۇلار مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغانىدى. دەسلەپتە ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى بۇ سەھرالىق يىگىت بىلەن توي قىلىشتىن توسقانىدى، لېكىن ئۇ ئاخىر ئاتا ـ ئانىسىنى قايىل قىلدى. تويدىن كېيىن تۇرمۇشى بەك باياشات بولمىغان بولسىمۇ، قادىر ئەپەندىنىڭ ھۆرمەتلىشىگە، مۇھەببەت بىلەن سۆيۈشىگە نائىل بولدى، تاكى بۈگۈنگىچە دىلىنى چەكمىدى، رايىغا باقتى. زۆھرە خانىم مۇشۇلارنى ئويلىسا، ئاشۇ چاغدا قادىر ئەپەندىنى تاللاپ خاتا قىلمىغانلىقىدىن سۆيۈنەتتى. ئەمما، نۆۋەت بالىلىرىغا كەلگەندە، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇلارنىڭ تاللىشىغا يول قويغۇسى كەلمەيۋاتاتتى. قىزلىرىنىڭ تاللىغان يىگىتلىرى ئۇنىڭ ئۆلچەملىرىگە چۈشمەيۋاتاتتى.

«ھازىرقى ياشلار بۇرۇنقى يىگىتلەردەك ئۇنداق مەسئۇلىيەتچان ئەمەس، يەڭگىلتەك، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى تېتىمىغان، ئويۇن ـ تاماشىدىن باشقىنى ئويلىمايدۇ، بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ قادىر ئەپەندىدەك ئادەم بولىدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتمىدى، مەنمۇ بۇنچىلىك ئاۋارە بولۇپ كەتمەيتتىم. بالىلا كۆڭلۈمنى چۈشەنمەيۋاتىدۇ. ھازىرقى دەۋردە مۇھەببەتلا بولسا كۇپايە قىلمايدۇ. ياخشى ئائىلە شارائىتى، يېتەرلىك ئىقتىسادىي كاپالەت بولۇشى كېرەك، شۇ چاغدىلا ئاندىن بەختلىك بولالايدۇ، تەڭتۇشلىرىنىڭ ئالدىدا چېنىپ قالمايدۇ. ھېچنېمىدىن تەڭلىك تارتماي، قىسىلماي خاتىرجەم ياشايدۇ. ئۇلار

ھازىر ئۇچۇشنى بىلىپ چۈشۈشنى بىلمەيۋاتىدۇ. ماۋۇ ئادەمنىڭ تۇيۇقسىزلا بالىلارنىڭ يېنىنى ئېلىۋاتقىنىنى كۆرمەمدىغان، ئەسلىدە مېنى قوللىشى كېرەكتى. ياق دەپلا گېپىنى يىرتىۋېتەي دېسەم، بالىلارنىڭ ئەھۋالى شۇ. ئىككى يىلدىن بېرى شۇنچە تىركىشىپتىمەن، پەقەتلا گېپىمگە كىرگۈزەلمىدىم. بولمىسا، ئىككى قىزىمىزنىڭ تويىنى ئاللىقاچان قىلىۋەتكەن بولاتتۇق. ئىشقىلىپ، بۇ ئىشتا ئۇنداق ئاسان بەل قويۇۋەتسەم بولمايدۇ. ئانا بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇلارنىڭ كەلگۈسىگە مەسئۇل بولۇشۇم كېرەك. ئۇلار شۇنداق چىرايلىق چوڭ بولدى. كۆڭۈلدىكىدەك خىزمىتى، كەسپى بار. باشقىلارنىڭمۇ چىرايىنىڭ تۈزۈك تايىنى يوق قىزلىرىغىمۇ تۇتسا سېپى بار، قىچقارسا ئېتى بار يەردىن لايىق چىقتىغۇ؟ يەنە بىر تىركىشىپ باقاي. گېپىمگە كىرىپ قالار ...»

— مېزىنى باسسا تېزى دەپ، نېمانداق كەم ئەقىللىق قىلىدىغاندۇ بۇ كۈچۈكلەر، — دېدى زۆھرە خانىم دادلاپ، — پەرىدەنىڭ تاپقان لايىقىغا ھازىرچە ماقۇل دەيلى. سىلىمۇ مېنى سەھرالىقنى پەس كۆردۇڭ دەپ خاتا چۈشىنىپ قالىلا شۇ تاپتا. مەن سىلىنى ئۆز ۋاقتىدا سەھرالىق دېمىگەن، ئاتا ـ ئانام توسسىمۇ ئۇنىماي توي قىلغان. چۈنكى، مېنى چىن يۈرەكلىرىدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقلىرىغا ئىشەنگەنتىم. مانا شۇنچە يىل ئۆتۈپتۇ. قىلچىلىك ئۆزگىرىپ قالمىدىلا. مەن سىلىدىن بەك رازى، لېكىن پەرىدەنىڭ لايىقىنى قىزىمىزنى بىر ئۆمۈر ياخشى كۆرىدۇ دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ. ھازىر دېگەن زامان ئۆزگەردى، ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆستى، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە قويىدىغان ئۆلچەم ـ تەلەپلىرىمۇ يۇقىرىلاپ كەتتى، ئىقتىساد مۇھىم بولۇپ قالدى، ھەممە ئىش پۇل بىلەن ئوخشايدىغان بولۇپ قالدى. پەرىدەگە قېينانا ـ قېيناتا بولغۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى قانداقراق، بۇنىسى نامەلۇم. سىلىمۇ بىلىلا، دېھقانلار ھازىر بەك

نامرات . شەھەر بىلەن يېزىنىڭ پەرقى بەك چوڭ . ناۋادا ، ئۇلار كۆك نامراتلاردىن بولۇپ قالسا ، ھەممە جاپاغا پەرىدە قالىدۇ . ئۇلار ئالغان مائاشقا يېڭى تۇتقان ئۆيىنى قامىدامدۇ ياكى ئاشۇ دېھقان ئاتا - ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالامدۇ ، بۇمۇ ئويلانمىساق بولمايدىغان مەسىلە . ناۋادا ھەقىقەتەن نامرات ئادەملەر بولۇپ قىلىپ بالىلارغا ئېغىرچىلىقنى سېلىۋالسا ، ھالىدىن خەۋەر ئالماي ئامال يوق . مۇشۇ تەرەپلەرنى ئويلاپ كۆز قورقۇتۇۋاتىمەن ، — زۆھرە خانىم قادىر ئەپەندىنىڭ لام - جىم دېمىگىنىنى كۆرۈپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — پەزىلەتنىڭ لايىقىنىڭ تەكتىنى ئۇقمايلا تېخى . مۇقىم خىزمەت ئورنىنىڭ تايىنى يوق ئۇنداق ساتىراشقا ، ئۇنى ھەرگىز بەرمەيمەن .

— ساتىراشخانا ئەمەس ھۆسن تۈزەش ئورنى ، دېگەندەك قىلىۋىدىغۇ ، — دېدى قادىر ئەپەندى .

— ھە دەپ قويسىلا ، — دېدى زۆھرە خانىم تېرىكىپ ، — نامىدىنلا چىقىپ تۇرامدۇ ساتىراشخانىلىقى ، ھۆسن تۈزەپ كەتكۈدەك قانچىلىك كارامىتى بارلىقىنى كىم بىلىدۇ . كىنولاردىكىگە ئوخشاش يۈزى پۈتۈنلەي كۆيۈپ ، تاتۇق بولۇپ كەتكەن ، چىرايى بۇزۇلۇپ كەتكەن ئادەمنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرەلىسە ، ئاندىن ھۆسن تۈزىدى دەيمىز . خوتۇن كىشىنىڭ چېچىنى ياساپ ، پەرداز قىلىپ قويسا ھۆسن تۈزىگەن بولمايدۇ . ئويلىساملا ئوغام قايناپدۇ . پۈتۈن - سۇرۇك بىر ئوغۇل بالا تۇرۇپ ، قىلغىلى ئىش چىقمىغاندەك ئاياللارغا پەرداز قىلىپ يۈرگىنىنى دەيمىنا . خەق ئاڭلىسا نى ئات ، نى نومۇس .

قادىر ئەپەندى ئايالىنىڭ سۆزلىگەنسېرى قايناپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئىچىدە كۈلدى .

— ئىچكىرىدىكى تېببىي ئىنستىتۇتنىڭ ھۆسن تۈزەش كەسپىدە ئوقۇپتىكەنغۇ ؟ پەرداز قىلىدىغان ئىشنى باشقا قىزلار قىلارمىش . ئۇ يىگىت مەخسۇس ھۆسن تۈزەيدىكەن .

شەھىرىمىزدە خېلىلا نامى بارمىش ئۇنىڭ. تىجارىتىمۇ بەك ياخشى دەپ ئاڭلايمەن ...

— سىلىگە بۇ گەپنى پەزىلەت دېدىمۇ؟ — دېدى زۆھرە خانىم ئېرىنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ.

— پەزىلەت ئىزا تارتماي ماڭا شۇ گەپنى قىلالامدۇ، بىزنىڭ ئىدارىدىكى ئاياللارنىڭ پارىڭىدىن ئاڭلاپ قالدىم.

— ئۇنداقتا خاتالىشىپلا، — دېدى زۆھرە خانىم كېسىپلا ھۆكۈم چىقىرىپ، — شەھىرىمىزدە ئۇنداق ھۆسن تۈزەش ئۇستىسىدىن بىرنەچچىسى بار. ئىدارىلىرىدىكى ئاياللار باشقىسىنىڭ گېپىنى قىلغان ئوخشايدۇ، لېكىن ھېچقايسىسى ئىشەنچلىك ئەمەس. مەن بۇ چاغقىچە بىرەر كىمنىڭ ھۆسن تۈزىتىپ پەرىزاتتەك بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم. ھۆسن تۈزەتكەنلەرمۇ ئۈرۈمچىگە بېرىپ ھۆسن تۈزىتىپ كەپتۇ.

قادىر ئەپەندى يەنە تالىشىپ ئولتۇرۇشنى خالىمىدى.

— ئاۋۋال پەرىدەنىڭ ئىشىغا باش قاتۇرايلى، — دېدى ئۇ، — پەرىدەنىڭ ئىشى بىر تەرەپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن پەزىلەتنىڭ ئىشىنى بىرنېمە دەرمىز. ھەي، بۇ بالىلارنىڭ ئىشى ئەجەب كەپلەشتىغۇ. مۇنداق قارىسام، پەخرىدىنمۇ ئالدىراپ قالغاندەك قىلىدۇ، ھەقىچان لايىقى بارغۇ دەيمەن.

— پەخرىدىن ھازىرچە لايىق تاللايمەن دەپ خام خىيال قىلمىسۇن، — دېدى زۆھرە خانىم تېرىكىپ.

— خاتىرجەم بولسىلا، پەخرىدىن خېلى قائىدىلىك بالا بولدى. ئاچىلىرى ياتلىق بولماي تۇرۇپ، توي قىلىمەن دەپ بېشىمىزنى ئاغرىتمايدۇ.

— مېنىڭ دەۋاتقىنىم ئۇ ئەمەس، — دېدى زۆھرە خانىم ئېرىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىگىنىگە جىلە بولۇپ، — پەخرىدىن بىر تال ئوغۇل، ئۇنىڭغا لايىقنى ئۆزۈم تاللايمەن.

قادىر ئەپەندى خىرىلداپ كۈلۈۋەتتى.

— نېمىگە كۈلىلا؟ — سورىدى زۆھرە خانىم قاپىقىنى سوزۇپ، — كۈلگۈدەك گەپ قىلمىغاندىمەن.

— كۈلگۈدەكقۇ گەپ قىلمىدىلا؟ لېكىن بالىلارنى ھازىرغىچە بۆشۈكتىكى بوۋاقتەك كۆرۈۋاتقانلىرىغا كۈلۈۋاتىمەن. ئۇنداق قىلماي بالىلارنى چوڭ بولغىلى قويسىلا، خانىم. پەخرىدىندەك يىگىتنى ھازىرغىچە بىرەر قىز بىلەن يۈرمىدى دېسە كىم ئىشىنىدۇ. ئوغلىمىز شۇنداق كېلىشكەن، شوخ يىگىت تۇرسا، بالىمىز جىم تۇرسىمۇ قىزلار جىم تۇرماس ھەقىچان. ئەسلىرىدىمۇ، مەن پەخرىدىننىڭ يېشىدا پەرىدە قىزىمىزغا دادا بولۇپ بولغان.

— ئوغلى بار ئادەملەر شۇنداق كاتتا ئادەملەرمىكىن بىلمىدىم، — دېدى زۆھرە خانىم ھال دادلاپ، — ۋاي ئوغلۇم ئۇنداق ئادەم بولدى، مۇنداق ئادەم بولدى، ئوغلۇمغا بۇ شەھەردە لايىق كەلگۈدەك قىز تاپالمىدىم دەپ كوتۇلدىشىپلا يۈرىدۇ. كۆڭلۈمدە ئىككى قىزىمىزنىڭ توينى قىلىۋېتىپ، پەخرىدىنغا ئالدىرىماي قىز كۆرەرمەن. ئاشۇ كوت ـ كوت خوتۇنلارنىڭ ئالدىدا مەنمۇ پۇخادىن چىققۇچە داۋراڭ سېلىۋالارمەن دەپ ئويلىغانتىم. خەقنىڭ بالىلىرى قانداق بالىلاركىنتاڭ، ئاتا ـ ئانىسى باشلىسا ماقۇل دەيدىكەن.

— خەق دېگەن دەۋېرىدۇ، دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ، — دېدى قادىر ئەپەندى، — پەخرىدىنمۇ شۇنداق ئېسىل يىگىت بولدىغۇ ئەينا. ھېچقانداق خۇيى، ئەسكى ـ پەسكى ئىشى يوق. بىزنىمۇ، ئاچا ـ سىڭىللىرىنىمۇ شۇنداق ھۆرمەتلەيدۇ، كۆيۈمچانلىقىنى دېمەيلا تېخى. كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا. خۇدايىم تىلەكلىرىگە يەتكۈزە.

— ھە، مۇنداقراق دەپ تۇرسىلا، سىلى بولسىلىمۇ، — دېدى زۆھرە خانىم چىرايىغا ۋىللىدە كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — خەق بىلەن بەسلەشكىنىم ئەمەس، لېكىن ھازىر جاھان شۇنداق بولۇپ قالدى.

توققۇز ئاي ، توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ ، يامان سىزىلىك ، ئاچچىق تولغاقنىڭ دەردىنى تارتىپ بالا چوڭ قىلغان ئانىنىڭ دېگەن ئۆزىگە تۇشلۇق ئارزۇ ـ ئارمىنى بولىدۇ ـ دە . بالىلىرىمىز مۇشۇنچىلىك چۈشەنگەن بولسىمۇ ، ئۇنچىۋالا ئاچچىق يۇتۇپ يۇرمەستىم .

— ھېچقىسى يوق ، بىرىدە بولمىسا ، بىرىدە مۇرادلىرى ھاسىل بولۇپ قالا ، — دېدى قادىر ئەپەندى ئايالىنى بەزلەپ ، — ئەڭ ياخشىسى ، پەرىدەنىڭ ئىشىنى كەينىگە تارتمايلى . خەق قىزىغا ئەر چىقماي ئولتۇرۇپ قاپتۇ دەپ گەپ تېپىپ يۈرمىسۇن يەنە .

زۆھرە خانىم سەل يۇمشىدى .

— ئەڭ ياخشىسى ، بۇ گەپنى پەرىدە ئۇقماي تۇرسۇن . مەن بىرئاز ئويلىنىۋالاي . ئىشقىلىپ ، مېنىڭ رازىلىقىم يوق . سىلى بۇنداق دەپ تۇرۇۋالسىلا ، ماڭا نېمە ئامال .

قادىر ئەپەندى ئايالىنىڭ ھەرھالدا قايىل بولغانلىقىغا كۆزى يېتىپ يەنە تەگەشمىدى .

«بىچارە خوتۇن كۆڭلۈڭلىنى چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن ، لېكىن ئامال قانچە . بالىلارنىڭ ئارزۇسىغىمۇ ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك ـ دە . ھېچقىسى يوق ، رەنجىپ ـ رەنجىپ توختاپ قالاسىلەر ، بىلىمەن ، ئەمەلىيەتتە قىزلارنى ياتلىق قىلىشقا مەندىن بەك ئالدىراۋاتىسىلە . نېمە ئىلاج ، جاھاننىڭ ئىشلىرى دېگەن ھوناغ ـ ھوناغقا كەلمىكى تەس... »

— بىر پىيالە چاي بەرسىلە ، خانىم .

— يەنە ئىككى تال ئاش سېلىپ بېرەيمۇ ؟ — دېدى زۆھرە خانىم ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ .

— چاي ئىچەي ، قورسىقىم تويغاندەك قىلىدۇ .

— بىر تاتىم يېمەملا ؟

— رەھمەت ، زورلىمىسىلا .

زۆھرە خانىم چاي دەملەش ئۈچۈن ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ كەتتى .

# 29

— قانداق بولدى؟

يول بويىدا تەقەززالىق بىلەن ساقلاپ تۇرغان پەخرىدىن ئىمىلەرنىدۇر دېيىشىپ، كۆلۈشۈپ كېلىۋاتقان ھەمشىرىلىرىنىڭ ئالدىنى توستى.

— كەچۈرگىن، ئاكا، ئىشىڭ قاملاشمىدى، — دېدى پەخرىئاي چاندۇرماي ئاچىلىرىغا كۆز قىسىپ قويۇپ.

— قاملاشمىدى؟ — پەخرىدىن ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئاچىلىرىغا قارىدى.

— گۈلنازنىڭ ئانىسى بىزنى ئىغىز ئاچۇرمىدى، — دەپ سىڭلىسىغا ماسلاشتى پەزىلەت، — ئەلچىلىككە كەلگەنلەرمۇ بوش ئادەملەر ئەمەسكەن. قىز بالىنىڭ توي ئىشىغا ئانىسى ئىگە بولىدۇ، بىز ئەلانۇر خانىمنىڭ ئاغزىغا قارايمىز دەپ كانىدەك چاپلاشتى. ھېچقانداق ئامال قىلالمىدۇق.

— گۈلنازچۇ؟ ئۇ ھېچنېمە دېمىدىما؟

پەخرىدىنىنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتكەنىدى، ئاۋازى تىترەيتتى، ئىچ - ئىچىدىن بىر ھەسرەت ئۆرلەۋاتاتتى.

— قويە ئۇ گۈلنازنى، — دېدى پەخرىئاي چاقچاقنى تېخىمۇ چىڭغا چىقىرىپ، — بىز ئۈچۈن ئىككى ئېغىز گەپ قىلماقتا يوق، تىرناق تاتىلاپ جىملا تۇرۇۋالدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئاشۇلار تەرەپكە مايىل بولۇپ قالغاندەك قىلىدۇ. ھېچبولمىغاندا سەن بىلەن يۈرگەنلىكىنى دېگەن بولسىمۇ، بىز ئۇنچە ئوسال بولۇپ قالمايتتۇق.

— ياق، ياق، گۈلناز ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتى. ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ.

پەخرىدىن تىترىگەن ھالدا لېۋىگە تاماكا قىستۇردى، قولىدا چاقماق تۇرسىمۇ بىرھازا يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ چاقماق

www.uyghurkitap.com

ئىزدىدى .

— چاقماق قولۇڭدا ، — دېدى پەخرىئاي .

پەخرىدىن تاماكىسىغا ئوت يېقىپ كۈچەپ شورىدى .

— بولدى ، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال ، — دېدى پەزىلەت تەسەللى بېرىپ .

— سىلەر ئۆيگە كەتكەچ تۇرۇڭلار ، مەن ··· گۈلناز بىلەن بىر كۆرۈشۈپ باقاي .

پەخرىدىن شۇنداق دەپ مېڭىشقا تەمشەلدى . ئىنىسىنىڭ بىچارە تۇرقىغا قاراپ پەرىدە چىداپ تۇرالمىدى .

— چاقچىقىڭنى بولدى قىلىشە ، — دېدى ئۇ ئىككى سىڭلىسىغا قاپىقىنى تۈرۈپ ، ئاندىن پەخرىدىنگە قاراپ دېدى ، — گېپىمنى ئاڭلا ، ئۇكام ، بۇ ئىككىسى سېنى كولدۇرلىتىۋاتىدۇ . خاتىرجەم بول ، ئىشلارنى كۆڭۈلدىكىدەك بېجىرىدۇق .

پەخرىدىن جايىدا چىپپىدە توختىدى ، گۇمانسىرىغان هالدا پەزىلەت بىلەن پەخرىئايغا قارىدى .

— زادى قايسىڭلارنىڭ گېپى راست ؟ خۇش بولاي ، ماڭا راست گەپ قىلىڭلا .

پەزىلەت بىلەن پەخرىئاي ۋىلىققىدە كۈلۈۋەتتى .

— ئۆزۈڭ ئايرىپ باقە ، ئاكا ، قايسىمىز راست گەپ قىلغاندىمىز ؟

— مەن پەرىدە ئاچامغا ئىشىنىمەن . ئىككىڭ چوقۇم مېنى ئالداۋاتىسەن .

— راست دەيسەن ، سېنى قانداق قىلىدۇ دەپ ئالداپ قويغاندۇق ، — دېدى پەزىلەت كۈلۈپ ، — قارا سېنى ، چىرايىڭنىڭ قېنىمۇ قالمىدى . ۋاي بىچارە ئاشىق .

پەخرىدىن خاتىرجەم بولۇپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى .

— خەپ توختاپ تۇرۇش ، بۇ ئۆچۈمنى ئالماي قويمايمەن ، — دېدى پەخرىدىن تېرىكىپ ، — مۇشۇنداقمۇ چاقچاق قىلىشامسەن ئادەمگە .

— كۆرسەتكەن تۆھپىمىزگە مۇكاپات ئالارمىز دەپ يۈرسەك ، گۇناھكار بولۇپ قالدۇقمۇ ئەمدى ، — دېدى پەخرىئاي نارازى بولۇپ ، — بىلىپ قوي ، ئاكا ، بۈگۈنكى ئىشتا بىرىنچى تۆھپىكار مانا مەن . بۇ ئىككى قورقۇنچاق گۇلنازنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنىمۇ چېكەلمىدى ، ئىشىكنىمۇ ئۆزۈم چەكتىم ، ھېلىقى ئەلچىلەرنىڭ رايىنىمۇ ئۆزۈم قايتۇردۇم .

— شۇنداق ، ھازىرقى چاقچاقنىمۇ سەن باشلاپ بەردىڭ ، — دېدى پەزىلەت .

— سەن تازا بەلەن ماسلاشتىڭ ، — دېدى پەخرىدىن كۈلۈپ ، — بىلىپ قويۇش ، باش جىنايەتچىسىمۇ ، ئەگەشكۈچىسىمۇ ئوخشاشلا جازالىنىدۇ . گەرچە پەرىدە ئاچام سۈكۈت قىلىپ چاقچاقنا شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن بولسىمۇ ، ئاخىرقى ھېسابتا يالغانچىلىقىڭلارنى پاش قىلغان تۆھپىسى نەزەرگە ئېلىنىپ مۇكاپاتلىنىدۇ .

— بۇ تەڭسىزلىك بولدى ، — دېدى پەزىلەت .

— مەن نارازى ، — دېدى پەخرىئاي ، — باش تۆھپىكار مەن تۇرسام ، قانداقسىگە پەرىدە ئاچام مۇكاپاتلىنىدىكەن ؟

پەرىدە ئىنى - سىڭىللىرىنىڭ چاقچىقىدىن ھوزۇرلىنىپ كۈلدى .

— راست گەپنى قىلغاندا ، پەخرىئاي مۇكاپاتلىنىشقا تېگىشلىك ، — دېدى ئۇ كۈلكىسىنى ئاران توختىتىپ ، — لېكىن بايام چاقچاق قىلىپ پەخرىدىننى ۋەسۋەسىگە سالغانلىقى ئۈچۈن مۇكاپاتلاش ئەمەلدىن قالدۇرۇلسۇن . جۈرۈڭلا ، ئۆيگە قايتايلى .

ئۇلار بىللە ئۆي تەرەپكە مېڭىشتى .

— مەن چاقچاقنا جازا كەپتۇ دەپ ئاڭلىمىغان ، — دېدى پەخرىئاي ، — كۆڭلۈمدە پەخرىدىن ئاكامغا بىر جۈپ ئاياغ ئالدۇرارمەن دەپ تەمە قىپتىكەنمەن .

— خاتىرجەم بول ، ئاياغ سەندىن ئايلانسۇن ، — دېدى پەخرىدىن .

— پەرىدە بىلەن ماڭىچۇ؟ — دېدى پەرىلەت.

— سىلەرگىمۇ بار، — دېدى پەخرىدىن، — جۇرۇڭلا، ئەمىسە ئاياغ بازىرىغا بارايلى.

— بولدى، ئارتۇقچە چىقىم قىلمايلى. ھەممىمىزنىڭ ئايىغى بار، — دېدى پەرىدە، — راست گەپنى قىلغاندا، ئەلچىلەرنىڭ ئىشنى بۇزالىغىنىمىز بىلەن گۈلنازنىڭ ئانىسىدىن جاۋاب ئالالمىدۇق، تېخى بىزدىن رەنجىپ قالدى بولغاي. ئانام بىلەن دادامنى قايىل قىلىپ، ئۇلارنى تېزرەك ئەلچىلىككە ئەۋەتمىسەك، گۈلنازنى تەڭقىسلىقتا قويىمىز.

— ئانامغا گەپ يېگۈزمەك تەس. دادامغا ئەھۋالنى ئېنىق دەيلى، — دېدى پەرىلەت.

— سەن ئوغۇل بالا بولغاندىكىن دادام بىلەن ئوچۇق - يورۇق سۆزلەشمەمسەن، ئاكا، — دېدى پەخرىئاي، — مېنىڭچە، دادام سېنى چوقۇم قوللايدۇ.

— شۇنداق، دادامنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلىسەك، ئانامغا ئاندىن تاقابىل تۇرالايمىز، — دېدى پەرىدە.

— مەيلى، مەن مۇۋاپىق پۇرسەت تېپىپ دادام بىلەن سۆزلىشىپ باقاي، — دېدى پەخرىدىن.

— شۇنداق قىل، دادام سېنى توغرا چۈشىنىدۇ، — دېدى پەرىلەت.

— ھە راست، بايام ئابدۇساتتار ئاكام بىلەن تېلېفونلاشتىم، — دېدى پەخرىدىن، — بىزنىڭ ئۆيگە چىقىدىغان ئىشنى چوڭلارنىڭ سەمىگە سالدىڭلارمۇ دەپ سوراۋاتىدۇ.

— سەن نېمە دېدىڭ؟ — سورىدى پەرىدە.

— ئەتىگىچە جاۋاب بېرەي دېدىم. بۇ ئىشنى بۈگۈن ئانام بىلەن دادامغا دەيمىكىن.

— شۇنداق قىل، ھازىرلا دە، — دېدى پەرىلەت، — ناۋادا ئانام قىزىقماي قالسا، پەخرىئاي بىلەن مەن ھەمدەم بولايلى.

— شۇنداق بولسۇن ئەمىسە، ئىككىڭلار يېزىغا چىقىپ ئويناپ

چىرەيلى دەپ چىلىق تۇرۇڭلا .

ئۇلار پاراڭلاشقاچ بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانىدى .

قادىر ئەپەندى تۆت بالىنىڭ تەڭلا ئۆيگە كىرگىنىنى كۆرۈپ بىر ئاز ئەجەبلەندى .

— نەگە يىتۇپ كەتتىڭلا ، بالام . سىرتتا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ ؟

— ياقەي ، — دېدى پەرىدە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي دۇدۇقلاپ ، — تاماق يېدىڭىزمۇ ، دادا ؟

— يېدىم ، — دېدى قادىر ئەپەندى .

— ئانام بىر يەرگە كەتتىمۇ ؟ — سورىدى پەخرىدىن .

— ھەئە ، ئازراق ئىشىم بار ئىدى دەپ سىرتقا چىقىپ كەتكەن . ھە ، ئاناڭلارنىلا سورايسىلەغۇ ؟ مەن بولسام ھېساب بولمامدىكەن .

— سەن بولساڭمۇ ھېساب بولىدۇ ، دادا ، — دېدى پەخرىئاي ئەركىلەپ ، — ئەمما سەنمۇ داۋاملىق سىرتتىن كىرسەڭ ئاناڭلار قېنى دەپ سورايسەنغۇ ؟

قادىر ئەپەندى قىزىنىڭ گېپىگە مەستلىكى كېلىپ خىرىلداپ كۈلدى .

— بىر ئاغىنەم يېزىغا چىقىپ باغ سەيلىسى قىلىپ چىكىتىڭلار دەپ تەكلىپ قىلغانتى ، — دېدى پەخرىدىن دادىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ، — چىقىپ چىرەمدۇق ، دادا ؟

— بىزنىمۇ قوشۇپ تەكلىپ قىلغانمىدى ؟ — سورىدى قادىر ئەپەندى .

— ئۆيۈڭلەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىللە ئېلىپ چىق ، دېگەندى .

— ۋاي بۇ ياخشى گەپكەنغۇ ، — دېدى پەخرىئاي ، — ياز بولغاندىن بېرى باغ سەيلىسىگە چىقىپمۇ باقماپتۇق . چىقىپ چىرەيلى ، دادا .

— قاچانغا تەكلىپ قىلدى ؟ — سورىدى قادىر ئەپەندى .

www.uyghurkitap.com

— سەن ۋاقتىنى بېكىتىۋەتسەڭ ، خەۋەر بېرىۋېتىمەن . ۋاقتى كەلگەندە چىقساق بولىدۇ . كەڭرى بېغى بار . ئۇيەردە ھاۋا يەپ ، ئارام ئېلىپ چىرىمىز .

— ئاناڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىرنېمە دەيلى .

— ئانامنى ماقۇل كەلتۈرگىن ، دادا . چوقۇم چىقايلى ، — دېدى پەزىلەت ، — شەھەردە تۇرىۋېرىپمۇ زېرىكتۇق .

— ئاناڭلارمۇ ياق دېمەس ، — دېدى قادىر ئەپەندى ، — شۇغىنىسى ، ئۇ ئاغىنەڭنى ئاۋارە قىلىپ قويارمىزمىكىن ، ئاتا - ئانىسى بىلەنمۇ تونۇشمىساق .

— ھېچقىسى يوق ، ئاق كۆڭۈل ، مېھماندوست ئادەملەر . چىققاندىن كېيىن تونۇشۇپ ، چىقىشىپ كېتىسىلەر .

قادىر ئەپەندى ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى . باللارمۇ چاندۇرۇپ قويمايلى دەپ ، يەنە يالۋۇرۇپ كەتمىدى .

## 30

زۆھرە خانىم كۈنشەھەردىكى مەنقاسىم قارىنىڭ ئۆيىنى بىر - ئىككى ئادەمدىن سوراپ قىينالمايلا تاپتى . كۈنشەھەر ئىسمى - جىسمىغا لايىق ، زامانىۋى ئېگىز بىنالار ، كەڭرى ئاسفالت يوللار ، كوچا چىراغلىرى ۋە گۈللۈك - چىملىقلاردىن خالىي ، ئەگرى - بۈگرى تار كوچىلاردىن تۈزۈلگەن ، قەدىمىي قىياپىتىنى ساقلاپ قالغانىدى . ئۆي ئىگىسىنىڭ زەردار ، پۇلدارلىقىنى نامايىش قىلىپ تۇرغان ئىككى قەۋەتلىك ، داچا شەكىللىك ئۆيلەرمۇ ئۇچراپ تۇراتتى ، لېكىن ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى بىر قەۋەتلىك ئىدى . گەرچە كوچا يۈزىگە قارىتىلغان قوش قاناتلىق دەرۋازىلار مەھكەم يېپىقلىق تۇرسىمۇ ، ئېگىز كۆتۈرۈپ سېلىنغان پېشايۋانلارنىڭ رەڭدار نەقىشلىرى كۆزگە چېلىقاتتى . ماگدامدا بىر روپاش ئاياللار ، سەللىلىك دىندارلار ئۇچرايتتى . كوچا يۈزىگە ئېچىلغان لەمپىلىك كىچىك دۇكانلاردىن

تۇرمۇشقا لازىمەتلىك ھەرقانداق نەرسىلەر تېپىلاتتى . كونىشەھەر سەل ۋەيرانە ، قەدىمىي پۇراق چىقىپ تۇرسىمۇ ، تولىمۇ مېھىرلىك تۇيغۇ بېرەتتى . ئادەملىرى تولىمۇ تۈزۈتلۈك ، سىپايە ئىدى ، تونۇشۇپ كەتمىسىمۇ سالاملىشاتتى . ھەئە ، بۇ ئەگرى ـ بۈگرى خالتا كوچىلاردا ئېسىل كىيىنگەن سالاپەتلىك كىشىلەرمۇ ، ئاددىي كىيىنگەن ، بىر كۆنلۈك تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە قاتراپ يۈرگەن نامراتلارمۇ ، ئالدىغا داستىخان سېلىپ ، ساپايى سوقۇپ ئولتۇرغان تىلەمچىلەرمۇ ئۇچرايتتى .

ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سورىغان ئايال زۆھرە خانىمنى مەتقاسىم قارىمنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا باشلاپ ئەكېلىپ قويدى .

— مۇشۇ ھويلا شۇ . ئىشىكنى چەكمەي كىرىۋەرسىلە ، خېنىم ، — دېدى ئايال ، — قارىمنىڭ دۇئاسى بەك ئۆتىدۇ ، چوقۇم تەلەپلىرى ئىجابەت بولىدۇ .

— سىلىنى ئاۋارە قىلدىم ، رەھمەت ، — دېدى زۆھرە خانىم مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ .

زۆھرە خانىم بىرئاز ئارىسالدى بولۇپراق دەرۋازىدىن كىردى . خالتا كوچىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان بۇ ھويلا ھەقىقەتەن چوڭ ئىدى . كۆنگەيگە قارىتىپ يېپىلغان ھەشەمەتلىك پېشايۋاننىڭ ئاستىدىكى سۇپىغا ئوتقاشتەك گىلەملەر سېلىنغان بولۇپ ، بىرنەچچە ئايال مۆكۈدىشىپ ئولتۇراتتى . زۆھرە خانىم ئاياللارغا سالام بەردى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام .

ئاياللار ئورنىدىن تۇرۇپ زۆھرە خانىمنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى ۋە كۆرپىدىن جاي كۆرسەتتى . زۆھرە خانىم ئولتۇرغاندىن كېيىن پاتىھە قىلدى . شۇ ئەسنادا زۆھرە خانىمنىڭ قېشىغا ئوشۇقىدا كۆكلەك كىيىۋالغان ، يۈزىگە تور رومالدا چۈمبەل سېلىۋالغان بىر ئايال شىپىرلاپ ماڭغىنىچە كەلدى .

— قارىمنى ئىزدەپ كەلگەنمىدىلە ، خېنىم .

— شۇنداق، — دېدى زۆھرە خانىم، ئايال بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇپ، — قارىمنىڭ ۋاقتى بارمىكىن؟

— جىندەك ساقلاپ تۇرسىلا، — دېدى ئايال، — قارىم بىرەيلەنگە سەۋەب قىلىۋاتىدۇ، نۆۋەتلىرى كەلگەندە ئۆزۈم باشلاپ كىرىمەن.

— رەھمەت، سىلىنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، — دېدى زۆھرە خانىم.

ھېلىقى روپاش ئايال يەنە شىپىرلاپ ماڭغىنىچە ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. قەدەملىرىنى يەڭگىل - يەڭگىل ئېلىشلىرىدىن خېلىلا ياش چوكانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

زۆھرە خانىم سۇپىدا ئولتۇرغان ئاياللارغا يەرنىڭ تېگىدىن سەپسالدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئىدى، قالغان ئۈچى خېلى ياش چوكانلار ئىدى. كىيىنىشلىرىدىن، قۇلاق، بويۇن، بىلەك، بارماقلىرىغا سېلىۋالغان ئالتۇن زىبۇزىننەتلىرىدىن خېلىلا باي ئائىلىنىڭ ئاياللىرى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

«بۇلارمۇ قارىمغا سەۋەب قىلدۇرغىلى كەلگەنلەركەن - دە. ئۇلارنىڭ نېمە دەردى، قانداق تەلەپ، ھاجەتلىرى باردۇ؟ مەن تېخى بىرىپلا ئىشىمنى پۈتتۈرۈپ يانارمەن دەپ ئويلاپتىكەنمەن. بۇ يەرمۇ خېلىلا بېسىقكەن. قارىمنىڭ داڭقى بىكار چىقماپتىكەن - دە. مېنىڭ تىلىكىممۇ ئىجابەت بولۇپ قالار، ئىلاھىم. ناۋادا پەرىدە قىزىمنىڭ ئىشى كۆتكەن يېرىمدىن چىقىپ قالسا، پەزىلەتكىمۇ سەۋەب قىلدۇرۇپ، ھېلىقى ساتىراشتىن سوۋۇتارمەن. توۋا، ئىلگىرى ئىسسىتقۇ - سوۋۇتقۇ قىلدۇرۇپتۇ دەپ ئاڭلىسام ئىشەنمەيتىكەنمەن. مانا ئۆزۈمنىڭ بېشىغا كەلدىغۇ ئاخىر. ھە راست، قىزلىرىمنى سوۋۇتۇۋالغاندىن كېيىن ئۆزۈم تاپقان لايىقلارغا ئىسسىتقۇ قىلدۇرۇپ قويارمەن ...»

— ئۇ جالاپنىڭ موللىسى يامانمىكىن دەپ قالدىم. ئۆتكەندە قارىم دۇئا ئوقۇپ بەرگەن ئالمىنى يېگۈزسەم ئېرىم خېلى

ئوڭشالغاندەك قىلغان، يېرىم يىل بولا - بولماي يەنە ئۆزگىرىۋالدى. ئۇ جالاپ يەنە باشقىدىن ئىسسىتقۇ قىلغان ئوخشايدۇ.

— خۇداغا شۈكۈر، بىزنىڭ ئادەم قارىم دۇئا ئوقۇپ بەرگەن ناۋاتنىڭ چېيىنى ئىچىپلا تۈزۈلۈپ كەتتى. شۇغىنىسى، قورساق كۆتۈرمەيۋاتىمەن. تۇغسام خاتىرجەم بولاتتىم. قارىمغا بىر سەۋەب قىلدۇرۇپ باقاي دەيمەن.

— دوختۇرغا تەكشۈرتۈپ باقتىلىمۇ؟ — سورىدى زۆھرە خانىم گەپكە ئارىلىشىپ.

— توۋا دېسىلە، خېنىم. دوختۇرنىڭ دورىسى دېگەن باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ، — دېدى ھېلىقى چوكان قاپاقلىرىنى سوزۇپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، دوختۇرنىڭ ئالدىغا تۇغمىدىم دەپ بارسا، تەكشۈرىمەن دەپ قوپىدىكەن. بىزنىڭ مەھەللىدە بىر چوكان دوختۇرغا كۆرۈنگەن، تەكشۈرىمەن دەپ قولىنى سايتۇ. خۇدايىم توۋا دېدىم. قول سالىدىغان يەرمۇ ئۇ دېگەن. نېمىدېگەن سەتچىلىك. قارىمنىڭ دۇئاسى بەك پايدا قىلىدۇ.

— تۇغماسلىقنى دوختۇرلارمۇ ئوبدان داۋالىيالايتتى، — دېدى زۆھرە خانىم.

— ۋايتاڭەي، ھېلىقى چوكان قورساق كۆتۈرگەندەكقۇ قىلغان، لېكىن بالىسى تۇرمىدى، چۈشۈپ كەتتى، ئاز دەرد تارتمىدى، جۇمۇسىلا.

— ئۇن تۇغۇتتىن بىر چۈشۈك يامان دەيتىكەن، — دېدى زۆھرە خانىم ئىچىنغان ھالدا، — مېنىڭمۇ بىر قېتىم بويۇمدىن ئاجرىغان، ھازىر تۆت بالام بار.

— ئۆزلىرى نېمە ھاجەت بىلەن كەللىكىن، خېنىم؟ — سورىدى زۆھرە خانىم بىلەن دېمەتلىك ئايال.

ھەرقانچە ناتونۇش بولسىمۇ دەردمەنلەر بىر يەرگە كەلسە سىر يوشۇرۇشمايدۇ. زۆھرە خانىم بۇ چوكانلار مېنى قېرىغان ۋاقتىدا

www.uyghurkitap.com

ئېرى تالاغا قاراپ قالغان بولسا ئىسسىتقۇ قىلدۇرغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ قالمىسۇن دېدىمۇ، ئىشقىلىپ، مەقسىتىنى يوشۇرمايلا ئېيتىپ بەردى.

— خۇدايىم بۇيرۇسا تىلەكلىرى ئىجابەت بولا، — دېيىشتى چوكانلار زۆھرە خانىمنىڭ دەردىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن.

زۆھرە خانىم لام - جىم دېمىدى.

شۇ ئارىدا ھېلىقى روپاش ئايال ياشتا چوڭ ئايالنى قارىمىنىڭ قېشىغا باشلاپ كىرىپ كەتتى.

— ماڭا ئېرىمىنىڭ بۇرۇنقى خوتۇنى قەست قىلغان ئوخشايدۇ، — دېدى يەنە بىر چوكان، — بېشىم تىلىپ، ئېغىزمانلىرىم كۆيۈشۈپ ئاغرىيدۇ. قارىمغا قەسىدە ئوقۇتۇپ، قەستنى ياندۇرۇۋەتمىسەم بولمىدى.

— ئوبدان ئويلاپلا، — دېدى توغماس چوكان، — ئېغىز-مانلىرى ئاغرىغان بولسا، پاقىغا يىڭنە سانجىپ ئوقۇپ قەست قىلغان ئوخشايدۇ. بىر دوستۇمنىڭمۇ ئېرىنىڭ بۇرۇنقى خوتۇنى پاقىغا ئوقۇپ قەست قىپتىكەن. قارىم پال سېلىپ پاقىنى نەگە كۆمگەنلىكىنى تېپىپ، ئاندىن پاقىنىڭ دۈمبىسىدىكى يىڭنىنى ئېلىۋېتىپ قايتىدىن قەسىدە ئوقۇپ قويدى. قەستنى ئۆزىگە ياندۇرۇۋېتىڭلا ئاداش، دېسەم، مەيلى، خەق قىلغاننى مەن قىلمايمەن، يامان بولىدۇ دەپ ئۇنىمىدى. ھازىر بىر ئوبدان ساقىيىپ قالدى ئەينا.

— ئەگەر ماڭا قەست قىلغانلىقى راست بولسا، قەستىنى چوقۇم ئۆزىگە ياندۇرۇۋېتىمەن. مەن تارتقان دەردنى ئۇ پاسكىنىمۇ تارتىپ باقسۇن، تازا.

— قەستنى ياندۇرغۇزسىلا، قارىم قەسىدە ئوقۇغان پاقىنى ئۇ خوتۇن تاپالمايدىغان يىراق بىر يەرگە تاشلىۋەتسىلە. ناۋادا، باشقا موللىغا پال سالدۇرۇپ تېپىۋالسا، قايتىدىن ئوقۇتۇپ يەنە ئۆزلىرىگە ياندۇرۇۋېتىدۇ. ئۇ چاغدا ھەرقانچە ئوقۇتسىلىمۇ كار قىلمايدۇ.

— چوقۇم شۇنداق قىلىمەن. كورلىدا بىر سىڭلىم بار، شۇ يەرگە ئاپىرىپ تاشلاتقۇزۇۋېتىمەن.

— ...

زۆھرە خانىم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. خۇدايا تووۋا دەپ ياقىسىنى تۇتتى. خۇدادىن مېنىڭ قىزلىرىمغا بۇنداق كۈنلەرنى كۆرسەتمىگەيسەن، دەپ تىلىدى.

روپاش ئايال چوكانلارنى بىر - بىرلەپ چاقىرىپ قارىمىنىڭ قېشىغا ئەكىرىپ كېتىپ، ئىشى پۈتكەنلەرنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ قوياتتى. ئالاھەزەل ئىككى سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەندە نۆۋەت زۆھرە خانىمغا كەلدى. بۇ چاغدا سۇپىغا يەنە يېڭىدىن ئۈچ ئايال، ئىككى ئەر ھاجەتمەن كېلىپ، نۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇرۇپ بولغانىدى.

روپاش ئايال زۆھرە خانىمنى ئاۋۋال تەرەت ئالدۇردى. ئۇ تەرەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن روپاش ئايالغا ئەگىشىپ ئاۋۋال چوڭ مېھمانخانىغا كىردى. سۇپا ۋە تاملىرىغا گىلەم تۇتۇلغان بۇ مېھمانخانا بەكمۇ ياسىداق بولغىنىغا قارىماي، ئىچىدە بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى.

— بۇ تەرەپكە ماڭسىلا، خېنىم، — دېدى روپاش ئايال زۆھرە خانىمنى قارناق ئۆيگە باشلاپ.

تۆت تېمىدا دېرىزىسى يوق كىچىكرەك قارناق ئۆي ئالىقاندەك چوڭلۇقتىكى تۈڭلۈكتىن چۈشكەن قۇياش نۇرىدا غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. ئۆي ئىچىنى قوي يېغى، ئارچا ياغىچى ۋە ئادىراسماننىڭ پۇرىقى بىر ئالغان بولۇپ، دىماغنى ئېچىشتۇراتتى. قارناق ئۆيگە كىرىپلا زۆھرە خانىمنى سۇر باستى، پۇت - قوللىرى سېزىلەرلىك تىترىدى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىگىز جايىنامازنىڭ ئوتتۇرىسىدا بېشىغا ئىسلىنىشىپ، قارىداپ كەتكەن داكا سەللە ئورىۋالغان، مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرغان شالاڭ ساقاللىرى خېنە قويغاندەك قىزغۇچ، ئۆسكىلەڭ قاشلىرى دىڭگىيىپ تۇرغان، تۇرقىدىن 70 ياشلارغا بېرىپ قالغان، ئەمما خېلىلا تىمەن، بەستلىك كەلگەن بىر بوۋاي، قارا تونغا قىمدالغىنىچە، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ،

تەسۋى سىيرىغىنچە لەۋلىرىنى مىتىلدىتىپ، بىرنىمىلەرنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى.

— بىردەم ساقلاپ ئولتۇرسىلا، — دېدى روپاش ئايال زۆھرە خانىمنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — قارىم شۇ تاپتا غايىبنى كۆرۈۋاتىدۇ. ئەرشتىكى تەقدىر مالائىكلىرى بىلەن مۇلاقاتتا بولۇۋاتىدۇ. مۇلاقاتتىن پارىغ بولغاندا ئۆزى ئېغىز ئاچىدۇ. شۇ چاغدا تەلەپلىرىنى قالدۇرماي دېسىلە.

روپاش ئايال گەپنى تاپلاپ بولۇپ، قازناق ئۆينىڭ ئىشىكىنى يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. شۇ ھامان قازناق ئۆينىڭ ئىچىنى قاراڭغۇلۇق باستى. بىرنەچچە دەقىقىدىن كېيىن زۆھرە خانىمنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلۇققا كۆندى، قازناقتىكى نەرسىلەر ئېنىق كۆرۈندى.

قارىمنىڭ ئالدىدىكى يوغان چالما ئوچاقتىكى قوي يېغى، ئارچا ياغىچى، ئادىراسمان ئۆرۈك ئوتۇنىنىڭ چوغىدا تۇتەپ قويۇق ئىس چىقىرىۋاتاتتى. چالما ئوچاقنىڭ يېنىدا مۇقاۋىلىرى پۇچۇلىنىپ كەتكەن يوغان بۇلغار تاشلىق كىتاب، ئۇنىڭ يېنىدا مۈڭگۈز دەستىلىك پىچاق بار ئىدى. بۇلۇڭدىكى بىر دۆۋە قىل ئارغامچا زۆھرە خانىمغا يىلاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا يوغان توقماق، كالتەك تۇراتتى. بوۋاينىڭ ئالدى تەرىپىدە يوغان بىر ساندۇق تۇراتتى. ساندۇق پۇتۇنلەي مىس بىلەن چەمبەرلەنگەن بولۇپ، قوش مۇشتۇمدەك چوڭلۇقتىكى قەدىمىي شادا قۇلۇپ سېلىنغانلىق ئىدى. زۆھرە خانىم قىچىپ چىقىپ كېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ، ئالدىراندىراق ۋەھىملىك تۇيغۇلارغا ئەسىر بولۇپ ئولتۇراتتى.

بىر چاغدا بوۋاي گېلىنى يەڭگىل قىرىپ كۆزىنى يېرىم ئاچتى.

— بەش پەرزەنتىنىڭ ئانىسى بولغان زۆھرە خانىم قىبلىگە يۈزلىنىپ يۈكۈنسىلە، — دېدى بوۋاي.

«خۇدايا تۇۋا، پەخىرىدىن بىلەن پەخرىئايىنىڭ ئارىلىقىدا بىر

قېتىم بويامدىن ئاجراپ كەتكىنىنى قانداق بىلگەندۇ؟ بەش بالىنىڭ ئانىسى دەۋاتىدۇيا، تېخى ئىسمىمنىمۇ توغرا تاپتى ...»

زۆھرە خانىمنى قايتىدىن سۈر باستى، چاققانلىق بىلەن قىبلىگە قاراپ يۈكۈندى. قۇلىقىغا بوۋاينىڭ سۈرلۈك ئاۋازى ئاڭلاندى.

— باللىرى بەختىياش بولسىمۇ، ۋاپاداركەن، ئوبدان باشلىسىلا گەپلىرىنى ئاڭلايدۇ. چوڭ قىزلىرى ئوت يۇلتۇزلۇقكەن، سىلىنىڭ تاپقان لايىقلىرىنىڭ يۇلتۇزى ماس كەلمەپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قىزلىرىنىڭ بېشىنى بىر ئەركەك زاتى ئايلاندۇرۇۋاپتۇ. كۆھىقاپتىن قېچىپ چىققان ئەركەك جىننى ئۆزىنىڭ سىياقىغا كىرگۈزۈپ چېپىلدۇرۇپ قويۇپتۇ. قىزلىرىدا چېپىلجۇق زىيادە جىق، شۇڭا قىزلىرى سىلىنىڭ گەپلىرىنى پەقەتلا ئاڭلىمايدىكەن.

— سەۋەب قىلىپ قويسىلا، قارىم، — دەپ يىلىندى زۆھرە خانىم.

— بىر قوچقارنى قان قىلمىغۇچە ئۇ ئەركەك جىن بىلەن كۆچ ئېلىشقىلى بولمايدۇ، قىزلىرىنى ئىسسىتقۇ بەك چىرمىۋاپتۇ.

زۆھرە خانىم ئالاھىدە ئاتاپ ئېلىۋالغان 500 كوي پۇلنى سومكىسىدىن ئېلىپ قارىمنىڭ ئالدىغا قويدى. قارىم پۇلغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ، قويىنىدىن بىر كاللەك ناۋاتنى ئېلىپ سۇزلىدى.

— قىزلىرىنىڭ بېشىنى ئاۋۋال ئاللا ئىگەم، ئاندىن قالسا مەن ئوڭشايمەن. سەۋەب قىل، تەلەپ قىل دەپتىكەن، قېنى بۇ ناۋاتنى ئالسىلا، بۇ ناۋاتقا ئۇدا يەتتە چارشەنبە 90 مىڭ مەرتەم نىجات ئىستىغبارنى، 90 مىڭ مەرتەم قەسىدە پەرمانىنى، 90 مىڭ مەرتەم قەسىدە قالقانىنى، 90 مىڭ مەرتەم مەسەنۇل ئىجابەتنى، 90 مىڭ مەرتەم مۇراتۇل كارامەتنى ئوقۇپ ھۆرۈپ تاۋلاپ قويغانىدىم. نەچچە كۈندىن بېرى باشقا ھاجەتمەنلەرگە ھەدىيە قىلاي دەپ نىيەت قىلغان بولسامۇ، تەقدىر مالائىكلىرى بەرگىلى

قويماي ، سەۋر قىل ، ئىگىسى پات يېقىندا ئالدىڭغا كېلىدۇ دېگەنىدى . مانا بايا سىلىگە ھەدىيە قىلىشقا پەرمان چۈشتى . ئاۋاتنى بىراقلا ئىچۈرۈۋەتسىلە ، بولمىسا ، كار قىلمايدۇ . قىزلىرىڭغا چىپىلغان ئەركەك جىن بەك كۈچلۈككەن .

— قانداق ۋاقىتتا ئىچكۈزسەم بولار ، قارىم ، — دېدى زۆھرە خانىم ئاۋاتنى سومكىسىغا سېلىۋېتىپ .

— قانداق ۋاقىتتا ئىچكۈزسىلە بولىۋېرىدۇ . ئەڭ ياخشىسى ئاشتىدا ئىچۈرسىلە ، يەنە بىر گەپ ، قىزلىرى ھەيز - ئادەت كۆرگەن بولسا ھەرگىز ئىچكۈزمىسىلە .

— ماقۇل ، — دېدى زۆھرە خانىم .

— ئامىن ، — دېدى قارىم قولىنى جۈپلەپ ، زۆھرە خانىممۇ دەرھال ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى . قارىم ئۇزاق دۇئا قىلغاندىن كېيىن «ئاللاھۇئەكبەر» دەپ ساقىلىنى سىيپىدى . بۇ ئۇنىڭ مېھمانىنى ئەمدى قايتساڭ بولىدۇ ، دېگىنى ئىدى .

شۇ ئەسنادا خۇددى بىر كىم بۇيرۇق بەرگەندەك ھېلىقى روپاش ئايال كىرىپ كەلدى - دە ، زۆھرە خانىمنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى .

— قارىمدىن دەرھال تەلەپ قىلسىلا ، ئايەت ھۈرۈپ قويسۇن . ئۇششاق - چۈششەك كېسەللەردىن ، كۆزۈنە - كۆزۈنمەس بالا - قازالاردىن خالىي بولىلا .

زۆھرە خانىم بېشىنى ئېگىپ دېدى :

— مۇمكىن بولسا ، ئائىلىمىزگە تىنچلىق - ئامانلىق تىلەپ قويغان بولسىلا .

قارىم قولىدىكى تەسۋى بىلەن زۆھرە خانىمنىڭ بېشىغا بىرنى ، ئوڭ دولىسىغا ئۈچنى ، سول دولىسىغا ئۈچنى يەڭگىل ئۇرۇپ قويدى - دە ، ئاندىن قولىنى كۆتۈرۈپ قىسقىلا دۇئا قىلدى .

دۇئا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن روپاش ئايال زۆھرە خانىمنىڭ پېشىدىن يەڭگىل تارتىپ مېڭىشقا شەرەتلىدى .

— تەلەيلىرى باركەن ، خېنىم ، باللىرىنىڭ پېشانىسى ئوڭكەن ، — دېدى روپاش ئايال مېھمانخانا ئۆيگە چىققاندا زۆھرە

خانىمغا قاراپ، — قارىم بۇ چاغقىچە ھېچكىمگە توققۇز قېتىم تەسۋى شىلتىپ قويمىغان، ئېشىپ كەتسە يەتتە قېتىم تەسۋى شىلتىيتتى، بولمىسا ئاران ئۈچ قېتىم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ زۆھرە خانىم قاتتىق ھاياجانلاندى، كۆڭلىدە قارىمغا قايتا مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

— خوش، ئاللاغا ئامانەت، يەنە كېلىپ تۇرالا، — دېدى روپاش ئايال، زۆھرە خانىمنى دەرۋازا ئالدىدا ئۇزىتىۋېتىپ.

— خۇدايىمغا ئامانەت، — دېدى زۆھرە خانىم.

زۆھرە خانىم چەكسىز بىر ئىشەنچ بىــــلەن ئۆيگە قاراپ شامالدەك مېڭىپ كەتتى.

## 31

زۆھرە خانىم بۈگۈن سەھەر قوپۇپ ئاۋۋال ناماز ئوقۇۋالدى، ئاندىن ناشتىلىققا ھالۋا ئەتتى. ھەئە، ئۇ پەرىدەنىڭ تاتلىق ـ تۈرلۈم بىلەن، بولۇپمۇ ناۋات چاي بىلەن خۇشى يوقلۇقىنىــــى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا ھالۋا ئېتىش پىلانىنى تۈزۈپ چىققانىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ھالۋىنى ئىككى قېتىم ئېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئاۋۋال باشقا ئائىلە ئەزالىرىغا ھالۋا ئەتتى، ئاندىن داخان دۇئا ئوقۇپ بەرگەن ناۋاتنى ئايرىم شاللاپ مەخسۇس پەرىدە ئۈچۈن بىر پىيالە ھالۋا ئەتتى.

— ناشتا قىلىۋېلىڭلار، — دېدى ئۇ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈۋاتقان قىزلىرىنى ئالدىرىتىپ.

— ۋاي ـ ۋۇي تېخى بالدۇرغۇ، ئالدىراتمىغىنا ئانا، — دېدى پەخرىئاي چىشىنى چوتكىلاۋېتىپ.

— ناشتىلىققا ھالۋا ئەتكەن، ئىسسىقىدا يەۋېلىڭلار.

ئائىلە ئەزالىرى بىر ـ بىرلەپ داستىخانغا جەم بولدى. زۆھرە خانىم قېشىغا ياردەملەشكىلى كىرگەن پەرىدەنى چاي دەملەشكە بۇيرۇۋېتىپ، داستىخانغا ئاۋۋال قېتىغا يۇمغاقسۈت سېلىــــپ

www.uyghurkitap.com

پىشۇرغان بىر لىگەن ھور قاتلىمىسىنى ئاچىقتى ، ئاندىن پىيالىگە ئېلىنغان ھالۋىنى ئاچىقتى . ئەلۋەتتە ، پەرىدەگە ئاتاپ ئەتكەن ھالۋىنى ئاداشتۇرماي پەرىدەنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى .

ئائىلە ئەزالىرى ھالۋا بىلەن ھور قاتلىمىنى ھوزۇرلىنىپ يېيىشتى . زۆھرە خانىمنىڭ كۆزى پەرىدەدە ئىدى . ئۇ پەرىدەنىڭ ھالۋىنى ئاشۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى . دېگەندەك ، پەرىدە ھالۋىنىڭ يېرىمىنى ئاشۇرۇپ قويدى .

— پاكىز يەۋەت ، ئاشۇرۇپ قويما ، — دېدى زۆھرە خانىم .

— بەك تاتلىقكەن ، يېگۈم كەلمىدى ، — دېدى پەرىدە ، — بىلىسەنغۇ ئانا ، تاتلىق بىلەن خۇشۇم يوق مېنىڭ .

— زورلاپ يە ، قىزىم ، — دېدى زۆھرە خانىم سىلىق ئەمما قەتئىي تەلەپپۇزدا ، — مېۋە - چېۋىلەرنى تولا يەپ سوغۇقلۇقلار ئېشىپ قالدى . مىجەزىڭلارنى تەڭشىسۇن دەپ ئاتايىن ئەتتىم بۇ ھالۋىنى ، ھە يەڭلا ، ھەممىڭلار تۈگىتىپ يەڭلا .

— ئەكە ، يېمىسەڭ مەن يەۋېتەي ، — دېدى پەخرىدىن ئاچىسىنىڭ پىيالىسىگە قولىنى ئۇزىتىپ .

— ئاچاڭنىڭكىنى تالاشما ، — دېدى زۆھرە خانىم قاپىقىنى تۈرۈپ ، — يېگۈڭ بولسا قازاندا بار ، پەخرىئاي ، ئاكاڭغا ھالۋا ئۇسۇپ بەر .

پەرىدە ئىلاجىسىز پىيالىنى يەنە قولىغا ئالدى ۋە يېنىدا ئولتۇرغان پەخرىدىننى چاندۇرماي بىقىنداپ قويدى . پەخرىدىن ئاچىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ ئانىسىغا قاراپ دېدى :

— مۇنداق ئىشتى ، ئانا ، يېزىدىكى بىر ئاغىنەم ئائىلەڭدىكىلەرنى ئېلىپ چىقىپ باغ سەيلىسى قىلىپ چىقەت دېگەندى . تۇنۇگۈن سەن يوق ، دادام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بولدۇق . ۋاقتىنى سەن بەلگىلىۋەت ، خەۋەر بېرىۋېتەي .

زۆھرە خانىم قادىر ئەپەندىگە قارىدى :

— راست ماقۇل دېدىڭىزما ؟

— ھەممە ئادەم باغ سەيلىسى قىلىۋاتىدۇ . يازنىڭ خۇۋلۇقى

دېگەن شۇ . چىقىپ چىرەيلى ، — دېدى قادىر ئەپەندى .

— ئۆزلىرىنىڭ كەڭرى بېغى بار ، — دېدى پەخرىدىن .

— ئۇ ئاغىنەڭنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن تونۇشلۇقىمىز بولمىسا ، — دېدى زۆھرە خانىم ئىككى تايىن بولۇپ .

— چىقساڭ تونۇشىمامسەن ، — دېدى پەزىلەت ، — ئاتايىن تەكلىپ قىلغاندىكىن چىقايلى . بولمىسا ، پەخرىدىنىنىڭ يۈزىنى قىلمىغان بولۇپ قالىمىز .

زۆھرە خانىمنىڭ كەيپى خېلىلا چاغ ئىدى ، شۇڭا ئانچە تارتىنىشىپ كەتمىدى .

— سىلەرنىڭ چىققۇڭلار بولسا ، چىقساق چىقايلى ، — دېدى ئۇ .

— قاچان چىقىمىز ، ۋاقتىنى بېكىتىۋېتەيلى ، — دېدى پەخرىدىن ، — ئالدىن خەۋەر بېرىۋەتمىسەم بولمايدۇ . ھەپتە ئارىلىقىدا چىقامدۇقيا ، ھەممەيلەن بىر كۈن رۇخسەت سورىساق .

— ھەپتە ئارىلىقىدا بولمايدۇ ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — بۇ قېتىمقى چاينىڭ نۆۋىتى چىمەنگۈل خانىمغا كەلگەن . ھەپتە ئارىلىقىدا باغقا ئەپچىقىمەن دەپ خەۋەر بېرىپ بولدى . ئوغلى شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىنىڭ باشلىقى ئەمەسمۇ ، مېھمان قىلىپ بېرىدىغان ئوخشايدۇ .

— ئۆزۈڭ باغ سەيلىسى قىلىۋېلىپ ، بىزنى چىقما دېمەكچىمۇ سەن ، — دېدى پەزىلەت ، — بىزمۇ چىقىمىز . سەن ھەپتە ئارىلىقىدا چىقساڭ ، بىز شەنبە كۈنى چىقايلى ئەمىسە .

— ئاشۇنداق قىلامدۇق ، ئانا ، — دېدى پەخرىدىن .

— شەنبە كۈنى چىقايلى ، ئانا ، — دېدى پەخرىئايمۇ .

— مەيلى ، شەنبە كۈنى چىقايلى ، — دېدى زۆھرە خانىم ئىلاجسىز ھالدا ، — ئەجەب سەھراغا چىققۇڭلار كېلىپ كەتتىغۇ سىلەرنىڭ . جاپا تارتىپ چىققانغا تۇشلۇق نېمە بار سەھرادا . ھەممە نەرسە شەھەردە تۇرسا .

— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن سەھرانىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق

ئالاھىدىلىكى بار ، — دېدى قادىر ئەپەندى ، — ھېچبولمىسا بىرەر كۈن شەھەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭىدىن خالىي بولۇپ ئارام ئالىۋالىمىز . سەھرانىڭ ھاۋاسى ساپ بولىدۇ ، مېۋە - چېۋىلىرىنى ئۆز قولىمىز بىلەن شېخىدىن ئۈزۈپ يەيمىز تېخى .

— مەن ھازىرغىچە ئۆز قولۇم بىلەن پېلەكتىن قوغۇن ئۈزۈپ باقماپتىمەن ، — دېدى پەخرىئاي ، — قوغۇنلۇقىمۇ باردۇ ھە ئاكا ، ئۇ ئاغىنەڭنىڭ .

— قوغۇننىڭ پىشقىنىنى بىلەلمەي توك سويما ئۈزۈپ سالارسەنمىكىن ، — دېدى پەزىلەت سىڭلىسى بىلەن چېقىشىپ .

— ئەمىسە ، شەنبە كۈنى چىقىدىغان بولدۇق دەپ خەۋەر بېرىۋېتەي ، — دېدى پەخرىدىن تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ .

— مەيلى ، شۇنداق قىل ، — دېدى زۆھرە خانىم ، پەرىدەنىڭ ھالۋىنى تولۇق تۈگىتىپ يەپ بولغىنىغا خۇش بولۇپ .

— ھە ، قوغۇننى پېلىكىدىن ئۈزىدىغان ئوچى ، — دېدى پەزىلەت پەخرىئايغا قاراپ ، — گېپىڭ راست بولسا قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇپ ، ئاشخانىنى يېسىقتۇرۇۋەتمەمسەن .

— قاچىنى مەن يۇيىمەن ، ئاشخانىنى سەن تازىلا ، — دېدى پەخرىئاي ئاچىسىغا بەس سېلىپ .

— بولدى ، تالاشماڭلار ، — دېدى پەرىدە داستىخاندىكى پىيالىنى يىغىشتۇرۇپ .

— بۈگۈن پەرىدە ئاچامنىڭ ئىپادىسى بەك ياخشى ، — دېدى پەخرىئاي ئاچىسى بىلەن چېقىشىپ .

دېمىسىمۇ پەرىدە ئىنى - سىڭىللىرىنىڭ ئىشنى چاندۇرماي ئەپلەشتۈرگىنىگە خۇش بولۇپ قالغانىدى . پەخرىدىن بىلەن پەزىلەت پىخىلداپ كۈلۈشۈپ قويدى .

— ئامىن ، — دېدى قادىر ئەپەندى دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ ، بارلىق ئائىلە ئەزالىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى .

دۇئادىن كېيىن ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ خىزمەتكە مېڭىشقا تەرەددۇتلەندى .

— ھەممىڭلار خەتمىگە ئاتاپ ، سائىلغا بىر كوي بىر موچەن دۈئا قىلدۇرۇۋېتىڭلار ، — دېدى زۆھرە خانىم .

— بىرىمىز بەرسەك بولا ، — دېدى پەخرىدىن .

— مەن ئاتاپ بولدۇم . ھەممىڭلار بېرىڭلا ، — دېدى زۆھرە خانىم .

— ئاناڭلار خەتمىنى ئاتاپ قويۇپتۇ . شۇنداق قىلىڭلار ، — دېدى قادىر ئەپەندى ، — ئۇنچىلىك پۇل بېشىڭلاردىن ئۆنۈپ چىقمايدۇ . خەتمە دېگەن بالا - قازانىڭ ئالدىنى ئالىدۇ .

— بىر خەتمە بىر كوي بىر موچەنمۇ ، ئانا ، — سورىدى پەخرىئاي .

— ھەئە ، ئەسلىدە ئۆيگە قارىم تەكلىپ قىلىپ ئوقۇتساق ساۋابى چوڭ بولاتتى . ئون بىر كوي بېرىۋەتسەڭمۇ بولىدۇ .

— بىز پۇل بەرگەن سائىل خەتمە ئوقۇيالامسىچۇ ، — سورىدى پەزىلەت .

— ئىشقىلىپ ، خەتمىگە ئاتىساڭلا بولدى ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — خەتمە ئوقۇيالىسا - ئوقۇيالمىسا ھېساب بولىۋېرىدۇ . ھېچقايسىڭلار ئۇنتۇپ قالماڭلا ، ھە .

— ماقۇل ، — دېيىشتى بالىلار .

— ئەھۋالدىن قارىغاندا ، ئانام بۈگۈن ياخشى چۈش كۆرگەن ئوخشايدۇ ، — دېدى پەخرىدىن پىچىرلاپ .

— ئىشلىرىمىز ياخشىلىققا تارتقاي ، ئىلاھىم ، — دېدى پەزىلەت .

ئۇلار ئالدىراپ ئىشقا مېڭىشتى .

## 32

— نېمە بولدى ساڭا ، ئەجەب ئۆزۈڭنى قاچۇرۇپلا يۈرىسەنغۇ ، — دېدى ئاتىللا تاماكىسىنىڭ قالدۇقىنى ئايىغى بىلەن دەسسەپ مىجىۋەتكەندىن كېيىن .

www.uyghurkitap.com

— نەدە قاچۇرۇپتىمەن ، — دېدى پەخرىئاي سىغىز چايناپ تۇرۇپ .

— ئىككى ھەپتىدىن بېرى تۈزۈك كۆرۈشەلمىدۇق .

— تېخى قايسى كۈنى كۆرۈشتۇققۇ .

پەخرىئاينىڭ تۇرقىدىن قەستەن بىپەرۋا قىياپەتكە كىرىۋالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى ، ئەمما ئاتىللا تولىمۇ ئەستايىدىل ئىدى .

— مەندىن رەنجىپ قالمىغانسەن ؟

— نېمىشقا رەنجىگۈدەكمەن .

— راستىنلا رەنجىمىدىڭ ؟

— نەدىكى گەپنى سورايدىكەنسەن .

— ئەمىسە نەچچە قېتىم تېلېفون قىلدىم ، ئالدىراشلا دەپ كۆرۈشكىلى ئۇنىمايسەنغۇ ؟

— ساڭا كېيىن چۈشەندۈرۈپ قويىمەن ، — دېدى پەخرىئاي كۈلۈپ ، — راستىنلا ئالدىراش بولۇپ كەتتىم . ئاچام ، ئاكامنىڭ ئىشلىرى بىلەن دېگىنە .

— قانداق ئىشلارتى ئۇ ؟

— دېدىمغۇ ، كېيىنچە دەپ بېرىمەن دەپ ، ھازىرچە دېگىلى بولمايدۇ . ئىشقىلىپ ، ئائىلىمىزنىڭ ئىشلىرى ، سەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز .

— ئائىلەڭلەرنىڭ ئىشلىرىنى بىلىش ھوقۇقۇم باردۇ ؟

— ئالدىراپ قاپسەن .

ئاتىللا بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى .

— تاماكىنى ئازراق چەك ، كېچىك تۇرۇپ ئۆپكەڭنى ئىسلىۋالما يەنە ، بەڭگى .

يىگىتنىڭ چىرايىغا بىر ئاز كۈلكە يۈگۈردى .

— دېگىنە ، مېنى ياخشى كۆرەمسەن ؟

— ساراڭ ، — دېدى پەخرىئاي تۈمشۇقىنى ئۈچلاپ .

— سەن ساراڭ قىلىپ قويدۇڭ مېنى .

پەخرىئاي ئەتراپقا خۇدۇكسىرەپ قارىدى .

— بوشراق گەپ قىل ، خەقلەر ئاڭلىسا سەت تۇرىدۇ .

— ئاڭلىسا تېخى ياخشى ، — دېدى يىگىت ، — جۆرە ، تاماق يەيلى .

— مېنىڭ تاماق يېگۈم يوق .

— ئەمىسە پەرۇخ ، خانزاد ، نىلۇپەر ، نازۇكئايلارغا خەۋەر قىلىپ ، دىباغا كىرىپ چىقامدۇق .

— بۇنىڭدىن كېيىن دىباغا كىرمەيمەن .

— نېمىشقا ؟

— سەت تۇرىدىكەن .

— سەت تۇرىدىكەن ؟ ئەجەب بىر ···

— بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق سورۇنلارغا بارمايلى . يېشىمىزمۇ ئۇنچە كىچىك ئەمەس . بىزنىڭ چوڭلارمۇ توغرا چۈشەنمەيدىكەن .

— تازىمۇ بىر قېرى ئادەمدەك گەپ قىلدىڭ ، — دېدى يىگىت مەسخىرە قىلىپ ، — بىزنىڭ بۇ يېشىمىز دىباغا ماس كەلمەمدىكەن . چوڭلار توغرا چۈشەنمىگۈدەك نېمە ئىش قىپتۇق ئۇ يەردە .

— ئىشقىلىپ ، بىز بارمايلى . ئاچىلىرىم تولا نەسىھەت قىلىپ قۇلاق ـ مېڭەمنى يەپ كەتتى . ئويلاپ باقسام ، دىبانىڭمۇ نامى ئانچە ياخشى ئەمەس .

— پەرۇخ بىلەن نىلۇپەر ئايرىلىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ ، — دېدى يىگىت .

— نېمىشقا ؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدى قىز .

— مەنمۇ بىلمىدىم . پەرۇخنىڭ دېيىشىچە ، نىلۇپەر توردا باشقا بىرى بىلەن داۋاملىق سۆزلىشىدىكەن .

— نىلۇپەر توردا باشقا بىرى بىلەن يۈرۈپتۇمۇ ؟

— پەرۇخنىڭ گېپىدىن قارىغاندا شۇنداقتەك قىلىدۇ . پەرۇخنىڭ QQ سىنىڭ مەخپىي نومۇرىنى پەقەت نىلۇپەرلا بىلەتتىكەن . پەرۇخنىڭ دېيىشىچە ، ئۇنىڭ QQ سىنى باشقا بىرى

ئىگىلىۋاپتۇمىش . ئۇ ھازىر داۋاملىق پەرۇخنىڭ QQ سى ئارقىلىق نېلۇپەر بىلەن سۆزلىشىدىكەن .

— بۇ ئىشلاردىن مېنىڭ خەۋىرىم يوقكەن . نېلۇپەرمۇ ماڭا بىرنېمە دېمىدى . كىم بىلىدۇ ، پەرۇخ ئۆزى بۇزۇلۇپ نېلۇپەرگە گۇناھ ئارتىۋاتامدۇ تېخى . پەرۇخمۇ تازا بىر شاللاق نېمە .

— پەرۇخنىڭ شاللاقلىقىنى سەن قانداق بىلىسەن ؟

— ئىشقىلىپ ، تۇتامى يوق .

— قارىسىغا گەپ قىلما . پەرۇخ نېلۇپەرنى بەك ياخشى كۆرىدۇ . ئۇلارنى ئۇۋلايلى . دىباغا كىرمىسەك بىللە تاماق يېگەچ مۇڭدىشارمىز . راستتىنلا رەنجىشىپ قالغان بولسا ، باھانىدە ئەپلەشتۈرۈپ قويامدۇق .

— نازۇكئاي ئوقۇغىلى بارىدىكەن .

— نەگە بارىدىكەن .

— شاڭخەيگە بارىدىغانىنىڭ گېپىنى قىلىدۇ .

— ئىدارىسى ئەۋەتىدىغان ئوخشىمامدۇ ؟

— ياقەي ، ئوقۇشنى ئۆزى ھەل قىپتۇ . ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇيدىغانغا باشلىقى قوشۇلۇپتۇ ، لېكىن ئانىسى تازا قېتىلماي تۇرغان ئوخشايدۇ .

— خانزاد قوشۇلۇپتۇمۇ ؟

— قوشۇلماي نېمە ئامال ، ئۇلار تېخى توي قىلمىغان تۇرسا .

— بىچارە ئاداش ، نېمە بولۇپ كېتەر . نازۇكئاينى بەك ياخشى كۆرەتتى . ھەي ، بۇ كەمنىڭ قىزلىرى بەك شەخسىيەتچى بولۇپ كېتىۋاتامدۇ نېمە .

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ، ئوقۇغىلى بارسىمۇ شەخسىيەتچىلىك قىلغان بولامدىكەن . ھازىر دېگەن كەسىپ مۇھىم بولۇپ قالدى . مەنمۇ ئاسپىرانتلىققا ئوقۇيمىكىن دەيمەن .

— چاقچاق قىلما .

— راست دەۋاتىمەن ، ئاتىللا ، بولسا ، سەنمۇ شۇنداق قىل .



www.uyghurkitap.com

مۇشۇنداق ۋاقتىمىزدا جىقراق بىر نەرسە ئۆگىنىۋالغىنىمىز ياخشى، بولسا، دوكتورلۇققىچە ئوقۇيلى.

— ماڭا ئۆيدىكىلەر قوشۇلمايدۇ. دادام تويۇڭنى قىلىۋەتسەك بولاتتى دەپ ئالدىرىتىۋاتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، توي قىل.

— سەن يەنە ئوقۇيمەن دەپ تۇرساڭ، كۆڭلۈمدە يىل ئاخىرىغىچە تويىمىزنى قىلىۋېتەرمىز دەپ ئويلىغان.

— ئالدىراپ قاپسەن، — دېدى پەخرىئاي قاپىقىنى سۇزۇپ، — مېنىڭ توي قىلىشىمغا ئاز دېگەندە بەش قاپاق پىششىقى بار.

— بۇ چىن سۆزۈڭ ئەمەس، — دېدى يىگىت ئۈمىدسىزلەنگەن هالدا.

قىز كېسىپلا جاۋاب بەردى.

— ئىشەنگىن ئاتىللا. چىن سۆزۈم.

يىگىت ئۈندىمىدى.

— يول بويىدا تۇرىۋەرمەيلى، — دېدى پەخرىئاي، — ئۆيدىكىلەر ئۇچراپ قالمىسۇن يەنە.

— پەرۇخ، خانزادىلارنى تۇۋلاپ بىردەم مۇڭدىشايلى، ئىچىم بەك سىقىلىپ كەتتى، — دېدى ئاتىللا.

— بوپتۇ، تۇۋلىساق تۇۋلايلى. ئەمما، ئىككى سائەت ئىچىدە ئۆيگە قايتمىسام بولمايدۇ.

— يۇر، بىر يەردە ئولتۇرۇپ تېلېفون قىلايلى ئۇلارغا. نەگە بارىمىز؟ «ئاق قۇ»غا بارامدۇق؟

— رېستورانغا بارمايلى، چايخانىغا بارايلى.

— قايسى چايخانىغا بارساق بولا؟

— «تۇمارىس» چايخانىسىغا بارايلى.

— مەيلى، شۇغىنىسى، پەرۇخ، خانزادىلار زاڭلىق قىلىدىغان بولدى ـ دە.

www.uyghurkitap.com

— زاڭلىق قىلسا ئۆزىنىڭ ئىشى ، ئىشقىلىپ ، دىياغا بارغاندىن ياخشى .

— سەن بۇنىڭدىن كېيىن راستتىنلا دىياغا بارمامسەن؟ — سورىدى ئاتىللا پىيادە ماڭغاچ ، — ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ .

— ئىشەنگىن ، — دېدى پەخرىئاي ، — بەك بارغۇڭ كەلسە ئۆزۈڭ بار .

— سەن بارمىساڭ ماڭا يوق بارمۇ ئۇ يەردە ، — دېدى ئاتىللا تېرىكىپ .

پەخرىئاي پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى .

## 33

پەخرىدىن ئىشەنمىگەن ھالدا گۈلنازنىڭ كۆزىگە قارىدى .

— راستتىنلا ئاناڭ ئۇردىمۇ ؟

— ھەئە ، — دېدى گۈلناز ئۇۋۇلچىلىقتا ئۇچرىغان قىياپەتتە .

— نەرىگە ئۇردى ؟

— تەستەك بىلەن ئىككىنى سالدى . ياتاق ئۆيۈمگە قېچىپ كىرىۋالمىغان بولسام ، يەنە ئۇراتتى تېخى .

پەخرىدىن چاي ئىچىۋاتقان پىيالىسىنى تاققىدە قويۇپ ئورنىدىن تۇردى .

— نەگە بارىسەن ؟ — سورىدى قىز ئەجەبلەنگەن ھالدا ، — تېخى تاماق چىقمىغان تۇرسا .

— سەن تاماق يېگەچ تۇر ، مەن بېرىپ ئاناڭ بىلەن ئوبدانراق سۆزلىشىپ كېلەي .

— ئانام بىلەن نېمىدەپ سۆزلىشىسەن ؟

— سېنى ئۇرغان تۇرسا ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇرىدىغان ئىش بولسا مېنى ئۇرسىلا ، گۈلنازدا گۇناھ يوق ، دەيمەن .

— ۋىيەي ، ماۋۇ ساراڭنى ، — دېدى گۈلناز ھودۇقۇپ ، — مېنى يەنە تاياققا قوياي دەمسەن ؟ ئولتۇر ، ئىچىمنى پۇشۇرماي ،

قانداق قىلىدىكىن دەپتىمەن تېخى . ئانامغا مېنى ئۆرما دېيىشكە نېمە ھەققىڭ بار . ئاران ئەپلەشكىلى تۇرغان ئىشىمىزنى بۇزاي دەمسەن . ھېلىمۇ ئانامنىڭ ساڭا بولغان كۆزقارىشى ياخشى ئەمەس .

— نېمىشقا ياخشى ئەمەسكەن ، — دېدى پەخرىدىن ئورنىدا قايتا ئولتۇرۇپ ، — مېنى كۆرۈپمۇ باقمىغان تۇرسا .

— بۇنى بىلمىدىم ، — دېدى گۈلناز ، — ھېلىقى كۈنى پەرىدە ئاچاملار كەتكەندىن كېيىن ، ئانام بىرھازا گەپ قىلماي ئولتۇردى ، كېيىن تۇيۇقسىز يېنىغا چاقىرىپ بىرمۇنچە سوراقلاپ كەتتى . بۇ ئىشلارنى سەن پىلانلاپسەن ، خەقنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى تۆكتۈڭ ، ئەل - ئاغىنە ، تونۇش - بىلىش ، قولۇم - قوشنىلارغا بۈگۈن ساڭا ئەلچى كېلىدۇ دەپ خەۋەر بېرىۋەتكەنىدىم . مانا ، ئەلچىلەر ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوقلا داستىخىنىنى قويمايلا كېتىپ قالدى . ئەمدى خەقلەر سورىسا نېمە دەيمەن ، دەپ سۆزلەپ ، ئاچچىقىنى باسالماي ئىككى تەستەك سېلىۋەتتى . تاكى دادام كاماندىروپكىدىن قايتىپ كەلگۈچە ماڭا ماي تارتىپ گەپمۇ قىلمىدى .

— داداڭ خەۋەر تېپىپتۇ - دە .

— خەۋەر تاپماپتىكەن . دادام ئىشكىتىن چىرىپ بولغۇچە ئانام بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىماي - تېمىتماي دېدى .

— داداڭ نېمە دېدى ؟

— دادام تاماكا چېكىپ بىردەم ئولتۇرۇپ كەتتى . ھېلىمۇ ياخشى ، پەرىدە ئاچاملار ئانامغا خېلى ياخشى تەسىر قالدۇرغان چېغى . ئانام پەرىدە ئاچاملارنىڭ ئىككى ئېغىز ياخشى گېپىنى قىلىپ قالدى . شۇنىڭ بىلەن دادام مەندىن سىلەرنىڭ ئۆينىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىدى .

— سەن نېمە دېدىڭ ؟

— بىلگىنىمچە جاۋاب بەردىم . دادام داداڭنى خېلى ئوبدان بىلىدىكەن .

— ئىككىــــــــسى تونۇشامدىكەن ؟ — ئالدىراپ سورىدى پەخرىدىن .

— ياق، تونۇشمايدىكەن، داداڭنى سىرتتىن بىلىدىكەن. قادىر ئەپەندى ئوبدان ئادەم، ئائىلىسى يۈز ـ ئابرۇيلۇق ياخشى ئائىلە، دەپ ماختىدى. دادام سېنىمۇ بىلىدىكەن تېخى.

پەخرىدىن خۇش بولۇپ كەتتى.

— ۋاھ، داداڭ مېنىمۇ تونۇمدىكەن.

— ھەئە، سېنى بىر ـ ئىككى قېتىم كۆرۈپتىكەن. تۇرقىدىن ئېغىر ـ بېسىق، قائىدىلىك ئوبدان بالا بولغاندەك قىلىدۇ، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، ئىشىمىز ئوڭغا تارتىپتۇغۇ، — دېدى پەخرىدىن ھاياجانلانغان ھالدا.

— ئالدىراپ خۇش بولۇپ كەتمە. ئانام ئانچە قايىل بولمىدى. دادامۇ توي ئىشىمىزغا قوشۇلۇش ـ قوشۇلماسلىق توغرىسىدا بىرنېمە دېمىدى. سىلەرنىڭ ئۆيدىكىلەر تېزرەك كەلسە بولاتتى. ناۋادا، داداڭ بىلەن دادام بىر يەردە دوقۇرۇشۇپ قېلىپ، پەردە ئاچاملارنىڭ چوڭلار ئۈرۈمچىگە كەتتى دېگەن گېپى يالغان چىقىپ قالسا ئىشىمىز چاتاق.

— خاتىرجەم بول. بۇ ئىشلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىمەن. پەردە ئاچامنىڭ توي ئىشىمۇ ئوڭغا تارتىدىغاندەك قىلىدۇ.

— ئەلچىلەرنىڭ گەپ ـ سۆز قىلماي كېتىپ قېلىشى ئانامغا بەك ئېغىر كەلگەن ئوخشايدۇ. خەقلەر ئاڭلاپ قالسا يۈزىمىزگە سەت بولىدۇ دەپ غودۇراپلا يۈرىدۇ. سىلەرنىڭ ئۆيدىكىلەر كەلسە ئانامۇ خېلى بېسىلىپ قالاتتى.

— ئۇنداقتا پەردە ئاچامنىڭ ئىشىغا قاراپ ئولتۇرماي، دادام بىلەن ئايرىم سۆزلەشمىسەم بولمىغۇدەك، — دېدى پەخرىدىن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، — بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپسا، دادام مېنى چوقۇم قوللايدۇ.

— شۇنداق قىلىپ پەردە ئاچاملارنىڭ يىگىتىنىڭ ئۆيىگە چىقىدىغان بولدۇڭلارمۇ؟



www.uyghurkitap.com

— ئالدىمىزدىكى شەنبە كۈنى چىقىدىغان بولدۇق، لېكىن دادام بىلەن ئانام بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار پەقەت مېنىڭ دوستۇمنىڭ ئۆيىگە چىقىمىز دەپ ئويلايدۇ.

— كېيىن ئۇقسا رەنجىپ قالارمىكىن؟

— چىقىپ بولغاندىن كېيىن دادامغا چاندۇرماي پۈرىتىپ قويارمەن.

— ئاناڭدىن شۇنداق بەك قورقۇمسەن؟

— ۋاي ئۇنى بىر دېمە.

— كېيىنچە ماڭمۇ كۆرىدىغان كۈن بار ئىكەن ئەمەسمە.

— ئانامنى ئۇنچىۋالا ئەسكى دەپ قالما. مىجەزى سەل جاھىلراق شۇ، ئۆزۈمنىڭكىلا راست دەپ تۇرۇۋالىدۇ، ئەمما بەك كۆيۈمچان، ھەممىمىزنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزۈم بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇرسام دەپ ئويلايدۇ.

— ھەممە ئاتا - ئانا ئوخشاش، — دېدى گۈلناز، — ئانامنىڭ ئويىمۇ شۇ، شۇڭا مەن ئانامدىن رەنجىمەيمەن. ساڭىمۇ ئىشىنىمەن، پەخىرىدىن. شۇنداقتىمۇ دەپ قوياي، تويدىن كېيىن ھەرگىز ئۆزگىرىۋالمىغىن. ئاڭلىسام، جىق يىگىتلەر تويدىن كېيىنلا ئۆزگىرىۋالىدىكەن.

— مەن ئۇنداقلاردىن ئەمەس. سېنى بىر ئۆمۈر چېكەمگە گۈل قىلىپ قىسىمەن.

گۈلناز مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلدى.

— خۇدايىم بىزنى بىر ئۆمۈر ياخشى كۆرۈشۈپ ئۆتۈشكە نېسىپ قىلغاي. سىلەرنىڭ ئۆيدىكى قىزلاردىنمۇ خاتىرجەم بولدۇم، ھەممىسى بەك ياخشىكەن. ئاچا - سىڭىللاردەك ئۆتۈپ كېتىشىمىزدە گەپ يوق.

— نېمانچە ئىنچىكە ئويلاپ كەتكەنسەن.

— ئويلىمىسام بولمايدۇ، — دېدى گۈلناز ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاب بېرىپ، — يېڭى توي قىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئېرى بىلەن ياخشى ئۆتكەن بىلەن، يەڭگىلىرى بىلەن كېلىشەلمەي

ئاجرىشىپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ. پەرىدە ئاچام بەك ئېغىر ـ بېسىق، كۆيۈمچانكەن؛ پەزىلەت ئاچام ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بەك ئاياىدىكەن؛ پەخرىئاي شوخ بولغىنى بىلەن ئاق كۆڭۈلكەن. بۇنداق خاراكتېردىكى قىزلار بىلەن ئاسان چىقىشىپ كەتكىلى بولىدۇ. بۇ قېتىم ئۇلاردىن بەك خۇش بولدۇم.

— مەنمۇ سېنىڭ مۇشۇ ئاق كۆڭۈل، كەڭ قورساق، چىقىشقاق مىجەزىڭنى دەپ سېنى تاللىغان، — دېدى پەخرىدىن.

— مېنى تاللىغان، — دېدى گۈلناز نارازىلىق بىلەن، — مەندىن باشقىمۇ قىز دوستۇڭ بارمىدى؟

پەخرىدىن شوخلۇق بىلەن كۈلدى.

— ئەلۋەتتە، ماڭا كۆيۈپ قالغان قىزلارمۇ خېلى بارتى.

— ھەددىڭدىن ئاشما، — دېدى گۈلناز تېرىكىپ، — بۈگۈندىن كېيىن باشقا قىزلارنى ياخشى كۆرۈشۈڭگە رۇخسەت يوق.

— خاتىرجەم بول، باشقا قىزلارغا ھەرگىز قارىمايمەن.

— بىلىپ قوي، پەخرىدىن، مېنىڭ كۈنچىلىكىم بەك يامان جۇمۇ.

— سەنمۇ بىلىپ قوي، مېنىڭ كۈنچىلىكىممۇ يامان.

ئۇلار ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشتى.

## 34

سائەتكە قاراپ چۈشلۈك دەم ئېلىش بولغانلىقىنى بىلگەن قادىر ئەپەندى ئۇستەللىرىنى يىغىشتۇرۇپ تۇرۇشىغا ئىشخانىسىنىڭ تېلېفونى جىرىڭلىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى قادىر ئەپەندى تېلېفوننىڭ تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئېلىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، دادا، بۇ مەن.

— بىرەر ئىشىڭ بارمىدى، بالام.

— مەن ھازىر ئىدارەڭنىڭ ئالدىدا، سەن بىلەن كۆرۈشەي

دەپ كەلگەن .

— ئىشخانامغا چىقامسەن ياكى مەن چۈشەمدىم ؟

— سەن چۈشكىن ، پەستە ساقلاي .

— ماقۇل ، ئەمىسە هازىر چۈشىمەن .

قادىر ئەپەندى تۇرۇبكىنى قويۇپ ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى تاقىدى .

— هە ، كېلىپ قاپسەنغۇ ، — دېدى قادىر ئەپەندى ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈپ ،— زۆرۈر گەپ بارمىدى .

— چۈشلۈك تاماقنى بىللە يەيلى دەپ كەلگەن .

— سىرتتا تاماق يەمدۇق .

— هەئە ، سىرتتا تاماق يەيلى ، مەن مېھمان قىلاي .

— ئۆيدە تاماق يېمەمدۇق . ئاچىلىرىڭ تاماق ئەتتىمىكىن دەيمىنا .

— ئانام بۈگۈن چاي ئويىنىغىلى سەھەراغا كەتكەن تۇرسا ، ئاچىلىرىم تاماق ئېتەمتى .

— مېنى ئاچ قالمىسۇن دەپسەن ـ دە ،— دېدى قادىر ئەپەندى مەمنۇن بولۇپ .

— ئۇمۇ بار ، — دېدى پەخرىدىن .

— ئۇنداق بولسا ، تېلېفون قىل . ئاچا ـ سىڭىللىرىڭمۇ كەلسۇن ، بىللە غىزالىنايلى .

— بۈگۈنچە ئۇلار قورسىقىنى ئۆزلىرى بېقىپ تۇرسۇن . ئىككىيلەن ئايرىم غىزالىنايلى ، دادا . سەن بىلەن ئايرىم سۆزلىشىدىغان ئىش بار ئىدى .

— ئۇنداق بولسا مەيلى . نەدە تاماق يەيمىز ؟

— «ئوردا تائاملىرى» ئاشپۇزۇلىغا بارايلى . مۇھىتى بەك ئازادە ، تاماقلىرىمۇ تەملىك .

— دادا ـ بالا ئولتۇرۇپ پادىشاھدەك غىزالىنايلى دەپسەن ـ دە ، — دېدى قادىر ئەپەندى كۈلۈپ ، — جۇرە ، ئەمىسە .

ئوردىدەك ھەشەمەتلىك بېزەلگەن بۇ ئاشپۇزۇل خېرىدارلار

بىلەن لىق تولغانىدى .

— ئىككى كىشىلىك ئۈستەلگە باشلاڭلار ، — دېدى پەخرىدىن كۈتكۈچى يىگىتكە .

— قېنى ، بۇياققا مېڭىڭسىلا ، — دېدى كۈتكۈچى يىگىت .

بۇ ئاشپۇزۇلنىڭ بىرىنچى قەۋىتى چوڭ زال بولۇپ ، چاسا شىرەلەر رەتلىك تىزىلغانىدى . ئۇلار مۇلازىم يىگىتكە ئەگىشىپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى . ئىككىنچى قەۋەت تېخىمۇ ئالاھىدە بېزەلگەن بولۇپ ، نەقىشلىك ۋادەكلەر بىلەن ئايرىم - ئايرىم توسۇلۇپ ، چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ ئىككى كىشىلىك ، تۆت كىشىلىك ۋە كۆپ كىشىلىك تاماق شىرەلىرى قويۇلغانىدى . تەمبۇر بىلەن ئورۇندالغان لىرىك مۇزىكا چارچىغان نېرۋىلارنى تاتلىق غىدىقلايتتى . مۇلازىم يىگىت ئۇلارنى ئەڭ چەتتىكى ئىككى كىشىلىك ئورۇنغا باشلاپ قويۇپ كېتىپ قالدى . ئۇنىڭغىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چاي كۆتۈرۈپ كۈتكۈچى قىز يېتىپ كەلدى .

— قانداق تاماق يەيسىلەر ؟ — دېدى كۈتكۈچى قىز ئۇلارغا چاي قۇيۇپ بولۇپ .

— ئومۇرتقا كاۋاپتىن ئىككى زىخ ، باچكا بېسىلغان يېرىم پولۇدىن ئىككى ، يەنە ئىككى پىيالە قېتىق ، — دېدى پەخرىدىن ، ئاندىن دادىسىغا قاراپ سورىدى ، — يەنە نېمە بۇيرۇتىمىز ، دادا .

— بولدى ، مۇشۇ يېتەرلىك ، — دېدى قادىر ئەپەندى .

پەخرىدىن دادىسىنىڭ كاۋاپ بىلەن باچكا بېسىلغان پولۇغا ئامراقلىقىنى ئوبدان بىلەتتى ، شۇڭا دادىسىدىن سورىمايلا بۇيرۇۋەرگەنىدى .

— پولۇنى ئاۋۋال ئەپچىقامدۇق ، كاۋاپنىمۇ ؟ — سورىدى كۈتكۈچى قىز .

— ئاۋۋال پولۇ يەيلى ، — دېدى قادىر ئەپەندى ، — پولۇ بىلەن قېتىقنى بىللە ئەپچىقىڭ ، قىزىم . كاۋاپ كېيىنرەك چىقسۇن .

— ماقۇل ، ئازادە ئولتۇرۇڭلار ، — دېدى كۈتكۈچى قىز .

— تاماق چىققۇچە مۇڭداشقاچ ئولتۇرامدۇق؟ — دېدى قادىر ئەپەندى ئوغلىغا قاراپ.

پەخرىدىن بىردىنلا قىزىرىپ تەمتىرەپ قالدى. گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي قولىغا چاي پىيالىسىنى ئالدى. ئوغلىنىڭ تۇرقىغا قاراپ قادىر ئەپەندى كۈلدى.

— ماڭا دېيىشتىن خىجىل بولغۇدەك گەپمىدى ئۇ. خىجىل بولما، چوپچوڭلا يىگىت تۇرۇپ دادىسىدىنمۇ خىجىل بولامدىغان. نېمە دەيدىغانلىقىڭنى پەرەز قىلىپ بولدۇم. قىزلار ھەققىدىكى گەپتۇ ھەقىچان.

سەزگۈر دادا ئوغلىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغانىدى.

پەخرىدىن پىسسىڭىدە كۈلدى. مۇشۇ كۈلكىسى بىلەن تەمتىرەش، تارتىنىشلىرىمۇ يوقاپ كەتتى.

— كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالدىڭ، — دېدى ئۇ كۆزىنى دادىسىدىن ئېلىپ قېچىپ تۇرۇپ، — ئەمىسە گەپنى ئۇدۇللا دەيمەن. زاڭلىق قىلمايسەن جۇمۇ، دادا.

— دەۋەرگىن. زاڭلىق قىلىدىغان گەپ ئەمەسقۇ بۇ. قىزلار توغرۇلۇق بالدۇرلا ئېغىز ئېچىشىڭ كېرەكتى، ھېلىمۇ خېلى كېچىكتىڭ.

پەخرىدىن ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن سۆزلەشكە كىرىشتى.

— ئەسلىدە پەرىدە ئاچام بىلەن پەزىلەت ئاچامنىڭ تويى بولۇپ بولمىغۇچە بۇ گەپنى دېمەسمەن دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، سەن بىلەن مەسلىھەتلەشمىسەم بولمايدىغان ئىش چىقىپ قالدى.

— نېمە؟ بىرەر قىز بىلەن چاتاق چىقىرىپ قويمىغانسەن؟ — ئالدىراپ سورىدى قادىر ئەپەندى جىددىيلىشىپ.

— ئا ... نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسەن، — دېدى پەخرىدىن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — گېپىمنى بۆلمەي تۇرە.

— ھە ... ھە ... گەپ قىلە.

— ئالىي مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەنىدىم. ئىسمى گۈلناز. شەھەر قورۇلۇشى

www.uyghurkitap.com

ئىدارىسىدە ئىشلەيدۇ . يېقىندىن بېرى ئاتا ـ ئانىسى توي قىلىشقا مەجبۇرلاۋېتىپتۇ .

پەخرىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى .

— شۇنداق قىلىپ ، بىزنىڭ ئۆيدىكى قىزلار بېرىپ ، ئۇ قىزغا كەلگەن ئەلچىلەرنى قايتۇرۇۋەتتى ـ دە ، — دېدى قادىر ئەپەندى كۈلۈپ ، — يۈرىكى تازا چوڭ كەنغۇ ئۇ ئۇلارنىڭ . قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كەلسۇن دەپ تۇرۇۋاپتۇ ـ دە . ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپى تامامەن يوللۇق . ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بۇنداق ئىشلاردا ئىنچىكىلىمىسە زادى بولمايدۇ . ئەسلىدىمۇ ئاناڭ بىلەن بېرىپ قائىدىسىنى قىلىپ قويۇشىمىز كېرەك ئىدى .

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىممۇ شۇ ، — دېدى پەخرىدىن ، — بىز توي قىلىشقا ئالدىرىمايمىز . گۈلنازمۇ بىزنىڭ ئۆينىڭ ئەھۋالىنى بىلىدۇ . پەرىدە ئاچام بىلەن پەزىلەت ئاچامنىڭ تويى بولۇپ بولغۇچە ساقلاپ تۇرىمىز . ئۇنىڭغىچە ئانام بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە بېرىپ قويساڭلار بولاتتى .

— بۇ ئىشلاردىن ئاناڭنىڭ خەۋىرى بارمۇ ؟

— ئانامغا قانداق دەيمەن بۇ گەپنى . سەن ئۇبدانىراق چۈشەندۈرمىسەڭ ، مېنىڭ دېگىنىم بىكار . چالۋاقاپ ، تىللاپ كېتەر مېنى .

— ئاناڭ قوشۇلماسمىكىن .

پەخرىدىن دادىسىغا يالۋۇرۇش نەزىرى بىلەن قارىدى .

— ماڭا ياردەم قىلغىن ، دادا . پەقەت بولمىسا ئانامغا بېسىم ئىشلەت . مەن گۈلنازدىن باشقا ھېچكىم بىلەن توي قىلمايمەن .

قادىر ئەپەندى ئوغلىغا قايىللىق نەزىرى بىلەن قارىدى .

«ئوغۇل بالا ئەركەكتەك گەپ قىلدىڭ ، بالام . يىگىت دېگەن مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك . ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىزنى قولغا كەلتۈرۈشكە قەتئىي بەل باغلىشى كېرەك . گەرچە ئاناڭنىڭ ساڭا ئۆز قولى بىلەن قىز تاللاپ بېرىش ئارزۇسىنى بىلسەممۇ ، ساڭا چوقۇم ياردەم قىلىمەن . يىگىت ئۇچۇن ئۆزى ياخشى كۆرگەن

قىزغا ئېرىششىتىنمۇ چوڭ بەخت بولمايدۇ ...»

— قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نەدە ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلەمسەن ؟

— ھە ، راست ، — دېدى پەخرىدىن بىر ئىشنى يادىغا ئېلىپ ، — گۇلنازنىڭ دادىسى سېنى بىلىدىكەن . بەلكىم سەنمۇ تونۇشۇڭ مۇمكىن . ئىسمى سۇلتان ئىبراھىم . شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسىدە ئىشلەيدۇ .

— ھە تونۇيدىكەنمەن ، — دېدى قادىر ئەپەندى ، — لېكىن تازا ئەسرا ئەمەس . توي ـ تۆكۈنلەردە ، نەزىرلەردە ، يىغىنلاردا ئانچە ـ مۇنچە ئۇچرىشىپ قالغان . ئۆزى ئوبدان ئادەم . ياخشى ئائىلىنىڭ قىزىنى تاللاپسەن .

پەخرىدىن خاتىرجەم بولۇپ يەڭگىل تىندى .

— بۇ ئىشنى ئىمكان بار كېچىكتۈرمىسەك بولاتتى ، دادا ، — دېدى پەخرىدىن .

— مۇنداق قىلايلى ، ئەمىسە . ھازىر بۇ ئىشنى ئاناڭنىڭ مەسلىھەتىگە سالساقمۇ قوشۇلماسلىقى مۇمكىن . ئاۋۋال قىزلارنىڭ ئىشىنى ئويلىشايلى دەپ تۇرۇۋالسا ، مەنمۇ زورلىيالمايمەن . ئەسلىدىمۇ قائىدە بويىچە شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك . ئاچىلىرىڭنىڭ ئىشىنى بىر ياقلىق قىلماي تۇرۇپ ، سېنىڭ ئىشىڭغا مېڭىپ يۈرسەك باشقىلارمۇ توغرا تاپمايدۇ . مەن مۇۋاپىق پۇرسەت تېپىپ سۇلتان ئىبراھىم بىلەن ئايرىم مۇڭدىشاي ، ساڭا قېيناتا بولغۇچى ماقۇل دېسىلا ، ئەلچىلىككە ئانچە ئالدىراپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ .

— مەيلى ، — دېدى پەخرىدىن دادىسىنىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلۇپ ، — لېكىن ۋاقىتنى بەك سوزۇۋەتمە .

— خاتىرجەم بول . سۇلتان ئەپەندى بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان ئاغىنىلەردىن بىرەرىنى تېپىپ ، شۇ ئارقىلىق بىرەر سورۇنغا چاقىرىپ ئايرىم مۇڭدىشىمەن . بۇمۇ رەسىم ـ قائىدىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ .

پەخرىدىن خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالدى .

— شەنبە كۈنى يېزىغا چىقىپ باغ سەيلىسى قىلىپ كىرىدىغان ئىشقا ئانام ياق دەپ تۇرۇۋالماس ـ ھە .

— ئاناڭ قوشۇلىدىغۇ ؟

— مەنمۇ ئاغىنەمگە ئائىلە بويىچە چىقىدىغان بولدۇق دەپ خەۋەر بېرىپ بولدۇم ، يەنە تېخى ماشىنىمۇ ئۇقۇشۇپ قويدۇم .

— قاتناشنى ئۇقۇشۇپ قويۇپ ياخشى قىپسەن . ئىشلار شۇنداق بولسۇن ئەمىسە . سەنمۇ قىزنى خاتىرجەم قىلىپ قوي . باشقا گەپلىرىڭ بولسىمۇ تارتىنماي دەۋەرگىن ، بالام .

— ماقۇل .

— ئاله ، كاۋاپ سوۋۇپ قالدى .

— سىز يەڭ ، دادا .

— بولدى ، مەن تويدۇم ، — دېدى قادىر ئەپەندى پىيالىدىكى قېتىقتا قوشۇق سېلىپ تۇرۇپ ، — ئوغۇل بالا دېگەن قورساقتا يەپ تۇرغۇلۇق .

پەخرىدىن كاۋاپنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى .

## 35

پەرىدەنىڭ باش ـ ئاخىرى يوق خىياللىرىنى خىزمەتدىشى بۆلۈۋەتتى .

— پەرىدە ، يانفونىڭىز سايراپ كەتتى ، نېمانچە ئېغىر خىيال سۈرىسىز .

پەرىدە سومكىسىدىن يانغوننى ئېلىپ ئېكرانىغا قاراپ ، يۈرىكى خۇشاللىقتىن سېلىپ كەتتى . تېلېفون ئابدۇساتتاردىن كەلگەنىدى . پەرىدە خىزمەتدىشىنىڭ ئالدىدا سۆزلىشىشنى بىئەپ كۆرۈپ ، يانفوننى ئېلىپ ئىشخانىدىن چىقتى ـ دە ، كارىدورنىڭ ئۇ بېشىدىكى ھاۋادانغا قاراپ ماڭدى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. ئەجەب تەستە ئالدىڭىزغۇ تېلېفوننى. بىئەپ ۋاقىتتا تېلېفون قىلىپ قالدىمۇيا؟

— ياقەي، ئىشخانىدا خىزمەتداشلىرىم بار ئىدى، شۇڭا سىرتقا چىقتىم. تىنچلىقمۇ؟

— تىنچلىق، ئۆزىڭىزچۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر.

— قاراڭ، پەرىدە، بەكمۇ قىزىق ئىش بولدى. دەپ بەرسەم ھەيران قالىسىز.

— قانداق ئىش بولدى؟

— ئانىڭىز بىزنىڭ ئۆيگە چىقتى.

— توۋا دەڭە، قانداقسىگە ...

— يېزا باشلىقى قايسى كۈنى ئۆيگە كېلىپ ئانامغا مېھمانلىرىم بار ئىدى، سىلەرنىڭ باغدا كۈتۈۋالسام، دەپتىكەن. بۈگۈن شۇ مېھمانلار چىقىپتۇ. ئەسلىدە ئۇلار يېزا باشلىقىنىڭ ئانىسىنىڭ مېھمانلىرى ئىكەن. بايا كېلىپ قارىسام، مېھمان ئاياللارنىڭ ئارىسىدا ئانىڭىزمۇ ئولتۇرىدۇ، شۇڭا سىزگە تېلېفون قىلىشىم.

— تونۇشلۇق بەرمىگەنسىز؟

— ھەددىمۇ مېنىڭ، — دېدى يىگىت ھاياجانلانغان ھالدا، — قانداقمۇ تونۇشلۇق بېرەلەيمەن، لېكىن ئانامغا كۆرستىپ قويدۇم.

— ئانىڭىز بىزنىڭ ئىشىمىزنى ئانامغا دەپ يۈرمەس، ھە.

— خاتىرجەم بولۇڭ. ئانامغا جېكىلىدىم، تونۇشلۇق بەرمەيدىغان بولدى.

— ياخشى قىپسىز، بۈگۈن ۋاقتى ئەمەس. مۇمكىن بولسا ئانامغا ئۆيۈڭلەرنىمۇ كۆرستىپ قويۇڭ. ئانام ھەرھالدا ئائىلە ئەھۋالىڭلارنى بىلىپ قالغاچ تۇرسۇن. سىز بىلىسىز، ئانام ئازراق ئابرۇيپەرەس.

— بولىدۇ. بىر ئامالىنى قىلارمىز. پەقەت بولمىسا، شەنبە

كۆنى چىققاندا كۆرە. سىز ئايرىلىپ قالماي بىللە چىقىڭ جۇمۇ.

— شەنبە كۈنى مەن چىقماي تۇرايمىكىن دەيمەن.

— نېمىشقا؟

— بىرىنچىدىن، سىلەرنىڭ ئۆيدىكىلەر مېنى تونۇيدۇ. مەن چىقسام بۇ ئىش چېنىپ قالىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۆزۈممۇ خىجىل بولۇپ قالىمەن. ئويلاپ باقسام، ماڭىمۇ تازا بىسەپ بولۇپ قالىدىكەن، ئەڭ ياخشىسى، چىقمىغىنىم ياخشىمىكىن.

يىگىت بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇۋېلىپ جاۋاب قايتۇردى.

— بۇ ئويلىغىنىڭىزمۇ توغرا.

— ھە راست، ئاتا-ئانىڭىزغا شەنبە كۈنى چىقىدىغان مېھمانلارنىڭ بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر ئىكەنلىكىنى دېمىگەنسىز؟

— تېخى دېمىدىم، تازا بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتىمەن. سىزنىڭچە، قانداق قىلسام بولا؟

پەرىدە بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى.

— بايا ئانىڭىزغا ئانامنى كۆرسىتىپ قويۇپسىز. شەنبە كۈنى چوقۇم تونۇۋالىدۇ، شۇڭا دەۋېرىڭ. لېكىن، دادىڭىز بىلمەي تۇرسۇن. ئانىڭىزغىمۇ جېكىلەپ قويۇڭ. ئىمكان بار ئانىڭىزمۇ ھېچنېمىنى بىلمىگەن قىياپەتتە كىرىۋالسۇن.

— چۈشەندىم. ئۇنداق قىلمىساق، سىلەرنىڭ ئۆيدىكىلەر بىزنىڭ ئۆيگە ئەلچىلىككە چىققاندەك بولۇپ قالىدىكەن. بولمىسىمۇ مەنمۇ قىزلار ئەلچى بولۇپ كەلگۈدەك يىگىت ئىدىم.

پەرىدە ۋىلىقلاپ كۈلۈۋەتتى.

— چاقچاققا ئۇستا بولۇپ كېتىپسىز. ئۆزىڭىزنى بوشراق داڭلاڭ.

— ئۇنداق ئەمەسمۇيا؟

— مەنچە بولسىمۇ ئۆزۈملا ئەلچى بولۇپ چىققۇم بار، سىزگە.

— بولدى، بولدى، ئادەمنى خىجىل قىلماڭ. سىز بىلەن توي قىلالماي قالارمەنمىكىن دەپ ئولتۇرسام-قويسام يۈرىكىم

سۇ . تۇينى تېزرەك قىلىشۋالساق مەنمۇ خاتىرجەم بولاتتىم . ھە راست ، پەخرىدىنگە دەپ قويۇڭ . ئۆيدىكىلەر ئۆزىلا چىقماي ، يېقىن ـ يورۇقلىرى ، دوست ـ بۇرادەرلىرى ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بولسىمۇ بىللە ئېلىپ چىقسۇن . ھەرگىز سۆندۈرۈپ قويمايمىز .

— بۇنىڭغا ئىشىنىمەن . پەخرىدىن دادام بىلەن ئانامغا دەپ باقسۇن ، خالىسا ئېلىپ چىقا .

— بىز قاچان كۆرۈشىمىز ؟ سىزنى سېغىنىپ كەتتىم .

— قاچان ۋاقتىڭىز يەتسە .

— شەنبە كۈنى سىز چىقمىسىڭىز ، مەن چىرەيمۇ ؟

— سىز بولمىسىڭىز قانداق بولىدۇ . ئانام ـ دادىلار سىزنى پەخرىدىننىڭ ئاغىنىسى دەپ بىلىدۇ .

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم . قېينانام بىلەن قېيناتامنى ئۆز قولۇم بىلەن مېھمان قىلىشۋالمىسام بولماس .

— ماقۇل ئەمىسە ، ئۇنىڭغىچە يەنە تېلېفونلىشارمىز .

— ماقۇل ، خوش ئەمىسە .

پەرىدە يانفوننى ئېتىۋېتىپ بىردەم خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى .

«بۇ ئىش قامىلىشامۇ ؟ چېنىپ قالمىسا ياخشى بولاتتى . ئانامنىڭ ھەرقانداق ئىشقا گۇمان بىلەن قارايدىغان خۇيى بار . ئىشقىلىپ ، ئابدۇساتتاردىن باشقا ھەرقانداق ئادەم بىلەن توي قىلمايمەن . ئانام ھازىر چۈشەنمىسە ، كېيىن چۈشىنىپ قالار . بۇ ئىش تېزرەك بىر تەرەپ بولسا بولاتتى . مۇرات دېگەن يىگىتمۇ ھە دېسە تېلېفون قىلىپ ئارام بەرمەيۋاتىدۇ . ئەھۋالدىن قارىغاندا ، ئانام بىلەن شارايەت ئاچاملار نىيىتىدىن يانمىغاندەك قىلىدۇ . ئەجەب بىر تەس كۈنگە قالدىغۇ كىشى . بىچارە ئابدۇساتتارمۇ جىق چىداشلىق بەردى . كۆڭلۈمنى ئاياپ گەپ قىلمىغىنى بىلەن ئۇنىڭمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىدا يەتكۈچە دەردى بار . ئاتا ـ ئانىسى باشقا قىزلار بىلەن توي قىلىشقا زورلاپ بېشىنى ئوچاق ئېتىۋەتكەندۇ ھەقىچان ...»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

## 36

— باغ سەيلىسى خېلى كۆڭۈللۈك بولغاندۇ ، خانىم ،— دېدى قادىر ئەپەندى زۆھرە خانىمدىن هاردۇق سوراپ بولغاندىن كېيىن .

— ۋاي ، ئۇنى بىر دېمىسىلە ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — يېمەك - ئىچمەك ، يەل - يېمىش دېگەننىڭغۇ تۆكمە قىلىپ تاشلىدى ، گۆش ، كاۋاپ دېگەنلەرگە يەمسەن ياق بولۇپ كەتتۇق . زىخ كاۋاپ ، تونۇر كاۋاپ ، ئوغلاق كاۋىپى ، تېخى بېلىق كاۋىپىمۇ بار دېسىلە .

— چىمەنگۈل خانىم ئوغلىنىڭ ئەمەلدارلىق راھىتىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇپتۇ - دە .

— شۇنى دەيمەن . ئاڭلىغان ، لېكىن كۆرمەپتىكەنمەن . ئەمەلدارلىقنىڭ راھىتى دېگەن شۇنداق چوڭ ئوخشايدۇ . شۇنىڭغا قاراپ يېزا باشلىقلىقىمۇ كىچىك ئەمەل ئەمەسكەن دەپ قالدىم . مەخسۇس بىزنى كۈتۈش ئۈچۈن چېپىپ يۈرگەن ئادەملەرمۇ ئون نەچچىدىن ئاشىدۇ .

— يېزىنىڭ بېغىدا كۈتكەن ئوخشىمامدۇ .

— ياق ، بىر دېھقانىنىڭ بېغىكەن . هېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ . بىر دېھقانىنىڭمۇ شۇنداق كەڭرى بېغى بولىدىكەن دېسە . خۇددى جەننەتنىڭ ئۆزى . ئۆيۋاقىمۇ شۇنداق ئېسىلكەن تېخى . دېھقانلارنى كۆك نامرات دەپ ئويلاپتىكەنمەن ، ئاشۇنداق بايلىرىمۇ بار ئىكەن . شۇ بىزنىڭ دېھقان تۇغقانلىرىمىزلا باي بولالماي ئۆتكەن ئوخشايدۇ .

— يېزىلاردا ئالدىن بېيىغان ئائىلىلەرمۇ جىق . لېكىن ، كۆپ ساندىكىلىرى يەنىلا نامرات ، هازىر نامراتلىق بىر مەسىلە بولۇپ قالدى . دېھقانلارنىڭ سېلىقى ئېغىر ، قورسىقىنى ئاران تويغۇزۇۋاتقان دېھقانلارمۇ خېلىلا بار . ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرسە ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىدۇ . تۆت بۇلۇڭ بىر كۇلۇڭدىن باشقا

ھېچنېمىسى يوق . ئۆيدىكى بىساتلارنى بىسات دېگىلىمۇ بولمايدۇ . شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئىنتايىن قانائەتچان ، ئاق كۆڭۈل ، مېھماندوست ، ئۆيگە ئۇسۇپلا كىرىدىغان بولساق ، ھېچبولمىغاندا داستىخانغا ئىككى زاغرا بىلەن بىر چىنە قېتىقنىمۇ سورىمايلا ئەكېلىدۇ .

— يېزىدا دېھقانلار نامرات بولغىنى بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ داستىخىنى بەك مولكەن . يەنىلا بىز ئىنساپسىز ، ئاچ كۆزكەنمىز .

— قانداق دەيلا ، خانىم .

— بۈگۈنكى مېھماندارچىلىقنى قاراپ دەيمىنا . ئادەتتىمۇ داستىخاندىن زەللە ئالىدىغان يامان ئادىتىمىز بار بىزنىڭ . بۈگۈن بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى . داستىخانغا ئەكەلگەن گۆش - كاۋاپلارنى ئاغزىغا بىر چىشلەم سالماي تۇرۇپلا سومكىلىرىغا سېلىشقىلى تۇردى ، ئۇ خوتۇنلار . ھېلىقى باغ ئىگىسى ئايال چاي قۇيۇپ بېرىۋاتاتتى ، بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدى . ئىچىدە راسا زاڭلىق قىلدى بولغاي .

— ھە ، سىلىمۇ بۇ نەرسىلەرنى سەندىن مەن قالارمەنمۇ دەپ بۇلاپ - تالاپ ئېلىپ كەپلا - دە ، — دېدى قادىر ئەپەندى تاماق شىرەسى ئۈستىدىكى زۆھرە خانىم ئالغاچ كەلگەن يالتىراق خالتىلاردىكى گۆش - كاۋاپلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ، — جاھان خېلى توقچىلىق بولۇپ كەتتى ، لېكىن داستىخاندىن زەللە ئالىدىغان بۇ يامان ئادەت بارغانسېرى ئەدەپ كېتىۋاتىدۇغۇتاڭ . سىلىنى خېلى نەزىرى ئۈستۈن دەپ ئويلايتتىم ، قانداقسىگە بۇ يامان ئادەتنى يۇقتۇرۇۋالغاندىلا .

— ئا ... ھاي ... — دېدى زۆھرە خانىم تېرىكىپ ، — ئاۋۋال گېپىمنى ئاڭلىمامىلا . بۇ نەرسىلەرنى ئۇ خوتۇنلار بىلەن بەسلىشىپ ئېلىۋالمىدىم ، مېھماندارچىلىق ئاخىرلاشقاندا چىمەنگۈل خانىم مەجبۇرىي زەللە قىلىپ بەردى . ئۇنداق قىلمىسىلا ، سەت تۇرىدۇ ، قورساققا تويغۇچە يېگەندىكىن بولدى دېسەم ، قادىر ئەپەندىنىڭ نېسىۋىسى ، دەپ تۇرۇۋالدى . ئەمەلىيەتتىمۇ داستىخاندىن كەڭتاشا

ئېشىپ قالغان بۇ نەرسىلەر . ھېلىقى باغنىڭ ئىگىسى ئايالمۇ چىمەنگۈل خانىم بىلەن ماڭا بىر يەشىكتىن شاپتۇل يوللۇق تۇتتى . باشقىلار بىزگىمۇ بېرەمىكىن دەپ خېلى تەمە قىلىپ باقتى . ئۇلار ۋاي زۆھرە ، ھال تارتىپ ئولتۇرماي ، سەنمۇ ئېلىۋال دېگەنتى ، ئالماي ياخشى قىپتىكەنمەن . ھېلىقى ئايال ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىكەن ئەمەسمۇ ، بولمىسا ، ماڭا ئالايىتەن شاپتۇل يوللۇق تۇتۇپ يۈرمەستى . خەقنىڭ ئاغزىدىن ، شەھەرلىككە باغ كۆرسەتمەك ، يېزىلىقتا ئۆي ، دېگەن تەمسىلنى ئاڭلاپ نېمە دېگىنىدۇ دەپتىكەنمەن ، بۈگۈن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم . داستىخاندىكى شۇنچە مېۋىلەرنى قويۇپ ، ئۆز قولىمىز بىلەن شېخىدىن ئۈزىمىز دەپ ، مېۋىلەرنى قالايمىقان ئۈزگىنىنى ئاز دەپ ، شاخلارنى ژىرىپ بېزەپ قىلىۋەتتى . ھېلىقى باغ ئىگىسى ئايالنىڭ چىرايى ئۆڭۈپمۇ قويمىدى . چىمەنگۈل خانىم : «سەت بولدى» دەپ ئۆزرە ئېيتىۋىدى ، «ھېچقىسى يوق . ۋاقىتلىرى يەتسە ، مەخسۇس ماڭا مېھمان بولغىلى ئايرىم چىقسىلا ، لايىقلىرىدا كۈتەلمىسەممۇ مېھمان قىلىۋالاي» دەيدۇ تېخى . ئەجەب ئېسىل ئايالكەن ئۇ .

— ھە دېسىلا سەھرالىق ئاق ، سەھرالىق كۆك دەيتتىلە ، ئەمدى چۈشەنگەنلا ، سەھرالىق دېگەن ئاشۇنداق مەرد . سېخىي كېلىدۇ ، — دېدى قادىر ئەپەندى گەپ توغرا كەلگەندە ئاياپ ئولتۇرماي .

زۆھرە خانىم پىسسىڭىدە كۈلۈۋەتتى .

— بىر دەۋاللا ، ھە . سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىگە كېلە ، دېمەي مەنمۇ دەۋېرىپتىمەن . مەنمۇ يېزىدىكى تۇغقانلارنى ئۇنچە يامان كۆرمەيمەن . مېھمان بولۇپ كىرسە شۇنداق كۆڭلىنى ئىزدەيمەنغۇ . ھەممە بالانىڭ بېشى پەرىدە دېگەن غەرەز ئۇقمايدىغان قىز بالا . ئادەم تېپىلمىغاندەك نەدىكى بىر سەھرالىق مۇئەللىم بىلەن مۇھەببەتلىشىپ . ھەممە دېھقانلار ھېلىقى باغ ئىگىسىگە ئوخشاش ئەمەس - دە . ھېچبولمىغاندا ئاشۇنداقراق ئادەمنىڭ بالىۋاقىسىنى



www.uyghurkitap.com

تاپقان بولسىمۇ ، كاشكى .

— پەرىدەنىڭ تاپقان يىگىتىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قانداقلىقىنى سىلىمۇ بىلمەيلا ، قارىسىغا گەپ قىلمىسىلا ، خانىم .

— ئەمدى دەيمىنا ، — دېدى زۆھرە خانىم دېگىنى گەپ تاپالماي دۇدۇقلاپ ، — ئاتايىن سىلىنى دەپ ئەكىرىدىم ئاۋۇ نېسىۋىلەرنى ، ھېچبولمىسا مېنىڭ كۆڭلۈمنى دەپمۇ بولسا بىرەر چىشلەم يېمەملا ماداق . داستىخاندىن ئاشقان تائام دەپ يېگۈلىرى كەلمەيۋاتامدۇيا ؟

— مۇنداق ئالسىلا ـ باقسىلا دەپ تەكلىپ ئەتمىسىلە قانداق يەيمەن ، — دېدى قادىر ئەپەندى چاقچاق قىلىپ ، — ئالدىمغا كەلدى دەپ يەۋېرىدىغان ئادەم ئەمەس جۇمۇ مەن ، خېلى ھالىم بار مېنىڭ .

— ئايلىناي ۋاي ھالدان غوجام ، — دېدى زۆھرە خانىم ئەركىلەپ ۋە بىر پارچە كاۋاپنى ئېلىپ قادىر ئەپەندىگە تەڭلىدى ، — مەسىلە ، ماۋۇ ئوغلاق كاۋىپىدىن يەپ باقسىلا ، ئاغزىلىرىغا تېتىپ سىلىپ قويامدىميا .

— ئاشۇنداق قىلسىلىغۇ بەك بەلەن بولاتتى .

— سىلى خالىسىلا ئۇنىمۇ قىلىپ قويىمەن .

— رەھمەت ، ئۆزۈم يەي ، گۆش دېگەننى ئۆز قولى بىلەن تۇتۇپ يېگەنگە نېمە يېتىدۇ ، — دېدى قادىر ئەپەندى زۆھرە خانىمنىڭ قولىدىكى كاۋاپنى ئېلىپ تۇرۇپ ، — پاھ ، ئەجەب مەززىلىك پىشۇرۇپتۇ بۇ كاۋاپنى . ئىسسىق ۋاقتىدا قانچە مەززىلىك بولغىيدى .

— شۇنى دېسىلە ، سىلىگە شۇنداق سىقىندىم .

زۆھرە خانىم ئورنىدىن تۇرۇپ قادىر ئەپەندىگە بىر پىيالە چاي قۇيۇپ بەردى .

— باللار ئەجەب كەلمەيدۇغۇ ؟

— سىلى بولمىسىلا ئۆينىمۇ ، مېنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ ئۇلار ، — دېدى قادىر ئەپەندى ، — كەچرەك كېلە ھەقىچان .

— چۈشتە باللار تاماق ئېتىپ بەرمىگەن ئوخشىمامدۇ ؟
— چۈشلۈك دەم ئېلىشقا يېقىن پەخرىدىن قېشىمغا كەپتىكەن ، دادا ـ بالا سىرتتا غىزالاندۇق .
— ھەنىم بولسا ، ئاشۇ بالىنىڭ ئىسىگە كەپتۇ ، — دېدى زۆھرە خانىم رازىمەنلىك بىلەن ، — ئوغۇل بالا بولغان بىلەن بەكمۇ كۆيۈمچان بالا بولدى . ئىككى قىزىمىزنىڭ توينى قىلىۋېتىپلا ئۆيلەپ قويايلى ئۇنى . ئوبدان يەردىن كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغان لايىق بار . شۇغىنىسى ، ماۋۇ ئىككى قىز بالا گەپكە كىرمەي جاپا سېلىۋاتىدۇغۇ ئادەمگە .
— شاراپەت خانىمنىڭ جىيەن ئوغلى بىلەن پەرىدەنىڭ ئىشى قاملىشاي دەۋاتامدۇ ؟
— نەدىكىنى ، — دېدى زۆھرە خانىم چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ، — ئاغزىمىنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشۈپ كەتكۈدەك بولۇپ يالۋۇرۇپتىمەن ، ھېچ يېقىن كېلىدىغاندەك ئەمەس . شاراپەتنىڭ كۆڭلىگە كەلدىمىكىنتاڭ . پەرىدە قىز خالىمىغان بولسا ، بولدى قىلايلى ، يېپىقلىق قازان يېپىقلىق پېتىچە قالسۇن ، دەۋاتىدۇ .
— سىلى نېمە دېدىلە .
— يەنە بىر ئۇرۇنۇپ كۆرەيلى دېدىم ، شاراپەتنىڭ دېيىشىچە ، بۇگۇن جىيەن ئوغلى مۇراتجان پەرىدە بىلەن يەنە بىر كۆرۈشمەكچى بولاپتىكەن . نەتىجىسى ھېلىغىچە مەلۇم بولىدۇ .
قادىر ئەپەندى بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ ئېغىز ئاچتى .
— پەقەت بولمىسا ، ئۇنچىۋالا ئاۋارە بولۇپ يۈرمىسىلە . بالىنىڭ رايىغا باقايلى . تاشنى تاياققا تاڭغىلى بولماس دەپتىكەن كونىلار . ئۆزلىرى خالىمىسا بىزنىڭ زورلىغىنىمىز بىكار . كۆڭۈل ئاغرىقى بولۇپ قالمىسۇن ، ئاراڭلاردا .
زۆھرە خانىم ئۈندىمىدى . ئۇ پەرىدەگە ئاتايىن دۇئا ئوقۇتۇپ كەلگەن ناۋاتنىڭ كار قىلمايۋاتقانلىقىدىن تىت ـ تىت بولۇپ قالغانىدى .

«قارىمنىڭ دۇئاسىنى بەك پايدا قىلىدۇ دەۋاتاتتى . ئەجەب كار قىلمىدىغۇ بۇ قىز بالىغا . ھەيز كۆرگەندەكقۇ قىلمىغان بولمىسا . بىلمەي قالدىممۇيا . مۇمكىن ئەمەس . ئاي ئۆتتۇرىسى تۇرسا . بۇ شۇمنىڭ ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالغان بىرەر تۇمار چاغلىق نەرسىسى بارمىدۇيا ؟ يوق ، ھەرگىز يوق . بولسا بىلمەمتىم . بۇ كەمنىڭ ياشلىرى كونىلىققا ئىشىنەمتى . ئەجەب كار قىلمىديا قارىمنىڭ ئىسسىتقۇسى . قاراپ تۇرۇپ بەش يۈز كوي پۇلنىڭ بېشىغا سۇ قۇيغاندىمەنمۇ ؟ ئىسىت پۇل ، ئىسىت پۇل ... »

تېلېفوننىڭ ئەنسىز جىرىڭلىشى زۆھرە خانىمنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى . ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ تېلېفوننىڭ قېشىغا يۈگۈردى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام . مەن شاراپەت ، تىنچلىقمۇ ئاداش . قادىر ئەپەندى ، بالىلىرىڭ تىنچلىقتۇ ؟

— تىنچلىق ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — ھە قانداق بوپتۇ ؟ مۇراتجان پەرىدە بىلەن كۆرۈشۈپتۇمۇ ؟

— ئاداش ، باللارنىڭ ئىشلىرى يەنە قاملاشماپتۇ . مۇراتجان ھازىر ئۆيگە كەلدى . پەرىدە قىز بىلەن كۆرۈشتۇم ، شۇنداق يالۋۇردۇم ، چىرايلىق كەچۈرۈم سوراپ ، رەت قىلىپ تۇرۇۋالدى ، تەقدىر ـ پېشانىمىزگە پۈتۈلمىگەن ئوخشايدۇ ، تەقدىرگە تەن بېرەي دېدىم ، ئۆيدىكىلەرگە خەۋەر بېرىۋېتىڭ ، ئەمدى ئۇنى زورلىمىسۇن ، كۆڭلىگىمۇ ئازار بەرمىسۇن ، ئۇ ياخشى كۆرگەن يىگىتى بىلەن تويىنى قىلىپ قويسۇن ، دەيدۇ .

— ئەستاغپۇرۇللا ، — دېدى زۆھرە خانىم خىجىل بولغان ھالدا ، — بۇ شۇمغا تونۇگۈندىن بېرى شۇنداق يالۋۇرغانىدىم . تېخى ئەتىگەنمۇ بىرمۇنچە گەپ قىلسام لام ـ جىم دېمەي تۇرۇۋالغانىدى ، كاللىسىدىن ئۆتۈپ قالار دەپ ئويلاپتىمەن تېخى . بالا دېگەننى چوڭ بولغاندا گەپكە كىرگۈزمەك تەسكەن . ئەجەب سەت ئىش بولدى . مۇنداق قىلايلى بولمىسا ، مەجبۇرلاپ تويىنى

www.uyghurkitap.com

قىلىپ قويمىدۇق . تويدىن كېيىن ئىسسىقچىلىق چۈشۈپ قالا دەيمىنا .

— ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت . ھەرگىز ئۇنداق دېمە ، ئاداش ، بالىلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئويلىغىنى بار ئەمەسمۇ . پەرىدە قىزنى بالا قىلىۋالارمەن دەيدىغان ئارزۇيۇم بار ئىدى . ئەپسۇس ، خۇدايىم نېسىپ قىلمىغان ئوخشايدۇ . خۇدايىم بۇيرۇمىسا بەندىگە نېمە ئامال دەيسەن . سەنمۇ قولۇڭدىن كېلىدىغاننى قىلدىڭ . بىلىپ تۇرۇپتىمەن . مېنى دەپ ، دوستلۇقىمىزنى دەپ ئاشۇنداق قىلدىڭ . ئەمدى مەجبۇرلىمايلى . پەرىدە قىزنى ھەرگىز ئەيىبلەپ يۈرمە ، ئاداش . كۆڭۈل دېگەن زورلايدىغان نەرسە ئەمەس . نەدىن بولمىسۇن ، بالىلارنىڭ بەختى ئېچىلسا ، بىز شۇنىڭغا خۇش . خۇدادىن بالىلىرىمىزنىڭ بەختىنى ، ئىنساپىنى تىلەيلى . ۋاقتىڭ يەتسە كېلىپ ئولتۇرۇپ كېتەرسەن .

— خۇدايىم بۇيرۇسا ، — دېدى زۆھرە خانىم ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ، — سەنمۇ كەلگىن . گۇڭگۇر - مۇڭگۇر ئولتۇرۇپ تاماق ئېتىپ يەيمىز .

— ماقۇل ، شۇنداق بولسۇن ئەمىسە . خۇدايىمغا ئامانەت .

— خوش ، ئاللاغا ئامانەت .

زۆھرە خانىم تېلېفوننى قويۇۋېتىپ بىرھازا تۇرۇپ كەتتى . ھەئە ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىچى ئۈمىدسىزلىك ، ئاچچىق ھېسلارغا تولغانىدى ، قېشىدا پەرىدە بولسا تىللاپ - تىللىۋالسىمۇ دەردى چىقمايتتى .

— بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولمىغاندۇ ، خانىم ، — سورىدى قادىر ئەپەندى ئايالىنىڭ ئوسال كەيپىياتىغا قاراپ .

— ھېچ ئىش ، — دېدى زۆھرە خانىم ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ ۋە قادىر ئەپەندىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ، — شاراپەتتىن تېلېفون كەپتۇ .

— نېمە دەيدۇ ؟

— پەرىدە بىلەن مۇراتجان كۆرۈشۈپتىكەن ، پەرىدە يەنە ئۆز

گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالغان ئوخشايدۇ . ئەمدى زورلىمايلى ، باللارنى قىينىمايلى ، قىزىڭىزنىڭ رايىغا باقىڭ ، دەيدۇ .

— ھېچقىسى يوق ، كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا ، خانىم ، — دېدى قادىر ئەپەندى تەسەللى بېرىپ ، — شاراپەت خانىم توغرا دەپتۇ . پەردەنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى شۇ ئوخشايدۇ . يەنە مەجبۇرلىساق دىلىنى چىگىپ قويىمىز . ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدا ئازراق پەردىشەپ قالغىنى ياخشى . ھېلىمۇ پەردە سىلىگە يۈز كېلەلمەي جىم تۇرۇۋالغىنى بىلەن دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ . رايىغا بېقىپ ، ئۆزىنىڭ تاپقىنى بىلەن توينى قىلىپ قويايلى . ھېلىمۇ قىزلىرىمىز ئەدەپلىك ، ئەخلاقلىق بالا بولدى . خەقنىڭ قىزلىرىغا ئوخشاش بەڭباشلىق قىلىپ ، يۈزىمىزنى تۆكىدىغان ئىشلارنى قىلىپ قالسىمۇ ھېچنېمە قىلالمايتتۇق . ئىنساپىنى تىلەيلى .

زۆھرە خانىم لام ـ جىم دېمىدى .

# 37

— ھە ، دېگىنە ، كۆرۈشكەندە دەيدىغان قانداق مۇھىم گەپتى ئۇ ، — دېدى پەزىلەت قۇتلۇق بىلەن كۆرۈشۈپ .

— مۇھىم گەپ بار دېمىسەم ، مەن بىلەن كۆرۈشمەمتىڭ .

— ۋايجان ، نېمانداق ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدۇ ، ئالدىراشلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ .

پەزىلەت دومسايدى .

— ھەرقانچە ئالدىراش بولساڭمۇ ، ھازىر ئىشتىن چۈشكەنسەن ؟

— ئىشتىنغۇ چۈشتۈم ، دەرھال ئۆيگە بارمىسام ئانام بىرمۇنچە سۆزلىگىلى تۇرىدۇ شۇ .

— خەپ ، تويدىن كېيىن ئىلكىمگىمۇ ئۆتەرسەن ، شۇ چاغدا ئاناڭنىڭ قېشىغا بارغىنىڭنى كۆرەرمەن .

— ھەددىڭ ئەمەس ، — دېدى پەزىلەت قاپىقىنى تۈرۈپ .

— بولدى ، چاقچاقمۇ قىلىشتۇق . مۇنداق ئىشتى ، — دېدى قۇتلۇق رەسمىي مەقسەتكە كۆچۈپ ، — مېنى قۇتقۇزۇۋالمىساڭ بولمىدى ، پەزىلەت .

— قۇتقۇزۇۋالغۇدەك نېمە ئىش بولدى ؟ قانۇنغا خىلاپ ئىش قىلمىغانسەن ؟ — سورىدى پەزىلەت جىددىيلىشىپ .

— ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ،— دېدى قۇتلۇق ، — ھازىرلا مەن بىلەن بىللە ئانامنىڭ ئالدىغا بارمىساڭ بولمايدۇ .

— نېمىشقا ؟

— بۈگۈن ئانامنىڭ ئاچچىقى بەك يامان تۇرىدۇ . ئەتىگەندىن بېرى ، يا مەن تاپقان قىز بىلەن توي قىلىسەن ، يا بولمىسا ئۆزۈڭ تاپقان قىزنى ئالدىمغا باشلاپ كېلىسەن ، دەپ جېدەل قىلىپ كەتتى .

— ۋايجان ، — دېدى پەزىلەت جىلە بولۇپ ، —تازىمۇ بىر غەلىۋىسى يامانكەن ئاناڭنىڭ ، بىز دېيىشكەنغۇ ، پەرىدە ئاچامنىڭ تويى بولاپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بۇ ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىمىز دەپ .

— بۇنى بىلىمەن ، — دېدى قۇتلۇق ئەستايىدىللىق بىلەن ، — بىراق ئانام ئاشۇنداق دەپ تۇرۇۋالسا ماڭا نېمە ئامال . ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ئانامنىڭ ماڭا خېلى يول قويغىنى . بېرىپ ئانامغا كۆرۈنۈپ قويساڭ نېمە يامىنى بار . مېنىڭمۇ ئاتا ـ ئانامنىڭ ئالدىدا تىلىم قىسىلمايدۇ . ئۇلارمۇ خاتىرجەم بولىدۇ . مېنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن توي قىل ، بۇنىڭ بىلەن توي قىل دەپ زورلىمايدۇ . مۇشۇ كۈنلەردە بەك تەس كۈنگە قېلىۋاتىمەن . ئاتا ـ ئانامنىڭ تاپقان لايىقلىرىغا ئۇنداقكەنەي ، مۇنداقكەنەي دەپ قۇسۇر تېپىپ بولالماي قىينىلىپ كەتتىم . مېنىڭ دەردىمگىمۇ ئازراق يەتكىن .

— ئىشقىلىپ ، بۈگۈن كۆرۈشكىلى بارالمايمەن ، — دېدى پەزىلەت گەپنى چورتلا كېسىپ .

قۇتلۇقنىڭ چىرايىدا نارازىلىق ئەكس ئەتتى .

— نېمىشقا؟ — سورىدى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ ، — دېگىنە ، نېمىشقا بۈگۈن بارالمىغۇدەكسەن؟

— مۈشۈ تۈرقۈم بىلەن بارامدىم ، — دېدى پەزىلەت ئۆچىسىدىكى كىيىملەرنى ئىشارە قىلىپ ، — ئۇنداق خىيالى بار ئادەم بۈرۈنراق دەپ قويساڭ ، تۈزۈكرەك كىيىنىۋالامدىم .

— بۇ كىيىملىرىڭمۇ بولىدىكەنغۇ ، — دېدى قۇتلۇق قىزنىڭ بېشىدىن ـ ئايىغىچە قارىۋېتىپ ، — ئۆيگە بېرىپ كىيىم ئالماشتۇرىمەن دېسەڭ ، ئاناڭ سىرتقا چىقارماسلىقى مۇمكىن . جۇر ، بولمىسا بىرقۇر كىيىم ئالايلى .

— بولدىلا ، ئالدىراپ ئالغان كىيىم ئادەمنىڭ دىتىغا ياقامتىكى .

— ئەمىسە ، مۇشۇنداق بېرىۋەرگىن .

پەزىلەت تەڭقىسلىقتا قالغان هالدا جاۋاب بەردى .

— راست گەپنى قىلسام ، خىجىل بولىدىكەنمەن . سەنمۇ گېپىم بار دەپ دەۋېرىدىكەنسەن . يالغۇز قانداق بارالايمەن . بۈرۈنراق دېگەن بولساڭ ، دوستلىرىمدىن بىرەرىنى بىللە ئېلىۋالامتىم .

— ئالە شەرىڭنى ، — دېدى قۇتلۇق چاقچاق قىلىپ ، — ئانامنىڭ ئالدىغا سېنى دوستلىرىڭ بىلەن باشلاپ بارسامزە ، ئانام ئوغلۇم مەن ئالدىغان خوتۇن مانا دەپ بىر پادا قىزنى باشلاپ كەپتۇ دەپ هوشىدىن كەتمىسۇن يەنە .

— ئىشىڭنى قىلە ، ساراڭ ، — دېدى پەزىلەت قاپىقىنى تۈرۈپ ، — نېمە چۈشىنى قېرىشتۇرىدۇ ، بىر پادا قىز بالا دەپ كېتىشلىرىنى . چۈشۈپ قالغان قىز بالا يوق ، قوي پادىسىدەك هەيدەپ يۈرىدىغان ، تولا ئاچچىقىمنى كەلتۈرمە جۇمۇ .

— چاقچاق قىلدىم ، ئاچچىقى يامان مەلىكەم . مەن گۇناهكار . قۇللىرىنىڭ گۇناهىدىن ئۆتسىلە .

پەزىلەت پىسسىڭىدە كۈلۈۋەتتى .

قۇتلۇق يەنە يالۋۇرۇشقا باشلىدى .

— ماقۇل دېگىن . ئانامغا ۋەدە بېرىپ قويۇپتىمەن . شۇ تاپتا يولۇڭغا قاراپ تۇرىدۇ . ئەسلىدە تېلېفوندا دەي دېگەن، سېنى كەلمەي قويامدىكىن دەپ ئەنسىرىدىم . سېنى باشلاپ بارمايدىغان بولسام ، ئانامنىڭ ئالدىدا تىلىم تۇتۇلىدۇ . ئەڭ ياخشىسى ، مېنى ئۇنداق ئوسال قىلمىغىن . نېمىدىن خىجىل بولىسەن . بەرىبىر كېلىن بولۇپ بارىسەنغۇ . غەيرەتلىكرەك بول . ئۇمۇ ئوخشاشلا ئانا ، بۆرە ئەمەس ، سېنى هاپ قىلىپ يەۋەتمەيدۇ .

پەزىلەت ۋىلىقلاپ كۈلۈۋەتتى .

— ۋاي بىچارە ، ئىلگىرىكى مەغرۇرلۇقۇڭ نەگە كەتتى ، — دېدى پەزىلەت كۈلكىسىنى باسالماي ، — لېكىن بەك كەچ قالسام ئانامدىن تىل ئىشىتىمەن شۇ .

— مەن ئۇچۇن بىرەر قېتىم تىل ئىشىتسەڭ ھېچنېمە بولماس .

— بىرەر قېتىم؟ ئىلگىرىمۇ بىردەم ئولتۇرايلى ، ئىككى ئېغىز مۇڭدىشىۋالايلى دەپ كەچ قويۇپ ، تىلغا قويغىنىڭ ئېسىڭدە يوقكەن ـ دە .

— خۇش بولۇپ كېتەي ، جېنىم پەزىلەت . ئومىقىم ، تاتلىقىم ، گۈلۈم ، — دېدى يىگىت بىچارىلىك بىلەن يېلىنىپ .

— سەتلەشمىگىنە ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرۈپ ، — دېدى پەزىلەت نارازى بولۇپ ، — يىگىتتەك گەپ قىلە .

قۇتلۇق بىرنەچچە دەقىقە ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن قىزغا قوپاللىق بىلەن ۋارقىرىدى :

— تولا كوتۇلدىماي ماڭە بۇياققا ، ھېلى باكا تۇمشۇقۇڭنى ئېزىۋېتىمەن !

پەزىلەت داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى . يىگىتنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ نەزەر تاشلىدى . قۇتلۇق تېخىچىلا قاپىقىنى تۈرۈپ تۇراتتى . ئۇ قىزغا يەنە ۋارقىرىدى :

— ماڭامسەن ـ ماڭمامسەن؟

يىگىتنىڭ قوپاللىقى قىزنىڭ يۈرىكىگە پىچاق بولۇپ

سانجىلدى .

— نېمە سەت ۋارقىرايسەن ؟ — دېدى ئۇ يىغلىغۇدەك بولۇپ . قىزنىڭ بىچارە تۇرقىغا قاراپ يىگىت پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى .

— قانداق ، ئەمدىغۇ يىگىتتەك گەپ قىلغاندىمەن ؟

پەزىلەت يىگىتنىڭ چاقچاق قىلغانلىقىنى بىلىپ كۆڭلى قايتىدىن جايىغا چۈشتى .

— سارالڭ ، تەلۋە ، — دېدى ئۇ يىگىتكە باتناپ ، — چاقچاق قىلدىم دەپ مۇشۇنداقمۇ سەت ۋارقىرامسەن . قورقۇپ جېنىم چىقاي دېدىغۇ .

— چىرايلىق گەپ قىلسام ، يىگىتتەك گەپ قىلمىدىڭ دەيسەن . ئۆزۈڭ تەلەپ قىلدىڭ ، مەن تەلىپىڭنى قاندۇردۇم ، شۇ . قانداق ، ئاچچىقىم خېلى بارمىكەن .

پەزىلەت پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى .

قۇتلۇقمۇ قىزغا ئەگىشىپ كۈلدى .

— خۇدايىم ساقلىسۇن ، ئاچچىقىڭ كېلىپ قېلىشتىن . يىرتقۇچنىڭ ئۆزىلا بولىدىكەنسەنغۇ ؟

— ھەرھالدا قانچىلىك ئاچچىقىم بارلىقىنى بىلىپ قالغىنىڭ ياخشى بولدى ، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى تېرىكتۈرمەسسەن .

— سەندىن قورقۇپ قېلىۋاتىمەن ، قۇتلۇق . ھېلىتىن چاقچاق قىلدىم دەپ بۇنداق قىلىسەن . تويدىن كېيىن ئىش بار ئوخشايدۇ . ئۇرۇپ - دۇمبالاپمۇ قويارسەنمۇ ؟

— نەدىكى گەپنى قىلمىغىنا ، — دېدى قۇتلۇق رەسمىي تېرىكىپ ، — خۇدايىم ساقلىسۇن . سېنى ھەرگىز ئۇرمايمەن . سېنى ئۇرۇشقا قانداق قولۇم بارىدۇ مېنىڭ . خوتۇننى ئۇرىدىغان ئەرگە جاھاندا مەندەك ئۆچ ئادەم يوق . كىچىك ۋاقتىمىزدا مەھەللىمىزدە بىر بەڭگى بولىدىغان ، داۋاملىق خوتۇننى ئۇراتتى . بىچارە ئايالغا بەك ئىچىم ئاغرىيتتى . شۇ ۋاقىتلاردا چوڭ بولۇپ ئۆيلەنسەم خوتۇنۇمنى ھەرگىز ئۇرمايمەن دەپ قەسەم ئىچكەنمەن . بابا ساڭا چاقچاق قىلدىم دەپ ۋارقىرىغىنىم بىلەن يۈرىكىم شۇنداق

ئاغرىپ كەتتى . سىنى بىر ئۆمۈر چىكەمگە گۈل قىلىپ قىسىمەن . يۇمران ئەتىرگۈل بەرگىلىرىنى ئاسرىغاندەك ئاسرايمەن ، پەزىلەت . خۇدايىم بىزگە ئۇنداق كۈنلەرنى ھەرگىز بۇيرۇمىسۇن .

قىز تەسىرلەندى ، ۋۇجۇدى چايغا سالغان قەنتتەك شۈررىدە ئېرىپ كەتتى .

— قانداق ، ماڭامدۇق خېنىم . يوللىرىغا قاراپ قىينانلىرىنىڭ بويىنغا قوقاق تۇرۇپ قالمىسۇن يەنە .

— ئازراق سودىلىق قىلىۋالاي . ئىككى قولۇمنى بۇرنۇمغا تىقىپ بارسام بولماس .

پەزىلەت ھەر خىل يەل - يېمىشلەردىن ئالدى . سودىلىقىم ئاز بولۇپ قالدى دەپ ، تورتخانىغا كىرىپ ھەر خىل پىرەنىكلەردىن ئېلىپ چىرايلىق ئوراتتى .

— تاكسى بىلەن بارايلى ، — دېدى يىگىت تاكسى توسۇپ .

— تىجارەت ئەھۋالىڭ قانداقراق ، — دېدى قىز تاكسىغا جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن .

— ھەرھالدا يامان ئەمەس ، — دېدى قۇتلۇق ، — دۇكاندىكى ئۇستا قىزلار چاچ ياساش ، پەرداز قىلىش ئىشلىرى بىلەن خېلىلا ئالدىراش . پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ سودىسىمۇ خېلىلا ياخشى . مەنمۇ ھەپتىدە ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم ھۆسن تۈزەش ئوپېراتسىيىسى قىلىۋاتىمەن . خېرىدارلىرىم كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ ، ھەممىسى ئانام دېمەتلىك ئاياللار . ئۇلار قورۇق يوقىتىش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇۋاتىدۇ . قايسى كۈنى بىر قىزنىڭ بۇرنىنى ئوپېراتسىيە قىلدىم .

— بۇرنى نېمە بوپتىكەن ، ئۇ قىزنىڭ ؟

— پاناقكەن ، — دېدى يىگىت ، — ئوپېراتسىيىدىن كېيىن قاڭشىرى شۇنداق چىرايلىق بولۇپ كەتتى .

— قاش ، كۆز ، لەۋ چىكىدىغان ، قوش قاپاق قىلىدىغان ئىشلارنىمۇ سەن قىلامسەن ؟

— ياق ، بۇنداق ئۇششاق ئىشلارنى شاگىرتلىرىم قىلالايدۇ .



www.uyghurkitap.com

ئەپسۇس ، سىنىڭ چىرايىڭدا ئازراقمۇ نۇقسان يوق ، بولمىسا ، ئۆز قولۇم بىلەن تۇزەپ قوياتتىم . ھېچبولمىغاندا قېرىغان ۋاقتىڭدا قورۇقلىرىڭنى ئوڭشاپ قويارمەن ، — دېدى يىگىت چاقچاق قىلىپ .

پەردە يىگىتكە «ئانامنى قورۇق يوقىتىش ئوپېراتسىيىسى قىلىپ قويغىن» دېيىشكە تەمشىلىپ يەنە گېپىنى يۇتۇۋەتتى .

— يېقىندا تاقىر باشلارغا تۈك خالتىلىرىنى يۆتكەش ئارقىلىق چاچ چىقىرىش تېخنىكىسى چىقىپتۇ . مۇۋاپىق پۇرسەت چىقىرىپ ئۆگىنىپ كېلەيمىكىن دەيمەن . ھازىر ياشلارنىڭ ئارىسىدا تاقىر باشلار كۆپىيىپ كەتتى . ناۋادا ، بۇ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا ، نۇرغۇن يىگىتلەر تاقىر باشلىقنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ كېتەتتى .

پەزىلەت يىگىتنىڭ ئۆز كەسپىگە بولغان قىزغىنلىقىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى .

تاكسى كونىشەھەرنىڭ ئەگرى - بۈگرى كوچىلىرىغا جايلاشقان ھەشەمەتلىك قورۇنىڭ ئالدىدا توختىدى .

— ئېسىڭدە بولسۇن ، مەن ئۇزاق ئولتۇرالمايمەن ، — دېدى پەزىلەت تاكسىدىن چۈشكەندىن كېيىن يىگىتكە جېكىلەپ ، — ئۆيگە بۇرۇنراق قايتمىسام بولمايدۇ .

— بولىدۇ ، ۋاقتى كەلگەندە سىنى ئانامنىڭ چاڭگىلىدىن ئۆزۈم قۇتۇلدۇرۇپ چىقىمەن .

— ۋايجان ، پۇت - قولۇم تىترەۋاتىدۇ ، — دېدى پەزىلەت .

— ئۆزۈڭنى ئازادە تۇت ، — دېدى يىگىت قىزغا مەدەت بېرىپ ، ئاندىن يېپىقلىق تۇرغان يوغان نەقىشلىك دەرۋازىنى ئاچتى .

قورۇ ھەم چوڭ ، ھەم ھەشەمەتلىك ئىدى . كەڭرى ھويلىغا خىلمۇخىل گۈللەر تىزىلغان بولۇپ ، پىششىق خىشتا چىرايلىق كۇنگۈرە چىقىرىپ دائىرىگە ئېلىنغانىدى . ئالدى كۇنگەيگە قارىتىپ سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك ئۆي ، ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ

www.uyghurkitap.com

بارلىق ئۆلگىلىرىنى مۆجەسسەملەشتۈرگەن بولۇپ، گۈزەل سەنئەت بۇيۇمىدەك كۆزنى قاماشتۇراتتى. نەقىشلىك چاسا خىش ياتقۇزۇلغان هويلا پاكىزلىقىدىن ۋاللىداپ تۇراتتى. پەزىلەت تارتىنىش، قورۇنۇش ئىلكىدە قورۇ ئىچىگە تېزلا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. هەئە، ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سىلىقلاتاتتى.

— ئانا، ئۆيگە مېهمان كەلدى، — دەپ توۋلىدى قۇتلۇق هايال ئۆتمەي ئىككىنچى قەۋەتتىكى بىر ئۆيدىن ئوتتۇرا هال سەمرىگەن، ئوتتۇرا بوي، پۈزۈر كىيىنگەن بىر ئايال چىقىپ كەلدى ـ دە، قۇتلۇق بىلەن پەزىلەتنى كۆرۈپ چىرايىغا ۋىللىدە كۈلكە يۈگۈرتتى.

— ۋاي كەلدىلىمۇ، غوجام بالام. خەۋەرسىز قاپتىمەن. مانا هازىرلا پەسكە چۈشىمەن.

— بولدى، سىلى چۈشمىسىلە، ئانا. بىز ئۈستىگە چىقايلى، — دېدى قۇتلۇق.

— ياق، چۈشمىسەم قانداق بولىدۇ، ئۆيگە ئەزىز مېهمان كەلگەن تۇرسا.

ئۇلار ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىدىغان پەلەمپەيدە ئۇچراشتى.

— هارمىسىلا، تاتلىق قىزىم، — دېدى قۇتلۇقنىڭ ئانىسى ئايىسىما خېنىم پەزىلەتنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ.

ئۇلار مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ تۇرۇپ كۆرۈشتى. ئايىسىما خېنىم پەزىلەتكە پۈرسەت بەرمەي: «ئانىلىرى تىنچلىق تۇردىمۇ، دادىلىرى تىنچلىقمۇ، ئاچىلىرىمۇ ئامانمۇ، سىڭىللىرى سالامەتمۇ، ئىنىلىرى ياخشى تۇردىمۇ؟» دەپ تەپسىلىي ئەهۋال سوراپ چىقتى. پەزىلەت بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بەردى. ئەمدى نۆۋەت ئۇنىڭغا كەلگەنىدى. شۇ تاپتا ئۇ بۇ كەلگۈسىدىكى قېيىنانىسىدىن ئەهۋال سورىمىسا، قېيىناتىسىنىڭ ئەهۋالىنى سورىمىسا ئەدەپسىزلىك بولاتتى. ئەمما، ئۇ بۇنداق ئىنچىكە قائىدىلەرگە ئانچە كۆنۈك ئەمەس ئىدى، شۇنداقتىمۇ تەمتىرىگەن هالدا ئېغىز ئاچتى.

— ئۆزلىرىمۇ ئامان ـ ئېسەن تۇردىلىمۇ، ئاچا، ئاكام

تىنچلىق تۇردىمۇ ؟

ئايسىما خېنىم پەزىلەتكە نارازىلىق بىلەن تىكىلدى .

— نېمە دېدىڭ ، قىزىم ، قايسى ئاكا - ئاچىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سوراۋاتىدىلا ، قايتا بىر دېسىلە ، ئېنىق ئاڭلىيالمىدىم .

پەزىلەت تېخىمۇ بەك تەمتىرىدى . شۇنداقتىمۇ كەلگۈسىدىكى بۇ قېيىنانىسىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى دەرھال چۈشەندى . ئۇ بولغۇسى قېينانا ، قېيناتىسىنى «ئانا ، دادا» دەپ ئاتىماي «ئاكا ، ئاچا» دەپ ئاتىغانىدى . ئايسىما خېنىمنىڭ نارازىلىقى شۇنىڭدىن ئىدى . پەزىلەت بويۇنلىرىغىچە قىزارغان هالدا گېپىنى تۈزەتتى .

— ئامان - ئېسەن تۇردىلىمۇ ئانا ، دادام تىنچلىقمۇ ؟

ئايسىما خېنىمنىڭ ئاقپىشماق چىرايىغا ۋىللىدە كۈلكە يۈگۈردى .

— هە ، ماۋۇ گەپلىرى بولدى ، قىزىم . خۇداغا شۈكۈر ، سالامەت تۇردۇم ، هاجىم دادىلىرىمۇ تىنچلىق .

ئايسىما خېنىم «هاجىم دادىلىرى» دېگەن سۆزنى ئالاهىدە تەلەپپۇز قىلدى .

پەزىلەت ئەمدى ئۆزىنى بىرئاز تۇتۇۋالغانىدى . شۇڭا يەنە بىر قەدەم ئالدىغا ئىلگىرىلىدى .

— هاجىم دادام دۇكاندا ئوخشىمامدۇ ، ئانا ؟

ئايسىما خېنىمنىڭ چىرايى ئەمدى ئاپتاپتەك ئېچىلدى .

— هاجىم دادىلىرى دۇكاندا ، قىزىم ، ئايلىناي ، ئۆزىمۇ ، سۆزىمۇ تاتلىق قىزكىنە بۇ .

ئايسىما خېنىم هاياجانلانغان هالدا پەزىلەتنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى .

— قېنى ، يۇقىرىغا چىقسىلا ، قىزىم .

پەزىلەت بىرىنچى پايىگە پۇتىنى ئېلىپ بولۇپ دەرهال يەنە توختىۋالدى .

— ئاۋۋال سىلى ماڭسىلا ، ئانا .

— ئۇنداق قىلسام قانداق بولىدۇ ، قىزىم . سىلى دېگەن

مېھمان ، سىلى ئاۋۋال ماڭسىلا .

— سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا ماڭسام ئەدەپسىزلىك بولىدۇ، سىلى ئاۋۋال ماڭسىلا .

ئايسىما خېنىم پەزىلەتتىن ئەمدى تولۇق رازى بولغانىدى .

— ئۇنداق بولسا ، بىللە ماڭايلى ، قىزىم . قېنى ، كەلسىلە .

پەزىلەت ئايسىما خېنىمنىڭ قولتۇقىدىن ئاۋايلاپ يۆلىۋالدى . قۇتلۇق ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى .

«ئەجەبمۇ بىر قائىدە - يوسۇنلۇق قىزكەن . ئۆزىمۇ ئاجايىپ چىرايلىقكەن . ئاتا - ئانىسى قانداقراق ئادەملەردۇ . شۇڭا ئوغلۇم مەن تاپقان لايىقلارنى ياراتماپتىكەن - دە . بولاپتۇ ، كېلىن قىلسام قىلىۋالاي . ئوغلۇم بىلەن ھېلىمۇ ئاز جان قىيناشمىدىم ...» دەپ ئويلىدى ئايسىما خېنىم .

«ۋايجان ، تازىمۇ بىر قائىدە - يوسۇن زىغىرلايدىغان ئايالكىنە بۇ . بىر ئېغىز گەپتىن ، بىرقەدەم يولدىن مىرتاق كېتىدىغان بولسام كۆرگۈلۈكۈم بار ئوخشايدۇ . ئېھتىيات قىلاي . گەپ - سۆز ، يۈرۈش - تۇرۇشقا دىققەت قىلاي ...» دەپ ئويلىدى پەزىلەت .

ئۇلار مېھمانخانىغا كىرىشتىمۇ بىرھازا ھۆسلە قىلىشتى . پەزىلەت خېلى جاھىللىق قىلغان بولسىمۇ ، بۇ قېتىم ئايسىما خېنىم يول قويمىدى ، ئىتتىرىپ دېگۈدەك ئۆيگە باشلىدى . پەزىلەت ئوتقاشتەك گىلەمنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان ساپاغا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن پاتىھە قىلىپ ئايسىما خېنىمدىن قايتا ئامانلىق سورىدى ، «ھاجىم دادىسى»نىڭ ئەھۋالىنى سوراشنىمۇ ئۇنتۇمىدى . ئايسىما خېنىممۇ پەزىلەتنىڭ ئاتا - ئانا ، ئىنى - سىڭىللىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىر - بىرلەپ سوراپ بولغاندىن كېيىن ، ئاندىن پەزىلەتكە ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەردى .

ئۆي قەدىمىي ھەم زامانىۋى ئۇسلۇبتا ھەشەمەتلىك بېزەلگەنىدى . ھاۋا تەڭشىگۈچنى بۇرۇنلا ئېچىۋەتكەن بولسا كېرەك ، ئۆي ئىچى تولىمۇ سالقىن ئىدى . يوغان شىرەگە ھەر خىل نازۇنېمەتلەر لىق تىزىلغانىدى . ئايسىما خېنىم پەزىلەت ئۈچۈن



www.uyghurkitap.com

ئالاھىدە تەييارلىق قىلغاندەك قىلاتتى .

— لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ قوبۇل قىلسىلا ، شۇنداقلا كېلىپ قالدىم ، — دېدى پەرىلەت ، ئالغاچ كەلگەن سوۋغاتلىرىنى تېلېۋىزور قويۇلغان ئىشكاپنىڭ ئۈستىگە قويۇپ .

— ھەشقالالا ، شۇنداقلا كەلسىلە بولماسمىدى ، قىزىم . بەك كايىپلا ، — دېدى ئايسىما خېنىم ۋە ئىشىك تۈۋىدىكى ئاپتۇۋا بىلەن چىلاپچىنى قولىغا ئېلىپ پەرىلەتنىڭ ئالدىغا كەلدى ، — قول چايقىسىلا ، قىزىم .

پەرىلەت ئورنىدىن تۇرۇپ ئايسىما خېنىمنىڭ قولىدىكى ئاپتۇۋا ـ چىلاپچىغا ئېسىلدى .

— مېنى خىجىل قىلمىسىلا ، ئانا . ئولتۇرسىلا ، مەن سىلىنىڭ قوللىرىغا سۇ بېرەي .

— ياق ، قىزىم ، مەن سىلىنىڭ قوللىرىغا سۇ بېرەي ، ئۆي ئىگىسى ھەرقانچە پادىشاھ بولۇپ كەتسىمۇ مېھماننىڭ قولىغا سۇ ئالىدىغان قائىدە بار . قائىدە ـ يوسۇننى بۇزساق بولمايدۇ .

— ئۇنداق دېسىلە ، مەن قول چايقىيالمىغۇدەكمەن . ئەكەلسىلە ، ئەمىسە ئۆزۈم يۇياي .

— ھېلىمۇ قوللىرىنى ئۆزلىرى چايقايلا ، سۇنى مەن قۇيۇپ بېرىمەن ، — دېدى ئايسىما خېنىم قەتئىيلىك بىلەن .

ھەر ئىككىلىسى بىر ـ بىرىگە يول قويماي تالاشتى . بىر چەتتە تاماشا كۆرۈپ تۇرغان قۇتلۇق پىخىلداپ كۈلگىنىچە ئېغىز ئاچتى .

— پەرىلەتنى خىجىل قىلمىسىلا ، ئانا . ئەكەلسىلە ، سىلىنىڭ ئورنىلىرىدا مەن سۇ بېرەي .

— توۋا دېسىلە ، غوجام بالام ، — دېدى ئايسىما خېنىم ئىچىگە بىرنى تارتىۋېتىپ ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرگەن ھالدا ، — ئەر كىشى مەزلۇم كىشىنىڭ قولىغا سۇ بېرىدىغان نەنىڭ قائىدىسىكەن ئۇ . ئاغزىمغا كەلدى دەپ دەۋېرىدىكەنلا . ئەر كىشى ئايال كىشىنىڭ قولىغا سۇ بەرسە ، قاتتىق يامان بولىدۇ جۇما . بىلىپ قويسىلا .

ئانىسىنىڭ خۇيىنى ئوبدان بىلىدىغان قۇتلۇق گەپ قىلالمايلا

قالدى .

— ھە ، قوللىرىنى ئۇزاتسىلا ، قىزىم ، — دېدى ئايىسىما خېنىم بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا سۆزلەپ ، — ھەرگىز خىجىل بولمىسىلا ، مەن رازى . بۈگۈن مەن سىلىگە خىزمەت قىلىۋالاي . ئۆيگە رەسمىي كېلىن بولۇپ كىرگەندىن كېيىن بۇنداق پۇرسەت سىلىگە جىق چىقىدۇ . ھە ، ئەكەلسىلە قوللىرىنى .

پەزىلەت تارتىنغان ھالدا قولىنى تەڭلىدى ۋە ئايىسىما خېنىمنىڭ تولىمۇ ئاۋايلاپ ئاز - ئازدىن قۇيۇپ بەرگەن سۈيىدە بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنى ئۈچ قېتىم چايقىدى .

— رازى بولسىلا ، ئانا . بىئەدەپلىك بولدى ، — دېدى پەزىلەت ئايىسىما خېنىم تۇتقان لۆڭگىدە قولىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ .

— مەن رازى ، مىڭ مىراتە رازى ، قىزىم ، — ئايىسىما خېنىم شۇنداق دېگىنىچە ئاپتۇۋا - چىلاپچىنى ئېلىپ قۇتلۇقنىڭ ئالدىغا كەلدى ، — سىلىمۇ قوللىرىنى چايقىۋالسىلا ، غوجام بالام .

— رەھمەت ، ئۆزۈم يۇياي ، ئانا ، — دېدى قۇتلۇق تۇزۇت قىلىپ .

— تۇزۇت قىلمىسىلا ، سىلىمۇ بۈگۈن ماڭا مېھمان .

قۇتلۇق ئارتۇقچە تالىشىپ ئولتۇرماي قولىنى چايقىدى .

پەزىلەت ئايىسىما خېنىمنىڭ ئالدىدا قۇتلۇققا تىك قاراشقا خىجىل بولۇپ لۆڭگىنى ئۇزاتتى .

— چاي ئالسىلا ، قىزىم ، — دېدى ئايىسىما خېنىم پەتنۇسقا قويغان ئىككى پىيالە چاينى پەزىلەتكە تەڭلەپ .

پەزىلەت دەس ئورنىدىن تۇرۇپ «رەھمەت» دېگىنىچە بىر پىيالە چاينى قوش قوللاپ ئالدى . ئايىسىما خېنىم يەنە بىر پىيالە چاينى قۇتلۇققا تەڭلىدى .

— تارتىنماي داستىخانغا باقسىلا ، خېنىم قىزىم . مەن قازان بېشىغا چىقاي .

— تاماق ئېتىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسىلا ، ئانا ، — دېدى پەزىلەت .

— سىلى ئۇچۇن ئاۋارە بولسام ئەرزىيدۇ ، قىزىم . قېنى داستىخانغا باقسىلا ، — ئايسىما خېنىم شۇنداق دېگىنىچە سىرتقا ماڭدى .

«ئۇھ» دېدى پەزىلەت چوڭقۇر بىر نەپەس ئالغىنىچە قولى بىلەن كۆكرىكىنى بېسىپ تۇرۇپ . قۇتلۇق خىرىلداپ كۈلدى .

— تولا كۈلمىگىنە ، — دېدى پەزىلەت پىچىرلاپ تۇرۇپ ، — مۇشۇككە ئويۇن ، چاشقانغا قىيىن دەپ ، ساڭا تاماشا بولۇپ بەردىمۇ دەيمەن .

— راست دەيسەن . سەن دېگەن بۇگۈن مېنىڭ قاپقىنىمغا چۈشكەن چاشقان . ئەركىن ـ ئازادە ئولتۇر ، ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتتىغۇ مانا . ئانام بولامدىكەن ؟

— بولىدىكەن ، بەكمۇ ئېسىل ئايالكەن ، — دېدى پەزىلەت كۈلۈپ ، — ۋايجان ، مەن ئاناڭنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى خۇددى ئوتتۇرا ئەسىرگە قايتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدىكەنمەن . نېمانچە جىق ھۆسىلە بۇ .

— هازىر نېمە دېدىڭ ؟ ئاناڭنىڭ ئالدىدا دەۋاتسىنا ؟ ئانامنىڭ ئالدىدا دېمەمسەن مۇنداق . باياتىن بېرى ۋاي ئانا دېگەن گەپ ئاغزىڭدىن چۈشمەيۋاتاتتى . بىردەمدىلا ئۇنتۇپ كېتىپسىنا ؟ — دېدى قۇتلۇق پەزىلەت بىلەن چېقىشىپ .

— خوش بولاي ، سەن بولساڭمۇ بىــــردەم يۈرەكئىـالدى قىلمىغىنا مېنى ، يىغلايمەن باكا .

— ماقۇل ، ماقۇل . ئاران تۇرىدۇ ئۇششۇقلۇق قىلغىلى .ھە ، ئالغاچ ئولتۇرمامسەن .

ئايسىما خېنىم بىر لېگەن گۆش كۆتۈرۈپ كىردى . گۆش ئۇزاق قاينىغانلىقى ئۇچۇن بەك يۇمشاق پىشىپ كەتكەن بولۇپ تىترەپ تۇراتتى . ئۇ پەزىلەتنى گۆشكە بېقىشقا دەۋەت قىلىپ قويۇپ يەنە سىرتقا چىقىپ كەتتى . پەزىلەت قۇتلۇقنىڭ زورلىشى بىلەن بىر پارچە گۆش يېگەن بولدى . ئۇلار ئەمدىلا ئىككى ئېغىــز مۇڭدىشىپ تۇرۇشىغا ، ئايسىما خېنىم پەتنۇستا ئىككى چىـــنە

چۆچۇرە كۆتۇرۇپ كىردى .

— بەك كايىپ كېتىپتىلا ، ئانا ، — دېدى پەزىلەت ئورنىدىن تۇرۇپ .

— كايىمىدىم ، قىزىم . ئالسىلا ، بىر پىيالىدىن ئۇسۇپ كىردىم مانا .

شورپىسىغا پىنە ، قارىمۇچ سېلىنغان چۆچۇرە بەكمۇ ئوخشىغانىدى . پەرىدە ئايسىما خېنىمنىڭ زورلىشى بىلەن ئارا چىنىگە يېرىمىدىن جىقراق ئۇسۇلغان چۆچۇرىنى قويماي ئىچىۋەتتى .

— ھازىرقى ياشلار تاماققا بەك سۇلەي كېلىدىكەنسىلە ، — دېدى ئايسىما خېنىم پەزىلەتنىڭ تاماق يېيىشىنى ياراتماي ، — قارىسىلا ، ئەپتىلىرىگە . بەدەنلىرىدە قىرىۋالغۇدەك ئەتمۇ يوقكەن . سەمرىپ كېتىشتىن قورقۇپ تۈزۈك تاماق يېمەيۋاتىلىغۇ دەيمەن . تامىقىم ئوخشىماپتۇمۇيا ؟

— بەك ئوخشاپتۇ ؟ — دېدى پەزىلەت .

پەزىلەت ئايسىما خېنىمنىڭ چىرايىغا ئاستىرتىن نەزەر تاشلىدى . ئەللىك ياشتىن ئاشقان بۇ ئايالنىڭ يۈزىنىڭ تېرىسى قىزلارنىڭكىدەك پارقىراپلا تۇراتتى ، بىر تال قورۇق دەيدىغان نەرسە يوق ئىدى ، ئاز دېگەندە ئون ياش كىچىك كۆرۈنەتتى . قۇلاق ، بويۇن ، بىلەكلىرىدە ئالتۇن جابدۇقلار يالىلدايتتى . قۇيغان ھېسپتەك دىقماق بارماقلىرىدا قوشلاپ ئالتۇن ئۈزۈك بار ئىدى .

«قۇتلۇق ئانىسىنىمۇ ھۆسن تۈزەش ئوپېراتسىيىسى قىلىپ قويغان ئوخشايدۇ . پاھ ، ئېسىۋالغان ئالتۇنلىرى بىر كىلودىن ئارتۇق كېلەمدۇ نېمە . كىيىملىرىمۇ بەكلا ئېسىلكەن . ئانام ئايدا ئىككى مىڭ كويغا يېقىن مائاش ئالىدۇ ، لېكىن بۇنچىلىك زىبۇزىننەتلىرى يوق . ئانامغا بىرەر قۇر ئېسىلرەك كىيىم ، يەنە ئىككى تال ئۈزۈك ئېلىپ بەرمىسەك ، بۇ ئايالنىڭ ئالدىدا خېلىلا چېنىپ قالغۇدەك . ھە راست ، پەخرىئاي بىلەن پەرىدەگە دەي ، ئانامنى قۇتلۇقنىڭ ھۆسن تۈزەش ئورنىغا چاندۇرماي ئەكېلىپ ھۆسن تۈزىتىپ قويسۇن . ئانام ، قۇتلۇقنى ھە دېسە ساتىراش دەپ

ياراتمايۋاتاتتى . بۇ ئۆيگە مېھمان بولۇپ كېلىپ قالسا ھاڭ ـ تاڭ قالغۇدەك . بۇ كونىشەھەردە بايلار بەكلا باي ، نامراتلار نېمانچە نامراتتۇ ... »

— مېنىڭ مۇشۇ بىر تاللا ئوغلۇم بار ، — دېدى ئايسىما خېنىم پەزىلەتنىڭ باش ـ ئاخىرى يوق خىيالىنى بۆلۈپ ، — ئىككى قىزىم ئەرنىڭ ئۆيىـــدە . ئۇلارنـــى تۇزۇك ئوقۇتمايلا ئەرگە بېرىۋەتكەن . ماۋۇ غوجام بالامنـى رايىـــغا بېرىپ ئوقۇتتۇق . ئىچكىرىدىكى قايسىبىر دوختۇرلۇق مەكتىپىدە ئوقۇيدىغان بولدۇم دېگەنتى ، ئوغلىمىز دوختۇر بولىدىغان بولدى دەپ خۇش بولساق ، نەدىكى بىر ھۇنەرنى ئۆگىنىپ كەپتۇ . دادىسى خاپا بولۇپ سودامغا قاراشسۇن دېگەنتى ، نەزەمبۇللا ئۇنىمىدى . بىـــر ئوغۇل دەپ ئەتىۋارلاپ ، كۆزىگە قاراپ چوڭ قىپتىكەنمىز ، ئاخىرى گەپكە كىرگۈزەلمىدۇق . مەنمۇ خېلى كەمگىچە ، ساتىراشلىق قىلىدىغان ئوخشايدۇ دەپ دۇكىنىغا پەقەتلا پۇتۇمنى ئالمىغان . ۋاي ئانا ، چىرايىڭىزنى تۈزەپ قوياي ، قىز بالىدەك بولۇپ كېتىسىز دەپ ئالداپ يۈرۈپ ، چىرايىمنى مۇشۇنداق قىلىپ قويدى مانا ، — ئايسىما خېنىم رازىمەنلىك بىلەن قۇتلۇققا قاراپ قويدى ، — راستتىنلا كارامەت بىر ھۈنەرنى ئۆگىنىپ كەپتۇ ئەمەسمۇ بۇ بالا . ئۇ چاغدا ھاجىم دادىلىرى مال يۆتكىگىلى ئىچكىرىگە كەتكەنتى ، قايتىپ كېلىپ چىرايىمنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى . دەسلەپتە تونۇيالماي قالغان چېغى ، ئاخىر بۇ مۆجىزىنى كۆرۈپ ئۇ ئادەممۇ قايىل بولدى . تىجارىتى بىلەن ، تاپاۋىتى دادىسىدىن ياخشـى . ئۆيلەپ قويايلى دەپ خېلى يول ماڭدۇق . بىـــزنىـــڭ تاپقان لايىقلىرىمىزنى ياراتمىدى . ئۇنى بىرنېمە دەيدۇ ، بۇنى بىرنېمە دەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئاخىر ئۆزۈڭ تاپقاننـــى بۈگۈن ئالدىمغا ئەكەلمەيدىغان بولساڭ ، چوقۇم مەن تاپقانغا ئۆيلىنىسەن دەپ بىر تەتۈرلۈك قىلسام ، مانا سىلىنى باشلاپ كەلدى ، قىزىم . راستتىنلا غوجام بالامنىڭ كۆيگۈچىلىكى باركەنلا . مەن قىلامەن ئوتتۇز ، خۇدايىم قىلا توققۇز ، دەپتىكەن . ئۆزۈڭلار خالىـــغاندىكـــن

www.uyghurkitap.com

تويۇڭلارنى قىلىۋېتەيلى . شۇنچە كەڭ قورۇدا يالغۇز ئولتۇرۇپ زېرىكىپ كەتتىم . ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى گۇڭگۇك ـ مۇڭگۇك مۇڭدىشارمىز . سىلىنىڭ ئۆيگە قاچانلىققا ئەلچىلىككە بارساق بولا قىزىم .

پەزىلەت قىزارغىنىچە يەرگە قارىۋالدى .

— هازىر ئاچامنىڭ توي ئىشىغا قويقان .ئاچامنىڭ تويىدىن كېيىن ، ئاندىن ...

— هەر ئىش ئۆز يولىدا بولىدۇ ، قىزىم ، — دېدى ئايىسما خېنىم پەزىلەتنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ، — ئاۋۋال ئەلچىلىككە بېرىۋېرەيلى ، ئاچىلىرىنىڭ تويى بولۇپ بولغۇچە ساقلاپ تۇرىمىز .

پەزىلەت گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى .

— ئانا ، پەزىلەتنى خىجىل قىلمىسىلا ، — دېدى قۇتلۇق .

— بوپتۇ ئەمىسە . ئەسلىدىمۇ بۇ چوڭلار بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش . چوڭلار بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشەي . ۋىيەي ، قۇرۇق گەپ قىلىپ ئولتۇرۇپتىمەنا . تەييارلاپ قويغان يەنە بىر قازىنىم بارتى ئەمەسمۇ ؟ — دېدى ئايىسما خېنىم ئورنىدىن تۇرۇپ .

— ئەمدى تاماق قىلمەن دېمىسىلە ، ئانا ، — دېدى پەزىلەت ، — رەھمەت ، ھېلىمۇ جىق جوۋاپلا . قورساقنىڭ تاماق پاتقۇدەك يېرى قالمىدى .

— ئاۋۋال ئىتىپ ئەكىرەي ، بىردەمدىلا پىشىدۇ . يېمىسىلىمۇ مەيلى . سىلىنىڭ هۆرمەتلىرى قىزىم . ئاتايىن كەلگەنلىرىدە ئىككى قازان تاماق بىلەن يولغا سالسام سەت تۇرىدۇ .

— ماقۇل دېسىلە ، ئانا ، — دېدى پەزىلەت ۋە قۇتلۇققا ياردەم تىلەپ قارىدى ، — هېلىمۇ كەچ قالدىم ، ئۆيدىكىلەر ئەنسىرەپ قالمىسۇن .

— پەزىلەتنى ماڭغىلى قويايلى ، ئانا ، — دېدى قۇتلۇق ئانىسىغا قاراپ ، — بۇنىڭدىن كېيىن سىلىنى يوقلاپ تۇرىدۇ .

— شۇنداق ، بۇنىڭدىن كېيىن سىلىنى پات ـ پات يوقلاپ

تۇرىمەن ، ئانا . ئەمدى مەن قايتاي .

ئايسىما خېنىم تەستە ماقۇل بولدى .

— بەك سەت بولدى . ئەسلىدە ئۆز قولۇم بىلەن تاماق ئېتىپ بېرەي دەپتىكەنمەن . بۇنداق ئالدىرايدىغانلىرىنى بىلگەن بولسام ، قوشنىلارنى تاماققا قارىشىپ بېرىڭلار دەپ توۋلىماسمىدىم . ئۇنداق بولسا جىندەك تۇرۇپ تۇرسىلا ، قىزىم .

ئايسىما خېنىم شۇنداق دېگىنىچە سىرتقا چىقىپ كېتىپ ھايال بولمايلا بىر پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ كىردى . پەتنۇستا بىر كوپتا ، بىر ياغلىق ، بىر تال ئالتۇن ئۈزۈك بار ئىدى .

— ئاددىي بولسىمۇ بۇ كۆرۈملۈكۈمنى قوبۇل قىلسىلا ، قىزىم .

پەزىلەت ئايسىما خېنىمنىڭ بۇنداق قىلىشىنى ھەرگىز ئويلىمىغانىدى .

— ۋېيەي ، مېنى خىجىل قىلمىسىلا ، ئانا ، — دېدى ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا .

— ئۇنداق دېمىسىلە ، قىزىم . ئالمىسىلا خاپا بولىمەن .

پەزىلەت يېنىش ـ يېنىشلاپ رەھمەت ئېيتىپ ، ياغلىق ، كوپتا بىلەن ئۈزۈكنى سومكىسىغا سالدى .

— پات ـ پات كېلىپ تۇرسىلا ، قىزىم ، — دېدى ئۇنى دەرۋازا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىققان ئايسىما خېنىم .

— كېلىپ تۇرىمەن . سالامەتلىكلىرىنى ئاسرىسىلا ، ئانا . ھاجىم دادامغا سالام ئېيتسىلا ، — دېدى پەزىلەت خوشلىشىپ .

— مەن پەزىلەتنى ئاپىرىپ قويۇپ كېلەي ، ئانا .

— شۇنداق قىلسىلا ، غوجام بالام . ماڭا قارىسىلا ، ئىشىكنىڭ ئالدىغىچە ئاپىرىپ قويۇپ كەلسىلە جۇمۇ بالام . خۇدايىمغا ئامانەت ، پات يېنىپ كېلەلا .

پەزىلەت ئايسىما خېنىم دەرۋازىدىن كىرىپ كەتكەندىن كېيىن يەڭگىل نەپەس ئالدى .

— خۇداغا شۇكۇر ، ئەجەب تەستە ئۆتتىيا بۇ ۋاقىت .

قۇتلۇق مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلدى .
— مەنمۇ ئەنسىرىگەن ، بىر كۆرۈپلا ئامراق بولۇپ كەتتىمغۇ تاڭ ساڭا . ئادەتتە بىرىدىن ئاسان قۇسۇر تاپاتتى . بىرنېمە دەپ سېنى رەنجىتىپ قويامدىكىن دەپ ئەنسىرەپلا ئولتۇردۇم . ھەنىم بولسا بۇ ئىشمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولدى .
— بىر ئامال قىلىپ ئايسىما خېنىم ئانامنى بىزنىڭ ئۆيگە ئەلچىلىككە بېرىشتىن توساپ تۇر . ئاچامنىڭ تويىدىن كېيىن ئاندىن كەلسۇن ، بولمىسا ، ئانام ئىشنى بۇزۇپ قويىدۇ .
— ماقۇل ، — دېدى قۇتلۇق ، — تاكسى دەيدىغان نەرسىمۇ ئۇچرىمايدا ئەجەب . كىچىك ماشىنىدىن بىرنى ئالاي دېسەم دادام پەقەتلا قوشۇلمايۋاتىدۇ . مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئۆزۈمنىڭ ماشىنىسى بولسا بەك ياخشى بولاتتى . سېنى يېنىمغا ئالسام ، كېيىنچە باللىرىمىزنى چىقارساق ...
يىگىتنىڭ شېرىن ئارزۇسىنى ئاڭلاپ قىز بەخت ئىلكىدە تاتلىق كۈلدى .

## 38

زۆھرە خانىم بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ جايناماز دا ئۇزاق ئولتۇردى . پەخرىئاي قېشىغا كىرىپ ناشتا قىلىۋېلىشنى ئېيتقاندىن كېيىن ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ پەرداز ئۇستىلىنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇنىڭ ناشتىغا كۆڭلى تارتمىدىمۇ ياكى پەرىدەدىن رەنجىپ قالدىمۇ ، ئەيتاۋۇر مېھمانخانا ئۆيگە چىققۇسى كەلمىدى . ئۇ شۇ كۈنلەردە پەرداز ئۇستىلىنىڭ ئالدىغا كېلىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالغانىدى . ھەئە ، پەرداز ئۇستىلى ئۇنىڭغا بىر تالاي ھەسرەت ، غەشلىكنى سوۋغا قىلاتتى ، شۇنداقتىمۇ يەنىلا پەرداز ئۇستىلىنىڭ ئالدىغا كېلىشكە مەجبۇر بولاتتى . چۈنكى ، ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئەينەككە قاراپ ئولتۇرۇپ چاچلىرىنى تارىشى ، پەرداز قىلىشى كېرەك ئىدى . ئۇ



www.uyghurkitap.com

ھەر قېتىم ئەينەككە قارىغاندا چىرايىدىكى قورۇقلارنىڭ كۆپىيىپ قالغانلىقىنى ، چاچلىرىدىكى ئاقلارنىڭ ئاۋۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلاتتى . جاھاندا ئەينەكتىنمۇ راستچىل ، ئەينەكتىنمۇ رەھىمسىز نەرسە بولمىسا كېرەك . زۆھرە خانىم ئەينەكتىكى سىيماسىغا بىرھازا ھەسرەتلىنىپ ئاداۋەت بىلەن قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، چىرايىدىكى قورۇقلارنى قايتىدىن سانايتتى . بۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ھۆسن تۇزىتىش ، قورۇقلاردىن قۇتۇلۇش ئارزۇسى ھەسسىلەپ ئاشاتتى . چىرايىنى تەڭ دېمەتلىك دوستلىرىنىڭ چىرايىغا سېلىشتۇرۇپ كۆڭلى يېرىم بولاتتى . مانا ھازىرمۇ ئۇ ئەينەك ئالدىدا ئۇزاق ئولتۇردى . ھۆسن تۇزەتكەندىن كېيىنكى چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۇرۇپ ئاللىقانداق شېرىن خىياللارغا ئەسىر بولدى . ياشلىقىنى ، ياش ۋاقتىدىكى چىرايىنى ئەسلىدى .

«ئادەمنىڭ چىرايىغا نېمە ئۈچۈن قورۇق چۈشىدىغاندۇ ؟ باشقىلارغا قارىغاندا مېنىڭ چىرايىمغا تېز قورۇق چۈشۈپ كېتىۋاتامدۇ نېمە ؟ ھېلىتىن بۇنداق بولۇپ قالسام ؛ يەنە بەش ـ ئون يىلدىن كېيىن يەتمىش ـ سەكسەن ياشلىق مومايلاردەك بولۇپ قالىدىغان ئوخشايمەن . ئاھ خۇدا ، ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن . مېنىڭ ئۇنداق تېز قېرىپ كەتكۈم يوق . ئادەم ياشلىقىنى قايتۇرۇۋالغىلى بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە . ھاياتنىڭ قىسمەتلىرىمۇ ئاجايىپ بولىدىكەن . چىرايىمغا قاچاندىن بېرى بۇنداق قورۇق چۈشكەندۇ ، ئەجەب تۇيمايلا قاپتىمەن دېسە . بۇ تەقدىرنىڭ رەھىمسىزلىكى بولماي نېمە . تېخى باللىرىمنىڭ بىرىنىمۇ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلمىدىم . پەرىدە دېگەن كۈچۈكمۇ پەقەتلا گەپ يېمىدى . ھېلىقى قارىمىنىڭ دۇئاسى ئازراق پايدا قىلغان بولسىمۇ كاشكى . قاراپ تۇرۇپ بەش يۈز كوي پۇلنىڭ بېشىغا سۇ قۇيدۇم مانا . ئاۋۇ ئادەممۇ باللارنىڭ رايىغا باقايلى دېيىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ . ھېچبولمىسا پەرىدەگە ئىككى ئېغىز قاتتىقراق گەپ قىلغان بولسا ، گەپكە كىرىپمۇ قالاتتى ، بويىغا يېتىپ قالغان قىزغا گەپ قىلىۋەرسەم قاشىرىپ قالىدۇ ، ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدا

پەردىشەپ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ دەيدۇ تېخى. ھەممە ئىشقا مېنى يامان قىلىپ. مەيلىلا، پەقەت بولمىسا ئاشۇ سەھرالىق مۇئەللىمگە تەگسىمۇ تېگەر. جاپا تارتقاندا، پۇشايمان يېگەندە چۈشىنىپ قالار. تەقدىر ـ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى شۇ ئوخشايدۇ. بالا دەردىدە مۇشۇنداق تېز قېرىپ كېتىۋاتىمەنغۇ مەن. باشقا ئانىلارغا ئوخشاش ئۆزۈمنى ئۇپراتماي، كايىتماي يۈرگەن بولسام، چىرايىمغا قورۇق، چېچىمغا ئاق ئارىلاق كىرەتتى. مېنى زادى ئويلاپ قويمايدۇ بۇ كۈچۈكلەر ...»

زۆھرە خانىمنىڭ خىياللىرىنى پەخرىئاي ئۈزۈپ قويدى.

— ئانا، ناشتىلىقىڭ سوۋۇپ قالدى.

— قايىلغىنا چىرايىمغا، — دېدى زۆھرە خانىم، — ھەقاسىڭنىڭ دەردىدە چىرايىمنى كۆندىن ـ كۈنگە قورۇق بېسىپ كېتىۋاتىدۇ مېنىڭ. سەن بولساڭمۇ ئاچىلىرىڭنى دورىماي، گېپىمنى ئاڭلا، قىزىم.

— گېپىڭنى ئاڭلاۋاتىمەنغۇ، ئانا، — دېدى پەخرىئاي ئەركىلەپ، — چىرايىمغا قورۇق چۈشۈپ كەتتى دەپ ئۇنچىۋالا ھەسرەتلىنىپ كەتمە. داۋالاتساڭ بولىدۇغۇ!

— نەدە داۋالىتىمەن؟ قورۇق يوقىتىدىغان ئىشەنچلىك دورىمۇ يوق تۇرسا.

پەزىلەت ئاخشام پەرىدە بىلەن پەخرىئايغا قۇتلۇقنىڭ ئانىسى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى، قۇتلۇقنىڭ ئانىسىنىڭ چىرايىدا بىر تالمۇ قورۇق يوقلۇقىنى، قۇتلۇق ئانىسىنىڭ ھۆسنىنى تۈزەپ قويغانلىقىنى ئېيتقان ۋە مۇۋاپىق پۇرسەت تېپىپ ئانىسىنىمۇ ھۆسن تۈزەتكۈزۈشنى مەسلىھەتلەشكەنىدى. شۇڭا، پەخرىئاي ھازىر پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئانىسىنى تېخىمۇ بەك قىزىقتۇرۇۋاتاتتى.

— دورا بىلەن قورۇقنى تولۇق يوقىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ، خالىساڭ ھۆسن تۈزەت.

— ئەپسۇس، شەھىرىمىزدە ئۇنداق دوختۇرخانا يوق ـ دە. مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئاتايىن ئۈرۈمچىگە بېرىپ كېلەي دېسەم

ئارىلىقى يىراق تۇرسا .

— ئۇرۇمچىگە بېرىشىڭ ھاجەتسىز . شەھىرىمىزدىمۇ ھۆسن تۈزەيدىغان ئېشەنچلىك دوختۇرخانا بار ، تېخنىكىسى ئۇرۇمچىنىڭكىدىن پەرقى يوق .

زۆھرە خانىم قىزىغا گۇمان بىلەن قارىدى .

— سەن نەدىن بىلىسەن ؟

— يېقىندا بىر دوستۇمنىڭ ئانىسى ھۆسن تۈزەتكەن . ئىلگىرى چىرايىدىكى قورۇق سېنىڭكىدىن كۆپ ئىدى ، داۋالىنىپلا قورۇقلار پۈتۈنلەي يوقاپتۇ . چىرايى قىز بالىلارنىڭكىدەك بولاپ قاپتۇ دېگىنە .

— بۇ دېگەنلىرىڭ راستمۇ ، بالام .

— راست بولماي ئەمىسە . سېنى ئالداپ نېمە قىلاي . بىر قارارغا كەلسەڭ سېنى باشلاپ ئاپىراي . ئۇنچە چوڭ ئوپېراتسىيىمۇ ئەمەسكەن ئۇ ، بىر ھەپتىگە قالمايلا ساقىيىپ كېتىدىكەنسەن .

— ئۇنداق بولسا ، دوستۇڭنىڭ ئانىسىدىن تەپسىلىي ئۇقۇشقىن . مۇۋاپىق پەيتنى تېپىپ بىللە بارايلى . ھە راست ، بۇ ئىشنى داداڭ بىلىپ قالمىسۇن .

— بىلمەن . دادامدىن مەخپىي تۇتىمىز . جۇر ، ناشتا قىلىۋال ئانا . ئىشقا بارىدىغان ۋاقىت قىستاپ قالدى .

زۆھرە خانىمنىڭ ۋۇجۇدىنى بىردىنلا خۇشاللىق چۇلغىۋالدى . ئەينەكتىكى سىيماسىغا مېھرى بىلەن قارىدى . كۆڭۈل قويۇپ پەرداز قىلدى . ئۇ ناشتا قىلغىلى مېھمانخانا ئۆيگە چىققان ۋاقتىتا ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىشقا كېتىپ بولغانىدى . ئۇ ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىشقا تۇتۇندى .

## 39

— مەن بارمايمەن ، سىلەر بېرىپ كېلىڭلار ، — دېدى پەرىدە .

زۆھرە خانىم نەچچە كۈندىن بېرى پەرىدەگە ئاداۋەت تۇتۇپ

گەپ قىلمىغانىدى ، شۇڭا تەتۈر قارىۋالدى .

— زۆرۈر ئىشىڭ بولمىسا بىللە چىقىپ چىرەيلى ، قىزىم ، — دېدى قادىر ئەپەندى .

— چۈشتىن كېيىن مەكتەپتە يىغىلىشىمىز بار . مەكتەپ مۇدىرى بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تولۇق قاتنىشىشىنى تاپىلىغان .

— هەي ، مۇشۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ شەنبە ، يەكشەنبەڭلەرنىڭ پەقەتلا تايىنى قالمىدىغۇ تاڭ ، — دېدى قادىر ئەپەندى ، — تەتىل ۋاقىتڭلار سىياسىي ئۆگىنىش بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ . ھېچبولمىسا دۆلەت بەلگىلىگەن شەنبە ، يەكشەنبىلىك دەم ئېلىشڭلارنى تولۇق بەرسە بولمامدۇ .

پەردىنىڭ چىقمايدىغانلىقىدىن ئىنى - سىڭىللىرى خەۋەردار ئىدى ، شۇنداقتىمۇ پەخرىدىن يالغاندىن زورلاپ قويدى .

— مەكتەپ مۇدىرىڭغا تېلېفون قىلىۋېتە ، ئاچا ، بىللە چىقىپ چىرەيلى .

— تېلېفون قىلسامىمۇ باكا ، رۇخسەت بەرمەيدۇ .

— بوپتۇ ، بىز چىقىپ چىرەيلى ، — دېدى پەزىلەت ئاچىسىنى تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ ، — جۇرۇڭلار ، پەستە ماشىنا ساقلاپ قالغىلى نەۋاخ .

زۆھرە خانىم ئاچە كاجلىق قىلمىدى . ئېرىنىڭ ، بالىلىرىنىڭ رايىغا بېرىپ ئۆيدىن چىقتى . دېمىسىمۇ ئائىلە بويىچە بىر يەرگە بېرىپ باقمىغانغا خېلى ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى .

ئالتە كىشىلىك چاققانغىنا بولكىۋاي ئۇلارنى ئېلىپ شەھەرنىڭ سىرتىغا قاراپ ماڭدى .

— خەق مېھماندارچىلىققا چاقىردى دەپ قولىمىزنى بۇرنىمىزغا تىقىپلا چىقساق سەت تۇرىدۇ ، — دېدى زۆھرە خانىم پەخرىدىنگە قاراپ ، — ئازراق بىر نەرسە ئېلىۋالايلى .

شوپۇر ئۇستام بولكىۋاينى بىر چەتكە تارتىپ توختاتتى . زۆھرە خانىم پەزىلەت بىلەن ماشىنىدىن چۈشۈپ قەنت - ناۋات ، پېچىنە - پىرەنىك دېگەندەك نەرسىلەردىن ئېلىپ داستىخان

قىلىۋالدى .
بولكىۋاي قايتا قوزغالغاندىن كېيىن پەخرىدىن ئابدۇساتتارغا تېلېفون قىلىپ يولغا چىققانلىقىنى ئېيتىپ قويدى . يول بويى پەخرىئاينىڭ شوخلۇق قىلىپ ئۇنى - بۇنى دېگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا باشقىلار جىملا مېڭىشتى .
ئالاھازەل يىگىرمە - ئوتتۇز مىنۇتلاردىن كېيىن بولكىۋاي ئابدۇساتتارنىڭ قورۇسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . خىيالدىن باش كۆتۈرگەن زۆھرە خانىم ئەجەبلەنگەن ھالدا پەخرىدىنگە قارىدى .
— ئاغىنەڭنىڭ ئۆيى مۇشۇ شۇمۇ ؟
— مۇشۇ ئۆي شۇ . يېتىپ كەلدۇق ، ئانا ، ماشىنىدىن چۈشەيلى ، — دېدى پەخرىدىن .
— توۋا ، ئەجەب توغرا كېلىپ قالغىنىنى ، — دېدى زۆھرە خانىم .
— قانداق دەيلا ، خانىم ، — دېدى قادىر ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ .
— بۇ ئۆتكەندە چىمەنگۈل خانىم چايغا چاقىرغان ئۆي شۇ . سىلىگە گېپىنى قىلىپ بەرگەنىغۇ مەن .
— شۇنداقمۇ ، — دېدى قادىر ئەپەندى سىرتقا بويۇنداپ قاراپ ، — چاققان بولسىلا ، ئۆي ئىگىلىرى ئالدىمىزغا چىقىپ بوپتۇ ئەينا .
ماشىنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئابدۇساتتار ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ بولغانىدى . مېھمانلار بىلەن ساھىبخانا قىزغىن كۆرۈشۈپ ئەھۋال سوراشتى . زۆھرە خانىم بىلەن ئامانىيساخان ئاچا خۇددى قەدىناسلاردەك مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ كۆرۈشتى ، ئەھۋال سوراشتى .
— قېنى ئۆيگە كىرىلى ، — دېدى ساھىبخانىلار مېھمانلارنى ئۆيگە باشلاپ .
ئاۋۋال زۆھرە خانىم قىزلىرى بىلەن ھويلىغا قەدەم باستى .

قادىر ئەپەندى، پەخىردىن، شوپۇر ئۇستام ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. تال باراڭ بىلەن چۇمكەلگەن بۇ كەڭرى هويلا سۇ چېچىپ، پاكىز تازىلانغان بولۇپ، ۋالىلداپ تۇراتتى. ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ نادىر ئۇلگىلىرى بىلەن هەشەمەتلىك قىلىپ يېپىلغان پېشايۋان بۇ هويلىغا باشقىچە سۆلەت بېغىشلاپ تۇراتتى. پېشايۋاننىڭ ئاستىدىكى سۇپىنىڭ تۆر تەرىپىگە گىلەم، باشقا تەرىپىگە كىگىز سېلىنغان بولۇپ، تام ياقىلاپ يېكەنداز سېلىنغانىدى.

— قېنى ئۆيگە كىرەيلى، خانىم، — دېدى ئامانىنساخان ئاچا ئوتتۇرىدىكى ئۆينىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكىنى ئېچىپ تۇرۇپ.

مېهمانلار تۇزۇت قىلمايلا ئۆيگە كىرىشتى. ئاستىغا چىنە خىش بېسىلغان، تام ياقىلىتىپ ساپا قويۇلغان ئۆي خېلىلا چوڭ ئىدى. تاملارغا گىلەم ئېسىلغانىدى. دېرىزىلەرگە هاۋا رەڭ گىرىپ پەردە ئېسىلغان بولۇپ، ئۆينىڭ ئىچى يورۇق، ئازادە كۆرۈنەتتى. دېرىزىنىڭ تۇۋىگە پاكار ئىشكاپ قويۇلغان، ئىشكاپنىڭ ئۈستىدە تېلېۋىزور بار ئىدى. مېهمانلار جايلىشىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن پاتىهە قىلىشتى. پاتىهەدىن كېيىن قايتىدىن تىنچلىق - ئامانلىق سوراشتى. ئامانىنساخان ئاچا ئايال مېهمانلارنىڭ قولىغا سۇ ئالدى. زۆهرە خانىم ئاززاق تۇزۇت قىلغاندىن كېيىن قول چايقىدى. ئاياللار قول چايقاپ بولغاندىن كېيىن ئابدۇساتتار ئەرلەرنىڭ قولىغا سۇ ئالدى. ئۇنىڭغىچە ئامانىنساخان ئاچا مېهمانلارغا بىر پىيالىدىن سىنچاي تۇتتى.

— قېنى مېهمانلار مەزەگە بېقىشسىلا، — دېدى ئابدۇساتتارنىڭ دادىسى مېهمانلارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ.

يوغان شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر لېگەن ئۆي نېنى، چۆرىسىگە هۆل - قۇرۇق يەل - يېمىش ۋە تاتلىق - تۈرۈملەر تىزىلغانىدى. ئامانىنساخان ئاچا هەربىر مېهماننىڭ ئالدىغا بىر چىنىدىن قېتىق قويدى، ئاندىن بىر لېگەندە زاغرا كۆتۈرۈپ كىردى.

— بىلمىدىم ، مېھمانلارنىڭ زاغرىغا تاۋى بارمىكەنتاڭ . ھەربىرلىرىگە ئاتاپ بىر ئوچاق زاغرا يېقىپ قويغانىدىم .

— ۋاي ، تولىمۇ ئوبدان قىپلا ، — دېدى زۆھرە خانىم مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ، — مەنمۇ زاغرا سېغىنىپ قاپتىكەنمەن . قايسى كۈنى چىمەنگۈل خانىم بىلەن مېھمان بولۇپ چىققاندىمۇ قېتىق بىلەن زاغرا بەكمۇ تېتىغانتى .

ئابدۇرازاق ئاكا زاغرىنى ئۇشتۇپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا بىر پارچىدىن قويدى .

— ھازىر زاغرا تاپماق تەس بولۇپ كەتتى ، — دېدى قادىر ئەپەندى بىر چىشلەم زاغرىنى ئاغزىغا سېلىپ تۇرۇپ ، — ئېلىڭلا ، بالىلىرىم ، قېتىق بىلەن زاغرا بەك تېتىيدۇ .

ئابدۇرازاق ئاكا بەكمۇ مۇڭداشقاق ئادەم ئىدى . ئۇ مېھمانلار سورىمىسىمۇ ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ مۇشۇ يۇرتتا تىرىكچىلىك قىلىپ ئۆتكەنلىكىنى ، مۇشۇ ئۆينىڭ ئورنىمۇ ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان قەدىم جاينىڭ ئورنى ئىكەنلىكىنى ، ئاتا - ئانىسىنىڭ يەر ئىسلاھاتىدا پومېشچىك قالپىقى كىيىپ ، تارتىپ چىقىرىلىپ ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا سىنىپىي كۈرەش ۋە ئېغىر ئەمگەك ئازابىدا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى .

پېشقەدەملەر تارىخنى ئەسلەشكە ئامراق كېلىدۇ . قادىر ئەپەندى بىلەن ئابدۇرازاق ئاكا بىردەمدىلا چىقىشىپ كەتتى . ئۇلار ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئىشلاردىن تارتىپ ، يەر ئىسلاھاتى ، مەدەنىيەت ئىنقىلابى ، 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى يېزا ئىسلاھاتىغىچە قالدۇرماي سۆزلەشتى . زۆھرە خانىممۇ باشقىچە خۇش كەيپ بولۇپ قالغانىدى ، شۇڭا ئۇمۇ پات - پات پاراڭغا لوقما سېلىپ تۇردى . شۇ ئارىلىقتا ئامانىنساخان ئاچا ئىككى لېگەندە شورپا قىلىپ پىشۇرۇلغان باچكا گۆشى كۆتۈرۈپ كىردى ، بىر پىيالىدىن باچكا شورپىسى كەلتۈردى . مېھمانلار مەززىلىك پىشۇرۇلغان باچكا گۆشىنى ماختاپ تۇرۇپ يېيىشتى .

— مېھمانلارنى قوزغايدىغان بولدۇم ، — دېدى ئامانىنساخان

www.uyghurkitap.com

ئاچا تەۋازۇ بىلەن قول باغلاپ تۇرۇپ، — ئۆينىڭ ئىچى بەك ئىسسىپ كەتتى. ئابدۇساتتارجان بالام باغقا جاي راسلىدى، باغقا چىقىپ هاۋالىنايلى.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى زۆھرە خانىم دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئۆينىڭ ئىچىگە ئۇنچە ئىسسىپ كەتمىگەن، شۇنداقتىمۇ باغنىڭ هاۋاسى تېخىمۇ ياقىدۇ ئادەمگە.

مېھمانلار چۇۋۇلدىشىپ باغقا چىقىشتى. باغدىكى كاتسۇپىغىمۇ گىلەم، كۆرپىلەر سېلىنىپ، داستىخان راسلانغانىدى.

— بايا ئۇدۇللا باغقا باشلاي دېسەم، مېھمانلارنىڭ هۆرمىتىگە توغرا كەلمەسمىكىن دەپ ئۆيگە باشلىغانىدىم، — دېدى ئامانىساخان ئاچا مېھمانلار جايلىشىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، — قېنى، بالىلىرىم، تارتىنماي ئۆزۈڭلار خالىغان مېۋىلەردىن ئۈزۈپ يەڭلا.

مۇشۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغاندەك پەخرىدىن، پەزىلەت، پەخرىئاي ۋە شوپۇر يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ باغنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ماڭدى.

— مېۋىلەرنى ئۈزۈپ يەيمىز دەپ، شېخىنى يېرىۋەتمەڭلار، — دەپ جېكىلىدى زۆھرە خانىم.

— ئابدۇساتتارجان بالام، مېھمانلارنى پىشقان مېۋىلەرنىڭ قېشىغا باشلا، — دېدى ئابدۇرازاق ئاكا.

— مەن ئۆز قولۇم بىلەن قوغۇن ئۈزۈپ باقسام بولامتى، — دېدى پەخرىئاي.

ئابدۇساتتار ئۇلارنى باشلاپ كەتتى.

— پەرىدە ئاچامنىڭ چىقمىغىنىغا كۆڭلىمىز يېرىم بولۇپ قالدى — ھە، ئابدۇساتتار ئاكا، — دېدى پەخرىئاي ئەركىلەپ.

ئابدۇساتتار مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ جاۋاب بەردى.

— سىلەرنى بىللە ئېلىپ چىقامىكىن دەپ ئەمە تۇتسام، ئالماي چىقىپسىلە ئەينا.

— زورلىدۇق . ئۆزى ئۇنىمىدى ، — دېدى پەزىلەت ، — بۇ ئالاھىدە ئۇيۇشتۇرغان مېھماندارچىلىقىمىزنىڭ چېنىپ قېلىشىدىن قورقتى بولغاي .

— دادام سېزىپ قالغاندەك قىلىدۇ ، — دېدى پەخرىدىن .

— قانداق دەيسەن ، ئاكا ؟ — سورىدى پەخرىئاي .

— دىققەت قىلمىدىڭمۇ ، دادام ئابدۇساتتار ئاكامغا بەك قاراپ كەتتى .

— شۇنداقمۇ ، ئەجەب مەن سەزمەپتىمەن .

پەزىلەت سىڭلىسى بىلەن چېقىشتى .

— سەن قېتىققا دۆم چۈشكەن تۇرساڭ ، نېمىنى سېزەتتىڭ دۆت .

— سەن بەك ئۇششا ، — دېدى پەخرىئاي تومشۇقىنى ئۇچلاپ ، — سەنمۇ قېتىقنى بۇرنۇڭنىڭ ئۇستىگە ئەپقويمىدىڭ ، شالاپلىتىپ پاكىز ئىچىۋەتتىڭ . تېخى تاس قالدىڭ چىنىنىمۇ يالىۋەتكىلى .

پەزىلەت ئابدۇساتتارنىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇپ سىڭلىسى بىلەن گەپ تالاشمىدى ، ئەمما چاندۇرماي سىڭلىسىنىڭ بېقىنىنى چىمدىۋالدى .

— ۋايجان ، نېمە ئادەمنى چىمدايدۇ ماۋۇ ئەسكى ، — دېدى پەخرىئاي چاندۇرۇپ .

باشقىلار ۋىلىقلاپ كۇلۇپ كەتتى .

ئۇلار ئۆزگەن مېۋىلىرىنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن داستىخانغا پۇتۇن پىشۇرۇلغان ئوغلاق كاۋىپى كەلتۇرۇلدى .

— ۋاي ، نېمانداق ئاۋارە بولۇپ كەتكەنلا ، — دېدى زۆھرە خانىم تۇزۇت قىلىپ .

— ئاۋارە بولمىدۇق . تۆگە سويساقمۇ ئەرزىيدۇ ھەربىرلىرىگە ، — دېدى ئابدۇرازاق ئاكا ، — قېنى ، قىزىق يېقىشسىلا .

ئوغلاق كاۋىپى تونخوم ، دورا ـ دەرمەكلىرى سېلىپ بەكمۇ مەززىلىك پىشقانىدى . مېھمانلار زورلاپ بىر ـ ئىككى پارچىدىن يېيىشتى .
— تاماق ئەتمەي دېسەم كۆڭلۈم قويمىدى ، — دېدى بىر پەتنۇستا ئاش كۆتۈرۈپ چىققان ئامانىنساخان ئاچا ، — بىنىر تاتىمدىن لەڭمەن ئەتتىم .
پەزىلەت بىلەن پەخرىئايدىن باشقىلار بىر تەخسىدىن لەڭمەننى زورلاپ ئولتۇرۇپ يېيىشتى . لەڭمەندىن كېيىن زىخ كاۋىپى ، بېلىق كاۋىپى ، پاقلان گۆشىدە قىلىنغان شورپا كەلتۈرۈلدى .
— ئاچلىقتىن توقلۇق يامان دەپتىكەن . تاماق سىڭدۈرگەچ باغنى ئارىلاپ كېلەي ، — دېدى زۆھرە خانىم ئورنىدىن تۇرۇپ .
— ئۇنداق بولسا ، باغنى مەن ئايلاندۇراي ، — دېدى ئامانىنساخان ئاچا .
— رەھمەت ، سىلىنى ئاۋارە قىلماي ، — دېدى زۆھرە خانىم ۋە قادىر ئەپەندىگە قاراپ دېدى ، — قانداق ، سىلىمۇ ئىككى قەدەم مېڭىپ تاماق سىڭدۈرۈۋالامىلا .
— مەنمۇ شۇنداق قىلاي دەپ تۇرغان ، — دېدى قادىر ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ .
ئۇلار باغنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ مېڭىشتى .
— ھېس قىلدىلىمۇ ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — بۇ مېھماندارچىلىقنىڭ تېگىدە بىر گەپ باردەك قىلىدۇ .
— مېنىڭ كۆڭلۈمدىنمۇ شۇنداقراق بىر گۇمان كەچتىيۇ لېكىن تازا دەلىللىيەلمىدىم ، — دېدى قادىر ئەپەندى كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇپ ، — ئەڭ ياخشىسى ، خەقنىڭ خالىس كۆڭلىگە شەك كەلتۈرمەيلى .
— مەن مېھماندارچىلىققا شەك كەلتۈرمىدىم ، — دېدى زۆھرە خانىم گېپىدە چىڭ تۇرۇپ ، — تازا تېگىگە يەتسەم ، بالىلار بىزنى كولدۇرلاتقاندەك قىلىدۇ .
قادىر ئەپەندى بۇ مېھماندارچىلىقنىڭ تېگىگە ئاساسەن يېتىپ



www.uyghurkitap.com

بولغانىدى ، ئەمما ئويلىغىنىنى زۆھرە خانىمدىن يوشۇرۇۋاتاتتى .

«زىل خوتۇن ـ دە ، بۇ ، ھېچنېمىنى يوشۇرۇپ قالغىلى بولمايدۇ . ھەرقانچە بولسىمۇ ھازىر سىزىپ قالماس دەپ ئويلىغانىدىم . ھېچقىسى يوق . بالىلارنىڭ بۇ پىلانىنىمۇ يامان دېگىلى بولمايدۇ . ئۇنداق قازانغا بۇنداق چۆمۈچ دېگەن شۇ ـ دە . ئانىسى قانچە ، بالىسى شۇنچە ، ھازىرقى زامانىنىڭ ياشلىرىنى بوش چاغلىمىساق بولغۇدەك . ئاچا ، ئىنى ، سىڭىل بىرلىشىپ بىزگە تاقابىل تۇرۇۋېتىپتۇ ـ دە . قانداق قىلساق ئاتا ـ ئانىمىزنى قايىل قىلىمىز كىن دەپ قىلغان ئىشى بولمامدۇ بۇ . ھېچبولمىغاندا ماڭا بولسىمۇ مانىڭ يولى مۇنداق دەپ قويماپتۇ . ئەھۋالدىن قارىغاندا ماڭىمۇ ئىشەنمىگەندەك قىلىدۇ . ھەرھالدا بۇ يەردە تەتۈرلۈك قىپقۇ يۈرمەس بۇ خوتۇن ... »

— قانداق دەيلا خانىم ؟ — سورىدى قادىر ئەپەندى قۇۋلۇق بىلەن .

— ماۋۇ مېھماندارچىلىقنىڭ دەرىجىسىمۇ زىيادە يۇقىرى بولۇپ كەتتى ، — دېدى زۆھرە خانىم كۆڭلىدىن كەچكەنلىرىنى ئالدىرىماي بايان قىلىپ ، — پەخرىدىنىنىڭ يۈزىدىن چاقىرىلغان مېھماندارچىلىق بولسا ، ئادەتتىكى باغ سەيلىسىگە بۇنچىۋالا تەييارلىق قىلىش كەتمەيتتى . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئۆي ئىگىسىنىڭ ئوغلى يالغۇز پەخرىدىن بىلەنلا ئەمەس ، پەزىلەت ، پەخرىئايلار بىلەنمۇ كونا تونۇشتەك قىلىدۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، ئۇ بالا يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى ئىكەن . ئانىسىدىن چاندۇرماي سوراپ باقسام ، پەرىدە بىلەن بىر قاراردا ئوقۇش پۈتتۈرگەنىكەن . ئوقۇغان مەكتىپىمۇ بىر ئىكەن . بالىلار بۇ مېھماندارچىلىقنى مەقسەتلىك پىلانلىغاندەك قىلىدۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، پەرىدەمۇ ئەتىگەن سەۋەب كۆرسىتىپ چىققىلى ئۇنىمىغان . نېمىشقا چىقمايدىكىن دېسەم ، ئىش مۇنداقكەن ئەمەسمۇ ؟

— ئەگەر سىلىنىڭ ئويلىغانلىرى راست بولسا ، بۇ ئائىلىمۇ بولىدىغاندەك قىلىدۇ ، — دېدى قادىر ئەپەندى ئايالىنىڭ

www.uyghurkitap.com

كۆڭلىدىكىنى بىلىپ بېقىشقا تىرىشىپ ، — دېھقان بولغان بىلەن خېلىلا باي ئادەملەركەن . ئوغلىمۇ بىلىملىك ، ئەدەپلىك يىگىتتەك قىلىدۇ .

— سىلىگە ھېلىتىن ياراپ قالغان ئوخشىمامدۇ ؟ — سورىدى زۆھرە خانىم چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ .

— سىلىگىچۇ ؟

زۆھرە خانىم لام ـ جىم دېمىدى . شۇ تاپتا كاللىسىدا كەسكىن زىددىيەت بولۇۋاتقانلىقى چىرايىدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى .

— دەسلەپتىلا كۆڭلۈم تارتمىغانتى بۇ مېھماندارچىلىققا ، — دېدى زۆھرە خانىم تاپا قىلىپ ، — سىلى ۋاي چىقايلى دەپ تۇرۇۋالدىلا ، پەخرىدىن دېگەن هارامزادىمۇ ئاچىسىغا ماسلىشىپ بىزنى ئالداپ كېتىپتۇ . تېخى پەزىلەت بىلەن پەخرىئايمۇ ھېچنېمىنى بىلمىگەن بولۇۋېلىپ ئوبدانلا ماسلاشتى بۇ ئىشقا . ئىچىدە ئانامنى ئالداپ كەتتۇق دەپ كۈلۈشۈۋاتقاندۇ ھەقچان . ئويلىسامىلا ئاچچىقىم كېلىدۇ .

— ئاچچىقلىرىغا هاي بەرسىلە ، خانىم ، — دېدى قادىر ئەپەندى تەسەللى بېرىپ ، — بۇ ئىشتا بالىلاردىنمۇ ، ئۆي ئىگىسىدىنمۇ يامانلىغىلى بولمايدۇ . ھەممىسى تەقدىر . تەقدىرنىڭ يازمىشىدىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ . ئەمدى بۇ مېھماندارچىلىقنى چاندۇرماي چىرايلىقچە ئاخىرلاشتۇرايلى .

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز ـ دە ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — ئالدىمىزغا شاھانە داستىخان سېلىپ ، خان ـ پادشاھلارنى كۈتكەندەك ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇرسا .

— ئۆي ئىگىسى بالىلارنىڭ ئىشى توغرۇلۇق بىر نەرسە دېمىگەندۇ ؟

— دېمىدى . ئۆزلىرىنى بەك ئاقىيدىغان ئادەملەردەك قىلىدۇ . ھېچنېمىنى بىلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋالدى ھەقچان . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇگۈن بۇ گەپنى قىلىشمۇ قائىدە ـ يوسۇنغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ ـ دە .

— راست دەيلا . بەكلا ئېسىل ، ئاق كۆڭۈل ئادەملەركەن . قۇدا بولغۇچىلىكى باركەن .

ئەسلىدىنلا بالىلارنىڭ رايىغا بېقىشقا مايىل قادىر ئەپەندى تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇۋاتاتتى ، ئەمما زۆھرە خانىم تېخى يۇمشىمىغانىدى ، شۇڭا ئۇ ئالدىراپ ئىپادە بىلدۈرمىدى .

«شۇنچە پالاقشىپتىمەن . موللىغا ئوقۇتۇپ سەۋەب قىلدۇرۇپتىمەن . شۇنىڭغا تۇشلۇق ئازراقمۇ نەتىجىسى بولمىدى . بۈگۈن قېرىشقاندەك بۇ يەرگە مېھماندارچىلىققا چىقىپ قالغىنىمنى قارىمامدىغان . خەپ پەرىدە ، خەپ پەرىدە ، ئەجەب ئالدىدىڭغۇ مېنى . تەقدىرىڭ شۇنداق ئوخشايدۇ . يامان كۈنگە قالساڭ ، شور پېشانەڭدىن كۆر ...»

— جۇسلە ، داستىخانغا قايتىپ كېتىلى ، — دېدى قادىر ئەپەندى .

— شۇنداق قىلىلى ، ھېلىمۇ تۆت - بەش سائەت مېھمان بوپتىمىز . چىرايلىق رەھمەت ئېيتىپ ئۆيگە قايتايلى .

ئۇلار داستىخانغا قايتىپ كەلدى .

— رەھمەت ، ئۆزلىرىنى جىق كايىتىپتىمىز ، — دېدى قادىر ئەپەندى ئابدۇرازاق ئاكىغا قاراپ ، — ۋاقتىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ ، ئەمدى بىز قايتايلى .

— نېمىگە ئالدىرايلا ، — دېدى ئابدۇرازاق ئاكا ، — ئاتايىن چىققاندىكىن كەچلەپ بەرسىلە ئەمدى .

— رەھمەت ، ئارىلىقى يېقىن بولغاندىكىن يەنە چىقارمىز ، — دېدى قادىر ئەپەندى .

— ھەرقايسىلىرىمۇ ۋاقىتلىرى يەتسە بىزنىڭ ئۆيلەرگە كىرىپ مېھمان بولۇپ چىقسالا ، — دېدى زۆھرە خانىم رەسمىيەت يۈزىسىدىن ، ئاندىن قادىر ئەپەنگە قاراپ دېدى ، — دۇئا قىلىپ بەرسىلە .

— زادى چىقىپ كېتىمىز دەپ تۇرۇۋالسىلا ، يەنە بىردەم ئولتۇرۇپ بەرسىلە ، — دېدى ئامانىسىخان ئاچا ، — قازانغا توخۇ

www.uyghurkitap.com

گۆشى سېلىپ قويغان، شۇنى ئەچىقاي.

— رەھمەت، ئەمدى كايىمىسىلا، قورساقىنىڭ پاتار يېرى قالمىدى، — دېدى زۆھرە خانىم.

— توخۇ ئالىلقاچان پىشىپ بولغان، ھەربىرلىرىنى بىر كاز ئارام ئېلىۋالسۇن دەپ ئەچىقمىغانىدىم. مېھمانغا ئاتاپ قويۇپ داستىخانغا ئېلىپ چىقمىسام سەت تۇرىدۇ. جىندەك تەخىر قىلىپ بەرسىلە.

ئامانىنىساخان ئاچا شۇنداق دېگىنىچە ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

مېھمانلار ئىلاجسىز ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئامانىنىساخان ئاچا يوغان ئىككى خورازنىڭ گۆشىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. خوراز گۆشى مەي ـ مەي پىشىپ كەتكەنىدى. شۇنداقلا قارىغان كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى تارتاتتى.

ئابدۇرازاق ئاكا مېھمانلارنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي بىر خورازنى پارچىلاپ، ئىككى پاچىقىنى قادىر ئەپەندى بىلەن زۆھرە خانىمغا ئالغۇزدى. باشقىلارمۇ خوراز گۆشىگە بىر چىشلەمدىن ئېغىز تېگىشتى.

— قېنى ئەمدى دۇئا قىلىپ بەرسىلە، — دېدى قادىر ئەپەندى ئابدۇرازاق ئاكىغا قاراپ.

— سىلى مېھمان ئەمەسمۇ، ئۆزلىرىدىن كەلسۇن، — دېدى ئابدۇرازاق ئاكا.

قادىر ئەپەندى دۇئاغا قول كۆتۈردى. باشقىلار ئۇنىڭغا ئەگەشتى. مېھمانلار دۇئادىن كېيىن: «رەھمەت، ھەشقالللا، بەك كايىتىپىتىمىز» دېيىشىپ ئورنىدىن قوزغالدى.

— ماڭغان قەدەملىرىگە رازى بولۇشسىلا، ئاتايىن چىللىغانغا تۇشلۇق لايىقلىرىدا كۈتەلمىدۇق، — دېيىشتى ئابدۇساتتارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى.

مېھمانلار ماشىنىغا چىقىپ بولغۇچە، ئابدۇساتتار بىر تاغار قوغۇن بىلەن بىر يەشىك شاپتۇلنى ماشىنىنىڭ كەينىگە بېسىپ

ئۆلگۈردى. ئامانىساخان ئاچا ئېشىپ قالغان بىر توخۇ بىلەن ئوغلاق كاۋىپى، پاقلان گۆشىدىن يوغانلا بىر زەللە تەييارلىغانىدى.
— ئاز بولسىمۇ ئالغاچ كەتسىلە، — دېدى ئۇ زەللىنى زۆھرە خانىمغا تۇتقۇزۇپ.
— ۋاي، بۇ نېمە قىلغانلىرى، ئادەمنى ئۇنداق خىجىل قىلمىسىلا، ئالدىمىزدىن ئاشقۇدەك يېدۇق، يەنە كۆتۈرۈپ ماڭساق سەت تۇرىدۇ، — دېدى زۆھرە خانىم.
— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە، ۋاقىتلىرى يەتسە يەنە چىقىشالا، — دېدى ئامانىساخان ئاچا.
— سىلىمۇ شەھەرگە چىرىپ ئولتۇرۇپ چىقىپ كەتسىلە، — دېيىشكە مەجبۇر بولدى زۆھرە خانىم.
— ۋاي چىمەمدىغان، چوقۇم چىرىمەن، — دېدى ئامانىساخان ئاچا، — بىر كۆرگەن تونۇش، ئىككى كۆرگەن تۇغقان دەپتىكەن. خۇدايىم تۇغقان بولۇپ ئۆتۈشكە نېسىپ قىلا.
ئابدۇساتتار بىر چەتتە قىزىرىپ، تارتىنغان پېتى قاراپ تۇردى. بولكىۋاي ئاستا قوزغالدى.

## 40

— قانداق بالام، مېھمانلىرىڭىز رازى بولغاندۇ-ھە؟ — دېدى ئامانىساخان ئاچا ماشىنىنىڭ قارىسى يىتكەندىن كېيىن ئوغلىغا قاراپ مەمنۇنلۇق بىلەن.
— رازى بولغاندۇ، — دېدى ئابدۇساتتار، — سىلى بەك جاپا تارتىپ كەتتىلە، ئانا.
— ھېچقىسى يوق. ھەممىسى سىز ئۈچۈن، بالام. قېينانا، قېيناتىڭىزنى لايىقىدا كۈتۈپ رازى قىلالىغان بولسامىلا، مېنىڭمۇ ھاردۇقۇم چىقىدۇ. شۇغىنىسى پەرىدە قىزىم بىللە چىقماپتۇ.
ئانا-بالىنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان ئابدۇرازاق ئاكا ئەجەبلىنىپ سورىدى.

— نېمە دېدىلە ، ئاۋۇ مېھمانلارنى ئابدۇساتتارنىڭ قېينانا ، قېيناتىسى دېدىلىما ؟

ئامانىنساخان ئاچا كۈلۈۋەتتى .

— ھەئە ، كىمكىن دېگەنتىلە ؟

— توۋا ، ماۋۇ خوتۇننىڭ يامانلىقىنى ، — دېدى ئابدۇرازاق ئاكا ھەيران بولغان ھالدا كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ ، — ھېچ ماڭا ئۇنداق دېگەندەك قىلمىغانتىلىيا ؟

— خاپا بولمىسىلا ، دادا . مەن ئانامغا سىلىگە بىلدۈرمەي تۇرۇشنى تاپىلىغان ، — دېدى ئابدۇساتتار .

— ماڭا ، ماننىڭ يولى ماۋۇ دېگەن بولساڭلا ، قۇدام بىلەن ئىككى ئېغىز مۇڭدىشىپ قويىماتتىم ، — دېدى ئابدۇرازاق ئاكا نارازىلىق بىلەن ، — ئەجەب بىر تىلىڭلىنىڭ تېگىدە تىلىڭلا باركەن . ئاۋۇ مېھمانلارمۇ ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئادەمدەك گەپنىڭ بىرەر ئېغىز ئۇچىنى چىقىرىپ قويماي كېتىشتى .

— ئۇلار تېخىمۇ ئۇقمايدۇ ، — دېدى ئامانىنساخان ئاچا .

— بۇ قانداق مېھماندارچىلىق بولۇپ كەتتى ئەمىسە ، — دېدى ئابدۇرازاق ئاكا گاڭگىرىغان ھالدا .

— ھە ، بۇ مۇشۇنداق مېھماندارچىلىق . ئابدۇساتتارجاننى ئازراق خىجىل قىلىپ ، ماڭسىلا ئۆيگە ، قالدى گەپنى مەندىن ئاڭلايلا ، — دېدى ئامانىنساخان ئاچا .

ئابدۇرازاق ئاكا ئايالىغا ئەگىشىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

ئىشىك ئالدىدا يالغۇز قالغان ئابدۇساتتار دەرھال يانفونىنى ئېلىپ پەرىدەگە تېلېفون قىلدى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، — دېدى پەرىدە .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، — دېدى ئابدۇساتتار ، — ئاتا - ئانىڭىز ھازىر قايتتى .

— ئەجەب ئۇزاق مېھمان بولۇپ كەتتىغۇ ، ئۇلار . چېنىپ قالمىغاندۇ - ھە .

— مەنمۇ تازا بىرنېمە دېيەلمەيمەن . دادىڭىز بەك سەزگۈر

ئادەمكەن ، سىزىپ قالغاندەك قىلىدۇ .
— دادام قانداق بىلىپ قالغاندۇ ؟
— ئىشقىلىپ ، ماڭا بەك قاراپ كەتتى . ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغان ئادەمدەك شۇنداق خىجىل بولۇپ كەتتىم . ھەرھالدا مېھماندارچىلىقىمىزمۇ ، ئائىلە ئەھۋالىمىزمۇ ئانىمىزغا يارىغاندەك قىلىدۇ . ئالدىمىزدىكى ھەپتە بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر ئەلچىلىككە كىرسۇنمىكىن ، دەيمەن .
— شۇنداقراق تەييارلىق بىلەن تۇرغاچ تۇرۇڭلار ، ۋاقتى كەلگەندە خەۋەر بېرەي .
— بۇ ئىشنى ئەمدى كەينىگە سوزمايلى .
— بولىدۇ ، مەن تىرىشچانلىق كۆرسىتەي .
— كەچتە تېلېفون قىلاي . ئاتا - ئانىمىزنىڭ تەسىراتىنى سۆزلەپ بېرەرسىز .
— ماقۇل .
— ئەمىسە ، كەچتە كۆرۈشەيلى .
ئابدۇساتتار ئۆيگە قايتىپ كىردى . دادىسى بىلەن ئانىسى نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ كۇلۇشۇۋاتاتتى .
— بۇ ئىشنىڭلىمۇ قاملىشىپتۇ ، — دېدى ئابدۇرازاق ئاكا ، — سىلىنى ئۇ مېھمانلارغا نېمانچە بەك كايىپ تەييارلىق قىلىپ كېتىدىكىن دەپتىمەن تېخى ؛ — ئابدۇرازاق ئاكا ئوغلىنى يېنىغا شەرەتلىدى ، — ئەمدىغۇ قېينانا - قېيناتاڭلارنىڭ ئۆيگە ئەلچىلىككە چىسەك بولا .
— كېلەر ھەپتىگىچە تەييارلىق قىلغاچ تۇرايلى ، — دېدى ئابدۇساتتار مۇجمەللا قىلىپ .
— شۇنداق قىلايلى . كېلەر ھەپتە ئەلچىلىككە چىرىپ ، مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە توياڭلىنى قىلىۋېتەيلى ، بالام ، — دېدى ئابدۇرازاق ئاكا ، — قېينانا ، قېيناتاڭلارمۇ ئېسىل ئادەملەردەك قىلىدۇ . خۇدايىم ساقلىسۇن ، بۇرنىدا پوقى بار شەلىكتىن .
— ماڭا قالىسىلا ، ھوي ئادەم ، — دېدى ئامانىسساخان ئاچا

قاپىقىنى تۇرۇپ، — بۇنىڭدىن كېيىن قۇدىلىرىمىزنىڭ ئالدىدا شەلىكىنىڭ بۇرنىدا پوقى بار دېگەن گەپنى قىلمىسىلا جۇمۇ.

— ماقۇل، پەقەت بولمىسا، سىلى ئېسىمگە سېلىپ قويالا.

ئابدۇساتتار ئانىسى بىلەن دادىسىنىڭ ساددىلىق بىلەن دېيىشكەن گەپلىرىدىن پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

## 41

— قانداق، كۆڭۈللۈك ئويناپ كىردىڭلارمۇ؟ — سورىدى پەرىدە ئاتا - ئانا، ئىنى - سىڭىللىرى ئۆيگە كىرىشى هامان.

— قالتىس كۆڭۈللۈك بولدى، ئاچا، — دېدى پەخرىدىن كۆرسەتكەن تۆهپىسىنى كۆز - كۆز قىلىپ، — ئەپسۇس، سەن چىقالماي قالدىڭ - دە.

— بېغى شۇنداق كەڭرىكەن، مېۋىلىرى ئاجايىپ ئوخشاپتۇ، — دېدى پەزىلەت.

— مەن ئۆز قولۇم بىلەن قوغۇن ئۈزۈپ يېدىم تېخى، — دېدى پەخرىئاي.

يولدا كىرگۈچە ئوغىسى قايناپ، ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان يەر تاپالماي بوغۇلۇپ تۇرغان زۆهرە خانىم بىردىنلا پارتلىدى.

— هەئە، مېهماندارچىلىقنى خېلى ئەتراپلىق پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇپتىكەنسەن. خاتىرجەم بول. سېنىڭ ئارزۇيۇڭدىكىدىنمۇ ئاشۇرۇپ مېهمان قىلدى.

ئۆينىڭ ئىچىنى بىرنەچچە دەقىقە سۈكۈت قاپلىدى. ئانىسىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلگەن باللار بىر - بىرىگە قارىشىپ تىللىرىنى چىقىرىشتى. پەرىدە شەلپەردەك قىزارغىنىچە يەرگە قارىۋالدى. زۆهرە خانىم باشقا باللىرىغا قاراپ سۆزلىدى.

— هە، گەپ قىلىشمامسەن. زۇۋانىڭ تۇتۇلۇپ كېتىشتىمۇ. ئۇستاتلىقىنى بۇ كىچىككىلىنىڭ. ئىزا تارتىشماي دادىسىنىڭ بۇرۇتىغا چالما تېزىپ، مېنىڭ بۆكۈمگە جىگدە سېلىشىپتا، —

ئۇ پەخرىدىنگە قاراپ قولىنى شىلتىدى ، — ھە ، سەن گەپ قىلە . قانداق ئاغىنەڭتى ئۇ . ھەقىچان يالغۇز سىېنىڭلا ئاغىنەڭ ئەمەسقۇ دەيمەن .

پەخرىدىن دۇدۇقلاپ گەپ قىلالمىدى . ئۇ ئانىسىنىڭ بۇنداق تېز سېزىۋېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۇرمىگەنىدى ، شۇڭا مەدەت تىلەپ پەردىدەگە قارىدى .

— يەنە ئىككىڭمۇ بار . ھۇ بېشى يوغان جۇۋاينىمەكلەر ، — دېدى زۆھىرە خانىم پەزىلەت بىلەن پەخرىئايغا قاراپ ، — ئالدامچىلىقتا ئەجەب ئۇستا بولۇپ كېتىشىپسىنا . دېيىشە ، قايسىڭنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلى بۇ ، — ئۇ ئەمدى پەردىدەگە يۇزلەندى ، — بۇ ئالدامچىلىقنى سەن پىلانلىغانسەن ، ھەقىچان . ھۇ ئىزا تارتمايدىغان قېلىن . قىزلىقنىڭ ئۆيگە ئوغۇللۇقنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كەلمەي ، ئوغۇللۇقنىڭ ئۆيگە قىزلىقنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بارىدىغان قائىدە نەدە بار . يۇزۇمنى تۆكمىسەڭ بولمامدۇ زادى .

— ئاچامنى ئەيىبلەۋەرمە ، ئانا ، — دېدى پەخرىئاي جاۋاب ياندۇرۇپ ، — ھەممە گۇناھ ئۆزۈمدە . باشتا ئاچامنىڭ گېپىگە كىرىپ ماقۇل دېگەن بولساڭ ، مۇشۇنداق ئىش يوق . ھە دېسە ، ئانداق سەھرالىق ، مانداق سەھرالىق دەۋەردىڭ خەقنى . شۇنىڭ بىلەن سېنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باقسۇن دەپ ، مەن پىلانلىغان بۇ ئىشنى ...

زۆھرە خانىم غەزەپ بىلەن پەخرىئاينىڭ گېپىنىڭ شېخىغا ئۇرۇۋەتتى .

— ئاغزىڭنى يۇم ، كىچىك دەققال !

— ئۇرساڭمۇ مەيلى . ئاۋۋال دەيدىغىنىمنى دەۋالاي ، — دېدى پەخرىئاي ، — ئاچامنى بۇنچە قىيناپ نېمە قىلاتتىڭ . ماقۇل دېسەڭ بولمامدۇ . كۆرگەنسەن ، ئۇلارمۇ شۇنداق ئوبدان ئادەملەركەن . ۋاي خانىم دېسە ، ۋاي خانىم دەپ ئۇۋۇقىڭنى يەرگە چۈشۈرمىدى . خانىشنى كۇتكەندەك كۇتۇپ مېھمان قىلدى . باشقىلار بىلەن قۇدا

بولساڭمۇ ئۈنچىلىك مېھمان قىلمايتتى.

— ما جۇۋاينىمەكنىڭ ئاغزىغا بىر سالىمەن باكا.

— ھاي، قىزىم، ئاناڭغا جاۋاب ياندۇرما، — دېدى قادىر ئەپەندى جېدەلنىڭ چىڭىغا چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، — ھەممىڭلار بولدى قىلىڭلار. ئۈنچىۋالا تەگىشىپ كەتكۈدەك ئىش ئەمەسقۇ بۇ. سىلىمۇ ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا، خانىم.

زۆھرە خانىم قولىدىكى زەللىنى پەرىدەگە زەردە بىلەن تۇتقۇزدى.

— ئاله، قېيناناڭ ساڭا ئەۋەتتىغۇ دەيمەن بۇ نەرسىلەرنى. ھەقىچان ماڭا نېمە ئەۋەتتىكىن دەپ تەمە قىلىپ، ئىشتىھا ساقلاپ ئولتۇرغان بولغىيدىڭ. ئالدامچى كۆچۈك.

پەرىدە دادىسىنىڭ ئالدىدا ئىزا تارتىپ پاڭگىدە يىغلىۋەتتى.

— ئۈششۈقلۇق قىلىپ قورقۇتىمەن دەمسەن مېنى، — دېدى زۆھرە خانىم تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، — بولدى، مەن سەندىن قورقتۇم. دەرھال خەۋەر قىل، ھازىرلا كىرسۇن. ئەتىلا توي قىلىمەن دېسەڭمۇ مەيلى. ئەرگە بېرىپلا قۇتۇلاي زادى. خېلى ياۋاش بالا بولدى دېسەم، مۈڭگۈزۈڭ ئىچىڭدىكەن. ئەتە - ئۆگۈن بۇنىڭدىن چوڭراق ئالدامچىلىقنى پىلانلاپ يۈزۈمنى تۆكۈپ يۈرمە يەنە.

— ئانا، ئاچامغا ئۇۋال قىلماساڭچۇ، — دېدى پەخرىدىن، — ئاچامدا گۇناھ يوق. بۇ ئىشلارنى مەن پىلانلىغان.

— بىلىمەن. بەك ئوبدان پىلانلاپسەن، — دېدى زۆھرە خانىم كانىيىنى ئېسىپ، — ھۆ ئالدامچى دۆيۈز.

پەزىلەت، پەخرىدىن خىرىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى.

— ئىككىڭگە تاماشا بولغان ئوخشىمامدۇ، — دېدى زۆھرە خانىم تېرىكىپ.

— خاپا بولمىغىنا، ئانا، — دېدى پەخرىدىن بىر پىيالە سوغۇق چاي قويۇپ ئانىسىغا تۇتۇپ، — سىزنى بۇنداق ئاچچىقلاپ كېتەر دەپ ئويلىماپتىمىز.

زۆھرە خانىم ئۆسساپ كەتكەنىدى. پەخرىئىينىڭ قولىدىكى چاينى سىلكىپ دېگۈدەك ئالدى - دە، غورتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى. ئانىسىنىڭ بىرئاز ئاچچىقى يانغانلىقىنى ھېس قىلغان پەرزەنتمۇ خۇشامەت قىلىشقا باشلىدى.

— سەن ئاچامنى گەپكە كىرگۈزەلمەي، ئاچام ساڭا گەپ يېگۈزەلمەي بەكلا ئاۋارە بولۇپ كېتىشتىڭلا. شۇڭا، بۇ ئىشنى ھەل قىلايلى دەپ بۇ چارىنى ئويلاپ تاپقان. خاپا بولمىغىن، ئانا. راستىنىلا سېنى رەنجىتىپ قالا، دەپ ئويلىماپتىمىز.

— ئابدۇساتتار ئاكامنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنىمۇ ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭ ئەينا، — دېدى پەخرىدىن، — ئەمدى بۇ ئىشقا ئۆزۈڭ بىرنېمە دە. بىز ئاچام ئۈچۈن قىلىدىغان ئىشنى قىلىپ بولدۇق، ئەمدى سېنى ھەرگىز رەنجىتمەيمىز.

جاھاندا يۇمشاقلىقتا ئانىنىڭ كۆڭلىنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان نەرسە يوق. ئۈچ بالىسىنىڭ يالۋۇرۇپ كۆڭۈل قويۇشى، پەرىدەنىڭ گۇناھكارلاردەك كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇشى زۆھرە خانىمنىڭ كۆڭلىنى شۇررىدە ئېرىتتى.

— قىلىدىغاننى قىلىپ بولۇپ يالۋۇرۇپ كېتىشلىرىنى بۇ ئالدامچىلارنىڭ، — دېدى ئانا پەيلىدىن يېنىپ، — بولىدىغان ئىش بولۇپ بولدى، ئەمدى مەن نېمە دەيمەن. ئاچاڭلارنىڭ ئەھۋالى شۇ. ياق دېسەم، چوقۇم مەندىن كېچىشى ئېنىق. سىلەر مەندىن كەچكەن بىلەن مەن سىلەردىن ھەرگىز كېچەلمەيمەن، بالام.

— جېنىم ئانا، ھەرگىز ئۇنداق دېمىگىن، — دېدى پەرىدە كۆز يېشىنى يامغۇردەك تۆكۈپ، — سەندىن قانداقمۇ كېچەلەيمەن، جېنىم ئانا. رەنجىمىگىن، سەنلا خۇش بولىدىغان ئىش بولسا، نېمە دېسەڭ مەن شۇنىڭغا رازى. ھازىردىن باشلاپ سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلايمەن. لېكىن، ھېلىقىدەك گەپنى ئەمدى ھەرگىز قىلما. سەن دېگەن مېنىڭ ئانام، جاھاندىكى ئەڭ سۆيۈملۈك ئادىمىم...

پەرىدە بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. زۆھرە خانىمنىڭمۇ كۆزىگە ياش كەلدى. ھەئە، شۇ تاپتا

www.uyghurkitap.com

ئۆنىڭ پەردەگە ئىچى ئاغرىپ قالغان، بايا دېگەن گەپلىرىگە پۇشايمان قىلىپ قالغانىدى.

— بولدى يىغلىما، سەندىن رەنجىمىدىم. خاتىرجەم بول، مەن بۇ تويغا قوشۇلدۇم.

— راستىمۇ، ئانا، — دېدى پەخرىنىساي خۇش بولۇپ، — ئەجەب ياخشى بولدى.

— بولدى، بالىلىرىم. ئاناڭلانى بىردەم ئارامىدا قويۇڭلا، — دېدى قادىر ئەپەندى، — ئاناڭلا ھەرگىز گېپىڭدىن يېنىۋالمايدۇ. راست گەپنى قىلغاندا، سىلەرمۇ سەل ئاشۇرۇۋېتىپسىلەر. ئەسلىدە بۇ ئىشنىڭ بۇنىڭدىن باشقىمۇ ھەل قىلىش ئۇسۇلى بار ئىدى. بولدىلا، ئەمدى بۇ ئىشلارنى دېيىشمەيلى. پەرىدە، سەنمۇ ياتاق ئۆيۈڭگە كىرىپ ئارام ئال، قىزىم.

بالىلار ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كېتىشتى.

— سىلىمۇ بىردەم ئارام ئېلىۋالسىلا، خانىم، — دېدى قادىر ئەپەندى.

— بوپتۇلا، پەرىدەنىڭ رايىغا باقساق باقايلى، — دېدى ياتاق ئۆيىگە كىرگەن زۆھرە خانىم كىيىم ئالماشتۇرۇۋېتىپ.

— توغرا دېدىلە، بالىلامۇ بۇ ئىشنى قوراشتۇرىمىز دەپ ئاز جاپا تارتمىغاندەك قىلىدۇ. ئەمدى پەرىدەگە قوپاللىق قىلمىسىلا. بىچارە بالا ئىزا تارتىپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى.

— كىم ئۇنى ئادەم ئەخمەق قىلسۇن دەپتۇ، — دېدى زۆھرە خانىم پىسىڭگىدە كۈلۈپ، — قورقۇۋېتىڭ دېسە ئالتە كىشىلىك، قىلغان ئىشى بايىقىدەك. راست گەپنى قىلسام، قۇدىلارمۇ بولىدىغان ئادەملەردەك قىلىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە بالىلارغا شەھەردىن ئۆي تۇتۇپ بەرمىسە بولمايدۇ.

— بۇ تەرىپىگە باش قاتۇرمىسىلا. بۇ ئىشنى بالىلار ئۆزى ھەل قىلسۇن.

— ھەرھالدا قۇدىلارنىڭ سەمىگە سېلىپ قويمىساق بولمايدۇ.

شەھەردە ئۆي تۇتمىسا ، پەرىدە يېزىدىن شەھەرگە چىرىپ ئىشلەپ قېنىلىپ قالىدۇ .

— ئارىلىقى بەك يىراق بولمىغاندىكىن ، كۆيئوغلىمىز موتسىكلىتتىن بىرنى ئېلىپ شەھەردىن يېزىغا قاتناپ ئىشلە بولمىسا .

— ۋاي توۋا ، بىردەمدىلا كۆيئوغلىمىز دەپ كەتتىلىغۇ ؟ — دېدى زۆھرە خانىم پىسىڭگىدە كۈلۈپ .

— ھەقىقەتەن كۆيئوغۇل قىلىۋالغۇچىلىكى بار يىگىتكەن .

— قانداقلىقىنى تويدىن كېيىن بىلىمىز ، ئالدىراپ باھا بېرىۋەتمىسىلە ، — دېدى زۆھرە خانىم .

— ياتسىلا ، پۇت - قوللىرىنى تۇتۇپ قوياي ، — دېدى قادىر ئەپەندى زۆھرە خانىمنى كارىۋاتقا تارتىپ .

— ئۇنداق قىلمىسىلا ، بالىلار ئاڭلاپ قالىدۇ .

ئۇلارنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى پەسلەپ كەتتى .

## 42

پەرىدەنىڭ توي ئىشىغا زۆھرە خانىمنىڭ رازىلىق بېرىشى بۇ ئائىلىدە باشقىچە بىر قىزغىن كەيپىيات پەيدا قىلغانىدى . پەرىدە بۇ خۇش خەۋەرنى ئابدۇساتتارغا يەتكۈزگەن ، ئابدۇساتتارمۇ كېلەر شەنبە كۈنى ئانىسىنىڭ رەسمىي ئەلچىلىككە بارىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىۋەتكەنىدى . قىزلار زۆھرە خانىم بۇيرۇمىسىمۇ ئۆي ئىچىنى خۇددى ھېيتنىڭ ئالدىدا تازىلىغاندەك بىر قۇر تازىلاپ چىقتى .

بۇ ئىشتىن ھەممىدىن بەك خۇش بولغىنى يەنىلا پەزىلەت ئىدى .

«توي ئىشىدا ئاچامنىڭ رايىغا باققان ئانام ، چوقۇم مېنىڭ رايىمغىمۇ باقىدۇ» دەپ ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى خۇش قىلاتتى ئۇ .

— بىزمۇ بولغۇسى قۇدىلارنى راۋۇرۇس كۈتۈۋالمىساق

www.uyghurkitap.com

بولمايدۇ، — دېدى زۆھرە خانىم بىر كۈنى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا، — ئاز دېگەندە ئون قازان ئاسمىساق بولمايدۇ.

— ئون قازان ئاسساق ئاز بولۇپ قالارمىكىن، — دېدى پەزىلەت، — ھازىر نانلىقتا ئون سەككىز - يىگىرمە قازان ئاسىدىغان ئىش چىقىپتۇ.

— ئۇ دېگەن نانلىقنىڭ قازىنى، — دېدى زۆھرە خانىم چۈشەندۈرۈپ، — بۇ قېتىم ئۇلار سۆز سالغىلى ئەلچىلىككە كېلىدۇ. شۇڭا، ئون قازان ئاسساق بولىدۇ. رەسمىي نانلىق قىلغىلى كەلگەن ۋاقتىدا يىگىرمە قازان ئاسماي بولمايدۇ.

— مەن دوستلىرىمدىن بىر - ئىككىنى تۇۋلاي، ياردەملەشسۇن.

— بۇ قېتىمقى مېھماندارچىلىقتا ئۆزىمىز يېتىشەلەيمىز. بەلكىم ئانچە جىق مېھمان كەلمەسلىكى مۇمكىن، — زۆھرە خانىم پەرىدەگە قاراپ دېدى، — سەن ئۇقۇشۇپ باق، قانچە مېھمان ئېلىپ كېلىدىكەن.

— تۆت - بەشتىن ئارتۇق مېھمان كەلمەيدىغاندەك قىلىدۇ.

— ھە، مۇشۇ مۇۋاپىق، — دېدى زۆھرە خانىم، — نانلىقتا يىگىرمە مېھمان ئېلىپ كەلسە بولا، ئۇنىڭدىن جىق ئېلىپ كەلسىمۇ ئۆيىمىز تارچىلىق كېلىپ قالىدۇ.

پەخرىدىن ئاياللارنىڭ پارىڭىدىن زېرىككەنمۇ ياكى ئۆزىنىڭ تويى ئىشىنىڭ غېمىدە قالدىمۇ، ئاستا ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

— قېيىناتاڭلار بىلەن كۆرۈشتۈم، — دېدى قادىر ئەپەندى پەخرىدىننىڭ كەينىدىن كىرىپ.

— نېمە دېدى؟ — سورىدى پەخرىدىن ئالدىراپ.

— بەك ئېسىل ئادەمكەن، ماقۇل دېدى. چوڭ قىزىمىزنىڭ تويىنى پات يېقىندا قىلىۋېتىپ، ئاندىن رەسمىي ئەلچىلىككە بارىمىز دەپ قويدۇم.

— رەھمەت، دادا، — دېدى پەخرىدىن خۇش بولۇپ، — ئانام ئۇنامدۇ؟

— ۋاقتى كەلگەندە ئۇنتامىز ياكى بولمىسا يەنە بىرەر ئويۇن ئويناسىلە.

پەخرىدىن كۈلۈپ كەتتى.

— پەرىدە ئاچامنىڭ ئىشىدا ئۇنىڭدىن باشقا ئامال تاپالمىدۇق. سەن ئاللىقاچان سېزىپ قاپتىكەنسەن - ھە، دادا.

— مەنمۇ دەسلەپتە سەزمىگەن. ئۇ ئۆيگە چىقىپلا ھېلىقى يىگىتنى كۆرۈپ سەل گۇمانلاندىم. قارىسام، ئۇ يىگىت ئاناڭ بىلەن مەندىن بەكلا تارتىنىدى. سېنىڭ دوستۇڭ بولۇپ باشقا مەقسىتى بولمىسا، ئۆزىنى ئەركىن - ئازادە تۇتقان بولاتتى. شۇنىڭغا قاراپ ھە بۇ ئىشتا بىر ئويان بار ئىكەن، دەپ ئويلىغانىدىم. كېيىن ئاناڭمۇ سېزىپ قاپتۇ.

— بىزدىن رەنجىدىڭمۇ، دادا؟

— ياق، رەنجىمىدىم. سىلەمۇ ئىلاجسىزلىقتىن شۇنداق قىلغان تۇرساڭلا. بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق ئىشنى بار مەسلىھەت بىلەن قىلايلى، بالام. بەزەن ئىشلار قاملاشمىسا، ئاتا - ئانا بولغۇچى ئوسال بولۇپ قالىدىغان ئىش چىقىدۇ.

— ماقۇل، ئىشقىلىپ، پەرىدە ئاچامنىڭ توي ئىشىغا قوشۇلغانلىقىڭلاردىن بەك خۇش بولدۇم، ئانامدىن بەك ئەنسىرىگەنىدىم.

— ئەمەلىيەتتە، ئاناڭنىڭ باغرى بەك يۇمشاق. سىلەرنىڭ غېمىڭلارنى يەپ، كەلگۈسىڭلاردىن خاتىرجەم بولالماي شۇنداق قىلىدۇ. سىلەرنى بەختىسىز بولۇپ قالامسىكەن، خاتىرجەم، خۇشال - خۇرام ياشىسىكەن، دەيدۇ.

— مېنىڭ ئىشىمدا ئانامغا بەكرەك نەسىھەت قىلارسەن.

— خاتىرجەم بول. پەزىلەت ئاچاڭنىڭ توي ئىشىمۇ بار، تېخى.

— پەزىلەت ئاچامنىڭ توي ئىشىدىمۇ رايىغا باقساڭلا بەك ياخشى بولاتتى. ئەمەلىيەتتە پەزىلەت ئاچامنىڭ يىگىتىمۇ ئانام دېگەندەك ساتىراش ئەمەس.

— تونۇشىدىغان ئوخشىمامسەن ؟

— تېخى تونۇشمايمەن . سىرتىدىن بىلىمەن . شەھىرىمىزدە خېلىلا داڭقى بار ئۇنىڭ .

— دېگىنە ، ئاساسلىق كەسپى نېمە زادى ؟

— ھازىر مودا بولۇۋاتقان يېڭى كەسىپ . بۇنى ھۆسن تۈزەش دەيمىز . بۇ چاچ پاسوننى لايىھىلەش ، پەرداز قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . پەرداز قىلىش دېگىنىمىز ، نوقۇل پەرداز قىلىشلا ئەمەس . ئەر ـ ئاياللارنىڭ چىراي گۈزەللىكىنى ساقلاش ، يۈز تېرىسىنى ئاسراش ، بۇزۇلغان تېرىلەرنى داۋالاش ، يۈزىگە داغ ـ قورۇق چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، دېگەندەك ئىلمىي تېخنىكىلار . ھەممىدىن مۇھىمى ھۆسن تۈزەش كەسپى . مەسىلەن ، دانىخورەك ، تاتۇق ، توشقانكالپۇك ، بۇرنى پاناق بولۇش ، تاقىر باشلارغا چاچ چىقىرىش ، قوش قاپاق چىقىرىش ، يۈز شەكلى مايماق بولۇشنى داۋالاش ؛ ئاندىن ئوتتۇرا ياش ، ياشانغان ئاياللارنىڭ يۈزىدىكى قورۇقلارنى يوقىتىش ، زىيادە سەمرىپ كەتكەنلەرنى ئورۇقلىتىپ ، بەدەن شەكلىنى تۈزەش ، سالامەتلىككە ئائىت تېببىي ساۋاتلاردىن مەسلىھەت بېرىش قاتارلىقلار . بۇ دېگەن ھازىر ئادەملەر ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەر . پەزىلەت ئاچامنىڭ يىگىتى ئىچكىرىدىكى داڭلىق تېببىي ئىنستىتۇتتا مەخسۇس تەربىيىلىنىپ كەپتىكەن ، ئۇنى مۇشۇ كەسپىنىڭ مۇتەخەسسىسى دېيىشكە بولىدۇ . بىلەمسەن ، دادا ، ئەسلىدە ئۇ ئۇرۇمچىدە ئىش باشلىماقچى بولغانىكەن ، پەقەت پەزىلەت ئاچامنى دەپلا قايتىپ كەپتۇ . تىجارەت ئەھۋالى بەك ياخشى . ئانام نەدىن ئاڭلىدىكىن ، بۇ كەسپىنى تۈزۈك چۈشەنمەي ، ھە دېسىلا ساتىراش دەپ پەزىلەت ئاچامنىڭ زىتىغا تېگىدۇ . تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ قويايلى دېسەك تېخى ، گېپىمىزنى ئاڭلىمايدۇ .

قادىر ئەپەندى كۈلدى .

— ئاناڭلارنىڭ مىجەزى ئاشۇنداق چۈس ، ھەرگىز رەنجىمەڭلار .

— رەنجىشكە ھەددىمىزمۇ . ساڭا بىر ئىشنى دەپ بېرەي ، دادا ، لېكىن ھېچكىمگە دېمە .

— نېمە ئىش ئۇ ؟

— بىز پەزىلەت ئاچامنىڭ ئىشىدىمۇ پەرىدە ئاچامنىڭ ئىشىغا ئوخشاش بىر ئويۇن ئويناشنى مەسلىھەتلەشكەن .

— ئويان ئويناشنى ؟ — دېدى قادىر ئەپەندى قىزىقىپ .

— بىز ئـانـامنى قايـىل قىـلـــــش ئۈچۈن ، پەزىلەت ئـاچـامنىڭ يىگىتىگە ئـانـامنى ھۆسن تۈزەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرايلى دېگەن .

— ئاناڭلارنىڭ چىرايى بىر ئوبدان تۇرمامدۇ ، يا بۇرنى پاناق ئەمەس ، يا توشقانكالپۇك ئەمەس .

— سەن تېخىچە ھېس قىلماپسەن - دە ، — دېدى پەخرىدىن كۈلۈپ ، — ئانامنىڭ چىرايىدىكى قورۇقلارغا دىققەت قىلمىدىڭمۇ ؟ پەخرىئايىنىڭ دېيىشىچە ، ئانامنىڭ ئۇرۇمچىـــگە بېرىپ ھۆسن تۈزەتكۈسى بار ئىكەن . ئارىلىقنى يىراق كۆرۈپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، سېنىڭ قوشۇلماسلىقىڭدىن ئەنسىرەپ تۇرۇپ قاپتۇ ، پەخرىئاي پەزىلەت ئاچامنىڭ لايىقىنىڭ ئىسمىنى چىقارماي ، شەھىرىمىزدە ئاشۇنداق ئۇستا مۇتەخەسسىسنىڭ بارلىقىنى ئېيتقانىكەن ، ئانام بەكلا قىزىقىپ قاپتۇ . ئانامنىڭ پەرىدە ئاچامنىڭ تويىدىن بۇرۇن ھۆسن تۈزەتكۈسى بار ئىكەن .

— ئەمىسە ، نېمىشقا قىلغۇزماپتۇ ؟

— سەندىن ئەنسىرەپ بولمامدۇ ، شۇ تاپتا ئانام سېنىڭ بىر يەرگە بىرەر ھەپتىلىك كاماندىروپكىغا چىقىشىـڭنـــى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ . سەن ئانامغا شارائىت ھازىرلاپ بەرسەڭ بولاتتى ، دادا . پەخرىئايىنىڭ دېيىشىچە ، ئانامنىڭ خېلى جىق دوستى ھۆسن تۈزىتىپتۇمىش .

— بۇ ئىش ھەقىقەتەن ئىشەنچلىك بولسا ، مېنىڭ پىكرىم يوق . مەنمۇ ئاناڭنى خۇش بولسا دەيمەن . ئۇ سىلىنى باقمەن ، مېنى كۈتىمەن دەپ ئاشۇنداق جاپا تارتتى ، چىرايىغىمۇ تېز قورۇق

چۈشۈپ كەتتى . ئۆز ۋاقتىدا ئاجايىپ چىرايلىق قىز ئىدى . ئانىڭ بىلەن توي قىلالىغانلىقىمدىن ھازىرغىچە خۇشال .

— شۇڭا ، ئانامنى بەك ھۆرمەتلەيدىكەنسەن ـ دە .

— ئەلۋەتتە ، — دېدى قادىر ئەپەندى ، مەمنۇنلۇق بىلەن ، — سەنمۇ ئايالىڭنى ھۆرمەتلىسەڭ بولىدۇ ، بالام . ھەدىسلەردە دېيىلىشىچە ، پەيغەمبىرىمىزمۇ ئايالىنى بەك ھۆرمەتلەيدىكەن . ئاياللار دېگەن يالغۇز پەرزەنتنىڭلا ئانىسى ئەمەس ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئانىسى . يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرمۇ ئاياللار بىزنىڭ ۋەتىنىمىز دەپ توغرا ئېيتقان . ئۆزىنى ھەقىقىي ئەركەك سانايدىغان ھەربىر ئوغۇل بالا ئايالىنى ، شۇنداقلا ئاياللارنى ھۆرمەتلىشى كېرەك . بۇ دېگەن ئەركەكلىكنىڭ ئاددىي بەلگىسى .

— ئۇنداق بولسا ، ئانامغا بىر شارائىت ھازىرلاپ بەرمەمسەن . ئانام ئاشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھۆسن تۈزىتىۋالسۇن .

— بۇ ئاسان . ئەتىلا كاماندىروپكىغا چىقسام بولىدۇ . ئىدارىدىمۇ سىرتقا چىقىدىغان ئادەم يېتىشتۈرەلمەي تۇرغان شۇ تاپتا .

— بەك ياخشى بولدى . بۇ مەخپىي ھەرىكەتكە سەنمۇ قېتىلدىڭ مانا .

— دېدىمغۇ بايا ، ھەرقانداق ئىش بولسا با مەسلىھەت قىلىلى دەپ ، ياخشى مەسلىھەت بولسا مەنمۇ ھەرگىز ياق دېمەيمەن . لېكىن ، بۇ ئىشتىن مېنىڭ خەۋىرىم بارلىقىنى ئاناڭلىغا چاندۇرماڭلا . مەندىن خىجىل بولۇپ قالغان گەپ ، شۇڭا مەنمۇ ئۇقمىغان بولاي . باھانىدە ئاناڭلارمۇ خۇش بولۇپ قالسۇن . بىراق ، ھۆسن تۈزەش ئوپېراتسىيىسىدىن چاتاق چىقماس ـ ھە .

— خاتىرجەم بول ، ھەرگىز چاتاق چىقمايدۇ . پەزىلەت ھەممە ئىشلارنى تەپسىلىي ئىگىلەپتۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، بۇ بەك چوڭ ئوپېراتسىيىمۇ ھېسابلانماسمىش .

— ئوپېراتسىيە چوڭ بولمىغان بىلەن چىراي بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەسمۇ . چىراي دېگەن ئادەم ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم .

مەن ئۇچۇنغۇ ئاناڭنىڭ ئاشۇ تۇرقىمۇ يەنىلا چىرايلىق. بوپتۇ، ئۆزىنىڭ ئارزۇسى شۇ بولسا.

— ئەمىسە، مەن پەزىلەت، پەخرىئايلارغا خەۋەر قىلاي.

— ئۆزۈڭلار بىلىڭلار.

— مەن تويدىن كېيىن ئايرىم ئۆي تۇتايمىكىن دەيمەن، — دېدى پەخرىدىن ئويلانغان هالدا.

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىسەن ـ دە، — دېدى قادىر ئەپەندى، — دادا ـ بالا كاتەكتەك بۇ ئۆيدە بىللە تۇرساقمۇ قاملاشماس. سىلە ياشلارنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭلارمۇ جىق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە.

دادىسىنىڭ چاقچىقىنىڭ تېگىگە يەتكەن پەخرىدىن خىجىللىق ئارىلاش كۈلدى.

— بىزنىڭ ئىدارىدە يېڭىدىن بىنا سالغان، تىزىملاتماي ئېشىپ قالغان يەنە ئۈچ يۈرۈش ئۆي بار ئىكەن. تىزىملىتايمۇ ئەمىسە.

— ئالدىن نەچچە پۇل تاپشۇرىدىكەنسىلەر؟

— 20 مىڭ كوي تاپشۇرىدىكەنمىز.

— هەقىچان سىنىڭ ئۇنچىلىك پۇلۇڭ يوققۇ دەيمەن.

— تويغا ئاتاپ جۇغلاپ قويغان 20 مىڭ كويدەك پۇلۇم بار.

— ئەمىسە تىزىملىتىۋە. مەندىمۇ سىنىڭ تويۇڭغا ئاتاپ جۇغلاپ قويغان پۇل بار. تويۇڭنى قىلىپ قويۇش بىزنىڭ پەرزىمىز. سىنىڭ پۇلۇڭنىڭ لازىمى يوق.

— تۈنۈگۈن گۈلناز بىلەن مەسلىھەتلەشكەنىدىم. هازىرچە يىنىمدىكى پۇلنى تاپشۇرۇپ ئۆينى ئالغاچ تۇرسام، كەملىگەن قىسمىغا تويدىن كېيىن بانكىدىن قەرز ئالىدىغان بولدۇق.

— ياخشى مەسلىھەت بوپتۇ، بالام. ئاشۇنچىلىك ئىشلاردا بىر مەسلىھەتكە كېلەلىگەن بولساڭلار، ياخشى قىز بالىغا ئۇچراپسەن.

— پەزىلەت ئاچامنىڭ توي ئىشىغىمۇ ياردەم قىلارسەن. ئۇ ئاشۇ يىگىتتىن باشقا هېچكىم بىلەن توي قىلمايدىغاندەك قىلىدۇ.

— بۇ ئىشنى ۋاقتىدا كەلگەندە مەسلىھەتلىشەيلى . ئۇلار بىر - بىرىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈشسە ، مېنىڭ باشقا پىكرىم يوق .

دادا - بالا يەنە ئۇزاق مۇڭداشتى .

## 43

زۆھرە خانىم ھۆسن تۈزىتىپ ، چىرايىدىكى قورۇقلارنى يوقىتىش ئارزۇسىنىڭ كۈنساناپ كۈچىيىشى ۋە پەخرىئايىنىڭ قىزىقتۇرۇشى ۋەسۋەسىگە سېلىشى بىلەن ، بۈگۈن قادىر ئەپەندى كاماندىروپكىغا كەتكەن ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ قۇتلۇقنىڭ ھۆسن تۈزەش دوختۇرخانىسىغا كەلدى . ھەئە ، يول بويى تۈرلۈك گادىرماچ خىياللار ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالدى . شۇ تاپتا ئۇ قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى . ۋۇجۇدىدا ھۆسن تۈزىتىپ چىرايىدىكى قورۇقلاردىن قۇتۇلغاندىن كېيىنكى بولىدىغان خۇشاللىقمۇ ، ئوپېراتسىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولماسلىقىدىن خەۋپسىرەپ چۆلغىۋالغان ئەندىشىلەرمۇ ، ئېرى ۋە ئائىلىكىملەرنىڭ بۇ ئىشقا بولغان كۆزقارىشى ھەققىدىكى قىياسلارمۇ بار ئىدى . پات - پات پەخرىئايدىن خۇددى كىچىك بالىلارغا ئوخشاش سوئال سوراپ قوياتتى .

— ئوپېراتسىيىدىن چاتاق چىقماس - ھە .

— خاتىرجەم بوله ، ئانا .

— ئاغرىپ كېتەمۇ ؟

— مەست قىلىدىغان تۇرسا ، قىلچىلىك ئاغرىمايدۇ .

— ھېچنېمىنى تۇيمايلا قالامەنمۇ ؟

— يۇز قىسمىڭىزنىڭ نېرۋىلىرىنى مەست قىلىشى مۇمكىن . ھەممىنى بىلىپ تۇرىسەن .

— ئۇنداق بولسا قورقۇپ كېتەرمەنمىكىن . ئەڭ ياخشىسى ، پۈتۈن بەدىنىمنى مەست قىلىۋەتسۇن ، ھېچنېمىنى بىلمەيلا قالاي .

— پۈتۈن مەست قىلسا ، خەتەرلىك . ئۈنىڭ ئۈستىگە ، بۇ چوڭ ئوپېراتسىيە ئەمەس . ئەڭ ياخشىسى ، دوختۇرنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلايلى .

— ئەمىسە ، ھەممە ئىشنى ساڭا تاپشۇردۇم . دوختۇر بىلەن ئۆزۈڭ مەسلىھەتلەش . مەن ھېچ ئىشنى بىلمىگەن بولاي . ماڭا مەسلىھەت سالساڭ قورقۇپ قالىمەن . ئەستاغپۇرۇللا ، پەرىدە ئاچاڭ بىلەن پەزىلەت ئاچاڭمۇ كەلسۇنمىيا .

ئانىنىڭ ئەندىشىلىك سوئاللىرى پەخرىئايىنىمۇ ئىككى تايىن قىلىپ قويغانىدى . ھەئە ، شۇ تاپتا ئۈنىڭ ئىشەنچىمۇ بارا ـ بارا سۇسلىشىپ كېتىۋاتاتتى ، شۇڭلاشقا ئانىسىنىڭ گېپى ياغدەك ياقتى .

— پەرىدە ئاچام بىلەن پەزىلەت ئاچامغا تېلېفون قىلايمۇ ئەمىسە .

— تېلېفون قىلغىن ، ئۇلامۇ كەلسۇن . كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈمى ئاشكارا دەپتىكەن . بەرىبىر بىلىدۇغۇ ئۇلا . تايىنلىق كېلىپ قېشىمدا تۇرسۇن . ئۈنىڭ ئۈستىگە ، سەن كىچىك تۇساڭ .

پەخرىئاي ئاۋۋال پەرىدەگە ، ئاندىن پەزىلەتكە تېلېفون قىلدى . ئۇلارمۇ تەييار بولۇپ تۇرغان ، ئانىسى ئوپېراتسىيىگە كىرىشى ھامان ئۇلار دەرھال كېلىدىغان بولۇپ مەسلىھەتلەشكەنىدى . پەرىدە ئانىسىنىڭ قارارىنى ئاڭلاپ ، ھازىرلا بارىمەن ، دېدى . پەزىلەت پەخرىئايىنى خېلىلا رىغبەتلەندۈردى .

— خاتىرجەم بولۇپ ئانامنى باشلاپ بېرىۋەر . قۇتلۇققا تېلېفون قىلىۋەتتىم . مەنمۇ ھازىرلا يېتىپ بارىمەن .

زۆھرە خانىم «قۇتلۇق ھۆسن تۈزەش ، گۈزەللەشتۈرۈش دوختۇرخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكىغا بىرھازا قارىدى . ۋىۋىسكىنىڭ يېنىدىكى تۈرلۈك داۋالاش تۈرلىرى ، مۇلازىمەت ۋەدىلىرى يېزىلغان چۈشەندۈرۈشلەرنى تەپسىلىي ئوقۇدى . ئاندىن : «بىسمىللا» دەپ بوسۇغىدىن ئاتلىدى .

قۇتلۇق ئۇلارنى ئىشخانىسىدا ساقلاپ ئولتۇرغانىدى . زۆھرە

www.uyghurkitap.com

خانىمدىن ئادەتتىكى بىمارغا ئوخشاش سالامەتلىك ئەھۋالىنى سورىدى، چىرايىدىكى قورۇقلارنى تەپسىلىي تەكشۈردى.

— يۈز تېرىلىرىنىڭ ئېلاستىكلىقى خېلىلا ياخشىكەن خانىم، — دېدى قۇتلۇق، — قورۇقلارنىڭ دەرىجىسىنى ئانچە ئېغىر دېگىلى بولمايدۇ. كۆپىنچىسى يېڭى چۈشكەن قورۇقلار ئىكەن. ۋاقتىدا كەپلا، داۋالاش ئۈنۈمى ئىنتايىن ياخشى بولىدۇ.

— دوختۇر، چاتاق چىقماس - ھە، — دېدى زۆھرە خانىم ئەندىشىسىنى يوشۇرالماي، — چاپىقىنى ئالىمەن دەپ كۆزىنى قارىغۇ قىپتۇ دېگەندەك ئىش بولۇپ قالمىسۇن دەيمەنا.

— ماڭا ئىشىنىسىلە، — دېدى قۇتلۇق كۈلۈپ ۋە ئۈستىلىنىڭ بىر چېتىدىكى ئالبومنى ئېلىپ زۆھرە خانىمغا تەڭلىدى.

— مانا قارىسىلا، بۇ سۈرەتلەر مەندە داۋالانغان بىمارلارنىڭ ئوپېراتسىيىدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى سۈرىتى.

زۆھرە خانىم ئالبومنى تەپسىلىي ۋاراقلاشقا باشلىدى.

— ۋاي، بۇ تاجىنىساغۇ، — دېدى ئۇ بىر سۈرەتكە تىكىلىپ قاراپ، — ئۇرۇمچىدە داۋالاندىم دەيدۇ تېخى.

— مەندە داۋالانغان، — دېدى قۇتلۇق مەغرۇرلۇق بىلەن.

— بولدى، مەن قەتئىي نىيەتكە كەلدىم. ئوپېراتسىيىنى ھازىر قىلامىلا، دوختۇر.

— ئاۋۋال سالامەتلىكلىرىنى تەكشۈرۈپ باقايلى. بولۇپمۇ قان بېسىملىرىنى، يۈرەك ھەرىكەتلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرمىسەك بولمايدۇ.

قۇتلۇق تەكشۈرۈش جەدۋىلىنى تولدۇرۇپ پەخرىئايغا تەڭلىدى.

— ئانىلىرىنى تەكشۈرتۈپ چىقسىلا، تەكشۈرۈش ئورنى كارىدورنىڭ ئۇ بېشىدا.

زۆھرە خانىم چىقىپ كېتىشى ھامان قۇتلۇقنىڭ ئىشخانىسىغا پەردە بىلەن پەزىلەت كىرىپ كەلدى.

— ئانام قېنى؟ — دېدى پەزىلەت سالام - سەھەتتىن كېيىن.

— ئوپېراتسىيىدىن ئاۋۋالقى تەكشۈرۈشكە كىرىپ كەتتى . بۇنچە ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق . سىلەر كەلمىسەڭلەرمۇ بولاتتى ، — دېدى قۇتلۇق .
— ئاناام خاتىرجەم بولالماي ئۆزى چاقىرتتى ، — دېدى پەزىلەت ، — سېنى تونۇپ قالمىغاندۇ - ھە .
— ئۆزىنىڭ غېمى بىلەن تۇرسا ، ماڭا قاراشقا نەدە چولىسى . ئەڭ ياخشىسى ، مېنى ساقىيىپ ، چىرايى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن تونۇسۇن . سىلەرنىڭ كەلگىنىڭلارمۇ ياخشى بولدى . چىرايلىق گەپلەر بىلەن خاتىرجەم قىلىڭلار ، كۆڭلىدىكى ئەندىشىلەر يوقالسا ، داۋالاشقا پايدىسى بار .
— ئوپېراتسىيىدىن ھەرگىز چاتاق چىقىرىپ قويمىغىن ، — دېدى پەزىلەت يەنە جېكىلەپ .
— سەنمۇ ماڭا ئىشەنمەمسەن ؟
— ئىشىنىمەن . شۇنداقتىمۇ تاپىلاپ قويدۇم .
— مەن ئانامنىڭ قېشىغا چىقاي ، — دېدى پەرىدە .
— توختا ، بىللە چىقايلى ، — دېدى پەزىلەت ، — ئانام قۇتلۇق بىلەن بىللە تۇرغىنىمنى كۆرسە گۇمانلىنىپ قالىدۇ .
زۆھرە خانىمنىڭ قان بېسىمى ، يۈرەك ھەرىكىتى نورمال چىقتى . ئوپېراتسىيىگە مۇناسىۋەتلىك گرافىلارغا پەرىدە ئىمزا قويدى .
— مە ، بۇ پۇلنى تاپشۇرىۋە ، — دېدى زۆھرە خانىم سومكىسىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ پەرىدەگە تەڭلەپ .
— رەسمىيەتنى ئۆتەپ بولدۇق ، — دېدى پەرىدە .
— سىلەرنى چىقىمدا قىلسام بولمايتتى ، بۇ پۇلنى يېنىڭغا سېلىپ قوي .
— بولدى ، ئانا . بۇنچىلىك چىقىمنى بىزنىڭ قىلغۇچىلىكىمىز بار ، ئەمدى سەن ھېچنېمىنى ئويلىما ، — دېدى پەزىلەت .
قۇتلۇق داۋالاش ھەققىنى ئالمايدىغانلىقىنى ئالدىن دەپ

قويغان ، پەزىلەتمۇ بوپتۇ دەپ تىكلەشمىگەنىدى .
زۆھرە خانىم ئوپېراتسىيە ئۆيىگە كىرىپ كەتتى .
قىزلارنىڭ كۆڭلىنى ئەندىشىلىك خىياللار چۇلغىۋالغانىدى .
— قورقۇۋاتامسىلە ؟ — سورىدى پەخرىئاي ئاچىلىرىدىن .
— قورقماي ئەمىسە ، — دېدى پەرىدە خىيالدىن باش
كۆتۈرۈپ ، — ئوپېراتسىيىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قارىماي
ئوخشاشلا سۆرى بار ئىكەن ، بىرقىسىملا بولۇپ قېلىۋاتىمەن .
خۇدايىم ئاسانلىق بېرەر .
— مەنمۇ شۇ ، — دېدى پەزىلەت ، — مېنىڭ تەقدىرىم مۇشۇ
ئوپېراتسىيىگە باغلىق بولۇپ قالغان تۇرسا .
— ئوپېراتسىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ ، ئانام يەنىلا
قوشۇلمىسا ، چىرايىدىكى قورۇقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ
قويغۇدەكسەن - دە ، ئۇنداق بولسا ، — دېدى پەخرىئاي ئاچىسى
بىلەن چېقىشىپ .
— نېمە دەيدۇ ماۋۇ شۇم ئېغىز ، — دېدى پەزىلەت
تېرىكىپ ، — ئادەم تىت - تىت بولاپ تۇرسا ، نەدىكى قاملاشمىغان
چاقچاقنى قىلىپ .
— سېنى كۆلدۈرەي دېگەن ، — دېدى پەخرىئاي ، —
چىرايىڭنى ئېچىپ تۇرە ، ئەمىسە . مۇشۇ تۇرقۇڭنى ئانام كۆرىدىغان
بولسا ، ئوپېراتسىيىدىن ئاللىقاچان يېنىۋالاتتى . قاراپ باقە
ئەينەككە ، چىرايىڭ نېمە بولۇپ كېتىپتۇ .
پەخرىئاينىڭ گېپىگە ئاچىلىرى كۆلمىدى ، پەخرىئايمۇ بىردەم
تاغدىن - باغدىن سۆزلەپ جىمىپ قالدى . شۇ تاپتا ۋاقىت ئۇلار
ئۈچۈن بەكمۇ ئاستا ئۆتۈۋاتاتتى . قىزلار پات - پات سائىتىگە قاراپ
قوياتتى . تىرىق قىلغان ئاۋازدىنمۇ چۆچۈشۈپ بىر - بىرىگە
قارايتتى ، كۆزلىرىدە بىر پاتمان ئەندىشە بار ئىدى .
— ئەنە ، قۇتلۇق ئاكام چىقتى ، — دېدى پەخرىئاي
ئوپېراتسىيە ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئىما قىلىپ .
قىزلار چەكسىز ئۈمىد بىلەن قۇتلۇققا قاراشتى .

— قانداق بولدى؟ — سورىدى جىددىيلىشىپ گېلى قۇرۇپ كەتكەن پەزىلەت ئاران زوۋانغا كېلىپ .

— ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى ، — دېدى قۇتلۇق ئۆزىگە ئىشەنگەن هالدا ، — ئىككى هەپتىگە قالماي تولۇق ساقىيىپ كېتىدۇ .

— ئانامنى كۆرگىلى كىرسەك بولامدۇ؟ — سورىدى پەزىلەت .

— بىرئاز تەخىر قىل ، سېسترالار ياتاقنى دېزىنفېكسىيە قىلىۋاتىدۇ . ياتاققا ئەچىققاندىن كېيىن كۆرۈڭلار .

زۆهرە خانىمنىڭ كۆزى بىلەن ئاغزىنى ئوچۇق قويۇپ يۈزىنى پۈتۈنلەي تېڭىۋەتكەنىدى ، تومۇرىدىن ئاسما ئوكۇل مېڭىۋاتاتتى .

— ئانا ، — دېدى قىزلار زۆهرە خانىمنىڭ قولىنى تۇتۇپ .

زۆهرە خانىمدىن سادا چىقمىدى ، ئۇ يەڭگىل پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى .

— ناركوزنىڭ تەسىرى تېخى تۈگىمىدى ، — دېدى قۇتلۇق ، — ئۇخلىغىلى قويۇڭلار . تازا بىر ئۇخلىۋالسا ئەسلىگە كېلىدۇ .

پەخرىئاي زۆهرە خانىمنىڭ قېشىدا قالدى . پەرىدە بىلەن پەزىلەت قۇتلۇققا ئەگىشىپ سىرتقا چىقتى .

— كەچتە تاماق يېسە بولامدۇ؟ — سورىدى پەزىلەت .

— بولىدۇ ، شوۋىگۈرۈچتەك بىر نەرسە بېرىڭلار .

— رەهمەت سىزگە . ئاۋارە قىلدۇق ، — دېدى پەرىدە .

— تۈزۈت قىلماڭ ، — دېدى قۇتلۇق ، — بۇ دېگەن مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم . سىلەر خاتىرجەم بولۇپ خىزمىتىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار ، مەخسۇس قارايدىغان سېسترا ئورۇنلاشتۇرىمەن .

قىزلار قۇتلۇق بىلەن خوشلىشىپ ئانىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ كىردى . زۆهرە خانىم تېخىچە ئۇخلاۋاتاتتى .

— مېنىڭ چۈشتىن كېيىن ئىككى سائەتلىك دەرسىم

بار ، — دېدى پەرىدە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ، — ئانامغا ھازىرچە ئىككىڭلار قاراڭلار ، كەچتە مەن قاراي .

— پەزىلەت ئاچا ، سەنمۇ خىزمىتىڭگە بېرىۋەر ، — دېدى پەخرىئاي ، — مەن ئىدارەمدىن رۇخسەت ئالغان ، كەچتىمۇ ئانامغا ئۆزۈم قارايمەن . ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن تاماق ئالغاچ كېلەرسىلەر .

— كەچتە ئانامغا ھەمراھ بولۇش ماڭا بىئەپ ، — دېدى پەزىلەت ، — بۇ يەردىكىلەر قۇتلۇق بىلەن مېنىڭ مۇناسىۋىتىمنى ئوبدان بىلىدۇ . ئانامغا ھەمراھ بولىمەن دەپ قونۇپ قالسام ، كەينىمدىن ئۇششاق گەپ چىقىپ قالمىسۇن يەنە . پەرىدە ئاچام بىلەن ئىككىڭلار دەملىنىشىپ ۋاقىت چىقىرىڭلار .

— شۇنداق قىلايلى . ئۇششاق گەپ پەيدا بولۇپ ، ئانامنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالسا ، ئانام قاتتىق رەنجىيدۇ ، — دېدى پەرىدە .

— ھە ، راست ، — دېدى پەخرىئاي بىر ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ ، — ئانامنىڭ دوستلىرى ئۇچراپ قالسا ، ئانامنىڭ بۇ يەردە داۋالىنىۋاتقانلىقىنى ھەرگىز دېمەڭلار . پەخرىدىنگىمۇ تاپىلاپ قويۇڭلار . ئانام ھېچكىم بىلىپ قالمىسۇن ، دېگەن .

— ئۇقتۇق ، — دېدى ئىككى ئاچىسى .

ياتاقتىن ئاۋۋال پەرىدە ، ئاندىن پەزىلەت يېنىپ چىقتى .

## 44

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، — دېدى پەخرىئاي يانفونىنى قۇلىقىغا تۇتۇپ ، — ھە ، نېمە دەيسەن ؟

ئۇنىڭغا ئاتىللا تېلېفون قىلغانىدى .

— سەن نەدە ؟ — دېدى يىگىت .

— ئىشقىلىپ ، يەر شارىدا بار .

— سېنىڭ مۇشۇ قوپاللىقىڭنىزە …

پەخرىئاي پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى .

— ھە ، گېپىڭ بولسا دېمەمسەن ، — دېدى قىز ئەركىلەپ ، — ئىككى ئېغىز ئەھۋال سورىماقتا يوق خۇددى ساقچىدەك سوراقلاپ كەتسەڭ ، ئاشۇنداق دېمەي نېمە دەيمەن ئەمىسە .
— كۆرۈشەيلى دېگەن .
— كۆرۈشۈپ نېمە قىلاتتىڭ ؟
يىگىت ئەمدى سالماقلىق بىلەن جاۋاب بەردى .
— بىر كۆرۈۋالاي دەيمەن ، بەك سېغىنىپ كەتتىم .
— ئۆلە ، ساراڭ ، — دېدى قىز ۋىلىقلاپ كۈلۈپ ، — ئىزا تارتمايدىغان قېلىن .
— ماقۇل دېگىن ، قېشىڭغا باراي .
— مەن ھازىر ئىشلەۋاتىمەن .
— رۇخسەت سورىساڭ بولىدۇغۇ ؟
— رۇخسەت بەرمەيدۇ .
— نېمىشقا ؟
— باشلىقىم بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىم .
— ئىشەنمەيمەن . قەستەن سەۋەب كۆرسىتىۋاتىسەن . ئىشخاناڭغا تېلېفون قىلسام ، رۇخسەت سورىدى دەيدۇ . ماڭا راست گەپ قىلغىن .
— ئىشىڭ يوقمۇ ، سىنىڭ ، ئاپشاركىدەك مېنىلا تىنىتىپ يۈرەمسەن ؟
— سەندىن باشقىسىغا كۆڭلۈم تارتمىسا .
— گەپكە بەك ئۇستا جۇمۇ ، سەن .
— ئۇنداق قىلما ، كۆرۈشەيلى . ئورنۇڭنى دەپ بەرگىن ھازىرلا يېتىپ بارىمەن .
— دەپ بەرسەم بولمايدۇ . رەنجىمىگىن ، كېيىن چۈشەندۈرۈپ قويىمەن .
— ئەجەب سىرلىق بولۇپ كېتىۋاتىسەنغۇ مۇشۇ كۈنلەردە . ھېچبولمىسا بار يېرىڭنى دەپ بەرگىن ، خاتىرجەم بولۇپ قالاي .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پەخرىئاي بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى .

— قۇتلۇق ھۆسن تۇزەش دوختۇرخانىسىدا .

— نېمە ئىش قىلىسەن ، ئۇ يەردە ؟

— بىر دوستۇمنىڭ ئانىسى ھۆسن تۈزەتكەن ، ھەمراھ بولۇشۇپ بېرىۋاتىمەن .

— مەنمۇ بارايمۇ ؟

— نېمە بار ، ساڭا .

— ھېچبولمىسا كەلگۈسىدىكى باجام بىلەن تونۇشۇپ قويارمەن .

— خام خىيالنى ئاز قىل ، ئەخمەق .

— ئاۋۋال بىر باراي ، يا خام خىيال بولا ، يا پىششىق خىيال بولا .

— ئاتىللا ، گېپىمنى ئاڭلا ، — دېدى پەخرىئاي جىددىيلىشىپ ، — بۇ يەرگە ھەرگىز كەلمە . قۇتلۇق ئاكام كۆرۈپ قالسا ، مېنى ئەخلاقسىز قىزكەن دەپ قالىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ يەردە ئاچاممۇ بار . گېپىمنى ئاڭلاپ ، سەل تەخىر قىل ، كەچتە كۆرۈشەيلى .

— گېپىڭ راست - ھە .

— چوقۇم ۋەدەمدە تۇرىمەن . ساڭا ئۆزۈم تېلېفون قىلاي .

— ئەڭ ياخشىسى ، مېنى ئالداپ قويما . تېلېفونۇڭنى كۈتىمەن ، — دېدى ئاتىللا تازا ئىشەنچ قىلالمىغان ھالدا .

پەخرىئاي ياتاقتا قايتىپ كىردى . ئانىسى ئانچە - مۇنچە جۆيلۈگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا خاتىرجەم ئۇخلاۋاتاتتى . سېستىرا زۆھرە خانىمنىڭ جۆيلۈشىنى ناركوزنىڭ تەسىرى دەپ چۈشەندۈرگەندى ، شۇڭلاشقا پەخرىئايمۇ ئانچە ئەنسىرەپ كەتمىدى .

«تاس قالدى بۇ يەرگە يۈگۈرۈپ كەلگىلى ، — دەپ ئويلىدى پەخرىئاي ، — دېمىسىمۇ خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى بىزگە

كۆرۈشمىگىلى . مەنمۇ ئاچام ، ئاكاملارنىڭ ئىشلىرى بىلەن چىپپىلا كەتتىمغۇتاڭ . دېگەنىبىلەن ئۆزۈممۇ سېغىنىپ قاپتىمەن ئاتىللانى . ناۋادا ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغىلى كېتىپ قالسام ، قانداق قىلارمىز كىنتاڭ . ئۇمۇ ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇسا بەك ياخشى بولاتتى . ئوقۇغۇچىلىق هايات نېمىدېگەن پەيزى ـ هە . بۇ قېتىم ئوقۇغىلى بارالىسام ئويۇن ـ تاماشىلارنى قايرىپ قويۇپ راۋۇرۇس ئۆگەنمىسەم بولمايدۇ . توي قىلىدىغان ئىشقا هەرگىز ئالدىرىمايمەن . ئاتىللامۇ قاقشىغان بىلەن چوقۇم ماقۇل ساقلايدۇ ، ئىمكان بار ئۇنىمۇ ئوقۇشقا بېرىشقا قايىل قىلاي . خۇدايىم هەر ئىككىلىمىزنى ئاسپىرانتلىقتىمۇ ، دوكتورلۇقتىمۇ بىللە ئوقۇشقا نېسىپ قىلار ئىلاھىم . ۋايجان ، بۇ ياتاقنىڭ ئىچى نېمانچە جىمجىت . ئانام ئويغانغان بولسىمۇ ئىككى ئېغىز مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتىم . كىتاب ياكى ژۇرنال ئېلىۋالسام بوپتىكەن . ئاتىللاغا تېلېفون قىلايمۇيا ؟ شۇنداق قىلاي ، كىتاب ئەكېلىپ بەرسۇن . ئۆزىمۇ ئويۇنچىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن كىتاب ئوقۇشقا بەك ئامراق ... »

پەخرىئاي كارىدورغا چىقىپ ئاتىللاغا تېلېفون قىلدى .

— نەدە كۆرۈشىمىز ؟ — دېدى ئاتىللا تېلېفوننى ئېلىپ .

— كۆرۈشۈشكە تېخى بالدۇر ، — دېدى پەخرىئاي ، — ماڭا ئوقۇپ ئولتۇرغۇدەك بىر كىتاب ئەكېلىپ بەرسەڭ بوپتىكەن .

— زېرىكىپ كەتكەن بولساڭ ، مەنلا قېشىڭغا بارسام بولامدۇ ؟

— دېدىمغۇ ، سەن كەلسەڭ بولمايدۇ دەپ ، كىتابنى ئەكېلىپ بېرىپ ئۆزۈڭ تېز كەت .

— قانداق كىتاب ئوقۇيسەن ؟

— ئىككى كۈندە ئوقۇپ بولالىغۇدەك روماندىن بىرنى ئەكېلىپ بەر .

— ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ روماندىن ئەكېلىپ بېرەيمۇ ياكى چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭكىنىمۇ ؟

www.uyghurkitap.com

— ئەڭ ياخشىسى ، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ رومانىدىن بولسۇن .

— خوپ ، خېنىم . پەرمانبەردارمەن .

— قېشىمغا بېشىنى باغلىمىغان كالىدەك ئۇسكەكلەپ كىرمەي ، دوختۇرخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تېلېفون قىلارسەن .

ئالاھەزەل ئون بەش مىنۇت ۋاقىت ئۆتكەندە پەخرىئاينىڭ يانفونى جىرىڭلىدى . پەخرىئاي يانفونىنىڭ ئېكرانىغا شۇنداقلا قاراپ ، سۆزلىشىش كۇنۇپكىسىنى باسماي سىرتقا ماڭدى . بىنانىڭ ئالدىدا ئاتىللا قاراپ تۇراتتى . ئۇنىڭ بىر قولىدا كىتاب ، بىر قولىدا بىر دەستە يېڭى ئۈزۈلگەن گۈل بار ئىدى .

— مە ، بۇ كىتاب ساڭا ، بۇ گۈل بولغۇسى قېيناناڭغا . ئۆز قولۇم بىلەن ئەكىرىپ بېرەلمىگەنلىكىمدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىمەن . شۇنداقتىمۇ ئېيتىپ قوي ، مەن ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىشىنى تىلەيمەن ، — دېدى شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ .

— ئانامنىڭ بۇ يەردىلىكىنى قانداق بىلىسەن ؟ — سورىدى پەخرىئاي ئەجەبلىنىپ .

— سەن ئاناڭدىن باشقا ئادەمنىڭ كېسىلىنى ئالاھىدە ئىككى كۈنلۈك رۇخسەت ئېلىپ كېلىپ باقمايدىغانسەن ، ھەقىچان . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، سىلەرنىڭ ئۆيدە ئاناڭدىن باشقىلارنىڭ بۇ دوختۇرخانىغا ھازىرچە ھاجىتى چۈشمەيدۇ .

— ئەجەب ئەقىللىق بولۇپ كېتىپسىنا ، باشقىلارغا دەپ يۈرمىگىن ، جۇمۇ .

— ئىككى ئېغىز رەھمىتىڭ يوقمۇ ، ماڭا .

— تولا سۆزلىمەي يولۇڭغا ماڭغىنە . كەچتە كۆرۈشەيلى .

— باجام ئىشخانىسىدا بارمۇ ؟ كۆرۈشۈپ قويسام بولاتتى .

پەخرىئاي يىگىتكە بىرنى ئالىيىپ قويۇپ پەرۋاسىزلىق بىلەن بىناغا كىرىپ كەتتى . بىر دەستە گۈل ئۇنىڭ قەلبىگە ئېيتقۇسىز خۇشاللىق بەخش ئەتكەنىدى .

«ئانام ئويغىنىپ گۇلنى كۆرسە خۇش بولۇپ قالىدۇ . ھەي ئىسىت ، ئۇنىڭغا بۇ گۇلنى ئاتىلالىنىڭ ئەكەلگىنىنى دېيەلمەيمەن ـ دە ، ئەپسۇس ...»

پەخرىئاي گۇلنى كارىۋاتنىڭ بېشىدىكى تومپۇچكىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇرۇشىغا قۇتلۇق كىرىپ كەلدى .

— ئەھۋالى قانداقراق ؟

— تېخىچە ئۇخلاۋاتىدۇ ئەينا .

— بوپتۇ ، ئۇخلىغىنى ياخشى . ئوكۇلى تېخى تۈگىمىگەندۇ ؟

— سېستىرا يەنە بىر شىشە بار ، دەيدۇ .

— ئويغانسا ، ماڭا خەۋەر قىلىڭ .

قۇتلۇق شۇنداق دېگىنىچە ياتاقتىن چىقىپ كەتتى . پەخرىئاي كىتاب ئوقۇشقا كىرىشتى .

## 45

قۇياش تېخى ئولتۇرمىغانىدى . چىڭقىچۈشتە قايناپ كەتكەن قۇياشنىڭ تەپتى تېخى يانمىغان بولۇپ ، شەھەر خۇددى داپخۇنى ئېتىۋېتىلگەن تونۇردەك دىمىق ، بۇلۇقما بولۇپ كەتكەنىدى . كوچىدا ئادەملەر كۆرۈنەرلىك كۆپىيىپ قالغانىدى . ئىسسىقتا ئۆيدە ئولتۇرغۇسى كەلمەي تاماق سىڭدۈرۈش ئۈچۈن كوچا ئايلانغىلى چىققانلارمۇ ، ئائىلە بويىچە سىرتتا غىزالانغىلى چىققانلارمۇ ، ئەل ـ ئاغىنىلىرى بىلەن كەچلىك بازاردا پىۋا ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقىنى باسقىلى چىققانلارمۇ ۋە ئالدىراقانداق مەقسەتلەر بىلەن كوچىغا چىققانلارمۇ بار ئىدى . كىملەردۇر ئالدىراش ماڭاتتى ، كىملەردۇر مەقسەتسىز لاغايلايتتى . كوچا يۈزىگىلا يايما يېيىۋالغان ئۇششاق ئېلىپساتارلار تەمەگەرلىك بىلەن خېرىدار كۈتەتتى . بالا كۆتۈرۈۋالغان ، بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈۋالغان ، ھاسا تايىنىۋالغان ، مېيىپ پۇت ـ قوللىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ ئولتۇرغان تىلەمچىلەر ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئادەملەردىن سەدىقە تىلەيتتى . كىيىم ـ

كېچەك سودىسى قىلىدىغان دۇكان، سودا سارايلار بىلەن رېستوران، تېز تاماقخانىلار باشقىچە قىزىپ كەتكەنىدى. ئاق ياقىلىقلار تەبىقىسىگە تەۋە مائاشلىقلار ئۆيلىرىدىن چۇۋۇلۇشۇپ چىقىپ، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك بازارلىرىغا تىقىلىشىۋالغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

شەھەرنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان كىچىككىرەك بىر تېز تاماقخانىنىڭ كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان يېرىدە ئولتۇرغان پەخرىدىن بىلەن گۈلناز مۇزدەك مېۋە شەربىتى ئىچكەچ مۇڭدىشىۋاتاتتى.

— ھازىر ئاتا - ئاناڭنىڭ مۇئامىلىسى قانداقراق؟ — سورىدى پەخرىدىن.

— خېلى يامان ئەمەس، ئانامغۇ تاپا - تەنە قىلمايدىغان بولۇپ قالدى، — دېدى گۈلناز.

— دادامنىڭ كۆرۈشۈپ قويغىنىنىڭ پايدىسى بوپتۇ - دە.

— شۇنداقتەك قىلىدۇ. دادام بەكلا داڭلاپ كەتتىغۇ سىلەرنىڭ ئائىلىنى.

— ئەلۋەتتە داڭلىغۇچىلىكى بار - دە، — دېدى يىگىت مەغرۇرلۇق بىلەن، — مەن توغرۇلۇق گەپ قىلمىدىمۇ؟

— نېمىدەپ سەن توغرۇلۇق گەپ قىلغۇدەك.

— ئىسىت، مېنىمۇ ئىككى ئېغىز داڭلاپ قويغان بولسىچۇ.

— داڭلىغۇچىلىكىڭ بارمۇ سېنىڭ، — دېدى گۈلناز پەخرىدىننىڭ چىشىغا تېگىپ.

— تېخىچە ھېس قىلمىدىڭمۇ؟ — دېدى يىگىت قىزنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— ھېچ ھېس قىلمىدىمغۇ؟ — دېدى قىز كۈلۈپ.

— بوپتۇ، ھازىر ھېس قىلمىغان بولساڭ، تويدىن كېيىن ھېس قىلاسەن. ۋاي جېنىم پەخرىدىن، تاتلىق پەخرىدىن دېگۈزۈۋەتمەيدىغان بولسام.

— ۋىيەي، ماۋۇ يۈزى قېلىنىنى، — دېدى قىز ۋىلىلدە



www.uyghurkitap.com

قىزىرىپ، — خىجىلمۇ بولمايدىكەنسەن، ئەسكى.
يىگىت خىرىلداپ كۈلۈۋەتتى.
— شۇنداق قىلىپ پەردە ئاچامنىڭ توي ئىشى يېقىنلاشقان ئوخشىمامدۇ؟
— ھەرھالدا يېقىنلاشتى، — دېدى پەخرىدىن، — ھەممە ئىش ئانامغا قاراشلىق بولۇپ قالدى.
— ئانام قوشۇلدى دەۋاتاتتىڭغۇ. بۇ چاغقا پەردە ئاچامغا نانلىق قىلىپ بولدى دەيمەن تېخى.
— ئانام ساقايسىلا، نانلىق قىلماقچى.
— ئاناڭ ئاغرىپ قالدىمۇ؟ ئەجەب بۇ توغرۇلۇق تېنىپمۇ قويماپسەن؟
— ئانام ئاغرىپقۇ قالمىغان، — دېدى پەخرىدىن كۈلۈپ، — ساڭا بۇ ئىشنى دېسەم ھەيران قالىسەن. ئانام ھۆسن تۈزەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇردى.
— ھۆسن تۈزەتتى دەمسەن؟ تۇۋا، — دېدى گۈلناز ئەجەبلىنىپ، — چىرايى بىر ئوبدان تۇراتتىغۇ؟
— چىرايىدىكى قورۇقنى ئوڭشاتتى.
— ھە، مۇنداق دېگىن، ھەنىم بولسا داداڭ قوشۇلۇپتۇ ھە، بۇ ئىشقا.
— نېمىشقا قوشۇلمىغۇدەك. ئانام ياش، چىرايلىق تۇرسا دادامغا ئوبدان ئەمەسمۇ. بۇنىڭ ھەممىسى دادام ئۈچۈن. دادام ھېچبولمىسا تالاغا قارىمايدىغان بولىدۇ.
— قالايمىقان سۆزلىمىگىنە. شۇنداقمۇ قىلارمۇ قېرىغان ۋاقتىدا.
— بىرنېمە دەپ بولمايدۇ، — دېدى پەخرىدىن چاقچاقنى تېخىمۇ چىڭىغا چىقىرىپ، — كونىلارنىڭ ھاڭگا ئېشەكنىڭ بۆرنى، ئەر كىشىنىڭ كۆزى قېرىمايدۇ دەيدىغان تەمسىلى بار ئەمەسمۇ.
— ئەر كىشىگىمۇ ئىشەنگىلى بولمايدۇ، زادى، — دېدى

گۇلناز ئۆھ تارتىپ، — بىچارە ئاناڭغا ئىچىم ئاغرىپ قىلىۋاتىدۇ. ئېرىمگە چىرايلىق كۆرۈنىمەن دەپ قېرىغاندا ھۆسن تۈزىتىپمۇ ئىشمۇ؟

— ئۇنداقتا سەن قېرىغان ۋاقتىڭدا ھۆسن تۈزەتمەيدىكەنسەن - دە.

— ھەرگىز ھۆسن تۈزەتمەيمەن.

— سېنى تاشلاپ، ياش، چىرايلىق قىزلارغا قاراپ قېلىشىمدىن ئەنسىرىمەمسەن؟

— شۇنداق قىلىپ باقە، قېنى، — گۇلناز بىردەم تۈرۈۋېلىپ ھەسرەتلەنگەن ھالدا قوشۇپ قويدى، — خۇدايىم كۆڭلۈڭگە ئىنساپ بېرەر.

— ئەجەب بىچارىلىك بىلەن جاۋاب بەردىڭا، ئىچىمنى سىيرىلدۇرۇپ، — دېدى يىگىت كۈلكىدىن توختاپ، — سېنى خېلى يېڭىلىققا ئىنتىلىدۇ دېسەم، ئىلگىرىكىن مۇتەئەسسىپكەنسەنغۇ، گۇلناز. ئاشۇ گەپلىرىمگىمۇ ئىشىنىپ قالدىڭمۇ. دادام دېگەن ئانامنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. بىر - بىرىنى خۇددى يېڭى مۇھەببەتلەشكەندەك قەدىرلەيدۇ. دادامنىڭ ياش قىزلارغا ساقال تاشلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، لېكىن ئانامنىڭ ئۆزىچە ھۆسن تۈزەتكۈسى كېلىپ قالدىغۇتاڭ. مەن بۇ قېتىم دادامنىڭ ئانامغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلۇقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدىم.

— قانداق دەيسەن؟

— دادام ئانامنىڭ ھۆسن تۈزەتمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال قوللىدى. تېخى نېمە دەيدۇ دېمەمسەن؟ ئوغلۇم، ئاناڭ ياش ۋاقتىدا شۇنداق چىرايلىقتى، تاكى توي قىلىپ بولغۇچە مېنى ياراتماسمىكىن دەپ ئەندىشە قىلغانىدىم. سىلەرنى بېقىپ چوڭ قىلىمەن دەپ ھەم ئۆينىڭ، مېنىڭ جاپايىمنى تارتىپ ئاشۇنداق قېرىپ كەتتى. ھېلىمۇ شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنىدۇ كۆزۈمگە. ھۆسن تۈزەتكۈسى بولسا تۈزەتسۇن. مەندىن خىجىل بولۇپ قالغان

بولسا ، بىرەر ھەپتىلىك كاماندىروۋپكىغا چىقىپ چىرەي . ئۇنىڭغىچە ئاناڭلارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىڭلار دەپ تاپىلاپ كەتتى .
— سەنمۇ داداڭنى دورىساڭ بولاتتى .
— ئەلۋەتتە دادامنى دورايمەن ـ دە . تەلىيىڭنىڭ ئوڭلۇقىدىن مەندەك ياخشى يىگىتكە تېگىشۋالىدىغان بولدۇڭ ، مانا .
— ۋىيەي ، ماۋۇ پوچىنىڭ ئېشىۋالغىنىنى ، كۆرىمىزغۇ تېخى .
— ئەمەلىيەتتە سەنمۇ شۇنداق ياخشى قىز . سەن بىلەن توي قىلغىنىم تەلىيىمنىڭ كەلگىنى .
قىز مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلدى .
— ئاناڭنىڭ ئەھۋالى ھازىر قانداقراق ؟
— بىر قېتىم تېڭىق يەڭگۈشلەپ بولدى . خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك قىلىدۇ . ئانامنى كىمنىڭ ھۆسن تۈزەش ئوپېراتسىيىسى قىلغانلىقىنى بىلگۈڭ بارمۇ ؟
— كىم ئوپېراتسىيە قىلدى ؟
— قۇتلۇق ھۆسن تۈزەش دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى . ئۇ پەزىلەت ئاچامنىڭ يىگىتى بولىدۇ .
— ھە ، مۇنداق دېگىن . ئۇ يىگىتنىڭ تېخنىكىسىنى بەك يۇقىرى دەپ ئاڭلىغانىدىم . پەزىلەت ئاچامنىڭ يىگىتى ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن . پەزىلەت ئاچامنىڭ توي ئىشىمۇ ئاسانلا ئوڭغا تارتقۇدەك ، ئەمىسە .
— ئانام ئىلگىرى ئۇ يىگىتنى ھە دېسىلا ساتىراش دەپ ياراتماي پەزىلەت ئاچامنى ئېغىز ئاچۇرمايتتى ، ئەمدى ساقىيىپ چىرايى ئوڭشىلىپ قالسا ، بۇ توي ئىشىغا قوشۇلماي ئامالى يوق .
— شۇنداق بولار ، ئىلاھىم .
— ئەگەر ئاشۇنداق بولسا ، بىزنىڭ توي ئىشىمىزغىمۇ ئۇزاق ۋاقىت قالمىدى . مەنمۇ يوتقاندا يالغۇز يېتىشتىن تېزرەك قۇتۇلسام دەيمەن .
— تولا پەلىپەتىش سۆزلىمىگىنە .

— ئاررزۇيۇمنى دەۋاتىمەن.

يىگىت قىزنىڭ كۆزىگە تىكىلدى. قىز يەرگە قارىۋالدى.

— ھە راست، ئىدارىگە ئۆي ئېلىش ئىلتىماسىنى بېرىپ تاپشۇرۇۋەتتىم.

— تەستىقلىنارمۇ؟

— چوقۇم تەستىقلىنىدۇ. ئالدىن تاپشۇرىدىغان يىگىرمە مىڭ كوي پۇلنىمۇ تاپشۇرۇپ بولدۇم.

— ياخشى قىپسەن، قالغان پۇلنى تويدىن كېيىن بانكىدىن قەرز ئېلىپ تاپشۇرارمىز. شۇنداق قىلىپ ئاناڭ ساقايغاندىن كېيىن ئاندىن پەردە ئاچامغا نانلىق قىلغىلى كېلىدىكەن ـ دە.

— ھەئە، يەنە بىر تېڭىق ئالماشتۇرۇۋەتسە ساقىيىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ.

— ئەپسۇس، يوقلاپ بارالمايمەن ـ دە، شۇنداق يوقلاپ بارغۇم بار ئىدى بولمىسا.

— نېمىدىن ئەنسىرەيسەن؟ يوقلاپ بېرىۋەرمەمسەن.

— كىم بولىسىز، مەن سىزنى تونۇمىدىم دېسە، نېمە دەيمەن؟

— كەلگۈسىدىكى كېلىنلىرى بولىمەن، دېمەمسەن؟

— ۋىيەي، زورلىمىغىنا. ئىزا تارتىمەن. تازىمۇ يۈزى قېلىن قىزكەن دەپ قالا مېنى.

— چاقچاق قىلدىم، — دېدى پەخرىدىن كۈلۈپ، — ئانامىمۇ ھۆسن تۈزەتكەنلىكىنى يوشۇرۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سېنىڭ ھازىر ئانامنى يوقلاپ بېرىش يولۇڭ يوق.

— بەك كەچ بولۇپ كەتتى، قايتىپ كېتەيلى، — دېدى گۈلناز.

— بۇنىڭدىن كېيىن ئادەم يوق، خالىيىراق يەردە كۆرۈشەيلى، — دېدى پەخرىدىن.

— نېمىشقا، — ئەجەبلىنىپ سورىدى گۈلناز.

— سېنى قانغۇدەك بىر سۆيۈۋالاي دەيمەن، — دېدى

پەخىرىدىن ھىجايغىنىچە .

— ئاغزىڭنى يۇم ، بىزەڭ .

قىز شۇنداق دېگىنىچە ئورنىدىن تۇردى .

## 46

زۆھرە خانىم ئەينەكتىكى چىرايىغا قاراپ كۆڭلىدە تولۇق رازى بولدى . شۇ تاپتا ئۇ ئەينەكتىن ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن ئون ـ ئون بەش يىل ئاۋۋالقى چىرايىنى كۆرگەندەك بولغانىدى .

— رەھمەت ، سىلىگە كۆپ رەھمەت ، — دېدى ئۇ قۇتلۇققا ھاياجانلانغان ھالدا ، — ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە يارىتىپلا .

— ئەرزىمەيدۇ ، بۇ دېگەن مېنىڭ كەسپىم . سىلى رازى بولغان بولسىلا ، مەن شۇنىڭغا خۇش ، — دېدى قۇتلۇق تارتىنغان ھالدا ۋە زۆھرە خانىم ئۇچۇن ئالايىتەن تەييارلاپ قويغان بىرنەچچە قۇتا دورا ، يۈز تېرىسىنى ئاسىراش بۇيۇملىرىنى ئۈستەلگە قويدى ، — بۇ دورىلارنى ۋاقتى ـ قەرەلىدە ، بەلگىلەنگەن نىسبەت بويىچە ئىچىپ بەرسىلە . ھەرگىز ئۈزۈلۈپ قالمىسۇن . ماۋۇلار سىرتىدىن ئىشلىتىلىدىغان ئاسراش بۇيۇملىرى ، كۈندە ئۈچ ۋاخ ئىشلىتىلا . يۈزلىرىنى بىرەر ئايغىچە سۇدا يۇماي ، مەخسۇس يۇيۇش سۇيۇقلۇقى بىلەن يۇيىلا . يۈزلىرىگە ھەرگىز سۇ تەگكۈزۈپ سالمىسىلا ، — قۇتلۇق تارتمىسىدىن بىر تال كارتىنى ئېلىپ زۆھرە خانىمغا تەڭلىدى ، — بۇ كارتا بىلەن بىر يىللىق يۈز ئاسراش ، پەرداز قىلىش ، چاچ پاسونى لايىھىلەش ، بەدەن ئۇۋۇلاش مۇلازىمىتىدىن ھەقسىز بەھرىمەن بولالايلا . ئىمكان بار كۈندە بىر قېتىم كەلسىلە ، قانداق ۋاقىتتا كەلسىلە بولىۋېرىدۇ . مۇلازىمەت زالىدىكى قىزلار يۈزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ـ ئاسراش قىلىپ قويىدۇ .

— رەھمەت ، بۇ دورىلارنىڭ پۇلىنى ...

— پۇلىنى تاپشۇرۇپ بولغان ، — دېدى قۇتلۇق .

— ماقۇل ، ئۇنداق بولسا مەن ماڭاي ، — دېدى زۆھرە خانىم .

— ئىش بولسا تېلېفون قىلىسىلا ، — دېدى قۇتلۇق زۆھرە خانىمنى ئىشىك تۈۋىگىچە ئۇزىتىپ چىقىپ ، — يەنە بىرگەپ ، بىرەر ئايغىچە كۆچلۈك كۆن نۇرىغا قاقلىنىشتىن ئېھتىيات قىلسىلا ، كۆن نۇرىدىن مۇداپىئەلىنىش سۇيۇقلۇقىنى ھازىرچە ئىشلەتمىسىلە .

ئۇلار يەنە بىرنەچچە ئېغىز تەكەللۇپ سۆزلىرىنى قىلىپ خوشلاشتى . پەردە ، پەزىلەت ، پەخرىئايلار بولسا ھېچنېمە دېمىدى . ئۇلار قۇتلۇققا بولغان مىننەتدارلىقىنى كۆزى ، چىرايى ئارقىلىق ئىپادىلەۋاتاتتى .

— ئەجەب قابىلىيەتلىك يىگىتكەن . چىرايىمنىڭ بۇ دەرىجىدە بولۇشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم ، — دېدى زۆھرە خانىم يول بويى ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ .

قىزلار ئانىسىنىڭ گېپىگە ھە ، شۇنداقمۇ ، دەپ قويۇپ بىر ـ بىرىگە قاراپ مەنىلىك كۈلۈپ قويۇشتى .

— پاھ ـ پاھ ، كىم بۇ . ناتونۇشلا بىر قىز بالا كىرىپ قالدىغۇ بۇ ئۆيگە ، — دېدى قادىر ئەپەندى زۆھرە خانىمنىڭ چىرايىدىن زوقلانغان ھالدا چاقچاق قىلىپ ، — جاۋاب بېرىڭلار ، قىزلىرىم ، قايسىڭلارنىڭ دوستى بولىدۇ ، بۇ قىزچاق .

ھەممەيلەن ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشتى .

— مېنىڭ دوستۇم بولىدۇ ، دادا ، ساڭا تونۇشتۇرۇپ قوياي ، ئىسمى ئايزۆھرە ، — دېدى پەخرىئاي چاقچاقنى ئەۋجىگە چىقىرىپ ، — دوستۇم چىرايلىقمىكەن ؟

— بەك چىرايلىقكەن ، پەرىزاتنىڭ ئۆزىكەن .

— تولا چاقچاق قىلمىسىلا ، دادىسى . بۇ مەن ، — دېدى زۆھرە خانىم ۋىلىقلاپ كۈلۈپ ، — ئادەمنى زاڭلىق قىلىشقا بەك ئۇستا بولۇپ كېتىپىلا .

— ۋۇي ، بۇ سىلىمىدىلە ، خانىم ، — دېدى قادىر ئەپەندى ئەمدى تونۇغاندەك قىياپەتكە كىرىپ ، — نېمانچە ياشىرىپ

كەتتىلە، قىزلىرى بىلەن تەڭلا بولۇپ قاپتىلا مانا. ئەمدى سىلى بىلەن بىللە كوچىغا چىقسام چىنىپ قالىدىغان بولدۇم - دە.

— ئۇنداق بولسا، سەنمۇ ھۆسن تۇزەتكىن، دادا، ياش يىگىتتەك بولۇپ كېتىسەن، پەخىرىدىن ئاكام بىلەن تەڭ دېمەتلىك بولۇپ كېتەمسەن تېخى.

— مەن بولدى قىلاي، — دېدى قادىر ئەپەندى، — پاھ، راستىنلا بىر مۆجىزە يارىتىپتىغۇ ئۇ يىگىت. ھەقىقەتەن ئىقتىدارى بار ئىكەن. بولۇڭلا، بالىلىرىم، ئاناڭلارغا چاي قۇيۇپ بېرىڭلا. بۇنىڭدىن كېيىن ئاناڭلارنى ئۆي ئىشىغا سالماڭلا ئەمدى. ئاشۇ چىرايلىق ھۆسن - جامالىنى بۇزماي ئارام ئالسۇن. قانداق خانىم، ھېلىقى دوختۇر يىگىتكە رەھمەت ئېيتتىڭمۇ يا؟

— ئەلۋەتتە رەھمەت ئېيتتىم، — دېدى زۆھرە خانىم ساپادا ئولتۇرۇپ، — ئەينەككە قاراپ ئۆزۈمنى ئىشەنمەيلا قالدىم. ئۆزىمۇ كەسىپتىمۇ، ئەخلاقتىمۇ تەڭ يېتىلگەن ئىقتىدارلىق بالىكەن. ئېرىنمەي كۈندە نەچچە ۋاخ ئەھۋال سوراپ تۇردى.

— ئەپسۇس، يوقلاپ باراي دېسەم پەقەتلا قوشۇلمىدىلا. باھانىدە ئىككى ئېغىز رەھمەت ئېيتىپ قوياكەنمەن.

— چىرايىم تېڭىقلىق ھالەتتە سىلىگە كۆرۈنگۈم كەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ يەرگە ساپلا ئاياللار كېلىدىكەن. سىلى بېرىپ يۈرسىلە تونۇش - بىلىشلەر مېنىڭ ھۆسن تۈزەتكىنىمنى بىلىپ قالمىسۇن، دېدىم، ئەستاغپۇرۇللا، — دېدى زۆھرە خانىم يۈزىنى سىلاپ، — بۇ تۇرقۇم بىلەن قولۇم - قوشنا، تونۇش - بىلىش، خىزمەتداشلارنىڭ ئالدىغا قانداقمۇ چىقامەن.

— نېمىدىن ئەنسىرەيلا، خانىم، ياش ۋاقتىلىرىدىمۇ ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يېگۈدەك جۇۋان ئىدىلە. ناھايىتى ياشلىقىغا يېنىپ قاپتۇ دەپ ھەيران قالا شۇ. بۇنىڭ خىجىل بولغۇدەك نېمىسى بار. مۇھىمى مەن بەك خۇش بولدۇم. ئەمدى ئۆزلىرىنى ئوبدان ئاسرىسىلا، قالايمىقان چىچىلىپ، ئاچچىقلانمىسىلا. ئادەم تولا ئاچچىقلانسىمۇ ئاسان قېرىپ كېتەرمىش.

— شۇڭمۇ سىلى ياش تۇرۇپتىكەنلا — دە .

— ھە ، راست ئانا ، بۇنىڭدىن كېيىن كۈلسەڭمۇ بەك قاتتىق كۈلمە ، بولمىسا ، چىرايىڭ يەنە قورۇلۇپ قالىدۇ .

— توۋا ، بىرسىڭلا ئاچچىقلانما دەيسىلە ، بىرىڭلا كۈلمە دەيسىلە . قانداق قىلسام بولىدۇ زادى ، — دېدى زۆھرە خانىم خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي .

— پەقەتلا ئاچچىقلانمايسەن . كۈلگەن چېغىڭدا مانا مۇنداق كۈلىسەن .

پەخرىئاي شوخلۇق بىلەن قىلىق چىقىرىپ ئاغزىنىڭ ئۇچىدا كۈلدى . ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈۋەتتى .

— ماۋۇ شەيتان قىزنى ، — دېدى زۆھرە خانىم كۈلكىسىنى باسالمىغان ھالدا ، — ئۇنداق كۈلسەم ، خەققە يالغان كۈلۈۋاتقاندەك كۆرۈنمەمدىمەن . ئاشۇنداق ھىيلىگەرلىك قىلىپ ئاغزىنىڭ ئۇچىدا كۈلگەن بىلەن خۇشۇم يوق مېنىڭ . كۈلكە دېگەن يۈرەكتىن چىقمىسا قانداق بولىدۇ .

— ئىشقىلىپ ، دىققەت قىلغىن ، ئانا ، — دېدى پەرىدە .

— ھە راست ، ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ گېپىمىزگە كېلەيلى ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — مېنىڭ ئىشىم بىلەن پەرىدەگە كېلىدىغان ئەلچىلەرمۇ كېچىكىپ كەتتى . ئۇلارغا خەۋەر بېرىۋېتىڭلا . ئۆزلىرى مۇۋاپىق بىر كۈننى تاللاپ چىسۇن .

— ۋاقىتنى بېكىتىپ بولدۇق . پەيشەنبە كىرىدىغان بولدى ، — دېدى پەزىلەت .

— ھەئە ، شۇنداق بولدى ، — دېدى قادىر ئەپەندى ، — سىلىنى ئاۋارە قىلمايلا ۋاقىتنى ئۆزۈم بېكىتىۋەتتىم .

— ئوبدان بوپتۇ ، — دېدى زۆھرە خانىم ئويلانغان ھالدا ، — ئۆگۈنلۈككە تەييارلىق قىلىپ ئۈلگۈرەلەمدۇق ؟

— بۇنىڭدىن غەم يېمىگىن ، ئانا . سەن ئۆزۈڭنى ئوبدان كۈت . ھەممە تەييارلىقنى ئۆزىمىز قىلىمىز . ۋاقتى كەلگەندە

مېھمانلارغا ھەمراھ بولۇپ بەرسەڭلا بولدى .

— بىزمۇ بوش تۇرمىدۇق . خېلى جىق تەييارلىقلارنى قىلىپ بولدۇق . پەرىدە ئاچام ئىككى كۈندىن بېرى ئارام ئالماي چېپىۋاتىدۇ .

پەرىدە خىجىل بولۇپ پەخرىئايغا ئالىيىپ قويدى .

— ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشىغا ئۆزۈڭلىنى يۈگۈرتسەم قانداق بولىدۇ ، بالام . بۇ دېگەن ئانا بولغۇچىنىڭ قىلىدىغان ئىشى تۇرسا ، — دېدى زۆھرە خانىم پەرىدەگە قاراپ ، — سىنى بۇ ئىشقا ئاۋارە قىلماسمەن دېگەنىدىم .

— ئۇنداق دېمىگىن ، ئانا ، — دېدى پەرىدە خىجىللىق بىلەن يەرگە قاراپ ، — چالا قالغان ئىشلارنى بۇيرۇپ بەرسەڭلا بولدى .

— قانچىلىك تەييارلىق قىلغىنىڭنى بىلمەيمەن ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — دادىسى ، سىلى ئەتە پەخرىدىن بىلەن چىقىپ قويدىن بىرنى ئالسىلا ، چوڭراق قوچقار بولسۇن . ئۆپكە - ئۈچىينى قۇيمىساق بولمايدۇ . ھە راست ، سىلەر ئۆپكە - ھېسىپ قۇيالمايسىلەر ئەمەسمۇ ؟

— قوشنىمىز ئايتىللاخان ئاچا قۇيۇپ بېرىدىغان بولدى .

— ئۇنداق بولسا ياخشى بوپتۇ ، توي - تۆكۈندىغۇ قوشنىلارنى ئاۋارە قىلىدىغان گەپ شۇ . ۋاقتى كەلگەندە مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئىشىغا قارىشىپ بېرەمەن . پەخرىدىن كۆرۈنمەيدۇغۇ ؟

— ئامباردا بىر ئاغىنەم بار ، قېشىغا چىقىپ ئەتە ئەكىرىپ بېرىدىغانغا سەككىز - ئون كىلو بېلىق ئوقۇشۇپ قوياي ، دېگەن . ھەقىچان شۇ يەرگە كەتتىمىكىن ، — دېدى پەرىدە .

— بېلىق ئوقۇشۇپ ياخشى قىپتۇ ، — دېدى زۆھرە خانىم .

— قۇدىلار بىر كۈن ئەلچىلىككە ، بىر كۈن نانلىققا بېرىپ ئاۋارە قىلمايلى ، ھەممىڭلار ئىشلەيدىكەنسىلەر ، ئىككى ئىشنى بىراقلا تۈگىتىۋېتەيلى دەپ تۇرۇۋالغانتى ، ماقۇل دېدىم ، — دېدى قادىر ئەپەندى .

— ھەرقانچە ئاۋارە بولساقمۇ ، ئۇلارنى ئىككى قېتىم

كۇتۇۋالمىساق بولماس ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — بۇ دېگەن قىز تەرەپنىڭ زىممىسىدىكى ۋەزىپە .

— ئۇلار بىزنى ئايىدى بولغاي ، — دېدى قادىر ئەپەندى .

— مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ بولغان بولسىلا ، بوپتۇ . ئۇنداق بولسا تېلېفون قىلىپ قويايلى ، مېھمانلارنى جىقراق ئەكىرسۇن .

— ئۇندىن ئارتۇق مېھمان ئەكىرمەيمىز ، دەيدۇ ، — دېدى پەرىدە .

— ياق ، ئۇنداق قىلسا بولمايدۇ . ئاز دېگەندە يىگىرمە مېھمان ئېلىپ كىرسۇن . ئۇلارنىڭمۇ قولۇم - قوشنا ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بار ئەمەسمۇ . بۇ دېگەن نوقۇل مېھماندارچىلىق مەسىلىسى ئەمەس ، يۈز - ئابرۇي مەسىلىسى . ۋاي ، قۇدىلىرى مانداق ئادەملەركەن دېگۈدەك راۋۇرۇس داستىخان سالمىساق بولمايدۇ . قانداق ئادەملىكىمىزنى ئۇرۇق - تۇغقان ، قولۇم - قوشنىلىرىمۇ بىلىپ قالسۇن .

زۆھرە خانىمنىڭ قارارىغا ھېچكىم قارشى چىقمىدى .

— ئەتە ئالىدىغان قوي ئىككى بولسۇن ، دادىسى ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — ئاندىن پەخرىدىن بىر ئوغلاقنى كاۋاپ قىلدۇرۇپ ئېلىپ كەلسۇن . ئىككى - ئۈچ يەشىك مېۋە شەربىتى ئەكەلدۇرۇپ قويايلى . بۇمۇ داستىخىنىمىزنىڭ زىننىتى ھەم ئۆزىمىزنىڭ يۈز - ئابرۇيى ، باقالى ، پېچىنە - پىرەنىك ، ساڭزا ، قۇيماقلارنى كۆپرەك سالايلى . قورۇق يەل - يېمىشلەرنى قانداق قىلدىڭلا ؟

— ئەكېلىپ قويدۇق .

— قانچە قازان ئاسىدىغانلىقىمىزنى دېيىشتىڭلارمۇ ؟

— بۇنىمۇ دېيىشىدىغان گەپمۇ ؟ — سورىدى قادىر ئەپەندى .

— ھەئە ، ئەلۋەتتە دېيىشىمىز ، — دېدى زۆھرە خانىم .

— ئۇلار ئىككى قازان ئاسساڭلا بولىدۇ ، دېگەنىدى ، — دېدى پەرىدە تارتىنغان ھالدا .

— كىم دېگەن ، قېيناناڭمۇ ياكى ئابدۇساتتارجانمۇ ؟

ئانىسىنىڭ سوئالىنى ئاڭلاپ پەزىلەت بىلەن پەخرىئاي

پىخىلداپ كۆلۈۋەتتى . پەرىدە تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى :

— ئابدۇساتتار شۇنداق دېگەن .

— بۇ ئىشتا ئۇنىڭ گېپى ھېساب ئەمەس ، ئانىسى بىرنېمە دېمىسە بولمايدۇ .

— يېزىنىڭ بۇنداق قائىدىسى يوق ئىكەن ، ئانا ، — دېدى پەرىدە قىينالغان ھالدا .

— بولدىلا خانىم ، ئۆزلىرى بىلىپ بىر ئىش قىلسىلا . ھەممە ھېسابتا بارغۇ سىلى ، — دېدى قادىر ئەپەندى .

— ئۇنداق بولسا مەيلى ، لېكىن تەييارلىقىمىز ئون قازاندىن كەم بولۇپ قالمىسۇن ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — پەخرىدىن ئىككى تۇلۇق گازنى ئارتۇقراق ئەكېلىپ قويسۇن . تاماق تۇرىنى گۇلسۇم ، شاراپەتلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقاي . ھەر خىل ھۆل يەل - يېمىشلەرنى ئالدىغان گەپ ، تېخى .

— قوغۇن ، تاۋۇز ، ئۈزۈم ، شاپتۇل دېگەندەك ھۆل يەل - يېمىشلەرنى قۇدىلار ئەتە كىرگۈزۈپ بېرىدىغان بولدى ، — دېدى قادىر ئەپەندى .

— ئۇلار ئەكىرىپ بەرسە قانداق بولىدۇ ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — ئۆزىنىڭ نەرسىسىدە ئۆزىنــــى مېھمان قىــــلساق قاملاشمايتتى .

— ئۇلار بىز ئەكىرىپ بېرىمىز دەپ تۇرۇۋالدى . ھېچقىسى يوق . ئۇلارنىڭ بېغىدىن چىقىدۇ ئەمەسمۇ .

— ئۇنچە جىدديلىشىپ كەتمىگىنە ، ئانا . يەنە ئىككى كۈن بارغۇ ، — دېدى پەزىلەت .

— بـۇگۈننى ھېسابـقا ئـالمىغاندا ئەتە بىر كۈنلا قالغان تۇرسا ، — زۆھرە خانىم ئۆيگە بىرقۇر سەپسېلىپ گېپىنــــى داۋاملاشتۇردى ، — دېرىزە پەردىلىرىنى يۇيۇپ ياخشى قىپسىلە . بۇگۈن كەچتىلا تۇتۇۋېتىڭلا .

— ھازىرلا تۇتۇۋېتەيلى بولمىسا ، — دېدى قىزلار .

www.uyghurkitap.com

— سلىمۇ ئازراق ئارام ئېلىۋالسلا، خانىم ، — دېدى قادىر ئەپەندى .

— ۋاي خۇدايىم ، ماۋۇ جىددىيچىلىكنى كۆرمەمدىغان ، — دەپ غودۇڭشىدى زۆھرە خانىم ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ .

قادىر ئەپەندى زۆھرە خانىمغا ئەگىشىپ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى .

## 47

بۈگۈن زۆھرە خانىم مېھمانلىق كىيىملىرىنى كىيىپ ئالاھىدە ياسىنىۋالغانىدى . ئەتىگەندىلا مېھمان ئۈزىتىپ بەرگىلى كەلگەن گۈلسۈم خانىم بىلەن شاراپەت خانىم ئۇنىڭ بېشىدىن - ئايىغىچە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزلىرىچە قۇسۇر ئىزدەشتى .

— ياسىنىشىڭ جايىدا بوپتۇ ، لېكىن ئالتۇن جابدۇقلىرىڭنىڭ ئىشىنى ئۇنتۇلۇپ قاپسەن ئەمەسمۇ ؟

— مېھمان ئۈزىتىدىغان بولغاندىكىن ئاساي دېدىم ، — دېدى زۆھرە خانىم .

— شۇنداقتىمۇ ئېسىۋالغىن ، — دېدى گۈلسۈم خانىم .

— سەن دېگەن بۈگۈن ھەم ساھىبخانا ، ھەم مېھمان . شۇڭلاشقا ئالتۇن جابدۇقلىرىڭنى تاقىۋالغىنىڭ ياخشى ، — دېدى شاراپەت خانىم ، — چىشى قۇداڭنىڭ ئالدىدا چۈشۈپ قالما يەنە .

— بوپتۇ ، ئۇنداق بولسا ھالقا بىلەن بىر تال ئۈزۈكۈمنىلا سېلىۋالاي ، باشقىلىرى تۇرۇپ تۇرسۇن ، — دېدى زۆھرە خانىم دوستلىرىنىڭ رايىغا بېرىپ ، — گەرچە قول ئىلكىدە بار ئادەملەر بولسىمۇ ، چىشى قۇدام بەكمۇ ساددا ئاياڭكەن . ئالتۇن جابدۇقلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئېسىۋالسام ياخشى بولمايدۇ . باشلاپ كەلگەن مېھمانلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇنى ئوسال قىلىپ قويماي يەنە . ئاددىي - ساددا تەسىرات بېرەي دېدىم .

— بۇ ئويلىغىنىڭمۇ توغرا ، — دېدى شاراپەت خانىم .

— سەنزە، خەقنىڭ كۆڭلىنى بەك ئايايسەن، — دېدى گۈلسۇم خانىم تازا قايىل بولماي، — بەلكىم چىشى قۇداڭمۇ ئالتۇن جابدۇقلىرىنى بولدى دېگۈچە ئېسىپ كېلەرمىكىن.

— ئۇ ئاسسا بولىدۇ، — دېدى زۆھرە خانىم، — لېكىن مەن بۇگۈنچە ئاسماي تۇراي.

تەييارلىقلار تولۇق پۈتكەن، ھەممە ئىشلار بىر قوللۇق قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، زۆھرە خانىم تازا خاتىرجەم بولالمايۋاتاتتى. ھېلى داستىخان قېشىغا، ھېلى قازان بېشىغا بېرىۋالاتتى. شاراپەت خانىم بىلەن گۈلسۇم خانىم ئۇلۇشكۈن زۆھرە خانىمنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قېلىشقان، ھۆسن تۇزىتىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي سوراشقان بولسىمۇ، بۈگۈن يەنە ئۈنى - بۈنى سوراپ ئارام بەرمەيتتى. ھەئە، زۆھرە خانىمنىڭ ياشىرىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ئىچىگە ئوت تۇتاشقانىدى. «بىز گىمۇ بىر ئېغىز ھايت دەۋەتكەن بولساڭ، بىللە ھۆسن تۇزەتمەمدۇق» دەپ تاپا قىلىشاتتى. گەرچە بۇ توي ئىشىغا زۆھرە خانىمنىڭ ئانچە رازىلىقى بولمىسىمۇ، ھۆسن تۇزەتكەندىن كېيىنكى خۇشاللىق كۆڭلىدىكى بۇ خاپىچىلىقنىنى بېسىپ كەتكەنىدى. گەپ ئارىلىقىدا ئۇ شاراپەت خانىمدىن ئەپۇ سورىغان بولدى.

— بالىلارنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلمەپتىكەن، ئاداش. ئەسلىدە مۇراتجاننى شۇنداق كۆيۈئوغۇل قىلىۋالغۇم بار ئىدى.

— ھېچقىسى يوق، — دەيتتى شاراپەت خانىم، — ھەممىسى تەقدىر - پېشانە، بىچارە بالىنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم. ئۈنىڭغىمۇ خۇدايىمنىڭ بۇيرۇغىنى بادۇ. بىز قانداق قىلالايتتۇق. ئەمدى ئالدىڭدىكى ئىشنى ئويلا. سەندىن قىلچىلىك رەنجىمەيمەن.

زۆھرە خانىم مۇشۇ ئىش تۈپەيلى شاراپەت خانىم بىلەن ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇققا تەسىر يەتمىگىنىدىن خۇشال ئىدى، پات - پات بولغۇسى قۇدىلىرىنىڭ دېھقان بولسىمۇ، باي ئادەملەردىن ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئالاھازەل سائەت ئون ئىككى بولغاندا بىنانىڭ ئالدىغا بىر ئارابۇس كېلىپ توختىدى .

— مېھمانلار كەلدى ، — دەپ خەۋەر قىلدى پەخرىئاي دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ قاراپ .

قادىر ئەپەندى ، زۆھرە خانىم ، گۇلسۇم خانىم ، شاراپەت خانىم ، شۇنداقلا پەخرىدىن ، پەزىلەت ، پەخرىئايلار بىنادىن چۈشۈپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقتى . قائىدە بويىچە پەرىدە مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقسا بولمايتتى ، شۇڭا ئۇ ئۆيدە مېھمان ئۇزىتىشىپ بەرگىلى كەلگەن ئىككى دوستى بىلەن قېلىپ قالدى . مېھمانلار شوپۇر بىلەن قوشۇلۇپ يىگىرمىگە يېقىن ئادەم ئىدى . ئاياللار مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ ، ئەرلەر قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى . توي بولىدىغان يىگىت قائىدە بويىچە نانلىققا كەلمەيدىغان بولغاچقا ، مېھمانلارنىڭ ئارىسىدا ئابدۇساتتار كۆرۈنمەيتتى . نانلىققا ئەر مېھمانلارنىڭ كېلىشى شەرت ئەمەس ئىدى ، شۇڭا ئابدۇساتتارنىڭ دادىسى ئابدۇرازاق ئاكا ئىككى ئىنىسىنىلا ئېلىپ كەلگەنىدى .

قادىر ئەپەندى بىلەن زۆھرە خانىم مېھمانلارنى ئۆيگە سىغدۇرالماي قالىمىز دەپ ، مېھمانلىق ئۆيدىكى ساپانى ، پەخرىدىننىڭ ياتاق ئۆيىدىكى كارىۋاتنى سىرتقا ئاچىقىۋېتىپ ، پولغا گىلەم ـ كۆرپە سېلىپ ، ئۆينى ئوتتۇز مېھمان بىمالال سىغقۇدەك قىلىپ قايتا جابدۇپ چىققان ، ئىككىلا ئۆيگە داستىخان سېلىپ تەييارلىق قىلغانىدى . ئۇلار ئاياللارنى مېھمانلىق ئۆيگە ، ئەرلەرنى پەخرىدىننىڭ ياتاق ئۆيىگە باشلاشتى . مېھمانلار پاتىھە قىلىپ تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن زۆھرە خانىم ئايال مېھمانلارنىڭ قولىغا ، قادىر ئەپەندى ئەر مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ ئالدى .

— ۋاي ، سىلىنى ئاۋارە قىلمايلى . بالىلار سۇ ئالسۇن ، — دەپ تۇزۇت قىلدى مېھمانلار .

— ئۇنداق قىلساق قائىدە ـ يوسۇنغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ ، قوللىرىنى بېرىشسىلە ، — دېدى قادىر ئەپەندى بىلەن زۆھرە

خانىم .

تاماقلار رەت - رەتى بىلەن تارتىلىشقا باشلىدى . داستىخانغا ئارقىمۇئارقا كەلتۈرۈلگەن تائاملارنى كۆرۈپ ئامانىنىساخان ئاچا قاتارلىق مېھمانلار ھەم رازىمەنلىك ، ھەم ھەيرانلىق بىلەن بىر - بىرىگە قاراشتى ، كۇسۇرلاشتى .

— ۋاي - ۋۇي ، ئارقىمۇئارقا ئەكېلىۋەردىغۇ بۇ تاماقلارنى .

— نېمانداق ئىسراپچىلىق .

— شەلىكنىڭ مېھمان كۈتۈش قائىدىسى دېگەن شۇ .

— قانداق ئېتىپ ئۈلگۈرتۈپ بولغاندۇ دەيمىنا .

— ئاز گەپ قىلىڭلا ، ئاڭلاپ قالسا زاغۇ تۇتىدۇ[1] ئادەمنى .

— ۋايجان ، مېھماندارچىلىقى بەك چىڭكەن بۇ شەلىكنىڭ .

— بۇنداق مېھمان قىلسا ، يەنە بىر قېتىم مېھمان بولۇپ چىققىلىمۇ ئۇياتقىسى كېلىدۇ ئادەمنىڭ .

— ئۆيى تار بولغان بىلەن بەك چىرايلىقكەن .

— داستىخانىنىمۇ كەڭرى سايتۇ .

— شۇنى دەيمەن . ماۋۇ تىزغان نەرسىلىرىنىڭ جىقلىقىنى دېمەمدىغان ، تېخى .

زۆھرە خانىم مېھمانلارنىڭ قېشىغا كېلىپ پات - پات ئالسىلا - باقسىلا دەپ زورلايتتى . قادىر ئەپەندى ئەر مېھمانلار بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى .

— ئالتۇن جابدۇقلىرىڭىزنى ئاسماي توغرا قىپسەن ، ئاداش ، — دېدى شارايەت خانىم ، — چېشى قۇداڭ راستىنلا ئاددىي - ساددا ئايالكەن .

— سەھرالىقنى مېھمانغا چاقىرسا ، بۆشۈكتىكىدىن تارتىپ تۆشۈكتىكىچە قويماي ئېلىپ كىرىدۇ دەپ ئاڭلىغانتىم . ئۇنداق ئەمەسكەنغۇ ، — دېدى گۈلسۈم خانىم قايىللىق بىلەن ، — ئادەمنى ئاياشنى بىلىدىكەن ، قۇدىلىرىڭ .

— ئوتتۇز مېھمان ئېلىپ كىرىشنى دېگەن ، — دېدى زۆھرە

[1] زاغۇ تۇتىدۇ — زاڭلىق قىلىدۇ دېگەن مەنىدە .

www.uyghurkitap.com

خانىم مەمنۇنلۇق بىلەن ، — ئاران يىگىرمە مېھمان ئېلىپ كىرىپتۇ . ئۆيىمىزنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ ، بىزنى خىجىل قىلمايلى دېگەن ئوخشايدۇ .

— ھە ، بۇمۇ بوپتۇ . قۇدا دېگەن بىر - بىرىنى ئايىغان ياخشى ، — دېدى گۈلسۇم خانىم ، — گۈلباھار قىزىمنىڭ نانلىقىغا ئوتتۇز مېھمان باشلاپ كېلىمىز دەپ قويۇپ ، ئەللىك مېھمان باشلاپ كەپتىكەن ، ئۆيگە سىغدۇرالماي شۇنداق جىلە بولغانىدىم . يېمەك - ئىچمەكتىنىغۇ قىسىلمايدۇ كىشى . ئەمما ، مېھمان قىستىلىپ قالسا ساھىبخانا بولغۇچى ئوسال بولۇپ قالىدىغان ئىشكەن . قۇدىلىرىڭ خېلى قائىدە بىلىدىغان ئادەملەردەك قىلىدۇ . يەنىلا بىز شەلىكلەر ئىنساپسىز كەنمىز .

پەزىلەت بىلەن پەخرىئاي توختىماي چاي ، تاماق توشۇيتتى . پەخرىدىن ئالدىن كېلىشىپ قويغان كاۋاپچىنىڭ قېشىدىن بىر قېتىم زىخ كاۋپى ، بىر قېتىم ئوغلاق كاۋپى ئېلىپ كەلدى .

— ئەمدى جوۋىسىلا ، قورساقنىڭ پاتا يېرى يوق ، — دەپ نەچچە قېتىم تۇزۇت قىلدى ئامانىيساخان ئاچا .

— ھېچقانچە كايىمىدۇق ، ئازادە ئولتۇرۇشسىلا ، — دېدى زۆھرە خانىم .

مېھمانلارنىڭ يېرىمى تاماق سىڭدۇرگەچ كوچا ئايلانغىلى سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى . شۇ سەۋەبلىك زۆھرە خانىم بىرنەچچە قېتىم تەييار بولغان تاماقنى ۋاقتىدا داستىخانغا ئەكېلەلمىدى . پەرىدە رەسمىيەت يۈزىسىدىن مېھمانلار بىلەن بىر قېتىم سالاملىشىپ قويغاندىن كېيىن ياتاق ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ قايتا چىقمىدى . ئامانىيساخان ئاچا ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ مۇڭدىشىپ چىققان بولدى .

— ئالدىلىرىغا چىقالمىدىم ، ئانا ، رەنجىمىسىلە ، — دېدى پەرىدە ئۆزرە قويۇپ .

— ھېچقىسى يوق ، قىزىم . بۇ دېگەن ئەزەلدىن رەسىم - قائىدە ، — دېدى ئامانىيساخان ئاچا ، — زۆھرە خانىم قىلغىلى

قىلىق تاپالماي ئوبدان كۈتۈۋاتىدۇ .
نىھايەت سائەت ئالتىگە يېقىن مېھمانلار ئۈچۈن تەييارلانغان ئون بەش خىل تاماقنىڭ ھەممىسى داستىخانغا تولۇق ئاچىقىلدى .
ئامانىنىساخان ئاچا : «پەردە قىزىمغا نانلىق» دەپ ئەكەلگەن سوۋغاتلىرىنى بىر پەتنۇسقا تىزىپ داستىخانغا قويدى . ھەئە ، قادىر ئەپەندى بىلەن زۆھرە خانىمغا بىر كىيىملىكتىن ئالىي دەرىجىلىك رەخت ، پەردەگە ئاتاپ ئىككى كىيىملىك ئالىي دەرىجىلىك رەخت ، بىرقۇر تەييار كىيىم ، بىر جۈپ بەتىنكە ، بىر باشياغلىقى ، بىر مارجاندوپپا ، بىر جۈپ ئالتۇن ئۈزۈك ، بىر قۇتا ئېسىل ئەتىر ئەكەلگەنىدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، يەنە ئون بولاق قەنت ، تۆت كىلو ناۋات ، بىر خالتا كەمپۈتمۇ بار ئىدى .
قـۇدىلىرىنىڭ ئـېلىپ كـەلگەن داستىخىنى زۆھرە خـانىمغا بىـەكمۇ ياردى .
— ھـەشقالىلا ، كـايىپ كېتىـپلا ، شۇنـداقلا كـەلسـىـلا بـولـمـامدۇ ، — دەپ تۈزۈت قىلدى زۆھرە خانىم .
— شۇنداقلا كەلدۇق ، لايىقلىرىدا بولماي قالدى ، — دېدى ئامانىنىساخان ئاچا قول باغلاپ تۇرۇپ .
زۆھرە خانىم يەنە بىر قېتىم ھەشقالىلا ئېيتىپ داستىخاننى قوبۇل قىلدى ، ئاندىن ئابدۇرازاق ئاكىنىڭ ئالدىغا بىر كىيىملىك ، ئامانىنىساخان ئاچىنىڭ ئالدىغا بىر كىيىملىك رەخت قويدى . «بۇ ئابدۇساتتارجان بالامغا» دەپ بىر پارچە شىم ـ كاستۇملۇق رەخت بىلەن بىر تال كۆڭلەك قويدى . قۇدىلارغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن مېھمانلارغىمۇ ئادەتتىكى رەختتىن بىر پارچىدىن قويدى .
— ئايـرىم ئىكـكى ئېغىز مۇڭـدىشىۋالـساق بوپتىـكەن ، قۇدام ، — دېدى ئابدۇرازاق ئاكا بىلەن ئامانىنىساخان ئاچا ، قادىر ئەپەندى بىلەن زۆھرە خانىمنى بىر يانغا تارتىپ .
تۆت قۇدا باشقا بىر ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى تاقىدى .
— مـۇنداق گـەپتى ، قـۇدام ، — دېدى ئابدۇرازاق ئاكا گەپ باشلاپ ، — يەنە ـ يەنە چىرىپ ھەربىرلىرىنىڭ بېشىنى ئاغرىتمايلى

دەپ ، تويلۇقنىمۇ ئېلىپ چىگەن . شۇڭا ، جەرىستاندا تويلۇقنىمۇ قويۇۋېتىپ چىقىپ كېتەيلى دېگەنىدۇق .

— ھە ، شۇنداق ، — دېدى ئامانىنساخان ئاچا ئېرىنىڭ گېپىنى تولۇقلاپ ، — تويلۇقنى دېيىشىمىز دەپ يەنە بىر كۈن چىرىپ يۇرمەيلى . بىزمۇ ئازراق تەييارلىق بىلەن چىدۇق . خاپا بولماي تويلۇقنىڭ ئېتىنى قوياپ بەرسىلە بوپتىكەن .

— تولا ئوبدان ئويلىشىپلا ، بىزنى ئايىغانلىقلىرى ئۈچۈن رەھمەت . تويلۇقنى ئۇنداق ـ مۇنداق دەپ يۇرمەيلى ، — دېدى قادىر ئەپەندى ، — ئۆزلىرى ھونىغانلىرىنى بېرىشسىلە .

— ھەربىرلىرىمۇ ھەممە ھېسابتا بار ، قىز چىقارغان ، كۈيئوغۇل كۆرگەن ئادەملەر . ئەڭ ياخشىسى ، بىزنى خىجىل قىلىشمىسىلا ، — دېدى زۆھرە خانىم .

— قىزغا تويلۇق ئېلىش پەيغەمبىرىمىزنىڭ زامانىسىدىن تارتىپ بار ئىش ، — دېدى ئابدۇرازاق ئاكا ، — بالىلىرىمىزنىڭ بىر ـ بىرىگە مەيلى چۈشۈپ قاپتۇ . ھەربىرلىرىمۇ بىزنى دېھقان خەقكەن دېمەي يارىتىپ ئادەم ئېتىشتىلە . بۇنىڭغا بىز بەك خۇش . تويلۇقتا چوقۇم قىزنىڭ ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالىدىغان گەپ . شۇڭا ، بىرنېمە دەپ بەرسىلە .

قادىر ئەپەندى بىلەن زۆھرە خانىم قەتئىي گەپ قىلغىلى ئۇنىمىدى .

— مانچە پۇل تويلۇق بەرسىلە دېسەك ، سەت تۇرىدۇ ، — دېدى قادىر ئەپەندى ، — بۇ ئىش ئات ـ ئۇلاغ سودىسىغا ئايلىنىپ قالمىسۇن . ئۇرۇق ـ تۇغقان بولىمىز دەپ تۇرۇۋاتىمىز ، ئاز كەلدى ، جىق كەتتى دەپ ئولتۇرساق ھەرگىزمۇ ئۇرۇق ـ تۇغقان بولالمايمىز . تويلۇققا نىسبەتەن ھەرقايسىلىرىنىڭمۇ كۆڭۈللىرىدە ھونىغان سان بار . ئۆزلىرى بىلىشسىلە . قىزغا تويلۇق ئالىدىغان رەسىم ـ قائىدە ئەزەلدىن بار ئىكەن . بولمىسا ، توينى شۇنداقلا قىلىپ بەرگەن بولساقمۇ بولىتتى .

— ئۇنداق دەپ تۇرۇۋالسىلا ئاتىغىنىمىزنى داستىخانغا

قـويايلـى . كـەم بـولۇپ قالغان بولسا ، قۇلـــقىـــمىـــزغا پىچىرلىۋېتەلا ، — دېدى ئابدۇرازاق ئاكا .

زۆھرە خانىم كۆڭلىدە تويلۇقنى مۇشۇ يەردىلا بېرىدۇ دەپ ئويلىغانىدى ، بىراق قۇدا بولغۇچىلار گېپىنى تۈگىتىپ مېھمانخانا ئۆيگە قاراپ ماڭدى . شۇ ھامان زۆھرە خانىمنىڭ كۆڭلىگە ئەندىشە چۈشتى .

«ئەستاغپۇرۇللا ، مۇشـۇ يـەردىـلا بېرىـۋەتسە بـولمـامدۇ تويلۇقنى . ناۋادا ، ئازراقلا بىر نەرسە كۆتۈرۈپ كىرگەن بولسا گۈلسۈم بىلەن شاراپەتنىڭ ئالدىدا يۈزۈم چۈشىدىغان بولدى ـ دە . بۈگۈنلا يېيىۋېتىدۇ جاھانغا . ئاۋۇ ئادەمنىڭ ئالدىدا مانچىلىك تويلۇق بەرسە ، دەپ تېخى ئېغىز غىرىچلىغىلى بولمىدى ...»

ئامانىساخان ئاچا جايىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، ئابدۇرازاق ئاكا قوينىدىن ئېلىپ تەڭلىگەن يۈز كويلۇقتىن ئىككى باغلام پۇلنى پەتنۇسقا سېلىپ داستىخانغا قويدى .

— بۇ ئاز بولسىمۇ پەردە قىزىمىزنىڭ تويلۇقىغا ئاتىغىنىمىز ، ئاز بولسىمۇ قوبۇل قىلىشسىلا .

— ئۆزلىرى بىلىشىـلە دەپ تۇرۇۋېلىـــشلا ، — دېدى ئابدۇرازاق ئاكىمۇ گەپ قىستۇرۇپ ، — بىز ئۆزىمىز بىلگەنچە مۇشۇنداقراق چىـــدۇق . كەم قالغان يېرى بولسا دېسىـــلە ، تولۇقلىساق .

پۇلنى كۆرۈپ زۆھرە خانىمنىڭ ئەندىشىـــــى پۈتۈنلەي تۈگىدى . شۇ تاپتا كۆڭلىدە پۇلنىڭ سانىنى دىتلاپ بولغانىدى . ھەئە ، پەتنۇستىكى پۇل يىگىرمە مىڭ كوي ئىدى . خۇشاللىق زۆھرە خانىمنىڭ چىرايىغا شۇ ھامان تېپىپ چىقتى . كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا گۈلسۈم خانىم بىلەن شاراپەت خانىمغا مەغرۇرلۇق بىلەن قاراپ قويدى .

— ۋاي ، رەھمەت ، بەك جىق كايىشىپلا ، — دېدى زۆھرە خانىم پەتنۇسنى قولىغا ئېلىپ .

گۈلسۈم خانىم بىلەن شاراپەت خانىممۇ ئاغزىنى ئېچىپلا

www.uyghurkitap.com

قىلىشقانىدى . يىگىت تەرەپ قىزغا خېلىلا جىق تويلۇق بەرگەنىدى . بۇ زۆھرە خانىمنىڭ مۆلچەرىدىكىدىن خېلىلا جىق ئىدى .

— ئەمدى دۇئا قىلىپ بەرسىلە ، بىز يانايلى ، — دېدى ئابدۇرازاق ئاكا .

— جىنىدەك تەخىر قىلىشسىلا ، — دېدى زۆھرە خانىم ۋە قادىر ئەپەندىنى شەرەتلەپ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كېتىشتى .

— يىگىرمە مىڭ كويىكەن ، — دېدى زۆھرە خانىم خۇشاللىقىنى يوشۇرماي ، — يامان ئەمەس تويلۇق ئەكىرىپتۇ .

— نېمانچە جىق ، — دېدى قادىر ئەپەندى بىرئاز ئەجەبلىنىپ ، — بۇنداق قىلسا قانداق بولىدۇ . پەرىدە قىزنى پۇلغا ساتقاندەك ئىش بولۇپ قالىدىغۇ بۇ .

— ئوھۇش ، نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنلا ، — دېدى زۆھرە خانىم نارازى بولۇپ ، — بۇنى بەك جىق تويلۇق دېگىلى بولمايدۇ . سىلى ئەر كىشى بولغاندىكىن ئانچە بىلىپ كەتمەيلا . نورمال تويلۇق ئون بەش - يىگىرمە مىڭ كوي ئەتراپىدا بولۇۋاتىدۇ . قىرىق - ئەللىك مىڭ كويلاپ تويلۇق ئالغانلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەملەر .

— سىلى قۇدىلارغا تويلۇق توغرۇلۇق گەپ قىلمىغان بوغىيتىلە ، خانىم .

— تـوۋا دېسىلە ، — دېدى زۆھرە خانىم قاپىقىنى سۈزۈپ ، — بايا ھەممە گەپنىڭ ئۈستىدە سىلى بارغۇ . نەچچە ۋاقىتتىن بېرى دوختۇرخانىدا تۇرسام ، ھەرقانچە بولسىمۇ بۇنداق سەت ئىشنى قىلماسمىنا .

— خاپا بولمىسىلا ، شۇنداقلا سوراپ قويدۇم .

— ئۇنىڭ ئۈستىگە ، پەرىدە قىزىمغا بۇنىڭدىن جىق تويلۇق بەرسىمۇ ئەرزىيدۇ ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — بىز كۈيئوغۇلغا تويلۇق ھېسابىدا قانچىلىك پۇل قايتۇرساق بولا ؟

— يېرىمىنى قايتۇرۇۋەتسىلە ، — دېدى قادىر ئەپەندى ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا .

— ئۇنداق قىلساق بولماس ، — دېدى زۆھرە خانىم ، —

بوپتۇ، بەش مىڭ كوي قايتۇرايلى. بۇنىڭدىن جىق دېسىلە مەن رەنجىپ قالىمەن.
— ئەمىسە، ئالتە مىڭ كوي بولسۇن، — دېدى قادىر ئەپەندى، — ھەرھالدا ئىنساپنى ئۇنتۇپ قالمايلى، خانىم.
زۆھرە خانىم ئارتۇقچە تىركەشمىدى. پەتنۇسقا ئالتە مىڭ كوي پۇلنى سېلىپ چىقىپ ئامانىنىساخان ئاچىنىڭ ئالدىغا قويدى.
— بۇ بىزنىڭ كۈيئوغلىمىزغا ئاتىغىنىمىز، ئاز بولسىمۇ قوبۇل قىلىشسىلا.
— ۋاي، بۇ نېمە قىلىق، — دېدى ئابدۇرازاق ئاكا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، — بىز ئوغلىمىزغا خوتۇن ئېلىپ بېرىمىز، ھەرگىز ئەرگە بەرمەيمىز. ھەرقايسىلىرىدىن تويلۇق ئالساق قانداق بولىدۇ. بىزنى خىجىل قىلىشمىسىلا، قۇدام.
— شۇنداق، — دېدى ئامانىنىساخان ئاچىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، — بۇنداق قىلىشمىسىلا، بىزنى خىجىل قىلىپ قويىشىلا. بۇ پۇلنى ھەرگىز ئالالمايمىز.
— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە، قۇدام، — دېدى قادىر ئەپەندى، — بۇ بىزنىڭ كۈيئوغۇل بالىمىزغا ئاتىغىنىمىز. قوبۇل قىلمىسىلا كۆڭلىمىز كېلىدۇ.
— قۇدىلىرىنى تەڭقىسلىقتا قويماي ھەشقاللا دەپ ئېلىشسىلا، — دېدى گۈلسۇم خانىم سالا قىلىپ، — كۈيئوغۇلغا تويلۇق قايتۇرۇشمۇ رەسىم - قائىدە. ھەر ئىش قائىدە - يوسۇن ئىچىدە بولغىنى ياخشى.
— سەت ئىش بولدىغۇ بۇ، — دېدى ئامانىنىساخان ئاچا تىكلىشىپ تۇرۇۋېرىشكە ئامالسىز قېلىپ، — رەھمەت، ھەشقاللا ئەمىسە.
يىگىت تەرەپ تويلۇقنى جىقراق بېرىش، قىز تەرەپ مەلۇم نىسبەتتە قايتۇرۇش بىر قائىدە - يوسۇنغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ يىگىت تەرەپنىڭ سېخىيلىقىنىڭ، قىز تەرەپنىڭ ئىنساپلىقلىقىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىناتتى.

شاراپەت خانىم ئايال مېھمانلارغا يالتىراق خالتا، ئىككىدىن نان تارقىتىپ داستىخاندىن مەجبۇرىي زەللە ئالغۇزدى. سەھرا ئاياللىرىنىڭ داستىخاندىن زەللە ئالىدىغان قائىدىسى بولمىغاچقا، مېھمانلار: «ئۇنداق قىلساق سەت تۇرىدۇ» دەپ، شاراپەت خانىم «ئالمىساڭلار ئۆي ئىگىسىنىڭ كۆڭلىگە كېلىدۇ، سالغان داستىخىنىنى ياراتمىغان بولۇپ قالىسىلەر» دەپ خېلىلا تىكلەشتى. زۆھرە خانىم قۇدىسىغا ئاتاپ ئايرىم تەييارلىغان بىر داستىخان زەللىسىنى ئامانىساخان ئاچىغا تۇتقۇزدى. ئامانىساخان ئاچا ئالغىلى ئۇنىمىۋىدى، «بۇ ئابدۇساتتارجان ئوغلۇمنىڭ نېسىۋىسى، ئالمىسىلا زادى بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋالدى.

قۇدىلار بىنانىڭ ئالدىدا بىرنەچچە قېتىم: «خوش، خۇدايىمغا ئامانەت»، «ئاۋارە قىلدۇق»، «لايىقلىرىدا كۈتەلمىدۇق» دېيىشىپ خوشلاشتى. ھەئە، شۇ ئارىدا توي كۈنىنى ئايرىم بىر كۈنى بېكىتىدىغانغىمۇ كېلىشىۋالدى.

— ئۇھ، ئەجەب ھېرىپ كەتتىما، — دېدى زۆھرە خانىم ئۆيگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ئۆزىنى كۆرپىگە تاشلاپ، ئاندىن شاراپەت خانىم بىلەن گۈلسۇم خانىمنىمۇ يېنىغا تەكلىپ قىلدى، — كېلىڭلار، سىلەرمۇ بىردەم يانپاشلىۋېلىڭلار. ئەجەب ھاردۇرۇۋەتتىم ئىككىڭلارنى.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمە، ئاداش، ئۆزىمىزنىڭ ئىشى تۇرسا، — دېيىشتى ئىككى دوستى.

— پەخرىئاي قىزىم، شاراپەت ئاچاڭ بىلەن گۈلسۇم ئاچاڭغا چاي ئەكېلە، — دېدى زۆھرە خانىم.

ئۈچ ئايال: «مېھماندارچىلىق جايىدا ئۆزىدى»، «نانلىقنى چۆپەيلىك قىلماي ئەكەپتۇ»، «تويلۇقنىمۇ راۋۇرۇس بەردى»، «قائىدە ـ يوسۇننى ئوبدان بىلىدىغان ئادەملەركەن»، «پەرىدە قىز ياخشى قېيىنانىغا ئۇچرىغاندەك قىلىدۇ» دېيىشىپ خېلى ئۇزاق پاراڭ سوقۇشتى. شۇ ئارىلىقتا قىزلار قول ـ قولچە ئۆينى يىغىشتۇرغان بولدى.

ئارابۇستا يېزىغا قايتىپ كېتىۋاتقان مېھمانلارمۇ خېلىلا خۇشال ئىدى .

— ئالتە مىڭ كوي پۇلۇڭلىنى قۇلۇڭلىغا قايتۇرۇپ بېرىپتىمۇ ، ئابدۇرازاق ئاكا ، — سورىدى چوكانلاردىن بىرى .

— شۇنداق قىپتۇ ، — دېدى ئابدۇرازاق ئاكا ، — شەلىك بولغىنى بىلەن خېلى ئىنساپلىق ئادەملەركەن .

— بەكمۇ مېھماندوست ئادەملەرگە ئۇچراپسىلە .

— شەلىك بىلەن قۇدا بولىدىغان بولدۇق دېسەڭلار ئەنسىرىگەنىدىم .

— ئابدۇساتتارجان ئۇكاممۇ يىگىرمە مىڭ كويغا ئاران بىر خوتۇن ئالىدىغان بولدى ـ دە .

— يېزىدا ئاز دېگەندە تۆت خوتۇن ئالىتى بۇ پۇلغا .

— ھېچ گەپ يوق . ئىنىمىزمۇ ۋاقتىدا ئۆيلەنگەن بولسا ، بۇ چاغقىچە تۆت خوتۇن ئېلىپ بولاتتى .

— شۇڭا تۆت خوتۇننىڭ پۇلىنى بىراقلا خەجلەپتۇ ـ دە .

— نېمىلا دېگەنبىلەن شەدىن خوتۇن ئالىدىغان بولدى ، ئەينا .

— كېلىن قىز بالا بەك ئورۇقكەن .

— ئاشۇ تۇرقى بىلەن قانداق مۇئەللىمچىلىك قىلىدىغاندۇ ؟

— ئابدۇساتتارجاننىڭ ھاجىتىدىنمۇ چىقالامدۇ دەڭلا .

— ھەي ، سەت گەپ قىلما .

— شەلىك چوكانلار سەمرىپ كېتىمىز دەپ تاماق يېمەيمىش .

— ئانىسىمۇ قىزىدەكلا ياپياش تۇرمامدۇ ، ئەينا .

— شەلىك دېگەن قېرىمايدىغان خەق زادى .

— ئىشقىلىپ ، ئوبدان ئادەملىكەن .

— توينى قىزنىڭدا قىلىۋېتىلى .

— شۇنداق قىلىلى ، گەپ ئارىلىشىپ قالمىسۇن .

— ئابدۇساتتارجانغا ئىشتىھا ساقلاپ ئولتۇرغان قىز بالىنىڭ ئىچىگە ئوت كېتىدىغان بولدى ئەمدى .

— قىزىق ئىش ، ھەممەيلەنگە زورلاپ زەللە ئالغۇزدى .

— بەك سەت بولدى . داستىخاننى قۇرۇقداپلا قويدۇق ، ئاچ قالغان ئادەمدەك .

— ھېلىقى ئايال دېدىغۇ ، شەلىكنىڭ ئاشۇنداق قائىدىسى باركەن .

— شەلىكنىڭ قائىدىسى تولا خەقكەن . بىز نومۇس دەپ بىلگەن ئىشنى ، ئۇلار قائىدە دەپ تۇرۇۋالىدىكەن .

— نېمىلا دېگەنبىلەن ئۆيگە قۇرۇق قول چىقمايدىغان بولدۇق .

— قۇرۇق قول چىققان بولساق بالىلىرىمىز قولىمىزغا قاراپ قالاتتى ئەمەسما .

— بىر ھېسابتا بۇمۇ بولىدىغان قائىدىكەن .

— توۋا دېسىلە ، مۇشۇمۇ قائىدە بولدىمۇ ؟

ئارىبۇس يەڭگىل چايقىلاتتى . مېھمان ئايالالار توختىماي ۋالاقلايتتى .

## 48

— ئۆيدىكىلەر رەنجىمەي چىقىپتىمۇ ؟ — سورىدى پەرىدە يانفوننى قۇلىقىغا تۇتۇپ ، ياتاق ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋېتىپ .

— نېمىشقا رەنجىگۇدەك ، بەكمۇ خۇشال چىقىپتۇ ، — دېدى ئابدۇساتتار ، — سىلەرنىڭ ئۆيدىكىلەردىن بەك رازى بوپتۇ .

— تارچىلىق ئۆيدە قىستىلىپ قالدى شۇ .

— ئۆي تار بولغان بىلەن كۆڭلۈڭلار كەڭرى ـ دە .

— خىجىل بولۇپ ، مېھمانلارنىڭ قېشىدا تۇرالمىدىم . مېنى بىرنېمە دەپ قالمىغاندۇ ـ ھە .

— تۇغقانلار سىزنى بەك ئورۇقكەن دېيىشىپ كەتتى .

— مېنى ياراتماپتۇ ـ دە ، — دېدى پەرىدە كۈلۈپ .

— ئۇلارغا ، ھېچقىسى يوق ، تويدىن كېيىن ئۆزۈم سەمرىتىۋالىمەن ، دېدىم .

— ئاشۇنداق دېدىڭىزمۇ قىلىن ، ئىزا تارتماي .
— ئازراق سەمرىمىسىڭىزمۇ بولماس . بۇ تۇرقىڭىز بىلەن بالىلىرىمىزغا سۇتمۇ چىقماس ھەقىچان .
— ۋايجان ، ئادەمنى خىجىل قىلماڭە .
— ئۆيدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقامسىز كىن . بىزنىڭ چوڭلار تويىنى كېلەر شەنبە قىلايلى ، دەيدۇ .
— ۋاقىت يېتىشمەي قالارمىكىن . ئالدىراپ بېكىتىپ قويغان بىلەن بىرمۇنچە ئىش بار تۇرسا .
— بەك كەينىگە سۇرمەيلى ، پەرىدە ، — دېدى ئابدۇساتتار ، — كېلەر شەنبىگە يەنە ئون كۈن بار . ئون كۈندىمۇ خېلى جىق ئىشلارنى قىلىپ بولغىلى بولىدۇ . مۇھىمى ، توي خېتى ئېلىۋالساق ، ئاندىن تويلۇقىڭىز پۈتسە ، باشقا ئىشلار ئاسان . ئالدىمىزدىكى چارشەنبە ، پەيشەنبە توي باغىدىكى تارقاتساقمۇ ئۈلگۈرىمىز . ماقۇل دەڭ ، مەن بەك ئالدىراپ كېتىۋاتىمەن .
پەرىدە بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى .
— بۇ گەپنى ئۆيدىكىلەرگە مەن قانداق دېيەلەيمەن ؟
— سىز ئۇلارغا ئازراق ئىس پۈرتىپ قويسىڭىزلا بولدى . قالغىنىغا ئەتە دادام چىرىپ مەسلىھەتلىشىپ چىقىدۇ . ئىشقىلىپ ، تويىنى ئەمدى كېچىكتۈرمەيلى .
— بايا ئانامىمۇ شۇنداقراق بىر گەپ قىلغان .
— بەك كېچىكىپ كەتسە ئۇششاق گەپ ئارىلىشىپ قالىدۇ . بىلەمسىز ، مەن تېخىچە تولۇق خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن .
— نېمىدىن ئەنسىرەيسىز ؟
— سىز بىلەن توي قىلالماسلىقىمدىن .
— ئاغزىڭىزنى ئۇششۇتمەڭ . ئىشلار بىر ئوبدان يۈرۈشۈۋاتامدۇ مانا .
— خۇدايىم ھەممە ئىشلىرىمىزنى ئوڭۇشلۇق قىلار . ھە راست ، تويلۇقتىن ئۆيدىكىلەر رازى بوپتۇمۇ ؟

— رازى بولماي ئەمىسە . ھەممىدىن ئانام بەك خۇش بولۇپ كەتتى . تويلۇقنى بەك جىق ئەكىرىپسىلە . خىجىل بولۇپ قالدىم .

— سىز ئۇچۇن قانچىلىك تويلۇق بەرسەك ئەرزىيدۇ . ماڭىمۇ بىرمۇنچە تويلۇق بېرىپسىلەر تېخى . دادام بەك ئىنساپلىق ئادەملەركەن دەپ خۇش بولۇپ كەتتى .

— ئانام ـ دادامىلارمۇ شۇ . بولۇپمۇ ئانام دوست ـ دۇشمەنلەرنىڭ ئالدىدا بەك يۈز ـ ئابرۇيىمىزنى قىلدى ، دەيدۇ .

— ئەمىسە توينىڭ ۋاقتىنى ئاشۇنداق بېكىتكەچ تۇرامدۇق ؟

— مەيلى .

— ھە راست ، ئارىلىقتا كىرسەم ئۆيىمىزگە ئازراق بىر نەرسە ئېلىپ قويامدۇقكىن .

— ئۆيىڭىزدە ھەممە نەرسە تولۇقكەنغۇ ؟

— ئۇ دېگەن ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆيى . ئىككىمىزنىڭ ئۆيىنى دەۋاتىمەن . سىزگە ۋاقتى كەلگەندە دەيمەن دەپ گەپ قىلمىغانىدىم . ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا ھېلىقى يېڭىدىن پۈتكەن «باغۋەنلەر» ئولتۇراق گۇللۇكىدىن يەتمىش كۇۋادرات مېتىرلىق بىر يۈرۈش ئۆي ئېلىپ قويغانىدىم .

پەرىدەنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن سوقۇپ كەتتى . بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقۇسىز خۇشاللىق ئىدى .

— مۇشۇنچىۋالا چوڭ ئىشنى ئەجەب ماڭا دېمەپسىزغۇ ؟

— سىزنى تۇيۇقسىز خۇش قىلمۇۋېتەي دېگەنىدىم . ئاددىيراق بېزەتكۈزۈپ قويدۇم . لېكىن ، ئۆي مەللىسى كەم . شۇنى سىز بىلەن بىللە ئالاي دېگەن .

— ئۆينى نەچچىنچى قەۋەتتىن ئالدىڭىز .

— ئۈچىنچى قەۋەتتىن . بوپتۇمۇ ؟

— جايىدا بوپتۇ . لېكىن ، توي قىلىپلا ئايرىم ئۆي تۇتۇۋالساق سەت تۇرامدىكىن . بىر مەزگىل چوڭلار بىلەن بىللە تۇرامىز دەپ ئويلىغانىدىم تېخى .

— خاتىرجەم بولۇڭ ، بۇ ئىشتىن دادام ـ ئانامىلارنىڭ خەۋىرى بار . بىرەر ـ ئىككى كۈن چوڭلار بىلەن بىللە تۇرامىز ، قالغان ۋاقىتتا ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىدە تۇرامىز . گاھى كۈنلىرى دادام ـ ئانامىلارنى ئەكىرىپ قوندۇرۇۋالىمىز . شۇنداق قىلىلى ، ئۆي مەللىسى ئېلىۋېتەيلى .

— ئۇنداق بولسا ئۆي مەللىسىنى ئۆزۈم ئالاي . ھەممە ئېغىرچىلىقنى سىزگە سالسام بولماس .

— سىنىڭ ، مېنىڭ دەپ كەتمەيلى ، مەن دېگەن بىر ئوغۇل بالا ، ئەركەك . تۇتىدىغان ئۆينى تەييارلاش مېنىڭ ۋەزىپەم .

— گېپىڭگە كىرمىسىڭىز ، كارىم يوق ئەمىسە .

— بوپتۇ ، ۋاقتى كەلگەندە مەسلىھەتلىشەيلى . ئارىلىقتا سىزگە تېلېفون قىلىمەن .

— ماقۇل .

— خوش ، كۆرۈشكۈچە ئامان بولۇڭ .

— خوش ، — دېدى پەرىدە .

پەرىدە ئۆزىنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي قالغانىدى .

— بەك خۇشالغۇ سەن ، — دېدى ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەلگەن پەزىلەت ئاچىسىنىڭ چىرايىدىكى ھاياجاننى كۆرۈپ .

پەرىدە بايا بولۇنغان گەپلەرنى سىڭلىسىغا قىسقىلا دەپ بەردى .

— ۋاھ ، ئۆيۈڭمۇ تەيياركەنغۇ سىنىڭ ، — دېدى پەزىلەت خۇش بولۇپ ، — توينى كېلەر شەنبە قىلايلى دېگەن بولسا كەينىگە تارتما ، ئۇلگۈرىمىز .

— سەنغۇ ئۆزۈڭنىڭ تويۇڭغا ئالدىراپ مېنى زورلاۋاتىسەن ھەقىچان ، — دېدى پەرىدە سىڭلىسى بىلەن چىقىشىپ .

— خەپ سېنى ، ئەسكى ، — دېدى پەزىلەت تېرىكىپ ، — ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان يۈزسىز ، ئاچامكەن دەپ شۇنچە پالاقلىغىنىمنى بىر تېيىن قىلدىڭغۇ . ئەمدى ئىشلىرىڭغا

ياردەملەشكىنىمنى كۆر .

پەزىلەت دومسايغىنىچە تەتۇر قارىۋالدى .

— خاپا بولمىغىنا ، چاقچاق قىلدىم ، — دېدى پەرىدە ، نېمانچە تاۋى نازۇك بولۇپ كەتتىڭ .

— چاقچاق قىلدىم دەپ ، ئاشۇنداقمۇ گەپ قىلامسەن ئەمسە .

— كەچۈرگىن ، مەن ناماقۇل .

— ئىككىنچى ئۇنداق گەپنى قىلما ، — دېدى پەزىلەت چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ، — نائىلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن توينى ۋاقتىدا قىلىۋەتكەن ياخشى . بولمىسا ، قۇدىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا گەپ ئۆتۈلۈپ قېلىپ ئىش بۇزۇلىدۇ . مەن مۇشۇنى كۆزدە تۇتقان .

— ئەمىسە ، ئانامغا دەپ باقامسەن ؟

— ئۆزۈڭ دە .

— خوش بولاي ، جېنىم ئۇكام .

— ياق ، ئانام مېنى ئەرگە تېگىشكە ئالدىراپ قېلىپ ئاچىسىنى ئالدىرىتىۋاتىدۇ دەپ قالىدۇ يەنە .

— ۋايجان ، ئۇيىنىشىپ دەپ قويغان گەپنى كۆڭلۈڭگە ئالمىساڭ نېمە بولا . ئۇنداق قىلىپ كەتمە . ماڭىمۇ يالۋۇرىدىغان ئىش چىقىپ قالامدىكى ، ۋاقتى كەلگەندە مەنمۇ قۇشقۇندا ئولتۇرۇۋالماي يەنە .

— ئاشۇنداق بىر قىلىپ باققىنا .

— قانداق قىلىسەن ، ئاشۇنداق قىلسام .

— كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتەرمەنا .

— سەن بىشەمنىڭ قولىدىنغۇ ھەر بالا كېلىدۇ . ئەمىسە ئانامغا دەپ باققىن .

پەزىلەت چىقىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەي زۆھرە خانىمنى باشلاپ كىردى . زۆھرە خانىمنىڭ چىرايىدا باشقىچە بىر خۇشاللىق ئەلەڭلەيتتى .

— پەزىلەتنىڭ گېپى راستمۇ؟ — دېدى ئۇ ئۆيگە كىرىپلا .

— قايسى گەپنى دەيسەن؟ — سورىدى پەرىدە دەماللىققا ئېسىگە ئالالماي .

— ھېلىقى ئۆينىڭ ئىشىچۇ؟

— مەنمۇ ھازىر ئۇقتۇم ، — دېدى پەرىدە كۈلۈپ ، — بىنادىن يەتمىش كۇۋادرات مېتىرلىق ئۆي ئەپ قويۇپتۇ . ھەپتە ئارىلىقىدا چىرىمەن ، ئۆي مەللىسى ئېلىۋېتەيلى ، دەيدۇ .

— ئەجەب بەلەن بولۇپتۇ ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — ئۆينى بېزىۋېتىپ ئولتۇرساڭلار ياخشى بولاتتى .

— ئۆينى بېزىتىپ بولۇپتۇ . ئۆي مەللىسىنى مەن ئالايمىكىن دەيمەن .

— شۇنداق قىل . ئۇنچىلىك پۇلنى سەن خەجلىمىسەڭ بولماس . لېكىن ، توڭلاتقۇ ، كىرئالغۇ ، تېلېۋىزور دېگەندەك نەرسىلەرنى ئالماي تۇرۇڭلا . ئۆيۈڭلارنى مۇبارەكلەپ ئۆزىمىز ئېلىپ بېرىمىز .

— شۇنداق قىلايلى ، — دېدى پەزىلەت ئانىسىغا قاراپ ، — توڭلاتقۇنى سەن ئال ، تېلېۋىزورنى مەن ئالاي ، DVD نى پەخرىدىن ئالسۇن ، كىرئالغۇنى پەخرىئاي ئالسۇن .

— مۇشۇنداق قىلساق بولىدىكەنغۇ مانا ، — دېدى زۆھرە خانىم كۈلۈپ ، — ھېچقايسىمىزغا ئېغىر چۈشمىگۈدەك . مەن يەنە ئىككى پارچە گىلەم ياندۇرالىسام بولماس . ئەجەب ياخشى بولدى . ئىشلارنى ئەتراپلىق ئويلايدىغان ئادەملەركەن ئۇ . شۇنداق بولسۇن . ئوغۇل تەرەپ ئۆي تۇتۇپ بېرىدۇ ، قىز تەرەپ ئۆي مارىكى قىلىپ بېرىدۇ . بۇ ئەزەلدىن بار قائىدە .

— يەنە بىر ئىشنى ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويدۇڭ ، ئانا ، — دېدى پەزىلەت .

— قايسى ئىشنى دەيسەن؟

— تويى كۈننى بېكىتىدىغان ئىشنى .

— كېلەر شەنبە توي قىلساق سەل ئالدىراپ قالارمىزمىكىن، — دېدى زۆھرە خانىم.

— توي كۈننى بىر ئايدىن كېيىنگە بېكىتسەكمۇ ئوخشاشلا ئالدىراپ قالىمىز، — دېدى ئۆيگە كىرىپ كەلگەن قادىر ئەپەندى، — بابا ھەممە گېپىڭلارنى ئاڭلىدىم. قۇدىلار شۇنداق مەسلىھەت قىلىشقان بولسا، شۇلارنىڭ دېگىنىدەك بولسۇن. كەينىگە تارتمايلى، ئۈلگۈرىمىز. سىلى ھازىردىن باشلاپ پەردىنىڭ تويلۇق كىيىم - كېچەك، ئالتۇن زىبۇزىننەتلىرىنىڭ تەييارلىقىغا چۈشسىلە، خانىم. مەن قۇدىلار بىلەن ئاشسۇيىنى مەسلىھەتلىشىپ، شۇنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشەي. باللارمۇ مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە توي خېتى ئېلىۋەتسۇن. ۋاقتى كەلگەندە باغاقنى يېزىپلا تارقىتىۋەتسەك ئىش پۈتمەمدۇ.

— سىلى ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن بىر مۇنچە ئوششاق ئىشلىرى بار توي دېگەننىڭ.

— يا بىسمىللا دەپ بىر مېڭىپ باقايلى، تۈگىتىمىز بۇ ئىشلارنى. ئىشقىلىپ، سىلى ئۆزلىرىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى ھازىردىن باشلاپ قىلىۋەرسىلە.

— توينى نەدە قىلىمىز، — سورىدى پەرىلەت، — بۇ ئۆي بەك كىچىك. مېنىڭچە، مەرىكە زالىدا قىلساق بولامىكىن.

— ھەممە ئادەم مەرىكە زالىدا توي قىلىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ، بىزمۇ شۇنداق قىلايلى. مەرىكە زالىدا قىلساق ئىشىمىز تېخىمۇ ئاسانغا چۈشىدۇ، مېھمانمۇ ئېدىتلىق ئۇزايدۇ، — دېدى قادىر ئەپەندى.

— ئۇنداق بولسا، مەرىكە زالىنى بۇرۇنراق دېيىشىپ قويساق بولىدۇ، — دېدى زۆھرە خانىم.

— شۇنداق قىلايلى. پەخرىدىن بۈگۈنلا ئۇقۇشۇپ، ئالدىن رەنە بېرىپ قويسۇن.

— تۇۋا، ماۋۇ ئالدىراشچىلىقنى، — دېدى زۆھرە خانىم، — توي قىلىمىز دەپلا قىلىپ كېتىدىغان بولدۇقمۇ دەيمەن ئەمدى.

تويلۇق كىيىم، زىبۇزىنىنەت بازاردا بار دېگەن بىلەن، تويلۇق يوتقان - كۆرپىنى ئۆز قولۇم بىلەن تىكمىسەم بولماس ھەقچان. ئۇنداق بولسا، مەن ئەتە گۇلسۇم، شاراپەتلەر بىلەن يەنە بىر مەسلىھەتلىشۋالاي. ئۆزىمىزمۇ تويغا ئاتاپ بىرەر قۇردىن كىيىم كىيىپ قويمىساق بولماس تېخى.

— بۇغدايىنىڭ باھانىسىدە قارىمۇق سۇ ئىچىۋالىدىغان گەپكەن - دە، — دېدى قادىر ئەپەندى چاقچاق قىلىپ.

— ۋاقتى كەلگەندە سىلىمۇ قۇرۇق قالمايلا، — دېدى زۆھرە خانىم كۈلۈپ، — توي بولغاندىكىن ھەممەيلەن بىرەر قۇردىن يېڭى كىيىم كىيىپ قويايلى ئەمدى. باغاقىنىڭ ئىشىغىمۇ ئالدىراپ قويمىساق بولمايدۇ. كەچتە ھەممەيلەن بىر مەسلىھەتلىشۋالايلى، جۇما.

## 49

سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ ناشتىلىق تەييارلاشقا تۇتۇنغان زۆھرە خانىم توخلانقۇنىڭ ئىچىگە قاراپ غۇززىدە بولۇپ قالدى. توخلانقۇ قۇپقۇرۇق ئىدى. ئۇ ئاشخانا ئۆيدىن چىقىپ چىشىنى چوتكىلاۋاتقان پەزىلەت بىلەن پەخرىئايدىن سورىدى.

— توخلانقۇدىكى يېمەكلىكلەرنى نېمە قىلدىڭلا؟

— قايسى يېمەكلىكلەرنى دەيسەن، ئانا؟ — سورىدى پەزىلەت ئاغزىدىكى چىش پاستىسىنى تۇكۇرۇۋېتىپ.

— ئېشىپ قالغان يېمەكلىكلەرنى دەيمەن.

— ھە، ئۇ نەرسىلەرنى تاشلىۋېتىپ توخلانقۇنى تازىلاپ قويدۇم، — دېدى پەخرىئاي.

— يوغان ئىش قىپسەن، — دېدى زۆھرە خانىم ئاچچىقلاپ، — كىم سېنى ئۇ يېمەكلىكلەرنى تاشلىۋەتسۇن، دېدى.

— ئۇ نەرسىلەر بۇزۇلۇپ قالغىلى تۇرۇپتىكەن. پەرىدە ئاچامدىن سورىسام، مەيلى تاشلىۋەتسەڭ تاشلىۋەت؛ دېگەنىدى.

www.uyghurkitap.com

تېخى توڭلاتقۇنى تازىلاپ قويسام خۇشال بولماي.

— راست بۇزۇلۇپ قالغىلى تۇرۇۋېتىكەن، — دېدى پەرىدەمۇ، — سۇپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن يېمەكلىكلەرنى يېسەك سالامەتلىككە زىيانلىق.

— مەن تۈنۈگۈن قاراپ باققان، ئۇنچىۋالا بۇزۇلۇپ كەتكەندەك قىلمىغان، — دېدى زۆھرە خانىم، — نېمانچە ئىسراپچىلىق بۇ، بىر بەلەن نەرسىنى تاشلىۋېتىپ.

— ئۇنچىۋالا پىخسىقلىق قىلمىغىنا، ئانا، — دېدى پەخرىئاي، — بۇزۇلۇپ قالغان ئۇ نەرسىلەرنى كىم يەيتتىكى.

— ھەرقايسىڭ يېمىسەڭ، مانا مەن يەيتتىم. داداڭ بىلەن ئىككىمىز يەيتتۇق. ھەرقايسىڭ بايۋەچچە بولۇپ كېتىشتىڭ. ئانداق ـ مۇنداق نەرسىلەرنى يارىتىشمايسەن. داداڭ بىلەن يېڭى ئۆي تۇتقان ۋاقتىمىزدا، يەيلى دېسەك ئۇنچىلىك يېمەكلىكنىمۇ تاپالمايتتۇق. كۆكىرىپ قالغان قوناق ئۇنىنىڭ ئۇمىچىغىمۇ چىقىنالمايتتۇق. ئىسراپخورلۇق قىلساق قاتتىق يامان بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدىمۇ يەڭلار، ئىچىڭلار، لېكىن ئىسراپ قىلماڭلار دېگەن ئايەت بار. نېمىنى ئىسراپ قىلساق، شۇ نەرسىنىڭ خارلىقى ئاخىر بىر كۈنى ئۆتۈلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭلا، پات يېقىندا ھەربىرىڭلا بىردىن ئۆينى بېشىڭلاغا كىيىسىلە. مۇشۇنداق ئىسراپچىلىق قىلغىلى تۇرساڭلا، قانداقمۇ ئۆي تۇتالايسىلە. تېجەشكە تېگىشلىك نەرسىنى چوقۇم تېجەش كېرەك. خەجلەشكە تېگىشلىك بولغاندا چوقۇم خەجلەش كېرەك. تېجەشلىك، ئېدىتلىق بولۇڭلا، باللىرىم.

— ماقۇل، — دېيىشتى قىزلار خىجىل بولۇپ.

— باغاقنىڭ ئىشى قانداق بولدى؟ — سورىدى زۆھرە خانىم پەخرىدىنگە قاراپ.

— بۈگۈن چۈشتە تەييار بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، چۈشتىن كېيىن باغاقنى يېزىۋېتەيلى. ئەتىدىن باشلاپ باغاق تارقىتىشقا چۈشسەك بولا. باغاق يازىدىغان

تىزىملىك تەييار بولدىمۇ ؟
— دادامدىن سورا ، — دېدى پەخرىدىن ، — تىزىملىكنى دادام تەييارلايدىغان بولغان .
— باغاقنى تىزىملىك بويىچە يازمىساق تەرتىپلىك بولماي قالىدۇ . نەدە كۆڭۈل يېقىنلار چۈشۈپ قالىدىغان ئىش چىقىدۇ ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — تىزىملىكنى قانداق قىللا .
— تەييار بولدى ، خانىم ، — دېدى قادىر ئەپەندى ، — يېزىدىكى تۇغقانلارنىڭ باغىقىنى پەخرىدىن ئەپچىقىپ بەرسۇن .
— ئوبدانراق ئويلانسىلا . يېزىدىكى تۇغقانلار چۈشۈپ قالمىسۇن ، بولمىسا ، خاپا بولاپ قالىدىغان ئىش چىقىدۇ . ۋاي ئانامەي ، تازىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتىنغۇ كىشى . پەزىلەت ، سەن چۈشتە تىككۈچىنىڭ قېشىغا بېرىپ سۆيلەپ قوي ، كىيىملەر ئۈلگۈرمەي قالمىسۇن يەنە . قۇدىلار تويىنىڭ ئاشسۈيىنى قاچان ئەكىرىپ بېرىدىغان بولدى ؟
— جۇمە كۈنى ئۇدۇل مەرىكە زالىغا ئەكېلىپ بېرىدىغان بولدى . كالىنىمۇ جۇمەدىن يېنىپ سويىدىغان بولدۇق .
— ئاشسۈيى ئەكىرگەنلەرنى مېھمان قىلىپ ئۇزىتىدىغان ئىش با ، تېخى . نەچچە ئادەم كىرىدىغاندۇ ؟ ھەربىرىگە بىردىن كۆڭلەك قويۇپ قويسام بولامدۇ ؟
— قۇدىمىز بىلەن مەسلىھەتلەشتۇق . بۇ قائىدىنى قىلمايدىغان بولدۇق ، — دېدى قادىر ئەپەندى .
— ئۇنداق قىلساق سەت تۇرامىكىن ، — دېدى زۆھرە خانىم .
— قۇدىمىز ئۆزى ئۇنىمىدى ، — دېدى قادىر ئەپەندى ، — ئۇششاق - چۈششەك ، ئادەم ئاۋارە قىلىدىغان قائىدە - يوسۇنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتەيلى زادى .
— ئۇنداق بولسا مەيلى ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — ئادەم بىر قولىنى ئۇن قىلالمايۋاتقاندا بۇمۇ بولىدىغان گەپكەن .
— ناشتىلىقنى مەن تەييارلاي ، سەن ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى قىلىۋەر ، — دېدى پەرىدە ئانىسىغا قاراپ .

www.uyghurkitap.com

— قولۇم پەقەت ئىشقا بارمايۋاتىدۇغۇنلۇق ، — دېدى زۆھرە خانىم .

— يۈزۈڭگە چاپىدىغان دورا ـ مايلارنى چېپىشنى ئۇنتۇپ قالما . تۇنۇگۇن يۈزۈڭنى ئۇۋۇلاتقىلىمۇ بارمىدىڭ ھەقىچان .

— ئۇ يەرگە بارغىلى نەدە چولا .

— ئۇنداق دېمە ، ئانا ، بارمىساڭ بولمايدۇ . ناھايىتى يېرىم سائەتلىك ئىشقۇ ئۇ . ئۆزۈڭنىمۇ ئاسرىغىن .

— ھە راست ، توي خېتىنى قانداق قىلدىڭلار ؟

— بۈگۈن ئالىمىز .

— چاتاق چىقىپ قالماس ـ ھە .

— چاتاق چىقمايدۇ . بارساقلا بېرىدۇ ئەمەسمۇ . ھازىر ئۇنداق رەسمىيەتلەر بەك ئاددىيلىشىپ كەتتى .

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن گاھى ئىشلارغا بىر نەرسە دەپ بولغىلى بولمايدۇ . توي خېتىنى بۈگۈن چوقۇم ئېلىۋېتىڭلا .

زۆھرە خانىم ياتاق ئۆيگە كىرىپ پەرداز ئۈستىلىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى . ئەينەكتىن چىرايىغا قاراپ كۆڭلى خېلىلا ئېچىلىپ قالدى . دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يۈزىگە تېرە ئاسراش سۇيۇقلۇقى چېپىشقا باشلىدى .

«شۇنداق قىلاي ، ئۆزۈمنىمۇ ئاسراپ تۇراي زادى . مەن ئالدىراپ نەگە ئاپىرىپ بولاتتىم بۇ ئىشلارنى . بۈگۈن يۈزۈمنى ئۇۋۇلىتىپ كېلەي . ھە راست ، چېچىمغا خېنە يېقىۋالسام بولاتتى . خېنىنى يۇغاندا يۈزۈمگە سۇ تېگىپ كېتەرمۇ ؟ پەرىدەگە يۈزۈمگە سۇ تەگكۈزمەي چېچىمنى يۇيۇپ قوي دەرمەن ، بولمىسا ... »

## 50

ئابدۇساتتار بىلەن پەرىدە نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسىنى ئاسانلا بېجىردى .

— مۇبارەك بولسۇن ، ئىناق ئەر ـ خوتۇن بولۇپ مەڭگۈ بىللە

ياشىغايسىلەر، — دېدى نىكاھلىنىش رەسمىيىتىنى بېجىرىدىغان ئوتتۇرا ياشلىق خانىم.

— رەھمەت، سىلىنى ئاۋارە قىلدۇق، خانىم، — دېدى ئابدۇساتتار.

— رەھمەت، — دېدى پەرىدەمۇ خىجىللىق بىلەن يەرگە قاراپ.

ئۇلار كوچىغا چىقىپ بىرنەچچە دەقىقە بىر - بىرىگە قاراپ تۇرۇپ كېتىشتى.

— خۇداغا شۈكۈر، ئاخىر بۇ رەسمىيەتلەرنىمۇ بېجىرىۋالدۇق، — دېدى ئابدۇساتتار خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي.

پەرىدەمۇ مىيىقىدا كۈلۈپ گەپ قىلمىدى.

— سىز ئانچە خۇشال ئەمەستەك كۆرۈنىسىزغۇ؟

— خۇش بولدۇم، — دېدى پەرىدە.

— جۇرۇڭ، ئازراق تاماق يەيلى، — دېدى يىگىت، — ئەتىگەن ناشتا قىلمايلا يولغا چىققان، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى.

ئۇلار بىر ئاشپۇزۇلغا كىرىپ جايلاشتى.

— نېمە تاماق يەيسىز؟ — سورىدى ئابدۇساتتار.

— مېنىڭ تاماق يېگۈم يوق، ئۆزىڭىزگە تاماق بۇيرۇتۇڭ. ئەتىگەن مەن ناشتا قىلىۋالغان.

— ئۇنىڭ بىلەن كارىم يوق، ھازىر مەن بىلەن بىللە تاماق يەيسىز، — دېدى يىگىت شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ، — سىزگە بۇيرۇق قىلىۋاتىمەن. ئېرىڭىزنىڭ بۇيرۇقىنى رەت قىلمايدىغانسىز.

— ھەددىڭىزدىن ئاشماڭ.

— كىم ھەددىدىن ئېشىپتۇ. مانا توي خېتىنىمۇ ئېلىپ بولدۇق. ھازىردىن باشلاپ مېنىڭ قانۇنلۇق ئايالىم بولۇپ بولدىڭىز.

— سەل - پەل ئالدىراپ قاپسىز، — دېدى پەرىدەمۇ كۈلۈپ، — توي خېتى ھېساب ئەمەس، موللام نىكاھ ئوقۇسا

ئاندىن ھېساب .

— بۇ گېپىڭىزنىڭمۇ ئاساسى بار . تۆت گۇۋاھ ـ شاھىتنىڭ ئالدىدا شەرىئەت ھۆكمى بويىچە رەسمىي نىكاھ پاتىھەسى ئوقۇلسا ئاندىن ئەر ـ خوتۇن بولالايمىز . ئۇنداق بولمايدىغان بولسا ... — يىگىت گېپىنىڭ ئايىغىنى يۇتۇۋېتىپ قۇۋلۇق بىلەن خىر ـ خىر كۈلدى .

— ھە ، قانداق قىلاتتىڭىز ، — سورىدى قىز .

— مەشەدىن ئۇدۇللا ئۆيگە ئېلىپ كېتەتتىم ...

— بارغانسېرى قېلىنلىشىپ كەتكىلى تۇردىڭىز جۇمۇ ، — دېدى يىگىتنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنگەن قىز ۋىللىدە قىزىرىپ ، — شوخلۇقمۇ ھېسابىدا بولسۇن .

يىگىت خۇشاللىقتىن ئۆزىنى تۇتالماي قالغانىدى . شۇڭا ، قىزنىڭ رەنجىشلىرىگە ، ئىزا تارتىشلىرىغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدى ، كۈتكۈچى قىزنى چاقىرىپ ئىككى كىشىلىك تاماق بۇيرۇتتى .

ئەمەلىيەتتە قىزمۇ رەنجىگەندەك قىلغان بىلەن يىگىتنىڭ شوخلۇقى ، كۆزىنىڭ ئىچىگە تەلمۈرۈپ قاراشلىرى ئۇنىڭ نازۇك تۇيغۇلىرىنى ئويغىتىۋەتكەنىدى . ھەئە ، شۇ تاپتا قىزنىڭ خىيالىغا توي كېچىسى كىرىۋالغانىدى . ئۇ يىگىتكە ئوخشاش توي كېچىسىدىن ھەم ئەنسىرەيتتى ، ھەم تەقەززا بولاتتى . قورقۇش ، تەقەززالىق تۇيغۇلىرى ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغانىدى .

— مەڭ ، بۇ توي خېتى ئالغانلىقىمىزنىڭ خاتىرىسى بولۇپ قالسۇن ، — دېدى يىگىت يانچۇقىدىن نەپىس ئىشلەنگەن بىر قۇتىنى ئېلىپ قىزغا تەڭلەپ .

قىز قۇتىنى ئېلىپ ئاچتى . قۇتىدا بىر تال ئالتۇن ئۈزۈك بار ئىدى . توي خېتى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن قىزغا سوۋغا تەقدىم قىلىدىغان قائىدە بويىچە ، يىگىت بۇ سوۋغاتنى ئالاھىدە تەييارلاپ قويغانىدى .

— رەھمەت ، بەك قىممەتلىك سوۋغا بولۇپ كېتىپتۇ .

— كېلىڭ، ئۆز قولۇم بىلەن بارمىقىڭىزغا سېلىپ قوياي.
ئابدۇساتتار شۇنداق دېگىنىچە قىزنىڭ قولىنى كاپپىدە تۇتۇۋالدى.
— قولۇمنى قويۇۋېتىڭ، سەت تۇرىدۇ، — دېدى پەرىدە تېپىرلاپ.
— نېمىدىن خىجىل بولىسىز، — دېدى يىگىت قىزنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي، — مۇشۇ كۈننى كۈتكىلى ئۇزاق بولدى ماڭا.
يىگىت قىزنىڭ بارمىقىغا ئۈزۈكنى سېلىپ قويدى.
— ئەپسۇس، مەن سىزگە تۈزۈك سوۋغات تەييارلىيالمىدىم، — دېدى قىز سومكىسىدىن نەپىس ئورالغان بىر قۇتىنى ئېلىپ، — ئاددىي بولسىمۇ بىر تال سائەت ئالدىم. ئەسلىدە ئۈزۈك ئالغۇم بار ئىدى. سىزنىڭ ئۈزۈك سالغان بىلەن خۇشىڭىز يوقلۇقىنى بىلىپ مۇشۇ سائەتنى ئالدىم.
— رەھمەت، بۈگۈن ماڭا سوۋغات بېرىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوقتى، — دېدى ئابدۇساتتار سائەتكە ھەۋەس بىلەن قاراپ، — ئۈزۈك سالسام يېزىدىكىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالىمەن. داداممۇ خوتۇن كىشىنى دوراپ ئۈزۈك سېلىۋالدىڭمۇ دەپ تىللاپ كېتەر مېنى. ئەسلىدە بۈگۈن مەن سىزدىن سوۋغات ئالسام توغرا بولمايتتى، كۆڭلۈمنى ئىزدىگىنىڭىزگە كۆپ رەھمەت. بۇ سائەتنىڭ ھەربىر چېكىلدىشىدىن يۈرىكىڭىزنىڭ ساداسىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان بولدۇم - دە. قېنى ئۆز قولىڭىز بىلەن تاقاپ قويىمامسىز.
پەرىدە خىجىللىق بىلەن ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ، يىگىتنىڭ بىلىكىگە سائەتنى تاقاپ قويدى.
— ئۆيگە دېرىزە پەردىسى تىككۈزۈپ قويدۇم، تويدىن كېيىن تارتامىز، — دېدى پەرىدە.
— تاماقنى يەپ بولۇپ بېرىپ تارتىۋەتمەمدۇق، — دېدى ئابدۇساتتار.
— ياق، ئەمدى تويدىن بۇرۇن سىز بىلەن ئۇ ئۆيگە

بارمايمەن .
— نېمىشقا؟ — سورىدى يىگىت ھەجىيىپ .
— بەك خەتەرلىككەنسىز ، — دېدى قىز پىخىلداپ كۈلۈپ ، — ئاۋۇ كۈنى قورقۇتۇپ جېنىمنى ئالدىڭىز .
— سۆيۈۋالغانغا نېمە بولىدۇ ، — دېدى يىگىت قىزنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ ، — بۈگۈنمۇ چوڭ تەمە تۇتۇپ كېتىپتىمەن تېخى . ماقۇل دەڭە .
— ئىزا تارتىڭ ، بەك قېلىنىكەنسىز .
— توي خېتىنىمۇ ئېلىپ بولدۇقمۇ مانا . ھەرقانچە بولسىمۇ سۆيۈشۈش ئۈچۈنمۇ نىكاھ ئوقۇتۇپ يۈرمەسمىز ، ئەمدى .
— بولمايدۇ دېدىم ، بولمايدۇ .
— ئۇنداق رەھىمسىزلىك قىلماڭ .
— ئاۋارە بولماڭ . ھەرقانچە يالۋۇرسىڭىزمۇ باكا .
قىزنىڭ قەتئىي رەت قىلىشى ئالدىدا يىگىت ئىلاجسىز قالدى .
— خەپ ، توي كېچىسى قانغۇدەك سۆيمەيدىغان بولسام .
پەردە ۋىلىلدە قىزارغىنىچە يەرگە قارىۋالدى .

## 51

— مۇبارەك بولسۇن ، ئوغلۇم ، — دېدى ئابدۇرازاق ئاكا ئابدۇساتتارنىڭ قولىدىكى توي خېتىنى كۆرۈپ ، — ئاخىر بۇ ئىشمۇ ۋۇجۇدقا چىقتى مانا . ئەمدى تويۇڭلىنى ساق - سالامەت قىلىۋەتسەم ، مەنمۇ ئۇھ دەيتتىم .
— ئەكەلسىلە ، مەنمۇ كۆرۈپ باقاي ، — دېدى ئامانىنىساخان ئاچا ، ئېرىنىڭ قولىدىكى توي خېتىنى تارتىۋېلىپ پەردە بىلەن ئابدۇساتتارنىڭ بىللە چۈشكەن سۈرىتىگە قارىدى ، — پاھ ، ئەجەب چىرايلىق چۈشۈپسىز ، بالام ، بۇ سۈرەتكە . پەردە قىزىممۇ شۇنداق چىرايلىق چۈشۈپتۇ .

— ئۆزىمۇ چىرايلىق بولغاندىكىن ، سۈرەتكىمۇ چىرايلىق چۈشىدۇ ـ دە ، — دېدى ئابدۇساتتار ئەركىلەپ ، — كېلىنلىرىگە ئىچلىرى كۆيەمدۇ ، ئانا .

— ئىچىم كۆيمەمتىكى ، — دېدى ئانا ، — ئۆزىمۇ چىرايلىق ، سۆزىمۇ چىرايلىق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بەك ئەخلاقلىق قىز تۇرسا بۇ . ۋاي ئانا دەپ چاقىرىدىغان بولسا ، خۇشاللىقتىن يۈرىكىم يېرىلىپ كېتەي دەپ كېتىدۇ خۇددى .

— چۆچۈرىنى خام سانىمىسىلا ، خوتۇن ، — دېدى ئابدۇرازاق ئاكا ، — قانداقلىقىنى تويدىن كېيىن بىلىمىز . ئوغۇللىرىغا تېگىشىپ بولغاندىن كېيىن سىلىدىن يۈز ئۆرۈپ ، ھەسسىنىكام ئاچچىق ، ئامۇتى تاتلىق بولۇپ قالامدۇ تېخى .

— خۇدايىم بىر توۋا دېسىلە ، — دېدى ئامانىسساخان ئاچا قاپىقىنى تۈرۈپ ، — پەرىدە قىزىم ھەرگىز ئۇنداق كېلىنلەردىن ئەمەس . قانداق دېدىم ، بالام .

— راست دەيلا ، ئانا ، — دېدى ئابدۇساتتار ، — دادام سىلى بىلەن چېقىشىپ شۇنداق دەپ قويدى . ئۇ سىلەرنىمۇ ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرگەندەك كۆرىدۇ .

— ھە راست ، باغاقنى ئېلىپ چىقتىڭلىمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئابدۇرازاق ئاكا .

ئابدۇساتتار سومكىسىدىن بىر تۇتام باغاقنى ئېلىپ دادىسىغا تەڭلىدى .

— باغاقنى بۈگۈن يېزىپ ، ئەتە ـ ئۆگۈن ئىچىدە تارقىتىۋەتسەك بولار .

— شۇنداق قىلىلى . ئۆزۈڭلا يالغۇز يېزىپ بولالامسىلەمۇ بۇ باغاقلىنى .

— سەل تۇرۇپ بىرقانچە ئاغىنە باللار كېلىدۇ ، شۇلار بىلەن بىللە يازىمىز .

— ئەل ـ ئاغىنىلىرىڭىزمۇ بەك ئەسقاتتى ، بالام ، — دېدى

ئانا خۇش بولۇپ ، — ئاشسۈيىنى ئەكىرىپ بەرسەك ، بىز قىلغۇدەك باشقا ئىش قالمىدىغۇ دەيمەن . ھە راست ، سەۋزە قەلەم قىلىدىغان ئىش بار تېخى .

— سەۋزىنى ئاشپەز ئۇستاملار ئۆزى قەلەم قىلىدىغان بوپتۇ ، — دېدى ئابدۇساتتار ، — بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسىلا ئانا .

— ئەجەب بەلەن ئىش بوپتۇ . سەۋزە قەلەم قىلىدىغان ئىش بېشىمغا ئىسما بولغانىدى . تويلۇق كىيىملىرىڭىز قانداق بوپتۇ ، بالام ؟

— دادام بىلەن مېنىڭ كىيىمىم ئاساسەن پۈتۈپتۇ ، سىلىنىڭكىنى ئەتە پۈتكۈزۈپ بېرىدىغان بولدى . توينىڭ ئاشسۈيىنى ئەكىرگەندە ياندۇرۇپ چىقارمىز .

— سىلىنىڭ توياڭلىنىڭ باھانىسىدە بىزمۇ يېڭى ئېگىن كىيىۋالىدىغان بولىدۇق - دە ، — دېدى ئابدۇرازاق ئاكا كۈلۈپ ، — ئەسلىدە توينى سىلى قىلغاندىكىن بىز ئېگىن كىيىپ يۈرمىسەكمۇ بولىتى . بوپتۇ ، شەلىك قۇدىلارنىڭ ئالدىدا چېنىپ قالمايلى دېدۇق .

— شۇنى بىر دېسىلە ، — دېدى ئامانىساخان ئاچا ، — مۇشۇ باھانىدە كىيىپ قويمىسىلا تۈزۈك ئېگىنلىرىمۇ قالمىغان سىلىنىڭ .

— سىلىمۇ كېلىنلىرى بىلەن بەسلىشىپ ئىككى ياقا ئېگىن كىيىۋاللا ئەينا .

— قورساقلىرى ئاغرىۋاتامدۇ ؟

— يوقسۇ ، ئويىنىشىپ دەپ قويدۇم . قانچىلىك كەيگىلىرى بولسا شۇنچىلىك كەيسىلە . ياش ۋاقىتلىرىدا ، نېمە كەيسىلە يارىشىدىغان چاغدا قولىمىز ئۈزۈكتى . ئىچلىرى كۆيگۈدەك بىرەر قۇر ئېگىنمۇ ئېلىپ بېرەلمىگەنىدىم . ھېلىھەم بولسىمۇ كەيسىلە . جاپا تارتىپ تاپقان پۇلنىڭ راھىتىنى كۆرىدىغان زامان بۇ .

— هه ، مۇنداقراق دەپ تۇرسىلا بىر ، بۇنىڭدىن كېيىن پەرىدە قىزىمغا تاللىتىپ تازا كىيىمەن تېخى .

— بولسا شەلىك خوتۇنلارنى دوراپ ، ئىشتان كەيمەي تور پايپاق تارتىپ ، يوتىلىرىغا كەلگۈدەك تار يوپكا كىيىپ يۈرەلا .

— ئاشۇنداق كەيگەنلىمۇ ماڭا ئوخشاش ئادەم ، مەندىن بىر يېرى ئارتۇق ئەمەس .

— كۆرۈڭ ما تاماشانى ، — دېدى ئابدۇرازاق ئاكا ئايالى بىلەن تېخىمۇ چېقىشىپ ، — تايىنلىق باشلىرىدىكى ياغلىقىنىمۇ ئېلىۋېتىپ ، چاچلىرىنى مايمۇننىڭ قوڭىدەك بوياپ ، قاغىنىڭ چاڭگىسىدەك پاخپايتىۋالاملا بولمىسا .

— ئوهوش ، نېمە دەيدۇ ما ئادەم ، — دېدى ئامانىساخان ئاچا تېرىكىپ ، — خۇدايىم بىر توۋا دېسىلە ، قېرىغان ۋاقتىمدا ئىمانىم بىلەن كېتىشكە نېسىپ قىلار ، خۇدايىم . قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ تويىنىڭ كەم - كۇتىسىنىڭ گېپىنى قىلىشايلى .

— هــە ، مــا گەپلىرى جــايىدا بــولدى ، — دېدى ئابدۇرازاق ئاكا ، — دېسىلە ، نېمە كەم ، نېمە يوق . ۋاقتى كەلگەندە تۆت تەرەپكە تەڭ چېپىپ ئۇسسۇل ئويناپ يۈرمەيلى يەنە .

## 52

پەخرىئاي ئاتىللانىڭ قولىغا بىر تۇتام باغاقنى تۇتقۇزدى .

— مۇشۇ باغاقلارنىڭ ھەممىسىنى مەن تارقىتامدىم ؟

— ھەئە ، ھەممىسى سەن تارقىتىدىغان باغاقلا ، — دېدى پەخرىئاي ، — چالا قويماي ، تولۇق تارقىتىۋېتەسەن .

— بۇلارنىڭ ئارىسىدا مېنىڭ باغىقىم يوقمۇ نېمە ، — دېدى ئاتىللا باغاقلارنى شۇنداقلا ۋاراقلاپ قويۇپ ، — قېينانام بىلەن قېيناتام كىچىك كۈيئوغلىغا باغاق يېزىشنــــى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ ؟

— خام خىيالنى ئاز قىل .
— نېمىشقا ؟
— باغاق ئېلىشقا سېنىڭ سالاھىيىتىڭ توشمايدۇ .
— قېينانام بىلەن قېيناتامغۇ يازمىسۇن ماقۇل ، ھېچبولمىسا سەنمۇ بولساڭ يېزىپ قويۇشۇڭ كېرەك ئىدى .
— ئالدىرىماي تۇر ، تويام بولغاندا يازارمەن ، — دېدى پەخرىئاي پىخىلداپ كۈلۈپ .
— نېمە دېدىڭ ، يەنە بىر دېگىنە ؟
ئاتىللا نارازىلىق بىلەن قىزغا چەكچەيدى .
پەخرىئاي جاۋاب بەرمەي كۈلىۋەردى .
— قالايمىقان چاقچاق قىلما جۇمۇ ، تايىقنىڭنى يەپ قالما يەنە .
— ھە ، بولسا شۇنداق قىلارسەن ، — دېدى قىز بويىنىنى شاپتۇل قېقىپ ، — سېنى ئۇرامدىكىن دەپ چوڭ قىلىپ قويغان ئانام مېنى .
يىگىت خىرىلداپ كۈلۈۋەتتى .
— چاقچاق قىلىپ قويدۇم . سېنى ھەرگىزمۇ ئۇرمايمەن .
— بىزگىمۇ مۇشۇنداق توي باغىقىمىزنى تارقىتىدىغان كۈن قاچان كېلە ، — دېدى يىگىت خىيالچانلىق بىلەن .
— باغاقنى تارقىتامسەن ، تارقاتمامسەن ؟ — سورىدى قىز يىگىتنىڭ گېپىگە پەرۋاسىز قاراپ .
— ئەلىۋەتتە تارقىتىمەن ، — دېدى ئاتىللا ، — گەرچە تونۇشمىساقمۇ باجامنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ قويغاچ تۇراي . ۋاقتى كەلگەندە مېنىڭ باغىقىمنىمۇ تارقىتىپ بېرەر .
— باغاقنى تارقىتىپ بولۇپ ماڭا تېلېفون قىلىۋەت .
— بولىدۇ ، كەچتە كۆرۈشەمدۇق ؟
— نەدە چولا ، بىر قولىمىزنى ئون قىلالمايۋاتقاندا .
— بوپتۇ ئەمىسە ، ئىش بولسا تېلېفون قىلارسەن .
شۇ دەقىقىدە پەزىلەت بىلەن قۇتلۇقمۇ سوغۇق ئىچىملىك

دۇكىنىدا پاراڭلىشىۋاتاتتى .
— مەن تويغا بارسام قانداق بولا ؟ — دېدى قۇتلۇق .
— يا ئابدۇساتتار ئاكام بىلەن تونۇشمىساڭ ، يا دادام بىلەن تونۇشمىساڭ ، نېمە قىلىسەن تونۇمىغان تويغا بېرىپ .
— ئۇغۇ راست ، — دېدى قۇتلۇق ، — ھېچبولمىسا بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرگە باغاق يېزىپ قويساڭلا بولىتتى . ئانام باغاق بەرسە تويغا بارىمەن دەپ چىشىنى بىلەپ تۇرىدۇ شۇ تاپتا .
— ئانامغا سەن چۈشەندۈرۈپ قوي . مەنمۇ ئەتىگەنچە تېلېفون قىلىپ قويىمەن . تويغا كېلىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسۇن . ئانام بىلەن ئىككىسى يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغاندىكىن ، بىر ئاز بىئەپ بولۇپ قالىدۇ .
— ھە ، ئانامنىڭ ئەھۋالى قانداقراق . بېرىپ كۆرۈپ كېلەي دېسەم ماڭا بىئەپ بولۇپ قالدى . يۈزىنى ئۇۋۇلاتقىلى كەلگەن ۋاقتىدا خەۋەرسىز بولۇپ قاپتىمەن .
— چانمىغۇدەك ساقىيىپ قالدى ، ئەمما تويىنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا يۈزىگە ۋاقتى - قەرەلىدە دورا - ماي سۈرتەلمەيۋاتىدۇ .
— قاتتىق تاپىلا ، مۇشۇنداق ۋاقتىدا ئاسراش بەك مۇھىم ، ئىچىدىغان دورىلىرىنىمۇ ۋاقتىدا ئىچسۇن . ئۆزىنى تاشلىۋەتسە بۇرۇنقى ھالىتى قايتىلىنىۋالىدۇ . ئارام ئېلىشقا بەك دىققەت قىلسۇن . بىر مەزگىل يەرگە ئېڭىشىدىغان ئىشنى قىلمىسۇن .
— توي كۈنىسى ئەتىگەندە قىزلاردىن بىرىنى ئەۋەتكىن ، ئاچامغا پەرداز قىلىپ قويسۇن .
— بولىدۇ ، سائەت نەچچىدە بارسا بولا ؟
— ئىشقىلىپ ، ئەتىگەنرەك كەلسۇن . سائەت بەش - ئالتىلەردە كەلسە تېخى ياخشى . ئۇنىڭدىن كېيىن ۋاقىت چىقماي قېلىشى مۇمكىن . چاچ ياساشمۇ خېلى قول تۇتىدىغان ئىش . پەخرىئاي بىلەن ئىككىمىزنىڭمۇ چېچىمىزنى ياسايدۇ تېخى .

— ئۇنداق بولسا ، قىزلاردىن ئىككىنى ئەۋەتەي .

— خوش ئەمىسە ، مەن كەتتىم .

— شۇنداق قىلىپ تويدىن كېيىن كۆرۈشەمدۇق ؟

— شۇنداق قىلايلى .

— ئانامغا تېلېفون قىلىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالما .

— ماقۇل .

ئۇلار سىرتقا چىقىپلا خوشلاشتى .

بۇ چاغدا پەخرىدىن يولدا كېتىۋاتقاچ يانفونىدا سۆزلىشىۋاتاتتى .

— شۇنداق ، سىنىڭ باغىقىڭ مەندە ، ئاچام ئۆز قولى بىلەن يازغان ، ئاپىرىپ بېرىشكە پەقەت ۋاقىت چىقىرالمىدىم .

— مەن بارسام قانداق بولا ، — دېدى گۈلناز ، — سىلەرنىڭ ئۆيگە بېرىشتىن خىجىل بولۇۋاتىمەن .

— خاتىرجەم بولۇپ كېلىۋە . ئانام سىنى ئاچامنىڭ دوستى ئوخشايدۇ دەپ قالىدۇ . پەزىلەت بىلەن پەخرىئاي چاندۇرمىسا بولدى ئەمەسمۇ ؟

— مەيلى ئەمىسە .

— ئەتىگەنرەك كېلەرسەن .

— ئەتىگەنلىككە بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ تېلېفون قىلىۋەتسەم ، پەخرىئاي پەسكە چۈشۈپ باشلاپ چىقسا بوپتىكەن .

— بولىدۇ . مەن تېلېفونۇڭنى ئېلىپلا پەخرىئايىنى چىقاتاي . ۋاي بۇنداق قىلساق بولمىغۇدەك ، مەن ئەتىگەندىلا مەرىكە زالىغا بېرىپ بولمىسام بولمايدۇ . بامدات نامىزىدىن يانغان مەسچىت جامائىتىنى دادام بىللە تۇرۇپ ئۇزىتىشىپ بەرمىسەم بولمايدۇ . پەخرىئايىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى دەپ بېرەي ، پەخرىئايغا ئۆزۈڭ تېلېفون قىلغىن .

— مەيلى ، دەپ بەرگىن ئەمىسە .

پەخرىدىن پەخرىئايىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى دەپ بەردى .

— كەچتە پەخرىئايغا تاپىلاپ قويارسەن .
— بولىدۇ ، ئەتە كۆرۈشەيلى ئەمىسە .

## 53

بۈگۈن قادىر ئەپەندى بىلەن زۆھرە خانىمنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈنمۇ ھەم ئابدۇرازاق ئاكا بىلەن ئامانىنساخان ئاچىنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈنمۇ خاسىيەتلىك بىر كۈن بولغانىدى . توي خۇشاللىقىغا چۆمگەن ھەر ئىككى ئائىلە تولىمۇ ئالدىراش ئىدى .

ئەتىگەندىن بېرى مەرىكە زالىدا بىرقانچە مەسچىتنىڭ جامائىتىنى ئۈزىتىپ بولۇپ ، بىرئاز ئارام تېپىپ ، مېھمان ئۈزىتىشىپ بەرگىلى كەلگەن ئەل ـ ئاغىنىلىرى بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشكەن قادىر ئەپەندىنى پەخرىدىن قېشىغا كېلىپ ئاستا نوقۇدى .

— دادا ، يىگىت تەرەپ نىكاھ ئوقۇتقىلى يولغا چىقىپ بوپتۇ ، بىز دەرھال ئۆيگە بارايلىمىكىن .

— ئۇلار تېلېفون قىلدىمۇ ؟

— ھەئە ، ھازىر تېلېفون كەلدى .

— بوپتۇ ، مەسچىت جامائىتىنىمۇ ئۈزىتىۋالدۇق ، باشقا مېھمانلارنىڭ كېلىشىگە يەنە ئازراق ۋاقىت بار . ئۇنداقتا بىز ئۆيگە بارغاچ تۇرايلى .

قادىر ئەپەندى ئەھۋالنى ئاغىنىلىرىگە دەپ قويۇپ پەخرىدىن بىلەن ئۆيگە ماڭدى .

— ماقۇل ، سىلى بېرىۋەرسىلە ، — دېدى ئاغىنىلىرى ، — نىكاھنى ئەتىگەندە ئوقۇتۇۋەتسە ساۋاب بولىدۇ . بۇ يەردە بىز بار . مېھمانلار كەلسە ئۇزاتقاچ تۇرىمىز .

قۇتلۇق ئەۋەتكەن قىزلار پەردە ، پەزىلەت ، پەخرىئاي ھەتتا زۆھرە خانىمغىمۇ پەرداز قىلىپ چىچىنى ياساپ قويغانىدى . پەردە

ئابدۇساتتار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ مەخسۇس مىللىي پاسوندا توي كىيىمى لايىھىلەتكۈزگەنىدى . ئەتلەستە زامانىۋى ئۇسلۇب بىلەن مىللىي ئۇسلۇبنى بىرلەشتۈرۈپ تىكىلگەن توي كۆڭلىكى پەرىدەگە شۇنداق ياراشقانىدى . زۆھرە خانىمغىمۇ پەرداز يارىشىپ باشقىچە ياشىرىپ قالغانىدى . پەزىلەت بىلەن پەخرىئاي بىر جۈپ كىيىنىۋالغان بولۇپ ، چاچ پاسونلىرىدىنلا پەرقلىنىپ تۇراتتى .

— پاھ ، تونۇمىغان ئادەملەر تويى بولىدىغان قىز مۇشۇ ئوخشايدۇ دەپ قالمىسۇن يەنە ، — دېدى ئۆيگە كىرىپ كەلگەن قادىر ئەپەندى ئايالىغا چاقچاق قىلىپ ، — بۈگۈن باشقىچە بولۇپ كېتىپىلىغۇ ، خانىم . كۆزۈم قامىشىپ كېتىۋاتىدۇ .

— چاقچاقلىرىنى قويۇپ تۇرسىلا ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — كەلسىلە ، كۈيئوغۇل كېلىپ بولغۇچە بىر چىشلەم ناشتا قىلىۋالسىلا ، ھېلى يەيمەن دېسىلىمۇ ۋاقىت چىقماي قالىدۇ .

پەخرىدىن ، سەنمۇ داداڭنىڭ قېشىغا كېلىپ ناشتا قىلىۋال ، بالام .

— ماقۇل ، مەن ئاۋۋال پەرىدە ئاچامنى كۆرۈپ چىقاي ، قانداقراق بولۇپ كەتتىكىن ، — دېدى پەخرىدىن .

— بولدى كىرمە ، ئاچاڭ خىجىل بولۇپ قالىدۇ .

ئەسلىدە پەخرىدىننىڭ مەقسىتى گۈلنازنىڭ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئىدى .

— گۈلناز سىنىڭ ئالدىڭدىلا كەلدى ، — دېدى پەخرىئاي ئاكىسىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ ، — سەن كىرمەي تۇر .

— بوپتۇ ئەمىسە ، — دېدى پەخرىدىن ۋە دادىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى .

زۆھرە خانىم ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۇمشاق توقاچ بىلەن بىر ئىستاكاندىن سۈت ئەكەلدى .

— يىگىت كەلدى ، — دېدى كىمدۇر بىرى خەۋەر يەتكۈزۈپ ، — قايسى ئۆيگە باشلايمىز ؟ قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە باشلامدۇقيا ؟

— نىكاھنى بىزنىڭ ئۆيدە ئوقۇسۇن . مۇشۇ يەرگىلا باشلاشلار ، — دېدى زۆھرە خانىم .

بىر ئارابۇستا يىگىرمىگە يېقىن مېھمان كەلگەنىدى . مېھمانلارنىڭ ئارىسىدا ئۇچىسىغا كانۋا كۆڭلەك ، كاستۇم - بۇرۇلكا ، بېشىغا يارىشىملىق بادامدوپپا كىيىۋالغان ئابدۇساتتار ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى . ئابدۇساتتارنىڭ دادىسى ئابدۇرازاق ئاكا بىلەن بېشىغا يوغان سەللە ئورىۋالغان ئاپئاق ساقاللىق قارىمدىن باشقىلار ئاساسەن ياش يىگىتلەر ئىدى . قادىر ئەپەندى بىلەن پەخرىدىن بىنادىن چۈشۈپ مېھمانلار بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ، ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن ئۆيگە باشلاپ چىقتى .

زۆھرە خانىم نىكاھقا كېلىدىغانلارغا ئاتاپ بىر قازان پولۇ دەملىگەنىدى . پەخرىدىن مېھمانلارنىڭ قولىغا دەرھال سۇ ئالدى . قادىر ئەپەندى بىر پىيالىدىن سىنچاي تۇتتى . ئارقىدىن داستىخانغا ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ، ئۈستىگە گۆش بېسىلغان پولۇ كەلتۈرۈلدى .

— قېنى ئاشقا بېقىشسىلا ، — دېدى قادىر ئەپەندى مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ .

— سىلىمۇ كەلسىلە ، بىللە باقايلى ، — دېدى ئابدۇرازاق ئاكا .

قادىر ئەپەندى ئابدۇرازاق ئاكىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى . مېھمانلار تۇزۇت قىلمايلا ئاشقا قول ئۇزىتىشتى . قېيناتا - قېينانىسىنىڭ ئۆيىگە تۇنجى قېتىم كەلگەن بولغاچقىمۇ ، ئابدۇساتتار بىرئاز تارتىنىپ ئولتۇراتتى ، ئىككى مەڭزى سۈس قىزىرىپ قالغانىدى .

ئاش يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار بىر پەتنۇسقا بىر پىيالە شاكىراب ، نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسىنى قويۇپ موللامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى . موللام قويىنىدىن كۆزەينىكىنى ئېلىپ ئالدىرىماي

تاقىۋالغاندىن كېيىن، نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتى، ئاندىن بىر توغرام ناننى ئىككى پارچە قىلىپ شاكىرابقا چىلىدى ـ دە، ئاۋازىنى سوزۇپ چىقىرىپ قىرائەت قىلىشقا باشلىدى. ئۆي شۇ ھامان تىمتاسلىققا چۆمدى، ھەممەيلەن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ قىرائەتكە قۇلاق سېلىشتى. موللام قىرائەتنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن قادىر ئەپەندىدىن سورىدى.

— تويى بولىدىغان خېنىم قىزىمىز قايسى ئۆيدىكىن؟

— ئۇدۇلدىكى ئۆيدە، — دېدى قادىر ئەپەندى پەخرىدىنىنىڭ ياتاق ئۆيىنى ئىشارە قىلىپ.

— ئاۋازىمنى ئاڭلىيالامدۇ؟ — سورىدى موللام.

— ئاڭلىيالايدۇ، — جاۋاب بەردى قادىر ئەپەندى.

— ئەمىسە ئىشىكنىڭ تۈۋىگە يېقىنراق كەلسۇن، — دېدى موللام.

زۆھرە خانىم ئىشىكى مېھمانخانا ئۆيگە قارىتىپ ئېچىلغان پەخرىدىنىنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كېتىپ، ھايال ئۆتمەي يېنىپ چىقتى. قادىر ئەپەندى زۆھرە خانىمنىڭ بېشىغا ياغلىق ئارتىۋالغانلىقىغا دىققەت قىلدى. ھەئە، مېھمانلارنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ بويىنىدىكى شارپىسىنى ئېلىۋېتىپ ياغلىقىنى ئېڭىكىدىن چىگىۋالغان زۆھرە خانىم باشقىچە چوڭ سۈپەت بولۇپ قالغانىدى.

— ئىشىكنى قىيا ئېچىپ قويسىلا، خېنىم، — دېدى موللام.

زۆھرە خانىم ئىشىكنى قىيا ئېچىپ قويدى.

موللام گېلىنى قىرىپ قويۇپ نىكاھ ئوقۇشنى باشلىدى.

— قادىراخۇنىنىڭ قىزى پەرىدەخان ئۆزىڭىزنى ئابدۇرازىقاخۇنىنىڭ ئوغلى ئابدۇساتتارجانغا خوتۇنلۇققا ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن قوبۇل قىلدىڭىزمۇ؟

ئابدۇساتتار ھاياجانلانغان ھالدا كۆزىنى قىيا ئېچىقلىق تۇرغان ئىشىككە تىكتى، ئەمما ئىشىكنىڭ كەينىدىن ھېچقانداق سادا

چىقمىدى . موللام ئاۋازىنى تېخىمۇ ئۈنلۈك چىقىرىپ يەنە بىر قېتىم سورىدى ، ئىشىكنىڭ كەينىدىن يەنە ئاۋاز چىقمىدى .

— يەنە بىر قېتىم سورايلى ، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى ، ئـابدۇرازاق ئاكا موللامغا قاراپ .

موللام يەنە بىر قېتىم سورىدى .

ئىشىكنىڭ كەينىدىن پەردىنىڭ : «قوبۇل قىــلدىم» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . ئابدۇساتتارنىڭ شىددەت بىــــلەن سوقۇۋاتقان يۈرىكى شىپپىدە رىتىمىغا چۈشتى . نىكاھ ئوقۇغاندا قىزدىن ئۈچ قېتىم سورىمىغۇچە جاۋاب بەرمەيدىغان قائىدە بار ئىدى . بىرىنچى قېتىمدىلا جاۋاب بېرىۋەتسە باشقىلار قىزنى : «ئەرگە تەگكىلى ئاران تۇرۇپتىكەن ، سوراپ بولغۇچە جاۋاب بېرىۋەتتى» دەپ زاڭلىق قىلاتتى ، گەپ تاپاتتى . شۇڭا ، پەردە ئۈچىنچى قېتىم سورالغاندا جاۋاب بەرگەنىدى .

ئەمدى جاۋاب بېرىش نۆۋىتى ئابدۇساتتارغا كەلگەنىــــدى . موللام ئابدۇساتتارغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ سورىدى .

— ئابدۇرازىقاخۇنىنىڭ ئوغلى ئابدۇساتتارجان ، قادىراخۇنىنىڭ قىزى پەرىدەخاننى ھالال جۈپتىلىرى قىلىپ نىكاھلىرىغا ئالامسىز ؟

— ئالدىم ، — دېدى ئابدۇساتتار دەرھال جاۋاب بېرىپ .

ئابدۇساتتارنىڭ ئالدىراپ جاۋاب بەرگەنلىكىدىن نارازى بولغان ئاغىنىلىرى قۇلىقىغا پىچىرلىدى .

— ئالدىراپ كەتتىڭلار ، ئاداش . يەنە بىر قېتىم سورىغاندا جاۋاب بەرسەڭلىمۇ بولىتتى .

ئابدۇساتتار مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى . ھەئە ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ خۇشاللىقى يۈرىكىگە پاتماي قالغانىدى .

موللام شاكىرابقا چىلانغان بىر بۇردا ناننى ئابدۇساتتارغا ئۇزاتتى .

— ئاغزىلىرىنى ئاچسىلا ، بالام .

موللام ناننى ئابدۇساتتارنىڭ ئاغزىغا ئۆز قولى بىلەن سېلىپ

قويدى .

— تۆكۈرۈۋەتمەي تولۇق چايناپ يۇتۇۋەتسىلە، بالام ، — دېدى موللام ۋە يەنە بىر بۇردا ناننى پىيالە بىلەن زۆھرە خانىمغا ئۇزاتتى .

— خېنىمنىڭ ئاغزىغا ئۆز قوللىرى بىلەن سېلىپ قويسىلا .

زۆھرە خانىم پەردىنىڭ ئاغزىغا ناننى سېلىپ قويغاندىن كېيىن موللام دۇئاغا قول كۆتۈردى . ھەممەيلەن موللامغا ئەگىشىپ بۇ ئىككى ياشنىڭ ھالال نىكاھىغا مەڭگۈلۈك بەخت ، ئامەت تىلىدى .

ئابدۇرازاق ئاكا داستىخاندىن تۆت ناننى پەتنۇسقا سېلىپ ، نانىنىڭ ئۈستىگە ئەللىك كوي پۇلنى قويدى ـ دە ، مولللامنىڭ ئالدىغا نىكاھ ھەققى دەپ قويدى .

شۇنىڭ بىلەن نىكاھ مۇراسىمى ئاخىرلاشقان بولدى .

ئابدۇساتتار قىز كۆچۈرىدىغان ۋاقىتتا كىرىدىغان بولۇپ يېزىغا چىقىپ كەتتى . ئابدۇرازاق ئاكا قادىر ئەپەندى بىلەن مەرىكە زالىغا قاراپ ماڭدى . ئىككى قۇدا مەرىكە زالىنىڭ ئالدىدا دەرقەمتە تۇرۇپ تويغا كەلگەن مېھمانلارنى ئۇزىتىشى كېرەك ئىدى ، چۈنكى ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ مېھمانلىرىنى تونۇمايتتى . مۇشۇ باھانىدە ئىككى تەرەپنىڭ مېھمانلىرى قۇدىلار بىلەن تونۇشۇۋالاتتى .

ئەر مېھمانلارنىڭ قويرۇقى سائەت ئون بىردە ئۈزۈلدى ، ئەمدى ئايال مېھمانلار كېلىشكە باشلايتتى . شۇڭلاشقا ، زۆھرە خانىم پەردىنى بىر تاكسىغا سېلىپ مەرىكە زالىغا يېتىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ كەينىدىن گۈلسۇم خانىم ، شاراپەت خانىم ، چىمەنگۈل خانىم قاتارلىق زۆھرە خانىمنىڭ يېقىن دوستلىرى ، خىزمەتداشلىرى ، يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى يېتىپ كەلدى . پەزىلەت ، پەخرىئاي ۋە گۈلنازلارمۇ پەردىنىڭ بىر توپ دوستلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى . مەرىكە زالى ئىككى ـ ئۈچ سائەت ئايال مېھمانلارنى ئۇزىتىش بىلەن قىزىپ كەتتى . زۆھرە خانىم تويغا

كەلگەن ئاياللارنىڭ ئالدىغا سالامغا چىقىش ، داستىخىنىنى قوبۇل قىلىش ، قايتقانلارنى ئۇزىتىش بىلەن ئالدىراش ئىدى . قىزلار توختىماي چاي قۇيۇپ ، ئاش توشۇپ مېھمان كۈتەتتى .

ئالاھازەل سائەت ئۈچلەردە توي كۆچۈرىدىغانلار يېتىپ كەلدى . ئوغۇللۇق تەرەپنىڭ بەش ئاربىۇس ، سەككىز ـ ئون كىچىك ماشىنىدا توي كۆچۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن مۇھىم مېھمانلىرىنىڭ سانى ئىككى يۈزدىن ئاشاتتى . ئامانىنساخان ئاچىنى چۆرىدىگەن ئايال مېھمانلار بىر توپ ، ئابدۇساتتارنى چۆرىدىگەن يىگىتلەر بىر توپ ئىدى . قوللىرىغا دۇتار ، راۋاب ، تەمبۇر ، داپ ، ئاككوردېيون ئېلىۋالغان سازەندىلەر مەرىكە زالىنىڭ ئالدىدا توختاپ بىرپەس نەغمە قىلدى . شوخ يىگىتلەر ئۇسسۇل ئويناپ خۇشاللىقىنى بىلدۈرۈشتى . بۇ ئارىلىقتا زۆھرە خانىم دوستلىرى بىلەن بىللە ئامانىنساخان ئاچا باشلاپ كەلگەن ئاياللار بىلەن بىرمۇبىر كۆرۈشۈپ چىقتى ، ھال ـ ئەھۋال سوراشتى . قادىر ئەپەندى بىلەن پەخرىدىن يىگىتلەر بىلەن كۆرۈشۈپ چىقتى .

مېھمانلار زالغا كىرىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن قايتىدىن نەغمە باشلاندى . گەرچە توي ئىككى ئائىلىگە ئورتاق بولسىمۇ ، ھازىر قىزلىق تەرەپ ساھىبخانا ، ئوغۇللۇق تەرەپ مېھمان ھېسابلىناتتى . شۇڭلاشقا ، قادىر ئەپەندى بىلەن زۆھرە خانىم ھارغىنىغا باقماي قۇدىلىرىغا ئۆز قولى بىلەن چاي تۇتتى ، «ئالسىلا ، باقسىلا» دەپ داستىخانغا تەكلىپ قىلدى . ئەتىگەندىن بېرى كەلگەن مېھمانلارنى پولۇ بىلەنلا ئۇزاتقانىدى ، ئەمما قۇدىلار توي كۆچۈرۈشكە باشلاپ كەلگەن مېھمانلار ، ئوغۇللۇق تەرەپنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە يېقىن ـ يورۇقلىرى بولغاچقا ، ئاۋۋال قورداق ، ئاندىن پولۇ تارتىلدى . زۆھرە خانىم قويىنىڭ ئالدى سانى پۈتۈن بېسىلغان بىر لېگەن قۇدا ئېشىنى ئامانىنساخان ئاچىنىڭ ئالدىغا ئۆز قولى بىلەن قويدى . قادىر ئەپەندىمۇ گۆش ئوخشاش بېسىلغان بىر لېگەن قۇدا ئېشىنى ئابدۇرازاق ئاكىنىڭ ئالدىغا

قويدى. پەخىردىن بىر سان گۆش بېسىلغان يىگىت ئېشىنى ئابدۇساتتارنىڭ ئالدىغا ئۆز قولى بىلەن قويدى. ھەئە، «قۇدا ئېشى»، «يىگىت ئېشى» باشقا مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئاشتىن ئالاھىدە پەرقلىنەتتى.

— يىگىتكە چاي! — دەپ توۋلىدى يىگىت قولدىشى.

— مانا ھازىر تەييار قىلىمىز، — دېدى قادىر ئەپەندىنىڭ ئىنىسى ۋە ھايال ئۆتمەيلا بىر پەتنۇسنىڭ بىر تەرىپىگە ئىككى كىلو كەلگۈدەك ناۋات، بىر تەرىپىگە يوغان بىر چىنىنى سېلىپ يىگىت قولدىشىنىڭ ئالدىغا قويدى.

يىگىت قولدىشى چىنىگە ناۋاتنى لىققىدە سېلىپ ئۈستىگە چاي قۇيدى ـ دە، ئابدۇساتتارنىڭ ئالدىغا قويدى. بۇ «يىگىت چېيى» دەپ ئاتىلاتتى.

ئاغىنىلىرى ئابدۇساتتارنى چاقچاققا كۆمۈۋەتتى.

— ناۋات چاينى جىقراق ئىچ، ئاداش، سوغۇقۇڭ ئېشىپ كەتكەن بولسا پايدا قىلىدۇ.

— ئالە، ئاداش، گۆشتىن جىقراق يە.

— شۇنداق قىل. گۆش يېسەڭ ئايالىڭنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمايسەن.

— ئاخشاملىققا ئۇخلاپ قالما يەنە.

— ئابدۇساتتارنى ئۇنداق بوش چاغلىماڭلار.

— ھاي، چاقچاقنى ئاز قىلىڭلار، ئابدۇساتتار قېچىپ كەتمىسۇن يەنە.

ھەر قېتىملىق چاقچاققا ئەگىشىپ گۇرۇلدەپ كۈلكە كۆتۈرۈلەتتى. سازەندىلەرنىڭ ناخشىلىرى بۇ چاقچاقلارنى باشقىلارغا ئاڭلاتمايتتى.

— ئابدۇساتتارنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىڭلار، ئاغزىغا ئاش كەپلەيمىز، — دېدى يىگىت قولدىشى قولىغا چىڭداپ ئېلىۋالغان پولۇنى ئابدۇساتتارنىڭ ئاغزىغا تەڭلەپ تۇرۇپ.

يەنە بىر قولداش يىگىت ئابدۇساتتارنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى .

— بەك چىلىڭ كەپلىتۇەتمە ، ئاداش . ئۆزۈم ئاز ـ ئازدىن يەي ، — دېدى ئابدۇساتتار يالۋۇرۇپ .

يىگىت پەرۋا قىلماي ئابدۇساتتارنىڭ ئاغزىغا ئاشنى كەپلىدى ـ دە ، قولىنى ئابدۇساتتارنىڭ ئاغزىدىن ئاجراتماي تۇرۇپ سورىدى :

— ھە ، دېگىنە ، قېيناتاڭنىڭ ئىسمى كىم ؟

ئابدۇساتتار گەپ قىلالماي تېپىرلايتتى . باشقا يىگىتلەر بۇ قىزىقچىلىقتىن قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى .

— قېيناتاڭنىڭ ئىسمىنى دەپ بەرسەڭ قولۇمنى قويۇۋېتىمەن ، تېز دە ، — دەيتتى قولداش يىگىت .

ئابدۇساتتار گەپ قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، تىنالماي قىينىلىپ كەتتى ، كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭ قىينىلىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ باشقا يىگىتلەر سالا قىلىشقا باشلىدى .

— ھاي ، بولدى قىل . ئابدۇساتتار ھارام بولۇپ قالمىسۇن يەنە .

— تىنالماي قالدى ئەينا .

— باشقا يېرىدىن يەل چىكىتىپ قالمىسۇن .

قولداش يىگىت قولىنى قويۇۋەتتى . شۇ ھامان ئابدۇساتتار ئاغزىدىكى ئاشنى پۈرقۇۋەتتى . يىگىتلەر قاقاقلاپ كۈلۈشتى . ھەئە ، بۇمۇ بىر توينىڭ يارىشىقى ، قىزىقچىلىقى ئىدى .

شۇ تاپتا قىزلارمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق سورۇن تۈزۈشكەنىدى . چىرايلىق ئەتلەس كۆڭلەكنى كىيىپ ، خۇددى رەڭدار كېپىنەكتەك سىياققا كىرىپ قالغان پەرىدە نازاكەت بىلەن ئولتۇرۇپ ، دوستلىرىنىڭ ئوينىغان ئۇسسۇلىدىن زوق ئېلىۋاتاتتى . قىزلار چاقچاقلىشاتتى ، ئۇسسۇل ئوينىشاتتى .

— قانداق بولدى ، ئەكىرەلىدىڭمۇ ؟ — سورىدى قولداش قىز

ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن قىزغا قاراپ .

— مانا ئەكىردىم ، — دېدى قىز قولىدىكى بوغجۇمىنى كۆرسىتىپ .

قولداش قىز بوغجۇمىنى ئېلىپ پەردىگە قارىدى .

— ئورنۇڭدىن تۇرە ، ئاداش .

— قانداق قىلىسەن ؟ — سورىدى پەردە ئەجەبلىنىپ .

— بۇنى تېگىڭگە سېلىپ بېرەي .

— نېمە ئۇ ؟

— ئابدۇساتتارنىڭ تويلۇق كىيىمى .

پەردە ھەيران بولۇپ دوستىغا قارىدى .

— نېمە قىلىمەن ، ئۇنىڭدا ئولتۇرۇپ ؟

— ئېرىڭنىڭ تويلۇق كىيىمىدە ئولتۇرۇۋالساڭ ، تويدىن كېيىن سېنى بوزەك ئېتەلمەيدۇ .

— قاملاشمىغان گەپ قىلمىغىنا ، ئاداش . بىر چىرايلىق كىيىمدە ئولتۇرۇپ پۇرلەشتۇرۇپ قويسام قانداق بولىدۇ .

— مۇنداقلا ئولتۇرۇپ قويغانغا پۇرلىشىپ كەتمەيدۇ ، ھازىرلا جايىغا ئاچىقىپ قويىمىز .

— ياق ، ئولتۇرمايمەن ، — دېدى پەردە قەتئىيلىك بىلەن .

تويى كۈنى يىگىتنىڭ تويلۇق كىيىمىدە ئولتۇرۇۋالسا ، تويدىن كېيىن يىگىت قىزنى بوزەك ئېتەلمەيدۇ دەيدىغان كونىچە قاراش بار ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن قىزلار پەردەنى ئولتۇرۇشقا زورلاۋاتاتتى .

— دەرھال ئولتۇرۇۋال ، ئاداش .

— كېيىن پۇشايمان يەپ قالما يەنە .

— ئابدۇساتتارنى تويدىن كېيىن ئەسكىلىك قىلمايدۇ دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ .

— ئېرىڭنىڭ تويى كىيىمىدە ئولتۇرۇۋالساڭ ، بۇنىڭدىن كېيىن ساڭا غىڭ قىلالمايدىغان بولىدۇ .

— مېنى زورلىماڭلار ، — دېدى پەرىدە دوستلىرىغا يالۋۇرۇپ .
— كېلىڭلار قىزلار ، بۇ ئاداش ياخشىلىقچە گەپ ئاڭلىمايدىغاندەك قىلىدۇ .
قىز قولدىشىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىزلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ پەرىدەنى ئابدۇساتتارنىڭ تويلۇق كىيىمىنىڭ ئۈستىدە مەجبۇرىي ئولتۇرغۇزدى .
— ھېچبولمىغاندا دوپپىسىنى ئېلىۋېتىڭلار ، — دېدى پەرىدە يالۋۇرۇپ ، — دوپپىدا ئولتۇرسام يامان بولىدۇ .
— خاتىرجەم بول . بۇ كىيىملەرنىڭ ئارىسىدا ئېرىڭنىڭ دوپپىسى يوق . باش كىيىمدە ئولتۇرسا يامان بولىدىغانلىقىنى بىزمۇ ئوبدان بىلىمىز .
— ھە ، ئەمدى بولدى ، — دېدى قىز قولدىشى پەرىدە ئولتۇرۇپ بولغان بوغجۇمىنى قولىغا ئېلىپ ، بايىقى قىزغا تەڭلەپ ، — جايىغا چاندۇرماي ئېلىپ ئاچقۇۋەت ئاداش . يىگىت تەرەپ بىلىپ قالمىسۇن .
پەرىدە دوستلىرىنىڭ ياخشى كۆڭلى بىلەن قىلغان بۇ قىلىقىغا يا كۈلۈشنى ، يا يىغلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى . قىزلار ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن چاقچاقلىشاتتى ، ئۇسسۇل ئوينىشاتتى .
— ھەي ، قىزلار ، ساندۇق ئاچىدىكەن .
بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قىزلار گۈررىدە تالاغا يۈگۈردى . پەرىدەنىڭ قېشىدا ئىككى دوستىلا قالدى .
پەرىدەنىڭ تويلۇق كىيىم - كېچەكلىرى ، زىبۇزىننەتلىرى سېلىنغان ھەشەمەتلىك يوغان ساندۇقنى گۈلسۇم خانىم بىلەن شارابەت خانىم ئېچىشقا باشلىدى . تويغا كەلگەن بارلىق ئاياللار ئۇلارنىڭ چۆرىسىگە ئولىشىۋالغانىدى . ئۇلار ساندۇقتىن ئالغان ھەربىر قۇر كىيىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ : «ماۋۇ تۇركىيىدە

www.uygurkitap.com

تىكىلگەن خورۇم پەلتوسكەن» ، «ماۋۇ ئاۋستىرالىيىدە تىكىلگەن يۇڭ پەلتوسكەن» دەپ مېھمانلارغا كۆرسەتتى . ئەڭ ئاخىرىدا ئالتۇن زىبۇزىننەتلىرىنى كۆرسەتتى ۋە ساندۇقنىڭ تېگىگە سېلىپ قويغان ، يەتتە خىل قورۇق يەل ـ يېمىشتىن تەركىب تاپقان بىر ياغلىق «توي يېمىشى»نى بىر پەتنۇسقا تۆكۈپ مېھمانلارغا ئۇزاتتى . «توي يېمىشى»نى ئاياللار ، قىزلار بولاپ ـ تالاشتى . «توي يېمىشى»نى يېسە ، پەرزەنت كۆرمىگەنلەر پەرزەنت كۆرىدۇ ، توي قىلالمىغانلار تېزرەك توي قىلىدۇ ؛ ئۆيگە ئاپىرىپ بالىلىرىغا يېگۈزسە ، چوڭ بولغاندا نىكاھى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ ، دەيدىغان ئۇدۇم بار ئىدى . شۇڭلاشقا ، چوڭ ياشلىق ئاياللاردىن تارتىپ توي قىلمىغان قىزلارغىچە ئۇنى تالىشىپ ئېلىۋېلىشتى .

ساندۇق ئېچىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قۇدىلار ئۆزئارا ئادەمگەرچىلىك قىلىشتى . قادىر ئەپەندى بىلەن زۆھرە خانىم ، ئابدۇرازاق ئاكا بىلەن ئامانىنىساخان ئاچا بىر ـ بىرىنىڭ ئالدىغا بىر كىيىملىكتىن ئېسىل رەخت قويدى . ئاندىن كېيىن قادىر ئەپەندى بىر پەتنۇسقا يىگىتنىڭ تويلۇق كىيىمىنى ئەكېلىپ ئابدۇساتتارنىڭ ئالدىغا قويدى . يىگىتلەر دوستىغا قوت ـ ئامەت تىلەپ بېسىلغان تاۋار ـ دۇردۇندىن بەلباغ باغلىدى ، مۇبارەكلىدى . ئاخىرىدا توي كۆچۈرۈش باشلاندى . يىگىتلەر ئابدۇساتتارنى ئارىغا ئېلىپ پەردە ئولتۇرغان خانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ناخشا توۋلىدى . بىرھازادىن كېيىن قىزلار يۈزىنى تور ياغلىقتا ئورىۋالغان پەرىدەنى ئارىغا ئېلىپ چىقتى ـ دە ، ئابدۇساتتارنىڭ يېنىغا ئەكەلدى . پەرىدە يىغلاۋاتاتتى . توي بولغان قىزنىڭ يىغلىشى قائىدە ئىدى . بۇ ئۇنىڭ ۋىسال خۇشاللىقىنىمۇ ، ئاتا ـ ئانىسىدىن ، قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىش ھىجران ئازابىنىمۇ بىلدۈرەتتى . قىز توي بولغان ۋاقىتتا باشقىلارغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ يىغلىمىسا ، باشقىلار كەينىدىن گەپ تاپاتتى ، يامان ئالاتتى . قىز يىغلىماي قالسا ، ئانىسى بېقىنلىرىنى موتاپ يۇرۇپ يىغلىتىدىغان

قائىدە بار ئىدى .

قىز كۆچۈرىدىغان ماشىنا كۆڭۈل قويۇپ ئالاھىدە بېزەلگەنىدى . قىز بىلەن يىگىت ماشىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتا ـ ئانىسى ۋە توي ئەھلىنىڭ دۇئا بېرىشىنى كۈتۈپ تۇردى . قۇدىلار بالىلىرىنىڭ بەختىنى تىلەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى . ئۇلارغا ئەگىشىپ بارلىق توي ئەھلى دۇئاغا قول كۆتۈردى . ئۇلار قىز بىلەن يىگىتكە بەخت ، ئىناقلىق ، پەرزەنت ، قۇت ـ ئامەت تىلىدى . شۇ تاپتا زۆھرە خانىم يىغلاۋاتاتتى . ئۇنىڭ بۇ يىغىسىدا قىزىغا بولغان قىيالماسلىقمۇ ، توي خۇشاللىقىمۇ بار ئىدى .

دۇئادىن كېيىن قادىر ئەپەندى بىلەن زۆھرە خانىم پەرىدەنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ بەخت تىلەپ خوشلاشتى . قىز بىلەن يىگىت ماشىنىغا چىقتى . قاتار سەپ تۈزگەن قىز كۆچۈرۈش ماشىنا ئەترىتى مەرىكە زالىنىڭ ئالدىدىن ناغرا ـ سۇناي ساداسى ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا قوزغالدى .

## 54

تۈنۈگۈنكى توي ھاردۇقىغا قارىماي بۈگۈن سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇۋالغان زۆھرە خانىم قىزلىرىنىڭ ياتاق ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى .

— يېتىۋېرەمەڭلار ، بالام ، تاڭ ئاتتى .

— ۋايجان ، بىردەم ياتقىلى قويە ، ئانا . تېخى سەھەرغۇ ، — دېدى پەخرىئاي غودۇڭشىپ .

— تۇرۇڭلار دەيمەن . بۈگۈن ياتىدىغان كۈن ئەمەس .

پەخرىئاي ئۇيقۇچان كۆزلىرىنى ئاچالمىغان ھالدا ئىشىكنى ئاچتى :

— تۈنۈگۈن توي تۈگىگەندىكىن ، بۈگۈن بىردەم ئۇخلىۋالارمىز دەمدى .

www.uyghurkitap.com

— ئۇخلىساڭمۇ چۈشتىن كېيىن ئۇخلا ، ئەتىگەندە قىلىدىغان زۆرۈر ئىش بار . پەرىلەت ، تۇرە ھۆررۈنلۈق قىلماي . يوتقانىغا بېشىنى چۈمكەپ يېتىۋالغىنىنى .

— ئەتىگەندە قىلىدىغان قانداق زۆرۈر ئىشتى ئۇ .

— ئاچاڭغا ناشتىلىق تەييارلاپ ئەۋەتىمىز .

— بىز ناشتىلىق ئەۋەتمىسەكمۇ قېينانىسى بېرە .

— قېينانىسىغۇ ناشتىلىق بېرىدۇ ، ئەمما ناشتىلىق ئەۋەتىدىغان قائىدە بار ، — دېدى زۆھرە خانىم پەخرىئايغا چۈشەندۈرۈپ ، — ناشتىلىق ئەۋەتمىسەك بولامدۇ ، ئورنۇڭلاردىن چاققان تۇرۇڭلار .

زۆھرە خانىم ئاشخانا ئۆيگە قاراپ ماڭدى .

پەرىلەت ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئېچىپ ، ئەسنىگىنىچە ئورنىدىن تۇردى .

زۆھرە خانىم بىر قازان پولۇ دەملەپ بولغۇچە ، ئىككى قىز قىيما قىلىپ پېتىر مانتا تۈگدى . تاماقلار تەييار بولغۇچە پەخرىدىن بازارغا چىقىپ بىر لېگەن سامسا بىلەن ئىككى توخۇ كاۋىپى كۆتۈرۈپ كىردى . شۇنىڭ بىلەن ناشتىلىق ئاساسەن تەييار بولدى .

— نېمانداق كەلمەيدۇ بۇلار ، — دېدى زۆھرە خانىم تامدىكى ئاسما سائەتكە قاراپ ۋە تېلېفون قىلىش ئۈچۈن قولىغا تۇرۇپكىنى ئېلىپ نومۇر باستى ، — ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، شاراپەتما ، كەلمەمسەن ، خېنىم . تەييارلىقىم پۈتۈپ بولدى . ياق ، گۈلسۈم ، چىمەنگۈل ، پاتىمەلەرگە ئۆزۈڭ خەۋەر قىل . تېز كېلىڭلار ، بېرىپ بولغۇچە ناشتىلىق سوۋۇپ قالمىسۇن يەنە .

يېرىم سائەت ئىچىدە زۆھرە خانىمنىڭ تۆت دوستى ئۆيگە كىرىپ كەلدى .

— پەخرىدىن ، سەن شاراپەت ئاچاڭلارنى قۇدىمىزنىڭ ئۆيگە ئاپىرىپ كېلىدىغان كىرا ماشىنىسى توساپ كىر ، — دېدى زۆھرە خانىم .

ئايالالار ناشتىلىقنى كۆزدىن كەچۈرۈپ رازى بولۇشتى .
— ناشتىلىقنى تۆتەيلەن ئىلىپ بارساق ئاز بولۇپ قالىمىزمۇ نېمە ، — دېدى گۈلسۇم خانىم ، — تاجىنىسا ، زەينەپ ، ئايشەملەرنىمۇ توۋلىۋالايمۇيا ؟
— بولدىلا ، تۆت داستىخان ناشتىلىقنىڭ كەينىدىن سەككىز خوتۇن بامىساڭلامۇ بولا ، — دېدى زۆھرە خانىم كۈلۈپ ، — مۇشۇ تۆتىڭلا بېرىڭلا .
— قۇداڭنى ئاياۋاتىسەن ، ھە ئاداش ، — دېدى شارابەت خانىم .
— ئۇنداقمۇ ئەمەس ، ئارىلىق يىراق بولغاندىكىن ، باشقىلارنى ئاۋارە قىلماي دېدىم .
— بوپتۇ ئەمىسە ، بىز ماڭدۇق ، — دېدى ئايالالار بىردىن داستىخاننى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ .
— سىلەرنى ساقلايمەن .
— پەزىلەت ئاچام بىلەن ئىككىمىز بىللە بارايلىمۇ ، ئانا ، — دېدى پەخرىئاي ئاچىسىنى كۆرگۈسى كېلىپ .
— توي قىلمىغان قىز بالا ناشتىلىق ئاپىرىدىغان قائىدە يوق ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — سىلە باماڭلا .
ناشتىلىق ئېلىپ كەلگەن ئايالالارنى ئامانىساخان ئاچا مېھمانلىق ئۆيگە باشلىدى . مېھمانلار پاتىھە قىلىشىپ تىنچلىق - ئامانلىق سوراشتى . شۇ ئارىلىقتا پەردە تارتىنىپقىنا كىرىپ كەلدى - دە ، مېھمانلار بىلەن مەڭزىنى - مەڭزىگە يېقىپ كۆرۈشتى . تويلۇق كىيىملىرىنى كىيىپ ، ئالتۇن زىبۇزىننەتلىرىنى تولۇق تاقاپ چىرايلىق ياسىنىۋالغان پەردە تېخىمۇ رەڭ تۇزەپ قالغاندى . چىرايدىن ۋىسال شارابىدىن مەست بولغان مەشۇقلارغا خاس بىر خىل بەخت ، خۇشاللىق بالقىيتتى . ئايالالار ئېلىپ كەلگەن ناشتىلىقلىرىنى داستىخانغا قويدى . ئامانىساخان ئاچا رەھمەت - ھەشقالالا دەپ داستىخاننى قوبۇل

قىلدى . پەرىدەنىڭ مېھمانلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ ، ئۆيىمىزنىڭغا قويماي مېھمانلارنىڭ قاتارىدا قولىغا سۇ بەردى .

ئامانىساخان ئاچىمۇ ناشتىلىق ئېلىپ كېلىدىغانلارغا ئاتاپ تاماق تەييارلاپ تۇرغانىدى . ئاۋۋال ئاچچىق - چۈچۈك قورداق ، ئاندىن شورپا قىلىپ پىشۇرۇلغان باچكا ، زىخ كاۋىپى ، ئاخىرىدا پولۇ كەلتۈردى .

مېھمانلار پولۇدىن بىرەر كاپامدىن يېگەندىن كېيىن دۇئا قىلىشتى .

— يەنە بىر دەم ئولتۇرۇشسىلا ، — دېدى ئامانىساخان ئاچا .

— رەھمەت ، جىق كايىپلا ، بىز ماڭايلى ، — دېدى مېھمانلار .

— ئەمىسە ، جىندەك ئولتۇرۇپ بەرسىلە .

ئامانىساخان ئاچا سىرتقا چىقىپ كېتىپ تۆت پەتنۇستا بىر كۆڭلەكلىكتىن چېكەن كۆتۈرۈپ كىردى - دە ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويدى .

— ھەربىرلىرىنى ئالايتەن يول ماڭدۇرۇپ كايتىپتىمىز . لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ قوبۇل قىلىشسىلا .

— رەھمەت ، ئۇنداق قىلمىسىلىمۇ بولىتى .

ئاياللار ئازراق تۇزۇت قىلىشقاندىن كېيىن پەتنۇستىكى چېكەننى ئېلىپ سومكىلىرىغا سېلىشتى . ناشتىلىق ئېلىپ كەلگەن ئاياللارغا ئادەمگەرچىلىك قىلىدىغان قائىدە بار ئىدى . ئاياللار ئامانىساخان ئاچىنىڭ ئادەمگەرچىلىكىدىن خېلى رازى بولغاندەك قىلاتتى . ئۇلار پەرىدەنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ قويۇپ خوشلاشتى .

— قۇداڭ دېھقان بولغىنى بىلەن ھەممە ھېسابتا بار ئايالكەن ، — دېدى گۈلسۇم خانىم زۆھرە خانىمنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن ، — قائىدىسىنى ئوبدان قىلدى .

— لايىقىڭلاردا بىر نەرسە قويالىدىمۇ ئالدىڭلارغا ؟

— ھەئە ، بىر كىيىملىكتىن چېكەن قويدى ، — دېدى

شاراپەت خانىم ، — كۆرۈپ باقامسەن ؟
— سىلەرگە يارىغان بولسا بولدى .
— چىللاقنى قانداق قىلىدىغانغا مەسلىھەتلەشكەن ؟ — سورىدى تاجىنىسا خانىم ، — قۇداڭ گەپ قىلمىغاندىكىن ، بىزمۇ سوراپ يۈرمىدۇق .
— سورىماي ياخشى قىپسىلەر ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — چىللاقنى ھازىرچە قىلماي تۇرايلى ، دېيىشكەن . تويىنىڭ ئەتىسىلا چىللاق قىلساق بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىدىكەنمىز . ئون - ئون بەش كۈنلەردىن كېيىن تويىنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىپراق ئاندىن مەسلىھەت قىلارمىز .
— بۇمۇ بوپتۇ ، — دېدى شاراپەت خانىم ، — ھازىر خېلى جىق تويلاردا چىللاقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىپتۇ . تويىنىڭ كەينىدىن چىللاق قىلسا ، ئۇشۇق - ئارتۇق ئاۋارىچىلىك زادى .
— شۇنداق ، ئىككى - ئۈچ ھەپتىلەردىن كېيىن قۇدىلار ئۆزئارا بېرىش - كېلىش قىلىشۋالساڭلار بولىدۇ ئەمەسمۇ . چىللاق دېگەننىڭمۇ تويغا ئوخشاشلا ۋالاۋىسى جىق ئىش . قىلمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ ، — دېدى تاجىنىسا خانىم ، — ئەمدى بىزمۇ ئۆيىمىزنى تېپىۋالامدۇق ، خانىلىرىم . زۆھرەمۇ بىردەم ئارام ئېلىۋالسۇن .
— زۆھرەگە نەدە ئارامچىلىق ، — دېدى گۈلسۈم خانىم ، — شۇ تاپتا كۈيئوغۇل سالام بەرگىلى يولغا چىقىپ بولدىغۇ دەيمەن . قارىشىپ بېرەمدۇق ، ئاداش .
— رەھمەت ، سىلىمۇ ئارام ئېلىڭلا ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — تۈنۈگۈن تويدا مېھمان كۈتىمىز دەپ بىرمۇنچە ئاۋارە بولدۇڭلا . بۈگۈن ھارغىنىڭلىغا باقماي ناشتىلىق ئاپىرىپ كەلدىڭلا . سالامغا كېلىدىغانلىغا قىلىدىغان تاماقنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ قويدۇم . پەزىلەت بىلەن پەخرىئاي قازانغا ئوت يېقىپ بولدى ، يېتىشەلەيمەن . ئولتۇرۇڭلا ، بىر پىيالىدىن چاي قۇيماي بولمىسا .

www.uyghurkitap.com

— ئاۋارە بولما ، ئاداش . چاينى ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىدە ئىچەيلى . سەندىن ئەتىگىچە ئايرىم ھاردۇق سورامىز .

— ئەمىسە ، رەنجىمەي قايتاسىلە .

زۆھرە خانىم دوستلىرىنى ئۇزىتىۋېتىپ ئۆيىگە قايتىپ كىردى ـ دە ، زىمىمىسىدىن ئېغىر بىر تاغ غۇلاپ چۈشكەندەك بولۇپ قالدى . ئەتىگەندىن بېرى دەككە ـ دۈككىدە تۇرغان كۆڭلىمۇ ئارامىغا چۈشتى . چۈنكى ، ناشتىلىق ئەۋەتىشنىڭ باشقا بىر مۇددىئاسى بار ئىدى . ھەئە ، يېقىن دوستلىرى قىز بىلەن يىگىتكە ناشتىلىق ئاپارغان بولۇپ قىزنىڭ ئەھۋالىنى تىڭ تىڭلايتتى . ناۋادا تويى بولغان قىز تويى كېچىسى قىز چىقمىغان بولسا ، ئوغۇلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلمايتتى . داستىخانغا تاماق ئەكەلمەي بىر ناننىڭ ئوتتۇرىسىنى تېشىپ ، ناشتىلىق ئەكەلگەنلەرنىڭ ئالدىغا قوياتتى ـ دە ، قىزنى ئۇلارغا قوشۇپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يولغا سېلىپ قوياتتى . بۇ قىزنىڭ تويدىن ئاۋۋال قىزلىقنى يوقاتقانلىقنى ، پەزىلەتسىز ، ئەخلاقسىزلىقىنى بىلدۈرەتتى . بۇ ئىش قىز چوڭ قىلغان ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ھاقارەت ھېسابلىناتتى . زۆھرە خانىمنىڭ ئەندىشىسى بىھۇدە بولۇپ چىقتى ، خاتىرجەملىك ، خۇشاللىق ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالدى .

ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتكەندە تۆت ئاغىنىسىنى ئەگەشتۈرۈپ سالامغا كەلگەن ئابدۇساتتار ئۆيگە تارتىنىپقىنا كىرىپ كەلدى ـ دە ، قېينانىسىغا سالام بەردى ، قېيناتىسى ، پەخرىدىن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ پاتىھە قىلدى ، ئاندىن قايتىدىن تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشتى . پەخرىدىن مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ ئالدى . زۆھرە خانىم تەييارلىغان تاماقلىرىنى داستىخانغا بىر ـ بىرلەپ ئېلىپ چىقتى .

— دۇئا قىلىپ بەرسىلە ، دادا ، — دېدى ئابدۇساتتار تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن قادىر ئەپەندىگە قاراپ .

— بىردەم ئولتۇرسىلا ، بالام ، — دېدى قادىر ئەپەندى .

ئابدۇساتتار قايتا - قايتا ئۆزرە قويغاندىن كېيىن قادىر ئەپەندى دۇئا باشلاپ بەردى . دۇئادىن كېيىن زۆھرە خانىم ئابدۇساتتارنىڭ ئالدىغا بىر ئۇچا كاستيۇم - بۇرۇلكا ، دوستلىرىنىڭ ئالدىغا بىر شىملىقتىن رەخت ، بىر تالدىن كۆڭلەك قويدى . شۇنىڭ بىلەن كۈيئوغۇلنىڭ سالامغا كېلىش مۇراسىمى ئاخىرلاشتى .

— ئەمدى ئۆي ئىچىنى بىرقۇر بېسىقتۇرۇۋېتكەندىن كېيىن ئارام ئېلىۋېلىڭلار ، باللىرىم ، — دېدى زۆھرە خانىم كۈيئوغلىنى ئۇزىتىۋەتكەندىن كېيىن ، — مەنمۇ قېنىپ بىر ئۇخلىۋالاي . ئۇھ ، ئەجەب ھېرىپ كەتتىم . قاچان چىقار بۇ تويىنىڭ ھاردۇقى .

## 55

زۆھرە خانىم قۇدىلىرىغىمۇ ، كۈيئوغلىغىمۇ ئامراق چىقىپ قالدى . ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھە دېسە : «ئابدۇساتتارجان» چۈشمەيتتى . پەرىدەنىڭ شەھەردىن ئۆي تۇتۇشى ، بولۇپمۇ بىر قىسىم يېڭى توي قىلغانلارغا ئوخشاش ئۆي تەڭلىكى تارتمايلا شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىسىغا جايلاشقان يېڭى ئولتۇراق مەھەللىسىدىكى بىنادىن ئۆي تۇتۇشى ، ئۇنى قالتىس خۇش قىلىۋەتكەنىدى . ئۇ قىزىنىڭ يېڭى ئۆيىگە ئۇدا ئۈچ كۈن باردى ، ئۆيلەرنى ئۆز قولى بىلەن تازىلىدى ، ئۆي جابدۇقلىرىنى باشقىدىن رەتلەپ تىزدى ، دېرىزە ، ئىشىك پەردىلىرىنى ئۆز قولى بىلەن ئاستى . مېنىڭ تۇتقان نەرسەم بەرىكەت قىلىدۇ دەپ ، ئۆيىدىكى قازان - قومۇچ ، چىنە - تەخسە ، قوشۇق - چوكا ، چەينەك ، پىيالە دېگەندەك نەرسىلەردىن بىر يۈرۈش ئاپىرىپ بەردى . ئولتۇرسا - قوپسا ، پەرىدەنىڭ ئۆيى ئانداق ياخشى بوپتۇ ، ئۆي جابدۇقلىرى مانداق يارىشىپتۇ ، دېرىزە پەردىسىنىڭ رەڭگى بەك ماسلىشىپتۇ ، بېزىلىشى بەك ئېسىل بوپتۇ

دەپ سۆزلەپلا تۇراتتى .

ئۇ بۇگۇن قادىر ئەپەندىنى قىزىنىڭ تۇتقان ئۆيىنى كۆرۈپ كېلىشكە مەجبۇرىي ئېلىپ باردى . ئابدۇساتتار تېخى بېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى خىزمىتىدىن قايتىپ كەلمىگەنىدى . پەرىدە ئاتا ـ ئانىسىغا يېڭى ئۆيىدە تاماق ئېتىپ بەردى .

— ئابدۇساتتارنىڭ مەكتىپىدە يىغىن بار ئىكەن ، كېچىكىپرەك كەلگۇدەك ، — دېدى پەرىدە .

— ئۇنداق بولسا ، بىز قايتايلى ، — دېدى قادىر ئەپەندى .

— ئابدۇساتتار كەلگۇچە بىردەم ساقلاڭلا ، — دېدى پەرىدە .

— يەنە كېلەرمىز ، — دېدى قادىر ئەپەندى ، — تاماق سىڭدۇرگەچ مۇڭدىشىپ پىيادە قايتايلى .

— ئەتە كەچتە ئابدۇساتتارجاننى ئېلىپ ئۆيگە تاماققا كەل ، — دېدى زۆھرە خانىم قىزىغا جېكىلەپ ، — ئايرىم ئۆي تۇتۇۋېلىپ مېنى ئۇنتۇپ قالما ، قىزىم . ھېلىمۇ قېشىمدا بولغىنىڭ ، يىراققا توي قىلىپ كەتكەن بولساڭ قانداق قىلاتتىم . سەن بەك يوقلىنىپ قېلىۋاتىسەن . ئۆيگە كىرسەم بىر نەرسەم يوقتەكلا بولۇپ قالىدىكەنمەن .

— ماقۇل ، ئانا ، ئەتە كەچتە بارايلى ، — دېدى پەرىدە ۋەدە بېرىپ .

زۆھرە خانىمنىڭ خۇشاللىقى جىق ئىدى ، يول بويى ئاغزى بېسىلماي سۆزلەيتتى . يولدا ئۇچرىغان تونۇش ـ بىلىشلەرگە قىزىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىشاتتى . كۈيئوغلىنى ، قۇدىلىرىنى ماختاپ بېرەتتى .

— ئۆز ۋاقتىدا كۆزۈم قورقۇپ ، تويغا رازىلىق بەرمەي بۇ باللارنى بەك قىيناپتىكەنمەن ، ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم .

— شۇنى دېسىلە ، — دېدى قادىر ئەپەندى ، — ئاتا ـ ئانىنىڭ غېمى تۈگىمەيدىكەن . نەچچە كۈندىن بېرى باشقىچە روھلىنىپ كېتىپ باريلا ، خانىم . ھۆسن ـ جامالللىرىمۇ بارغانسېرى ئېچىلىپ ، كۈندىن ـ كۈنگە ياشىرىپ كېتىپ باريلا .

— يەنىلا سىلىگە رەھمەت ئېيتسام بولىدۇ، — دېدى زۆھرە خانىم مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، — سىلىنى ھۆسن تۈزىتىشىمگە قوشۇلماسمىكىن دەپ بەك ئەندىشە قىلغانىدىم. توي قىلغان شۇنچە يىلدىن بېرى كۆڭلۈمنى ئازراقمۇ چەگمىدىلە. سىلىدىن دىل ئازارى كۆرمەپتىمەن. پەرزەنتلىرىنىڭ خاتىرجەم، بەختلىك، باياشات تۇرمۇشىنى كۆرۈشتىنمۇ چوڭ ئارزۇسى بولمايدىكەن ئادەمنىڭ. باشقا باللىرىمىزمۇ پەرىدە قىزىمىزدەك بەختلىك بولا، ئىلاھىم.

— سىلىنى ھۆسن تۈزەش ئوپېراتسىيىسى قىلغان دوختۇر يىگىت قانداقراقكەن؟ — سورىدى قادىر ئەپەندى ئېسىگە كەلگەن گەپنى مۇنداقچە دېگەن بولۇپ.

زۆھرە خانىم ئېرىگە گۇمان بىلەن يالت ئېتىپ قارىدى.

— قانداق دەيلا؟

قادىر ئەپەندى كۆڭلىدىكىنى يوشۇردى.

— سەۋەبىنى سورىماي جاۋاب بەرسىلە.

— ئۆزىغۇ بەك ياخشى يىگىتكەن، شۇنداق تۈزۈتلۈك، قائىدە - يوسۇنلۇق، تېخنىكىسىمۇ بەك يۇقىرىكەن. ھەممىدىن دوختۇرخانىسى، تىجارىتى، كەسپى يارىدى. توۋا، ھەممە ئادەم دوختۇرلۇق كەسپىدە ئوقۇسا، چوڭ - چوڭ، خەتەرلىك كېسەللەرنى داۋالاش كەسپىگە قىزىقىدۇ، لېكىن ئۇ يىگىت ئاتا - ئانىسىنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي ھۆسن تۈزەش، ساغلاملىق كەسپىدە ئوقۇپتىكەن. كېيىنچە مۇشۇ كەسپىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنى ئالدىن مۆلچەرلەپتىكەنمۇ دەيمەن.

زۆھرە خانىم قۇتلۇقنى بىرھازا داڭلىدى. قادىر ئەپەندى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى. زۆھرە خانىمنىڭ گېپى تۈگىگەندىن كېيىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن سورىدى.

— مۇشۇنداق بىر يىگىتنىڭ كۈيئوغۇللىرى بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلامىلا، خانىم؟

— ئارزۇ قىلماي ئەمىسە، — دېدى زۆھرە خانىم ئويلانمايلا

جاۋاب بېرىپ ، — ئەپسۇس ، پەزىلەت ئەدىكى بىر ساتىراشنى تېپىۋاپتۇ ئەمەسمۇ . دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋېتىپمۇ پەزىلەت مۇشۇنداقراق بىر يىگىت بىلەن تېپىشىپ قالغان بولسىچۇ ، دەپ ئويلاپ كەتتىم دېسە .

— ناۋادا ئاشۇ يىگىت پەزىلەت بىلەن توي قىلىشنى تەلەپ قىلسا ، قوشۇلامىلا ؟

زۆھرە خانىم ئەجەبلەنگەن هالدا ئېرىگە قارىدى .

— قانداق دەيلا ، قوتلۇق دوختۇرنىڭ ئۆيىدىكىلەرنىڭ بىرەرى سىلى بىلەن كۆرۈشكەن ئوخشىمامدۇ ؟ ئەگەر شۇنداقراق ئىش بولسا ، بەك ياخشى بولاتتى . بىراق ، پەزىلەت دېگەن بۇ جۇۋاينىمەك بەك كاج ، جاھىللىقتا ئاچىسىنىمۇ بېسىپ چۈشىدۇ .

قادىر ئەپەندى ئەمدى گەپ يوشۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ هاجىتى يوقلۇقىنى هېس قىلدى .

— ئەمەلىيەتتە ، سىلى ساتىراش دەپ ياراتمىغان يىگىت ئاشۇ شۇ .

زۆھرە خانىم ماڭغان جايىدا تاققىدە توختىدى ، قولىقىغا ئىشەنمىگەن هالدا قادىر ئەپەندىگە قارىدى .

— توۋا دېسىلە ، چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانلا ـ هە ؟

— چاقچاق قىلمىدىم ، — دېدى قادىر ئەپەندى ئەستايىدىللىق بىلەن ، — پەزىلەتنىڭ تويلاشماقچى بولغان يىگىتى ئاشۇ قوتلۇق دوختۇر شۇ .

— سىلى قانداق بىلىلا ؟

قادىر ئەپەندى قۇۋلۇق بىلەن خىرىلداپ كۈلدى .

— سىلى بىلمەيدىغان ئىش جىق ، خانىم .

— ماۋۇ جۇۋاينىمەكنى ، — دېدى زۆھرە خانىم پەزىلەتتىن رەنجىپ ، — بۇنداق ئىشنى مەندەك ئانىسى بولغان ئادەمگە دېمەي ، ئەجەب سىلىگە دەپتىيا .

— باللارنىڭ كۆڭۈل ئارزۇسىغا هۆرمەت قىلمىسىلا ، ئىككى ئېغىز چىرايلىق چۈشەندۈرۈشكە قولاق سالمىسىلا ، قانداق

دېيەلەيدۇ سىلىگە. قىزىنىڭ سىرىدىن ئەسلىدە ئانا بولغۇچى خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى.

زۆھرە خانىمنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى.

— مېنى يامان ئېلىپ سىلىگە دەپتۇ - دە.

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، — دېدى قادىر ئەپەندى چۈشەندۈرۈپ، — ئەمەلىيەتتە ھۆسن تۈزىتىش سىلىنىڭ ئارزۇلىرى، بالىلار مۇشۇ ئارزۇلىرىدىن پايدىلىنىپ سىلىنى قايىل قىلماقچى بولغان. مەن ئۇلارنىڭ بۇ پىلانىغا ئازدۇر - كۆپتۇر ماسلاشتىم.

— نېمە، سىلى مېنىڭ ھۆسن تۈزىتىدىغانلىقىمنى ئالدىن بىلەمتىلە؟

— ھەئە، — دېدى قادىر ئەپەندى كۈلۈپ، — سىلى مەندىن خىجىل بولۇپ، بۇ ئىشنى مەندىن خۇپىيانە تۇتقان تۇرسىلا، چاندۇرۇپ قويسام بولمايتتى - دە. بىرىنچىدىن، سىلىنى ئارزۇسى يەردە قالمىسۇن، دېدىم. ئىككىنچىدىن، مۇشۇ باھانىدە پەزىلەتنىڭ يىگىتىنىڭ قىلىۋاتقان كەسپىنى چۈشەنسۇن، دېدىم. مانا ئاخىر ھەممە ئىش كۈتكىنىمدەك بولدى.

— ۋۇي، ئالدامچىلار، — دېدى زۆھرە خانىم پىسىڭڭىدە كۈلۈپ، — سىلەرنىڭ تىل بىرىكتۈرۈپ چالغان دېپىڭلارغا بىلمەيلا ئۇسسۇل ئويناپتىمەن - دە.

— دېگەنىبىلەن بۇ ئۇسسۇل بەك مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينالدى، — دېدى قادىر ئەپەندى خىرىلداپ كۈلگىنىچە، — قانداق، پەزىلەت قىزنىڭ لايىقىغا ئەمدى باشقا پىكىرلىرى يوقتۇ؟

— ھەممىڭلار توغرا تاپقان ئىشقا مەن نېمە دەيتتىم، — دېدى زۆھرە خانىم قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، — ئۇنداق كۈيئوغۇلنى كۈندۈزى چىراغ يېقىپمۇ تاپماق تەس. ۋېيەي، بالىلىرىمىزنى بوش چاغلىمىساق بولغۇدەك. باشتا پەرىدە ئارىغا پەخرىدىنىنى سېلىپ، باغ سەيلىسى دېگەن گەپنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئويۇن قويدى، مانا ئەمدى بۇ قېتىمقى ئويۇنغا سىلىمۇ قېتىلىپلا. نېمە دېگەن مۇرەككەپ ئىشلا بۇ.

www.uyghurkitap.com

— بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى ئاياپ شۇنداق قىلغىنى بولمامدۇ، باللارنىڭ. ئۇلارنى توغرا چۈشەنسىلە، خانىم.

— باللارنىڭ كۆڭلىمىزنى ئايىغىنىغا رەھمەت.

— ئەمىسە، پەزىلەت قىزنىڭ توي ئىشىغا رازىلىق بەرسەڭ بولامدۇ؟

— نېمىشقا بولمىغۇدەك. بىراق، — دېدى زۆھرە خانىم ئويلانغان ھالدا، — تېخى ئەمدىلا پەرىدەنىڭ تويىنى قىلدۇق. ئوغۇل تەرەپ توي قىلىشقا ئالدىراتسا قانداق قىلامىز؟

— قانداق قىلاتتۇق، قوشۇلىمىز - دە، — دېدى قادىر ئەپەندى كەسكىنلىك بىلەن.

— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن، بىر تويىنىڭ كەينىگە ئۇلاپ يەنە بىر تويغا باغاق تاقاتقىلى تۇساق خەق نېمىدەپ قالا؟

— قوغۇن پىشسا ساپىقىدا تۇرمايدۇ دەپتىكەن. ھامىنى قىلىدىغان توي - دە، بۇ.

— خەققە تويدا قىلىدىغان ئادەمگەرچىلىك ئېغىر كېلەمىكىن دەيمەن.

— ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىمىز. كۆڭۈلدە بولسا بىر ئەمەس، ئون توي بولسىمۇ ئېغىر كەلمەيدۇ.

— بوپتۇلا، ئادەمگەرچىلىك دېگەن كۆڭۈل ئىزدەپ قىلىدىغان نەرسە. مەنمۇ خەقنىڭ نەچچە تويىغا داستىخان كۆتۈرۈپ باردىمغۇ. قىلغۇسى بالا قىلىۋېرە. چىدىغانغا چىقارغان ئىش بۇ. ھېچكىمنىڭ ئادەمگەرچىلىكى ھېچكىمدە قالمايدۇ دەپتىكەن.

## 56

شۇ تاپتا قۇتلۇق بىلەن پەزىلەتنىڭ چىرايىدا تەسۋىرلىگۈسىز بىر خۇشاللىق ئەلەڭلەيتتى.

— ئۆيدىكىلەر ئەتىلا ئەلچىلىككە بارسا قانداق بولا؟ — دېدى قۇتلۇق.

— ئەتە بولمايدۇ، — دېدى پەزىلەت.
— نېمىشقا؟ — يىگىت تەئەججۇپلەندى.
— ئانام نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تويىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىمەن دەپ ئىدارەمدىن جىق رۇخسەت سوراپ كەتتىم، ئەمدى رۇخسەت سورىسام خىجىل بولۇپ قالىمەن، بەك ئالدىراپ كەتسە ئالدىمىزدىكى شەنبە كۈنى كەلسۇن، دەيدۇ.
— شەنبە كۈنى دېسەڭ بەك كېيىنگە سۇرۇلۇپ كېتىدىكەن. مەن ئانامغا دەي، ئەلچىلىككە كەچ تەرەپتە بارسۇن، ئەمىسە.
— سەن ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، ئەلچىلەرنىڭ ئالدىغا ئوبدانراق تەييارلىق قىلىپ چىقمىساق بولماس.
— شۇ ئىشقىمۇ ئالايىتەن تەييارلىق قىلىش كېتەمدۇ.
— ھەئە، — دېدى پەزىلەت چۈشەندۈرۈپ، — ئاز دېگەندە سەككىز - ئون خىل تاماق قىلمىساق بولمايدۇ.
— ۋاي - ۋۇي، ئەجەب مۇرەككەپ ئىشكەن بۇ. ئۇنچە ئاۋارە بولمىساڭلارمۇ بولا.
— كىمنىڭ زورلاپ ئاۋارە بولغۇسى بار دەيسەن. تېخى تويىنىڭ ھاردۇقى چىقمىغان تۇرسا، شۇنداقتىمۇ تەييارلىق قىلماي بولمايدۇ. بۇ دېگەن قائىدە. ئۇنداق قىلمىساق، ئەلچىلەر لايىقىدا ئالدىمىزغا چىقمىدى، ئادەمگەرچىلىكى يوق ئادەملەركەن دەپ ئۇششاق گەپ تاپىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ··· بولدىلا، دېمەيلا قوياي.
پەزىلەت گېپىنىڭ ئاخىرىنى توختىۋالدى.
قۇتلۇق قىزنى سۆزلەشكە ئۈندىدى.
— ھە، دېمەمسەن.
— دېسەم دېدىم، — دېدى پەزىلەت بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — ئاناڭ كونا قائىدە - يوسۇنلارغا بەك دىققەت قىلىدىكەن، ئازراقلا قىلدىن قىيىق كەتسەك رەنجىپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ.
— ئۇنداق بولسا، مەن ئانامغا چۈشەندۈرەي، — دېدى قۇتلۇق.

— چۈشەندۈرسەڭمۇ باكا، — دېدى پەزىلەت، — چوڭلا ئەزەلدىن ئەمەل قىلىپ كەلگەن قائىدە - يوسۇن بۇ. ئاناڭ ماقۇل دېگەن تەقدىردىمۇ ئانام ھەرگىز ئۇنىمايدۇ. چوڭلانىڭ ئىشىغا بىز ئارىلىشىۋالمايلى. ئۇلانىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئويلىغانلىرى بولىدۇ. ئىشقىلىپ، توي بولۇپ بولغۇچە قۇدىلا ئارىسىدا ئۇششاق گەپ - سۆز چىقىپ قالمىسىلا بولدى.

— ئانام سېنى بىر كېلىپ كەتسىكەن، دەيدۇ.

— توي بولغۇچە ئەمدى بامايمەن، ھېلىمۇ جىق بېرىپ كەتتىم.

— ئاران ئۈچ قېتىم بادىڭ، شۇ.

— ئانامغا چۈشەندۈرۈپ قوي.

— نېمىدەپ چۈشەندۈرىمەن؟

— خىزمىتى ئالدىراشكەن دەمسەن، ئىشقىلىپ، سەۋەبتىن بىرنى تاپمامسەن؟

— سېنىڭچە، ئىككى ھەپتە ئىچىدە توي قىلالارمىزمۇ؟

— مەن بىرنېمە دېيەلمەيمەن. چوڭلارنىڭ ئاغزىغا قارايلى.

— مەن تەقەززا بولۇپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى يىگىت قىزنىڭ كۆزىگە قاراپ.

پەزىلەت پىسسىڭىدە كۈلۈپ جاۋاب قايتۇرمىدى.

— تويدىن كېيىن چوڭلا بىلەن بىللە تۇرىمىزمۇ؟ — سورىدى پەزىلەت بىرئازدىن كېيىن.

قۇتلۇق قىزغا سىناش نەزىرى بىلەن قارىدى.

— سېنىڭچە، قانداق قىلساق بولا؟

پەزىلەتنىڭ ئايرىم ئۆي تۇتقۇسى بار ئىدى. پەردەنىڭ ئۆيىنى كۆرگەندىن كېيىن بۇ ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەنىدى، يەنە بىر تەرەپتىن، قېيىنانىسى بىلەن بىر قورۇدا تۇرغۇسى يوق ئىدى، ئەمما بۇ خىيالىنى دەماللىققا يىگىتكە دېيەلمىدى.

— ئۆزۈڭ قارار قىل، — دېدى پەزىلەت.

— ئايرىم ئۆي تۇتۇشىمىزغا دادام بىلەن ئانام

ئۇنىماسمىكىن ، — دېدى قۇتلۇق ، — ئۇزۇڭمۇ كۆردۇڭ . بىزنىڭ قورۇ - جايىمىز شۇنداق كەڭرى . ئايرىم ئۆي تۇتۇۋالساق ، دادام بىلەن ئانام يالغۇزلا قالىدۇ .

پەزىلەت ئېغىر تىندى .

قىزنىڭ مەقسىتىنى يىگىت ئاللىقاچان چۈشەنگەنىدى . ھەئە ، ئۇنىڭمۇ ئايرىم ئۆي تۇتقۇسى بار ئىدى ، ئەمما بۇ خىيالىنى ئاتا - ئانىسىغا دېيەلمەيتتى . چۈنكى ، ئاتا - ئانىسى ئايرىم ئۆي تۇتۇشىغا قوشۇلمايتتى .

— مېنىڭمۇ ئايرىم ئۆي تۇتقۇم بار ، — دېدى قۇتلۇق كۆڭلىدىكىنى چۈشەندۈرۈپ ، — چوڭلا بىلەن ئۆي تۇتساق نۇرغۇن ئىشلارغا قولايسىز . بۇنى كېيىنچە ئويلىشامىز .

— پەرىدە ئاچاملا ئايرىم ئۆي تۇتتى . ئابدۇساتتار ئاكام بۇرۇنلا بىنادىن ئۆي ئېلىپ قويۇپتىكەن . بىنا ئۆي دېگەن بەك قولايلىق ، بولۇپمۇ يېڭى ئۆي تۇتقانلارغا .

— مەن ئۇياندىن توي قىلىپ ، بۇياندىن ئۆي ئايرىپ چىقالمايمەن . سەۋەبىنى سەنمۇ چۈشىنىسەن . بەش - ئالتە ئايلاردىن كېيىن مەسلىھەتلىشىپ مۇۋاپىق ھەل قىلامىز ، بۇ ئىشنى .

پەزىلەت ئىپادە بىلدۈرمىدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭغا يەنە گەپ قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغانىدى . يەنە گەپ قىلسا ، يىگىتنىڭ تىلىنى قىسىپ قويالتتى .

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن ، ئەلچىلە شەنبە كۈنى كەلسۇن ، — دېدى پەزىلەت ، — ئەمدى مەن ماڭاي .

— نېمىگە ئالدىرايسەن ، بىردەم مۇڭدىشايلى ، بالدۇرغۇ تېخى .

— ئۆيگە بېرىپ تاماق ئەتمىسەم بولمايدۇ .

— پەخرىئاي بارغۇ .

— توي بولغۇچە ئاتا - ئانامنىڭ خىزمىتىنى ئوبدانىراق قىلىۋالاي ، — دېدى پەزىلەت كۈلۈپ ، — پەخرىئايمۇ

ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇيمەن دەپ ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ .

— ئەمىسە ، ئىشلار بولسا مەسلىھەتلىشىپ تۇرايلى .

## 57

زۆھرە خانىمنىڭ ئالدىراشچىلىقى يەنە باشلاندى . گەرچە بۈگۈن پۈتۈن بىر كۈن ئەتە كېلىدىغان ئەلچىلەرنى كۈتۈۋېلىش تەييارلىقىنى قىلغان بولسىمۇ ، كۆڭلى يەنىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى .

— ئەستاغپۇرۇللا ، ماۋۇ پەردە دېگەن جۇۋاينىمەكنى . ئەرگە تېگىۋېلىپلا قېينانىسىنىڭ پوكىنىغا كىرىۋېلىۋالدىغۇ ، — دەپ غوتۇلدىدى ئۇ كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ، — ئەتە پەزىلەتكە ئەلچى كېلىدىغانلىقىدىن خەۋىرى بولغاندىكىن ، چىقماي تۇرسا بولمامدۇ ، ئۇ سەھراغا .

— ئاچامنى قېينانىسى قىچقارتقان تۇرسا ، چىقمايمەن دېيەلەمتى ، — دېدى پەزىلەت تاماق شىرەسىدىكى قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرغاچ .

— قېينانىسىمۇ ھەر شەنبە كۈنى قېشىمغا چىقىڭلار دەپ تۇرۇۋالىدىكەن ، — دېدى زۆھرە خانىم قۇدىسىدىن رەنجىپ ، — ھەممە گۇناھ ئاچاڭدا . ماقۇل ، قېينانىسىغۇ بۇ ئىشلىرىمىزدىن خەۋىرى بولمىغاندىكىن قىچقارتسۇن . ئەمما ، ئاچاڭ بولغان ئادەم ئاغزىنى بوغۇپ قويغان كالىدەك تۇرماي ، ئۆيدە مۇنداق ئىش باتى ، قارىشىپ بەرمىسەم بولمايدۇ . ئانام يالغۇزلۇق تارتىپ قالىدۇ ، دەپ يېنىپ چىقسا بولىدۇغۇ .

— خاتىرجەم بولە ، ئانا . ئاچام ئەتە ئەتىگەندە چىرىپ بولىدۇ ، — دېدى پەخرىئاي .

— ئەتلىككە كۆرەرمەن ، — دېدى زۆھرە خانىم زەردە بىلەن ، — بالدۇر كەلدى دېگەندىمۇ سائەت ئون - ئون بىرلەردە سىيپىلىپ چىمىسە ھېساب ئەمەس . ئەلچىلەر سائەت ئون

ئىككىلەردە كېلىدىغان تۇرسا . ھېلىمۇ توي قىلغاندىن بېرى ھەر شەنبە ، يەكشەنبە شۇ يەردە تۇرۇۋاتىدۇ . بىرەر قېتىم چىقمىسا نېمە بولىدۇ زادى . قىز بالا دېگەن ئەرگە تەگكەندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئازنىلاپ كېلىدىغان قائىدىمۇ بارغۇ .

— ھەپتە ئارىلىقىدا كېلىپ تۇرۇۋاتقان تۇرسا ، مەخسۇس ئازنىلاپ كەلمىسىمۇ بولا ، — دېدى پەخرىئاي .

— قىز بالا دېگەن تالانىڭ ئادىمى دەپ راست دەپتىكەن ، جانغا ئەسقاتمىغان ۋاپاسىز .

— خاتىرجەم بوله ، ئانا . مەن دوستلىرىمنىڭ بىر ـ ئىككىسىگە خەۋەر قىلىپ قوياي . ئەته ئەتىگەندە كېلىپ قارىشىپ بەرسۇن .

— بولدى ، چاقىرمايلا قوي . ئۇ ئاداشلىرىڭنىڭ قىلغان ئىشىدىن گېپى تولا ، بېشىمنى ئوچاق ئېتىۋېتىدۇ .

— ئۇنداق بولسا ، مەن دوستلىرىمدىن بىرەرنى تۇۋلاپ قوياي ، — دېدى پەزىلەت .

— قولى ئىشلىق ، تولا گەپ قىلمايدىغان ، تاماقتا ئۇستا دوستلىرىڭدىن چاقىر ئەمىسە ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — ھازىرلا تېلېفون قىلىپ قوي . ئىمكان بار ئەته ئەتىگەنرەك كەلسۇن .

پەزىلەت تېلېفون قىلىش ئۇچۇن ياتاق ئۆيىگە قاراپ ماڭدى . شۇ تاپتا بىر ئىشنى كاللىسىدىن لىپپىدە ئۆتكۈزگەن پەخرىدىن ئاستا ئاچىسىنىڭ كەينىدىن كىردى .

— بولدى ، سەن دوستلىرىڭغا خەۋەر قىلما ، مەن گۈلنازغا تېلېفون قىلاي .

— گۈلنازنى ئىشقا سالساق قانداق بولىدۇ ؟

— بولىۋېرىدۇ ، — دېدى پەخرىدىن كۈلۈپ ، — شۇ باھانىدە ئانام بىلەن ئوبدانراق تونۇشۇپ قالسا ياخشى ئەمەسمۇ . خاتىرجەم بول ، گۈلنازنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا خېلى ئېپى بار . قىلغان ئىشلىرى ئانامغا چوقۇم يارايدۇ .

— مەيلى ، ئەمىسە ، — دېدى پەزىلەت .

www.uyghurkitap.com

پەخرىدىن ياتاق ئۆيىگە كىرىپ گۈلنازغا تېلېفون قىلدى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، — دېدى گۈلناز تېلېفوننى قوبۇل قىلىپ .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام . گۈلناز ، ساڭا ئەتە قىلمىدىغان جىددىي بىر ئىش چىقىپ قالدى ، — دېدى پەخرىدىن .

— نېمە ئىش ؟

— ئەتە پەزىلەت ئاچامغا ئەلچى كەلمەكچى . پەرىدە ئاچام قېيىنانىسىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كېتىپتىكەن . ۋاخچىرەك چىرىدىغان ئوخشايدۇ . سەن بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ تاماققا قارىشىپ بەر .

— ۋايجان ، ئادەمنى تەتۈر قىيىنىمىغىنا . ئاناڭنىڭ ئالدىدا ئىزا تارتامدىمەن .

— ئۇنداق دېمە . بۇ دېگەن بىز ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت ، — چۈشەندۈردى پەخرىدىن ، — ئانام تېخى بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزنى بىلمەيدۇ . سېنى پەزىلەت ئاچامنىڭ دوستى دەپ بىلىدۇ . شۇڭا ، خاتىرجەم كېلىۋە . مۇشۇ باھانىدە ئانام بىلەن ئوبدانراق تونۇشۇۋالىسەن . مەقسىتىمنى چۈشىنىۋاتامسەن ؟

— چۈشەندىم .

— تاماق ئېتەلەيدىغانسەن ؟

— تاماق ئېتىشتىغۇ چاتاق يوق .

— ئۇنداق بولسا ، ئانامغا ئۆزۈڭنى بىر كۆرسىتىپ قوي ، مېھمانلار ئۆزىغاندىن كېيىن مۇكاپاتىڭ بار تېخى .

— قانداق مۇكاپاتكەن ئۇ ؟

— قانغۇدەك سۆيۈش بىلەن مۇكاپاتلايمەن .

— ماڭە نېرى ، قېلىنىن . ئۇنداق مۇكاپاتقا كىم خۇشتاركەن .

— ئۇنداق دېمە . بۇ مۇكاپاتقا تەلمۈرۈپ تۇرغان قىزلار خېلى جىق جۇمۇ . ئەڭ ياخشىسى ، پۇرسەتنى چىڭ تۇت .

— ئەمىسە ، شۇلارغا بە ، تېلېفوننى قويۇۋەتتىم .

— ھەي ، گېپىمنى ئاڭلا ، — يىگىت ئەمدى يالۋۇرۇشقا باشلىدى ، — سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي ، ئەتە چوقۇم كەل .

— سائەت نەچچىدە بارىمەن؟
— ئىمكان بار سەھەررەك كەل . قانچە بۇرۇن كەلسەڭ ، شۇنچە ياخشى .
— بولىدۇ .
يىگىت يانفونىغا چوككىدە بىرنى سۆيۈپ قىز بىلەن خوشلاشتى .
— خوش ئامرىقىم ، ياخشى چۈش كۆر .

## 58

بۈگۈنكى سەھەر قادىر ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە تولىمۇ ئالدىراشچىلىق بىلەن باشلاندى . پەزىلەت ھەممەيلەندىن بۇرۇن تۇرۇپ كەتكەندى . زۆھرە خانىم پەخرىئايىنى ۋارقىراپ يۇرۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى . قادىر ئەپەندى قوغۇن - تاۋۇز ، ئۈزۈم - شاپتۇل ، بانان - ئاپېلسىن دېگەندەك يەل - يېمىشلەرنى ئېلىپ كېلىشكە ، پەخرىدىننى قايماق ، قېتىق ئەكېلىشكە بۇيرۇدى .
— كاۋاپچى بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ قويامدىمەن ، ئانا؟ — سورىدى پەخرىدىن .
— شۇنداق قىل . تونۇر كاۋىپى ، زىخ كاۋىپىنى چوقۇم ۋاقتىدا ئۈلگۈرتۈپ بەرسۇن . چوقۇم ئەكەك پاقلاننىڭ گۆشىدە قىلىپ بەرسىلە دەپ بەكرەك تاپىلا ، بالام .
پەخرىدىن چىقىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي ، گۈلناز تارتىنىپقىنا كىرىپ كەلدى .
— كەلسىلە ، قىزىم ، — دېدى زۆھرە خانىم ئىشىكنى ئېچىپ گۈلناز بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ، — پەزىلەت ، دوستۇڭ كەلدى .
پەزىلەت گۈلنازنى ساپاغا تەكلىپ قىلىۋىدى ، گۈلناز پەقەتلا ئۇنىمىدى .
— تاماقنىڭ تەييارلىقىنى قىلايلى ، — دەپ تۇرۇۋالدى

گۈلناز .

زۆھرە خانىم قىزلارغا ئاۋۋال قايسى تاماقنى ، ئاندىن قايسى تاماقنى ئېتىدىغانلىقىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى .

ئۇزاق ئۆتمەي قولتۇقىغا بىر داستىخاننى قىسقىنىچە شاراپەت خانىم كىرىپ كەلدى .

— ئاز بولسىمۇ بىر داس سامبۇسا سېلىپ كەلدىم ، — دېدى شاراپەت خانىم داستىخاننى زۆھرە خانىمغا تەڭلەپ .

— ئاۋارە بولمايلا كەلسەڭ بولمامدۇ ، ئاداش ، — دېدى زۆھرە خانىم مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ ، — پەردەنىڭ تويىدا ئاۋارە قىلغاننى ئاز دەپ ، يەنە ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم ئەمدى .

— ھەرگىز ئۇنداق دېمە ، — دېدى شاراپەت خانىم ، — ئۆزىمىزنىڭ ئىشى ئەمەسمۇ . قانداق ، پەردە قىزنىڭ يېڭى ئۆيگە ئۆستىخىنى چۈشۈپ قاپتۇمۇ ؟

— ئۇنى بىردېمە ، ئاداش ، — دېدى زۆھرە خانىم دادلاپ ، — ئەرگە تېگىشۈپلىپلا مەندىن كەچتى ، ئۇ قىز بالا . قېيىنانىسىنىڭ پوكىنىدىن چىقالمايۋاتىدۇ . تونۇگۇندىن بېرى مېھمانغا تەييارلىق قىلىمەن دەپ بىر قولۇمنى ئۇن قىلالمايۋاتسام ، غېمىدە يوق سەھراغا قېيىنانىسىنى يوقلىغىلى كېتىپتۇ .

— خوش بولغىن ، ئاداش ، قېيىنانىسى بىلەن ئەپ ئۆتكىنى ياخشى . بىز بارغۇ مانا . خۇدايىم ئارىسىغا ئىسسىقچىلىق سالسۇن ئۇلارنىڭ .

— ئۇنى دېسىغۇ ، پەردەنىڭ قېيىنانىسى بەك ياخشى ئايالكەن . ۋاي قىزىم دېسە قىزىم دەپ ئۆزىگە ئۆگىنىشۋالدى بولغاي . باشتا كۆز قورقۇتۇپتىكەنمەن ، ئۆيىنىمۇ بىنادىن تۇتۇۋالدى ، ھەممە نېمىسى تەل .

زۆھرە خانىمنىڭ گېپىدىن قىزىنى ئەيىبلىگىنىنى ياكى ماختىغىنىنى بىلگىلى بولمايتتى . ئىككى گەپنىڭ بىردە قۇدىسىنى ، كۈيئوغلىنى داڭلايتتى .

— پەردە قىزنىڭ ئۆي ماركىنى قىلغاندا ، بىزمۇ خەۋەر

تىپىپ قالايلى ، ئاداش .

— سىلەنى ئاۋارە قىلىۋەسەم قانداق بولىدۇ . ھېلىمۇ تويدا ئاۋارە قىلغىنىم يېتە ئەمدى .

— چايدىكىلەر مەسلىھەتلىشىپ قويدۇق . پەرىدە قىزنىڭ ئۆي مارىكىگە ھەممەيلەن بارىمىز .

— سىلەنى ئادەمگەرچىلىككە قىچقىرىۋەسەم خىجىل بولىدىكەنمەن ، پەزىلەتنىڭ تويىغا كەلسەڭلا بولا .

— ھەرگىز خىجىل بولما . ئۇمۇ ئۆز يولىدا ، بۇمۇ ئۆز يولىدا بولىدۇ . سەنمۇ توي ، ئۆي مارىكى دېگەنلەردىن قېلىپ قالمىغان .

ئۈچ ـ تۆت سائەت ۋاقىت بىردەمدىلا ئۆتۈپ كەتتى .

— مېھمانلار پەستە ساقلاپ قالدى ، ئانا ، — دېدى سىرتتىن سودىلىق قىلىپ كىرگەن پەخرىدىن ، — دەرھال پەسكە چۈش .

— قۇداڭنى تونۇيدىغانسەن ؟ — سورىدى شارايەت خانىم پەشتاقتىن چۈشۈۋېتىپ .

— ياق ، تېخى ، — دېدى زۆھرە خانىم .

بىنانىڭ ئالدىدا يەتتە ـ سەككىزچە ئايال قاتارلىشىپ تۇراتتى . ئۇلاردىن ئۈچ ـ تۆتى روپاش ئىدى . زۆھرە خانىم بىلەن شارايەت خانىم ئۇلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ كۆرۈشتى ، تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشتى ، ئاندىن ئۆيگە تەكلىپ قىلدى . ئاياللار بىر ـ بىرىدىن قېلىشمىغۇدەك پۈزۈر كىيىنىشكەن ، قۇلاق ، بويۇن ، بىلەك ، بارماقلىرىغا ئالتۇن زىبۇزىننەتلەرنى بولۇشىغا سېلىشقانىدى . ھەممىسىنىڭ قولتۇقىدا بىردىن داستىخان بار ئىدى . زۆھرە خانىم دەماللىققا قۇدا بولغۇچى ئايالنى تونۇيالمىدى . مېھمانلار بىرھازا بىر ـ بىرىنى ئالدىدا مېڭىشقا تەكلىپ قىلىشتى .

— گۈلھەسەل ھاجى خېنىم ، قېنى ماڭسىلا .

— ياق ، ئايىسما ھاجى خېنىم ، سىلى ئالدىدا ماڭمىسىلا بولمايدۇ .

ئاخىر ئايىسما ھاجى خېنىم ئالدىدا ماڭدى . زۆھرە خانىم شۇ

چاغدىلا قۇدا بولغۇچى ئايالنى تونۇۋالدى . ئۆيگە كىرگەندىن كېيىنمۇ ئاياللار ئايسىما ھاجى خېنىمنى تۆردە ئولتۇرغۇزدى . مېھمانلار پاتىھە قىلىش ئۈچۈن قوللىرىنى كۆتۈرۈشتى . شۇ ھامان ھەممىسىنىڭ بىلەك - بارماقلىرىدىكى قوش - قوش ئالتۇن بىلەزۈك ، ئۈزۈكلەر دېرىزىدىن چۈشكەن كۈن نۇرىدا يالىلداپ كەتتى . شۇ دەقىقىدە بۇ ئاياللار دۇئاغا ئەمەس ، قوللىرىدىكى ئالتۇنلارنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن قول كۆتۈرۈۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى . زۆھرە خانىم بىلەن شاراپەت خانىم مېھمان ئاياللارنىڭ زىيادە كۆپ ئالتۇن جابدۇقلىرىغا قاراپ ، بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى . شاراپەت خانىم مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ ئالدى . زۆھرە خانىم مېھمانلارغا بىر پىيالىدىن سىنچاي تۇتتى ، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا قايماق چاي كەلتۈردى . داستىخان تولىمۇ مول راسلانغانىدى .

— قېنى ، داستىخانغا بېقىشسىلا ، — دېدى شاراپەت خانىم .

مېھمانلار ئالسىلا - باقسىلا دېيىشىپ ئايسىما ھاجى خېنىمدىن كېيىن داستىخانغا قول ئۇزىتىشتى . قادىر ئەپەندى مېھمانلارنىڭ ئارىسىدا روپاش ئاياللار بولغانلىقى ئۈچۈن پەخرىدىنىنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى .

— كونىشەھەرنىڭ داڭلىق ھاجى خېنىملىرىنىڭ ھەممىسى چىقتىمۇ نېمە ، — دېدى شاراپەت خانىم ئاشخانىغا كىرگەندىن كېيىن زۆھرە خانىمغا كۇسۇرلاپ ، — پاھ ، ئالتۇن دېگەننى مۇشۇلار ئاسامدۇ نېمە . ھەربىرىنىڭ ئېسىۋالغان ئالتۇن جابدۇقلىرى بىر كىلودىن ئاشىدىغاندەك قىلىدۇ .

زۆھرە خانىم پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى .

— ئۇنى بىر دېمە . خۇددى ئالتۇن جابدۇق ئېسىشتا مۇسابىقىگە چۈشكەندەكلا ئېسىشىۋاپتۇغۇتاڭ .

— ھەممىسىدىن يەنىلا سېنىڭ قۇداڭنىڭ جىقكەن . ھەربىر بىلىكىگە ئىككىدىن بىلەزۈك سېلىۋاپتۇ .

— تاماقنى بەك تۇجۇپىلەڭلا ، بالام . ئاشنى ئازمۇ ئەمەس ،

جىقمۇ ئەمەس، تەكشى ئېلىڭلا. چىنە ـ تەخسىلەرگە بەك قاراڭلا، ھەرگىزمۇ گىرۋىكى پۇچۇلۇپ كەتكەن چىنە ـ تەخسىلەر مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قالمىسۇن، — زۆھرە خانىم تەخسە يۇيۇۋاتقان گۈلنازغا قاراپ دېدى، — سىلىنى بەك ئاۋارە قىلدىم، قىزىم.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە، — دېدى گۈلناز، — پات ـ پات باشلاپ تۇرالا، بولمىسا جىددىيلىشىپ قالىدىكەنمىز. تاماقنىڭ تۇز ـ تەمىنى ئۆزلىرى ئوتلاپ بەرسىلە ياخشى بولاتتى.

— تاماقنىڭ تۇز ـ تەمى بەك جايىدا بوپتۇ، قىزىم. خاتىرجەم بولۇپ ئۆزلىرى تەڭشەۋەرسىلە.

ھەئە، زۆھرە خانىمغا گۈلنازنىڭ ئەتكەن تامىقى ھەقىقەتەن يارىغانىدى.

— كىمنىڭ قىزى ئۇ؟ — پىچىرلاپ سورىدى شاراپەت خانىم.

— ئاتا ـ ئانىسىنى تونۇمايمەن، پەزىلەتنىڭ دوستى.

— ئەجەب قولى ئىشلىق قىزكەن، — دېدى شاراپەت خانىم قايىللىقىنى بىلدۈرۈپ، — ئۆزىمۇ شۇنداق چىرايلىق.

— چېچىنى دېمەمسەن تېخى، — دېدى زۆھرە خانىم، — ھەم ئۇزۇن، ھەم توم، تېقىمىدا سويلاپلا تۇرىدۇ. ھازىر بۇنداق چېچى بار قىزلار ئاز. مەن جېنىمدا شۇنداق دەپمۇ قىزلىرىمغا ئۇزۇن چاچ قويغۇزالمىدىم.

— ۋايىەي بۇ ھاجى خېنىملار يەيدۇ ـ يەيدۇ، ھېچبىر گەپ قىلاي دېمەيدۇغۇ، — دېدى شاراپەت خانىم.

— تاڭەي، مەنمۇ بىلمىدىم، — دېدى زۆھرە خانىم، — سالغان داستىخىنىمىز تۆۋەن بولۇپ قالمىغاندۇ ـ ھە.

— ياق، تۆۋەن دېگىلى بولمايدۇ. ئانلىقتا كەلگەنلەرگە سالغاندەك داستىخان سالغان تۇرساڭ. يەنە نەچچە قازان قالدى؟

— چۆچۈرە بىلەن پولۇ ئېلىپ چىقسام بولىدۇ. پەخرىدىن زىخ كاۋىپى ئەكەلگىلى كەتتى.

— تونۇر كاۋىپى قىلغاندىكىن، زىخ كاۋىپى قىلمىساڭمۇ

بولاتتى .

— قىلغاندىكىن تايىنلىق قىلاي ، دېسەم ، بۇ ھاجى خېنىملارنى كۈتمەكمۇ ئاسان ئەمەس دەڭلا ، ئاداش .

— ئەمدى بېرىپ مېھمانلارنىڭ قېشىدىراق ئولتۇرايلى ، — دېدى شاراپەت خانىم ، — شۇنداق قىلساق ، ئاندىن سۆز سالىدۇ .

ئۇلار مېھمانلارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى . گۈلناز چىقىپ مېھمانلارنىڭ چېيىنى بىر قېتىم يەڭگۈشلەپ چىقتى . زۆھرە خانىم بىلەن شاراپەت خانىمغىمۇ چاي تۇتتى . گۈلنازنىڭ ھەم سىپايىلىك ، ھەم چاققانلىق بىلەن مېھمان كۈتۈشلىرى زۆھرە خانىمنى باشقىچە قايىل قىلىۋەتتى .

— قېنى ، مېھمانلار ، ئالغاچ ئولتۇرۇشسىلا ، — دېدى زۆھرە خانىم .

باياتىن بېرى داستىخانغا چىققان تاماقلارغا ئالدىرىماي قول تەگكۈزۈپ ، رەسمىيەت يۈزىسىدىن پات - پات تۇزۇت قىلىپ قويۇپ ، سالاپىتىنى بۇزماي ئولتۇرغان ئايىسما ھاجى خېنىم يېنىدا ئولتۇرغان ياشتا سەل چوڭراق روپاش ئايالنى ئاستا بېقىنداپ قويدى .

— ھەربىرلىرىنى جىق كايىتىۋەتتۇق ، خېنىم ، — دەپ گېلىنى قىرىپ قويۇپ گەپ باشلىدى روپاش ئايال ، — ئايىسما ھاجى خېنىم شەھىرىمىزدىكى قىچقارسا ئېتى بار ، تۇتسا سېپى بار كاتتا سودىگەر پالتا ھاجىمىنىڭ ئاغىچىسى بولىدۇ . ھاجى خېنىم ئۆزلىرىنى بەكمۇ چىرايلىق بىر گۈلنى ئەتىۋارلاپ پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرۈپتۇ دەپ ئاڭلاپتىكەن . شۇڭا ، ئالايىتەن ئۆزلىرىدىن ئاشۇ گۈلنى سوراپ كەلدۇق ، خېنىم .

— ۋاي بەلەن بوپتۇ ، ھاجى خېنىمغا يارىغان بولسا ، قولۇم كۆكسۈمدە ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — مەن ئۆستۈرگەن گۈل ھاجى خېنىمغا مەنزۇر كەلگەن بولسا ، ئۈزۈپ ئېلىپ كېتىپ مەندىنمۇ بەكرەك ئەتىۋارلاپ پەرۋىش قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل .

— رەھمەت ، ھەشقاللا ، — دېدى ئايسىما ھاجى خېنىم ئورنىدىن تۇرۇپ .

ئۇنىڭغا ئەگىشىپ باشقا ئاياللارمۇ ئورنىدىن تۇرۇشتى .

— ئولتۇرۇشسىلا ، — دېدى زۆھرە خانىم مېھمانلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ .

ئەسلىدە پەزىلەت قۇتلۇق بىلەن مۇھەببەتلەشمىگەن ، بۇ ئەلچىلىكنى ئالدىن بىكىتمىگەن بولسا ، زۆھرە خانىم ھازىرقىدەك ئالدىراپ جاۋاب بېرىۋەتمەي : «كەلگەن پايە قەدەملىرىگە ھەشقاللا . گۈلنى دادىسى بىلەن بىللە پەرۋىش قىلغان ، دادىسىنىڭ مەسلىھەتىگە سېلىپ ئاندىن ئۇچۇرىنى بېرەي . قىزىمنىڭ سەمىگە سېلىپ باقاي» دەپ ھۆسلە قىلغان ، نېزىقىغان ، ئېنىق جاۋاب بەرمەي مېھمانلارنى يولغا سالغان ، ئەلچىلەر ئىككىنچى قېتىم قىز سوراپ كەلگەندە ئاندىن ئۇچۇر قىلغان بولاتتى . لېكىن ، ھازىر ئۇنداق گەپ قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغانىدى . چۈنكى ، ياشلار ئاللىقاچان پۇتۇشۇپ بولغان ، چوڭلارمۇ خەۋەر تېپىشقانىدى . شۇڭلاشقا ، ھازىرقىسى بىر رەسمىيەت بولۇپ ، ھازىر ئەلچىلەر ھەم سۆز سالغىلى ، ھەم قىزنىڭ بېشىنى باغلاپ قويغىلى كەلگەنىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، زۆھرە خانىم ئەلچىلەرنى يالۋۇرتمايلا جاۋاب بېرىۋەتتى .

— ئوغلۇم قۇتلۇقجان ھاجىم غوجام بەك ئېسىل بالا بولدى ، — دەپ گەپ باشلىدى ئايسىما ھاجى خېنىم ، — ئۆزىنىڭ ياشلىقىغا ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغىنىغا باقماي ھاراق ئىچمىدىغان ، تاماكا چېكمىدىغان ، قىمار ئوينايدىغان ئەسكى - پەسكى ئىشى يوق . ئۆز ئالدىغا بىر بەلەن دوختۇرخانا ئېچىۋالدى ، تاپاۋىتىمۇ شۇنداق بەلەن . نەچچە قېتىم ئۆيلەپ قويۇشقا تەمشەلدۇق . بىرقانچە يەرگە يول ماڭغانمۇ بولدۇق ، پەقەتلا گېپىمىزنى ئاڭلىمىدى . ئاخىر يا مېنىڭ دېگىنىمگە كۆنسەن ، يا بولمىسا ئۆزۈڭنىڭ تاپقىنىڭنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىسەن دەپ بىر تەتۈرلۈك قىپتىكەنمەن ، پەزىلەت خېنىم قىزىمنى باشلاپ كەلدى ، كۆرسىلە . قارىسام ، شۇنداق

چىرايلىق ، شۇنداق قائىدە ـ يوسۇنلۇق ، يۈزى تۆۋەن قىزكەن ، بىر كۆرۈپلا ئامراق بولۇپ قالدىم . ئۇنىڭدىن كېيىن پات ـ پات كېلىپ يوقلاپ تۇردى . ئەسلىدە ئالدىلىرىغا بۇرۇنراق كەلمەكچىدىم . چوڭ خېنىمنىڭ ئىشى بىلەن ئالدىراش ئىكەنلىكلىرىنى ئاڭلىدىم . تويغا بارارمەن دېسەم باغاق بەرمەپلا ، بەك كۆڭلۈمگە كەلدى .

ئايسىما ھاجى خېنىمنىڭ پەزىلەتنى ئۆيۈمگە پات ـ پات كېلىپ ، مېنى يوقلاپ تۇردى دېگەن گېپى زۆھرە خانىمنىڭ كۆڭلىگە كەلدى . ھەئە ، بۇ گەپ ئۇنىڭغا قىزلىرى ئوغلۇمغا تېگىمەن دەپ كېلىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئەلچىلىككە كەلدىم دېگەندەك مەنە بەرگەندى .

«نېمانداق گەپ قىلىشنى بىلمەيدىغان ئايال بۇ . ھەرقانچە بولسىمۇ مۇشۇنداق گەپ قىلامدۇ . ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاياشنى بىلمەيدىغان ئايالكىنە . بۇگۈن دەيدىغان گەپ ئەمەستىغۇ بۇ . خەپ ، پەزىلەت دېگەن بۇ جۇۋاينىمەكنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى . ئۇ ئۆيگە بارغانلىقىنى ماڭا تىنىپىمۇ قويماپتا ، شاراپەتنىڭ ئالدىدا ئەجەب يۈزۈم چۈشتى . بايا نېمىشقىمۇ ئالدىراپلا ماقۇل دەۋەتكەندىمەن . بۇنداق دېيىشىنى بىلگەن بولسام ، دادىسى بىلەن مەسلىھەتلىشەي دەپ گەپنى كەسمەي تۇرۇۋالىدىكەنمەن . ھېلىھەممۇ گېپىمدىن يېنىۋالايمۇيا ...»

شاراپەت خانىم دوستىنىڭ چىراي ئىپادىسىگە قاراپ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ بولغانىدى . شۇڭا ، «ھېچقىسى يوق ، ئەمدى گەپ قىلما» دېگەننى قىلىپ زۆھرە خانىمنى ئاستا بېقىنداپ قويدى .

— دوستۇم زۆھرە ئۆز ۋاقتىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان ، مەلۇماتلىق زىيالىي . قادىر ئەپەندىمۇ ھەم شۇنداق . بۇ ئائىلىنى سېپى ئۆزىدىن زىيالىيلار ئائىلىسى دېسەك بولىدۇ ، — دېدى شاراپەت خانىم سۆز ئېلىپ ، — بۇلار پۇل ـ بايلىققا ئانچە قىلىپ كەتمەيدۇ . پۈتۈن كۆچىنى پەرزەنتلىرىنى ئالىي مەلۇماتلىق

قىلىپ تەربىيىلەشكە قاراتقان . شۇڭا ، پەرزەنتلىرى بىلىملىك ، ئەخلاقلىق ، قائىدە ـ يوسۇنلۇق ، كۆيۈمچان ، ۋاپادار بالا بولۇپ چىقتى . پەزىلەت قىزنى كېلىن قىلغانلىرى ، سىلىنىڭ بەخت ـ تەلەيلىرى ھاجى خېنىم . ھازىر جاھان ئۆزگەردى . بىلىملىك ، مەلۇماتلىق ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئەركىن ئىكاھلىنىشىغا يول قويىدۇ . بۇ بىر ھېسابتا ئۆزىنىمۇ ، پەرزەنتلىرىنىمۇ ھۆرمەتلىگەنلىك بولىدۇ . شۇڭا ، ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا سالامغا بېرىش ياخشى ئىش . پەزىلەت قىز سىلىنى بىر كۆرۈپلا ئۆز ئانىسىدەك كۆرۈپ قالغاچقا ، پات ـ پات يوقلاپ تۇرغان گەپ .

ئايىسما ھاجى خېنىم خېلىلا چىچەن ئايال ئىدى . ئۇ زۆھرە خانىمنىڭ تۇيۇقسىز قايىقى سېلىنىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى شاراپەت خانىمنىڭ قىلغان گېپىدىن پەملىدى .

— شۇنداق ، شۇنداق ، — دېدى ئايىسما ھاجى خېنىم شاراپەت خانىمنىڭ گېپىنى دەررۇ تەستىقلاپ ، — خېنىم قىزىمنىڭ يوقلاپ كەلگىنىدىن شۇنداق سۆيۈندۈم . ھاجىم غوجام بالامغا پەزىلەت خېنىم قىزىمغا دەپ قوي ، كېلىپ ئولتۇرۇپ كەتسۇن دەپ نەچچە قېتىم گەپ ئەۋەتسەم ، ئاران بىر قېتىم يوقلاپ كېلىدۇ دېسىلە ، ئادەمنى تەقەززا قىلىپ . مانا ئەمدى ياخشى بولدى . ئاللا خالىسا كېلىن قىلىپ ئەكېلىۋالسام ، ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى بىللە تاماق ئېتىپ يەپ ، ھال ـ مۇڭ بولۇپ ئولتۇرالايمەن .

زۆھرە خانىمنىڭ كۆڭۈل غەشلىكى بىرئاز تارقىدى ، چىرايىغا قايتىدىن كۈلكە يۈگۈردى . ئىچىدە دوستى شاراپەت خانىمدىن خۇش بولدى . شۇ ئارىلىقتا پەخرىدىن زىخ كاۋىپىنى ئەكەلدى . پەخرىدىننى كۆرۈپ روپاش ھاجى خېنىملار دەرھال يۈزىنى يۆگىۋېلىشتى . پەخرىدىن ئوڭايسىزلانغان ھالدا دادىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ كەتتى . كاۋاپتىن كېيىن چۆچۈرە ، پولۇ تارتىلدى .

داستىخانغا پولۇ تارتىلغانلىقى ساھىبخانىنىڭ مېھمانغا تەييارلىغان تامىقىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلدۈرەتتى . ھەرقانداق

مېھمان پولۇ تارتىلغاندىن كېيىن دۇئا قىلىپ كېتىشكە ئالدىرايتتى. چۈنكى، پولۇ مېھماننىڭ ھۆرمىتىنىڭ ھەم ئۇزىتىش تامىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

ئايىسما ھاجى خېنىم داستىخاندىن بىر پەتنۇسنى بىكارلاپ، داستىخان قىلىپ ئەكەلگەن توققۇز دانە توقاچنى چىرايلىق تىزدى. ناننىڭ ئۈستىگە بىر كىيىملىك ئىپەك رەخت، بىرقۇر تەييار كىيىم، بىر تال باشياغلىقى، بىر تال ئالتۇن ئۈزۈك قويدى ـ دە، پەتنۇسنى زۆھرە خانىمنىڭ ئالدىغا تەۋازۇ بىلەن قويۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ مۇشۇنداقلا كېلىپ قالدىم، قوبۇل قىلغايلا.

— ۋاي نېمانچە چوۋىپ كەتىلە. شۇنداقلا كەلسىلە بولمامدۇ، — دېدى زۆھرە خانىم ئورنىدىن تۇرۇپ.

بۇ زۆھرە خانىمنىڭ داستىخاننى قوبۇل قىلغىنى ئىدى.

باشقا ئاياللارمۇ ئەكەلگەن داستىخانلىرىنى قويۇشتى. ئۇلارمۇ يەتتىدىن نان، بىر پارچىدىن ئاددىي رەخت ئېلىپ كەلگەنىدى. زۆھرە خانىم ئۇلارغىمۇ ھەشقاللا ـ رەھمەت ئېيتىپ داستىخاننى قوبۇل قىلدى.

— قىزلارغا دېگىن، ئاداش، زەللىلەرنى ئاچىقسۇن، — دەپ پىچىرلىدى زۆھرە خانىم شاراپەت خانىمنىڭ قۇلىقىغا.

ھايال ئۆتمەي شاراپەت خانىم، گۈلناز، پەخرىئايلار بىر جۈپتىن يوغان ناننىڭ ئۈستىگە بىر كىلودىن پىششىق گۆشنى سېلىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا بىر ـ بىرلەپ قويدى. ئايىسما ھاجى خېنىمنىڭ ئالدىغا قويغان گۆش ئىككى كىلو كېلەتتى. مېھمانلار تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمايلا ناننىڭ ئۈستىگە داستىخاندىكى ھەر خىل تاتلىق ـ تۈرۈملەردىن پېتىشچە ئالدى. ئۇنىڭغا باياتىن بېرى داستىخاندىن ئۇدۇللۇق ئېلىپ تەييارلىغان نېسىۋىلىرىنى قوشۇپ داستىخانلىرىغا ئوراشتى. شۇنچە مول نازۇنېمەتلەر تىزىلغان

داستىخان بىر دەمدىلا قۇرۇقدىلىنىپ قالدى . پەقەت ئايسىما ھاجى خېنىملا داستىخانغا قول ئۇزاتمىدى . ئۇنىڭغا زۆھرە خانىم ئۆز قولى بىلەن يەنە ئايرىم زەللە يۆگەپ بېرەتتى .

زۆھرە خانىم بىلەن شاراپەت خانىم : «يەنە بىر دەم ئولتۇرۇشسىلا » دەپ ، مېھمانلار : «رەھمەت ، جىق كايىتتۇق ، ئەمدى قايتايلى » دەپ بىر دەم ھۆسلە قىلىشقاندىن كېيىن دۇئا قىلىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى .

— پەزىلەت خېنىم قىزىم بىلەن كۆرۈشۈپ چىقاي ، — دېدى ئايسىما ھاجى خېنىم .

— مەن تووۋلاي ، ئالدىلىرىغا كۆرۈشكىلى چىقسۇن ، — دېدى زۆھرە خانىم .

ئەسلىدە ئەلچىلەرنىڭ ئالدىغا قىز چىقمايتتى ، شۇڭا پەزىلەت مېھمانلار بىلەن كۆرۈشكىلى چىقمىغانىدى .

— ياق ، بولدى ، ئۆزۈم كىرەي ، — دېدى ئايسىما ھاجى خېنىم ، — بىز بۈگۈن ئەلچىلىككە كەلدۇق ، نائىلىق قىلغىلى كەلمىدۇق . شۇڭا ، قائىدە بويىچە خېنىم قىزىم بۈگۈن بىزنىڭ ئالدىمىزغا چىقمىسىمۇ بولىدۇ .

زۆھرە خانىم ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلىپ كەتمىدى .

ئايسىما ھاجى خېنىم ئاشخانىغا كىرىپ پەزىلەتنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ پېشانىسىگە سۆيدى ، ئەھۋال سورىدى . پەزىلەت قىزارغان ھالدا گەپ قىلالماي قالدى .

— يولنى ئاخىر ئېچىۋەتتۇق ، مانا ، — دېدى ، ئايسىما ھاجى خېنىم پەزىلەتنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ، — ئەمدى ئۆيگە تاتىنماي بېرىپ تۇرسىلا ، قىزىم . مەن سېغىنىپ قالىدىكەنمەن .

— ماقۇل ، ئانا ، — دېدى پەزىلەت ئىزا تارتقان ھالدا .

پەزىلەتنىڭ باشقىلار بىنانىڭ ئالدىغىچە چۇشۇپ مېھمانلار بىلەن خوشلاشتى .

— لايىقىدا بولمىسىمۇ ھاجىم بىلەن ئوغلىمىزنىڭ

نېسىۋىسى ، ئاغزىغا تەگكۈزەلا ، — دېدى زۆھرە خانىم گۈلناز كۆتۈرۈپ چىققان يوغان زەللىنى ئايسىما ھاجى خېنىمغا تەڭلەپ .
— كايىمىسىلىمۇ بولىتى ، — دېدى ئايسىما ھاجى خېنىم زەللىنى قوبۇل قىلىپ ، — نانلىقنى سىلىنىڭ ئاغزىلىرىغا قاراپ ئەكېلىمەن ، پاتراق ئۈچۈر بېرەلا .
— ماقۇل ، مۇۋاپىق پەيتنى تېپىپ خەۋەر قىلىمەن ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — لايىقلىرىدا كۆتەلمىگەن بولساق ، كۆڭۈللىرىگە ئالمىغايلا .
— ئۇنداق دېمىسىلە ، خېنىم ، شۇنداق ئوبدان كۈتتىلە ، بەك كايىتىۋەتتۇق .

## 59

— ئۇھ ، — دېدى زۆھرە خانىم ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ، — بۇ مېھمانلارمۇ ئاخىر ئۈزۈلدى . ھېلىقى گەپنى بەك جايىدا قىلدىڭ ، ئاداش .
— ھېچقىسى يوق ، سەنمۇ كۆڭلۈڭگە ئالما ، — دېدى شاراپەت خانىم ، — قۇداڭ پوچىلىقتىمۇ ، نوچىلىقتىمۇ بار ئايالدەك قىلىدۇ . قائىدە - يوسۇنغىمۇ بەك ئەھمىيەت بېرىدىكەن .
— كونىشەھەرنىڭ خېنىملىرى بىلەن مېھماندارچىلىق قىلماق ئاشۇنداق تەس زادى . خېلى جايىدا بولغاندۇ - ھە ، داستىخىنىمىز .
— تازا جايىدا بولدى ، — دېدى شاراپەت خانىم ، — قۇداڭمۇ خېلى زىل ئايالكەن . باشتا قىلغان گېپىنى ئۆزى تۈزىتىۋالدى . تېخى پەزىلەت قىزنىڭ ئالدىغا كۆرۈشكىلى ئالاھىدە كىردى ، ئەينا . مەنمۇ ئاستا ئۆيۈمنى تېپىۋالاي ئەمدى .
— ئەجەب ئاۋارە قىلىپ كەتتىم ، سېنى ، — دېدى زۆھرە خانىم شاراپەت خانىمغا تەييارلاپ قويغان زەللىنى كۆتۈرۈپ چىققاچ ، — مەخمۇت شوجاڭغا كىچىككىنە نېسىۋە .

— ۋاي، نېمە قىلىق بۇ. مەنمۇ زەللە كۆتۈرۈپ يۈرمەنمۇ ئەمدى.

— ئۇنداق دېمە، ئاداش، ھارغان ۋاقتىڭدا ئۆيگە بېرىپ تاماق ئېتىپ يۈرمە يەنە، — دېدى زۆھرە شاراپەت خانىمنى ئۇزىتىۋېتىپ.

— ئەمدى مېھمانخانا ئۆيگە چىقساق بولا، ئانا، — دېدى پەخرىدىن ياتاق ئۆيىدىن بېشىنى چىقىرىپ.

— ھە چىقىۋە، مېھمانلار كەتتى. داداڭمۇ چىقسۇن.

— قانداق خانىم، روپاش خېنىملارنى مېھمان قىلماق تەسمىكەن.

— ۋاي، ئۇنى بىر دېمىسىلە.

— پەزىلەت ئاچامنىڭ قېينانىسىمۇ روپاشمىكەن، ئانا؟

— ياق، ئۇ خېنىم روپاش ئەمەسكەن. لېكىن، ھاجىمكەن، — دېدى زۆھرە خانىم كۈلۈپ ۋە داستىخاننى يىغىشتۇرۇۋاتقان گۈلنازغا قاراپ دېدى، — بولدى، قىزىم، سىلى بىردەم ئارام ئالسىلا، قالغان ئىشلانى پەزىلەت بىلەن پەخرىئاي قىلىدۇ.

— ھېچقىسى يوق، بىردەمدە تۈگەيدۇ، — دېدى گۈلناز كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا پەخرىدىنگە قاراپ قويۇپ.

قادىر ئەپەندى گۈلنازغا تازا سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن پەخرىدىنگە قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى. پەخرىدىن دادىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى. ھەئە، بايا دادا ـ بالا روپاش ئاياللاردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ بىر ئۆيگە سولىنىپ قالغاندىن كېيىن ئۇيان ـ بۇيانىنىڭ گېپىنى قىلىشىپ ئولتۇرۇپ، تەبىئىي ھالدا ئۆز پارىڭىغا چۈشۈپ كەتكەن. شۇ ئارىلىقتا پەخرىدىن دادىسىغا ئاشخانىدا تاماق ئېتىشىپ بېرىۋاتقان گۈلنازنى كۆرسىتىپ قويغانىدى. زۆھرە خانىمنىڭ بولسا بۇ ئىشلاردىن پەقەتلا خەۋىرى يوق ئىدى، ئەلۋەتتە.

— قۇدا خېنىم قانداقراقكەن؟ — سورىدى قادىر ئەپەندى، — ئېگىز - پەس گەپ - سۆزلەر بولۇپ قالمىغاندۇ - ھە.

— بولىدىكەن، ھەرھالدا چىقىشىپ كېتەلىگۇدەكمىز.

زۆھرە خانىمنىڭ باللىرىنىڭ ئالدىدا ئۇششاق گەپ قىلغۇسى كەلمىگەندى. شۇ تاپتا ئۆيدە گۈلناز بولمىغان بولسا، قادىر ئەپەندىگە بىرمۇنچە ھال دادلىۋالغان، پەزىلەتنىمۇ ئېمىشقا قېيىناناڭنىڭ ئالدىغا باردىڭ، بىرنەچچە قېتىممۇ بارغان بارمۇ دەپ، ئەيىبلەپ سۆزلىۋالغان بولاتتى.

— ھاجىملا بىلەن بىرىش - كېلىش قىلغاندا قائىدە - يوسۇنغا بەك دىققەت قىلمىساق بولمايدۇ، — دېدى قادىر ئەپەندى.

— مەن ئەمدى قايتاي، — دېدى ئۆي ۋە ئاشخانىلارنى پەزىلەت، پەخرىئايلار بىلەن بىرقۇر بېسىقتۇرۇپ بولغان گۈلناز.

— سىلىنى بەك ئاۋارە قىلدىم، قىزىم، — دېدى زۆھرە خانىم ئورنىدىن تۇرۇپ، — پەزىلەت قىزىمغا دوستلۇقنى تولۇق يەتكۈزدىلە مانا.

گۈلناز ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

— ۋاقىتلىرى يەتسە پات - پات كېلىپ ئولتۇرۇپ كەتسىلە، قىزىم، — دېدى زۆھرە خانىم.

پەزىلەت بىلەن پەخرىئايمۇ گۈلنازغا كېلىپ ئولتۇرۇپ كېتىشنى تاپىلىدى. پەخرىدىن قىزنى كۆزى ئارقىلىق ئۇزىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى.

— ئەجەب بىر ئۆزىمۇ چىرايلىق، قىلغان ئىشلىرىمۇ چىرايلىق قىزكەن بۇ، — دېدى زۆھرە خانىم گۈلنازنى ئۇزىتىپ قويۇپ كىرگەن پەزىلەتكە قاراپ، — شۇنچىۋالا تاماقنى ئۆزى يالغۇز ئەتكەندەكلا ئەتتى. سەن ئاشۇ قىزچىلىكمۇ ئىش قىلالمايسەن. ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆي ئىشى قىلىشنى ئۆگەن، بالام. ئەتە - ئۆگۈن قېيىناناڭنىڭ ئالدىدا خىجالەت تارتىپ

قالمايسەن .

— گۈلناز ساڭا يارىغان بولسا ، پەخرىدىن ئاكامغا ئېلىپ بېرەمدۇقيا ، — دېدى پەخرىئاي قىزىقچىلىق قىلىپ .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ پەخرىدىن يالت قىلىپ ئانىسىغا قارىدى .

— ئاكاڭنى يارىتىپ قالسا ، ئېلىپ بەرسەك ئېلىپ بەردۇق ، — دېدى زۆھرە خانىم ئويلانمايلا ، — پەزىلەت ئاچاڭنىڭ دوستى بولغىنى بىلەن يېشى كىچىكتەك قىلىدۇ .

— گۈلنازنىڭ يېشى مەندىن كىچىك ، — دېدى پەزىلەت دەرھال جاۋاب بېرىپ ، — پەخرىدىن بىلەن تەڭ چىقامىكىن .

ئاتا - ئانىسىمۇ بەك ئېسىل ئادەملەر ، — پەزىلەت پەخرىدىنگە كۆزىنى قىسىپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — قانداق ، پەخرىدىن ، گۈلنازنى تونۇشتۇرۇپ قويايمۇ ؟

— مەيلى ، سىلەرگە يارىغان بولسا يۈرۈپ باقمايمەنمۇ ، — دېدى پەخرىدىن شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ .

— يۈرۈپ باقمايمەنمۇ دەپ كېتىشلىرىنى ، — دېدى پەخرىئاي ئوتنى تېخىمۇ ئۇلغايتىپ ، — ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن گۈلناز سېنى ياراتسا بولىدۇ تېخى .

— ئاكاڭنى نېمىشقا ياراتمىغۇدەك ، — دېدى زۆھرە خانىم تېرىكىپ ، — ئاكاڭنىڭ بىر يېرىدە يامىقى بارمىكەنيا .

— ياقەي ئانا ، ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن . گۈلنازنىڭ يۈرگەن يىگىتى بارمىكىن دەيمەنا .

— گۈلنازنىڭ يۈرگەن يىگىتى بار - يوقلۇقىنى سەن ئوبدان بىلىسەن ، دوستى بولغاندىكىن ، — دېدى زۆھرە خانىم پەزىلەتكە قاراپ ، — دەپ باقە ، يۈرگەن يىگىتى بارمۇ ؟

— بۇ تەرىپىنى مەنمۇ تازا بىلمەيدىكەنمەن ، — دېدى پەزىلەت مۈجمەللا قىلىپ ، — ھەقىچان يوققۇ دەيمەن .

— مۇنداق گەپ ئېلىپ باققىنا ، ناۋادا بېشى باغلاقلىق بولمىسا پەخرىدىنگە ئويلاشساق ئويلىشايلى ، — دېدى زۆھرە

www.uyghurkitap.com

خانىم .

— مەندىن رايىم بار - يوقلۇقىنى سورىمايلا گەپنى كېسىۋەتتىڭغۇ ، ئانا ، — دېدى پەخرىدىن خۇشلۇقىنى چاندۇرماي .

— سەن بولساڭمۇ گېپىمگە كىرگىن ، بالام ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — ئۆزىمۇ چىرايلىق ، شۇنداق ئىشچان قىزكەن . مېنىڭ ئاشۇنداق قىزنى كېلىن قىلغۇم بار . سېنىڭمۇ ئۆيلىنىدىغان ۋاقتىڭ بولدى . خۇدايىم بۇيرۇسا ، ئاچاڭنىڭ تويىنى قىلىۋەتكەندىن كېيىن ، ساڭا يول ماڭىدىغان گەپ ئەمدى .

پەخرىدىن قەستەنگە گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى .

— بىر ھېسابتا بۇمۇ بولىدىغان مەسلىھەتكەن ، — دېدى قادىر ئەپەندى گەپ قىستۇرۇپ ، — پەزىلەت قىزىم ، گەپ شۇنداق بولسۇن . ئۇ قىزنى ئىنىڭىزگە تونۇشتۇرۇپ قويۇڭ ، — قادىر ئەپەندى پەخرىدىنگە قاراپ كۆزىنى قىستى ، — ئاناڭغا كېلىن يارىمىقى ئاسان ئەمەس ، ئوغلۇم . يۈرەكلىك بولۇپ ئۇ قىز بىلەن كۆرۈشۈپ باققىن ، بولامدۇ .

— ئۇنچە يالۋۇرۇپ كەتمە ، دادا ، كىم بىلىدۇ ، ئاكام ئاللىقاچان گۈلنازنى كۆڭلىگە پۈكۈپ بولدىمۇ تېخى ، — دېدى پەخرىئاي چاقچاق قىلىپ .

— سەن بۇ ئىشلارغا ئارىلاشما ، — دېدى زۆھرە خانىم پەخرىئاينى جېمىلەپ ، — بۇ دېگەن چوڭلارنىڭ ئىشى . ئاۋۋال پەزىلەت گەپ ئېلىپ باقسۇن . مەنمۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقاي . قانداق دېدىم ، ئەكەك بالام . ئۇ قىزغا راستتىنلا ئىچىم كۆيۈپ قالدى ، مېنىڭ .

پەخرىدىننىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن سوقۇپ كەتتى . ئاچىسى بىلەن سىڭلىسىغا قاراپ خىرىلداپ كۈلدى .

— مەيلى ، سەن خالىساڭ ئارىلىشىپ باقاي ، — دېدى ئۇ .

— ھە ، ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭ مانا ، — دېدى قادىر ئەپەندى .

— ماۋۇ پەرىدە دېگەن جۇۋاينىمەك راست گېپىنى قىلىپ ئەجەب كەلمىدىيا، — دېدى زۆھرە خانىم بىردىنلا قاپىقىنى تۈرۈپ، — ئەمدى كېلىپ باقسۇنچۇ قېنى.

— ساڭا دەپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئانا، — دېدى پەرىلەت، — ئاچام مېھمانلار كېلىشنىڭ ئالدىدىراق تېلېفون قىلغان. ئابدۇساتتار ئاكامنىڭ تاغىسى ئۆيىگە چاقىرىۋاپتىكەن، رەت قىلالماپتۇ. قانداق قىلسام بولا دېگەنىدى، خاتىرجەم مېھماندارچىلىقىڭنى قىلىۋە، گۈلناز بار، ئۆزىمىز يېتىشەلەيمىز دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتكەنىدىم.

— يوغان ئىش قىپسەن، — دېدى زۆھرە خانىم، — ئەسلىدىمۇ بۈگۈنكى ئىشتىن خەۋىرى بولغاندىكىن تۈنۈگۈن سەھىراغا چىقماسلىقى كېرەك ئىدى. بۇ دېگەن كىچىك ئىش بولمىسا. باللىنىڭ چوڭى تۇرۇقلۇق قېشىمدا تۇرماي، ئېرى نەگە شىلتىسا شۇ يەرگە مېڭىپ ... قىز بالا دېگەن شۇنداق ۋاپاسىز بولامدىغاندۇ، توۋا قىلدىم، توۋا.

— بولىدىغان ئىش بولۇپ بولدى، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، خانىم، — دېدى قادىر ئەپەندى تەسەللىي بېرىپ، — پەرىدە قىزىمىزمۇ ئامال يوق ـ دە، كۈيئوغلىمىزنىڭ تاغىسى ئۇنىڭمۇ تاغىسى بولىدۇ. ئالايتەن مېھماندارچىلىققا چاقىرسا، بارمىسا سەت تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دېھقان خەقنىڭ دېگەن كۆڭلى نازۇك كېلىدۇ. پەرىدە ياخشى قىپتۇ.

— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن ئاتا ـ ئانىنىڭ كۆڭلىمۇ كۆڭۈل ـ دە. سىڭلىسىنىڭ ئىشىغا قارىشىپ بەرمەي كىمنىڭ ئىشىغا قارىشىپ بېرەتتى. شۇلارنىڭلا بالىسى بولۇپ كەتسۇن تايىنلىق.

— ئاچام بولمىسىمۇ مېھمانلار بىر چىرايلىق ئۇزىدىغۇ ئەينا، — دېدى پەخرىئاي، — بولدى، سۆزلەۋەرمىگىنە.

— سەن گەپ قىلىشنى بىلىسەن، — دېدى زۆھرە خانىم، — ناۋادا گۈلناز قىز كەلمىگەن بولسا، قانداق قىلاتتىمكىنتاڭ.

هەرقايسىنىڭ ئاشۇ قىزچىلىكمۇ مېھمان ئۆزتىنىشنى بىلىنمەيسەن . ئەجەب ھەممە ئىشقا ئېپى بار قىزكەن ئۇ .

— داڭلاپلا كەتتىڭغۇ گۈلنازنى ، ساڭا يارىغان بولسا ئەتلا ئاكام بىلەن تويىنى قىلىپ قويايلى بولمىسا .

— ئىزا تارتماي دەۋاتقان گېپىنى ما كۆچۈكنىڭ ، — دېدى زۆھرە خانىم چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ، — خۇدايىم بۇيرۇسا ئاكاڭغا چوقۇم ئېلىپ بېرىمەن ئۇ قىزنى . قىزنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلمىسىمۇ ، كېلىنىنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلار ، ئىلاھىم .

— پەردە ئاچام كېلىپ قالسا ، قوپال تەگمە جۇمۇ ، ئانا ، — دېدى پەزىلەت ، — پەردە ئاچاممۇ خىجىل بولۇپ تۇرغاندۇ ، شۇ تاپتا .

— باكادا قالغان ئاغزىم يوق مېنىڭ ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — ساڭا دەپ قوياي . تويۇڭ بولغۇچە قېيناناڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يۈرمە . توي قىلماي تۇرۇپ كېلىنۋالدى دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالماي يەنە .

پەزىلەت گەپ قىلماي ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

خۇشاللىقىدا ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغان پەخرىدىن گۈلنازغا تېلېفون قىلىش ئۈچۈن ياتاق ئۆيىگە يۈگۈردى .

# 60

— بىر كىمنى ئىزدەمسەن ، ئېزىپ كېلىپ قالمىغانسەن بۇ ئۆيگە ، — دېدى زۆھرە خانىم ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان پەرىدەنى كۆرۈپ .

پەرىدە كۈلۈپ تۇرۇۋالدى .

— رەنجىمىگىنە ، ئانا ، پەقەتلا ئامال قىلالمىدىم . ئەتىگەندە ماڭايلى دەپ تۇرساق ، ئابدۇساتتارنىڭ تاغىسى قازان تەييار بولۇپ بولغانتى دەپ ، ساقلىنىنى سۆرەپ ئۆزى قىچقارغىلى كەپتۇ . دادا

يوللۇق ئادەمنىڭ گېپىنى تېخى يىرىۋەتكىلى بولمىغان.

— شۇنىڭ بىلەن كەچكىچە مېھمان بولدۇم ـ دە.

— نەدىكى قازىنى تەييار بولىدۇ، سەھرا دېگەندە مېھماننى كۆرۈپ ئاندىن قازان ئاسىدىكەن. قېينانام، قېيناتاملارمۇ بىللە بارغانىدى، بىزنى ئۆيگە باشلاپ قويۇپ ئاندىن پاقلاندىن بىرنى سويدى. پەزىلەتكە تېلېفون قىلغان ۋاقتىمدا تېخى قازانغا ئوتمۇ ياقمىغان.

— پەرىدە قىزنى سوراققا تارتىۋەرمەي ئۆيگە باشلىسىلا، خانىم، — دېدى قادىر ئەپەندى قىزنى تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، — ئۇنتۇپ قالمىسىلا، قىزىمىز ئەمدى بىزگە مېھمان. بۇرۇنقىدەك دۆشكەلىگىلى بولمايدۇ.

— خەپ، ئەمدى كەلسە ئۆيگە كىرگۈزمەسمەن دېگەنىدىم، — دېدى زۆھرە خانىم پەرىدەنىڭ قولىدىكى سېۋەتنى ئېلىپ تۇرۇپ، — نېمە بۇ؟

— شاپتۇل، — دېدى پەرىدە، — يەرلىك ياما شاپتۇل. ئابدۇساتتارنىڭ تاغىسى سىلەرنى ئېغىز تەگسۇن دەپ ئالاھىدە ئەۋەتتي. ھە راست، سىلەرنى مېھماندارچىلىققا چاقىرىۋالسام بولاتتى، ئۆيدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇچۇرىنى بېرىڭ، دەيدۇ. قاچان چىققىلى ۋاقىتڭلار يېتىدۇ، ئانا.

— باش قاشلىغىلى ئارام تاپالمايۋاتقاندا يېزىغا مېھماندارچىلىققا چىققىلى نەدە چولا، — دېدى زۆھرە خانىم، — ئۆزرىمىزنى يەتكۈزۈپ قوي. كېيىنچە بىر گەپ بولار، — زۆھرە خانىم پەخرىئايغا سېۋەتنى بەردى، — شاپتۇلنى يۇيۇپ ئېلىپ چىققىن، بالام. بىرەر تالدىن يەيلى، — ئاندىن پەرىدەگە قاراپ دېدى، — ھە، ئابدۇساتتارجان كەلمەپتۇغۇ؟

— مەكتىپىگە ئەتە ئەتىگەن باھالاش گۇرۇپپىسى چىقىدىكەن. ھازىردىن باشلاپ كېچىچە تەييارلىق قىلغۇدەك. شۇڭا، مېنى ئۆينىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قويۇپ يەنە يېزىغا چىقىپ كەتتى.

— ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەن ئادەم كۆرۈشۈپ كەتمەي، —

www.uyghurkitap.com

دېدى قادىر ئەپەندى.

— ئۆيگە كىرسەم ئولتۇرۇپ قالىمەن، ئانام بىلەن دادامغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ قويۇڭ، دېگەنىدى.

— يېزا مەكتەپلىرىنىڭ جاپاسى يامان. مائارىپ ئىدارىسىدىكى باشلىقلارنىڭ ئىچى پۇشۇپ قالسىلا باھالاشقا چىقامدىكىنتاڭ، — دېدى زۆھرە خانىم كۆيۈنۈشلىك ھېسداشلىق قىلىپ.

پەخرىئاي ئىككى تەخسە شاپتۇلنى ئېلىپ چىقىپ شىرەگە قويدى.

— پەزىلەت، پەخرىدىن، شاپتۇل يەڭلا، — دەپ تۇۋلىدى زۆھرە خانىم.

— پاھ، ئەجەب تەملىك شاپتۇلكىنە بۇ، — دېدى پەخرىدىن بىر تال شاپتۇلنى ماك ئاجرىتىپ ئاغزىغا سېلىپ.

— شۇڭا يەرلىك شاپتۇل - دە، بۇ، — دېدى قادىر ئەپەندى، — ھازىر بازارلارنى ساپلا سورتلۇق شاپتۇللار قاپلاپ كەتتى. قارىسا شۇنداق چوڭ، چىرايلىق، ئەمما پەقەتلا تەمى يوق، خۇددى كاۋىدەكلا. بۇنداق ئوخشىغان يەرلىك شاپتۇللارنى بازاردىن تاپماق تەس بولۇپ كەتتى. ئىلگىرى شۇنداق جىق بولىدىغان.

— سورتلۇق شاپتۇللارنى يېسە قورساقنى ئاغرىتىشنى دېمەملا تېخى، — دېدى زۆھرە خانىم، — ئىسىت، بۇ شاپتۇل چۈشتە بولغان بولسا، مېھمانلارنىڭ ئالدىغىمۇ ئېلىپ چىقاتتۇق.

— ھە راست، مېھمانلار قانداقراق ئۆزىدى، ئانا؟ — سورىدى پەرىدە.

— ھەرھالدا كۆڭۈلدىكىدەك ئۆزىدى، — دېدى زۆھرە خانىم، ئاندىن پەزىلەتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى، — ماۋۇ جۇۋاينىمەك قېينانىسىنىڭ ئالدىغا ئاللىقاچان بېرىۋاپتىكەن ئەمەسمۇ، پەزىلەت خېنىم قىزىم بىرنەچچە قېتىم ئۆيگە كەلدى دەپ سۆزلىۋىدى، نومۇستىن ئۆلگۈدەك بولدۇم.

— خىجىل بولغۇدەك نېمىسى بار بۇ گەپنىڭ، — دېدى

پەرىدە .

— ئەھۋالدىن قارىغاندا ، سەنمۇ ئىلگىرى قېيناناڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپتىكەنسەن ـ دە .

— ھەئە ، بارغان ، — دېدى پەرىدە ، — سەن تويغا رازىلىق بەرمەي تۇرۇۋالساڭ ، ئابدۇساتتارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى توي قىلىدىغان قىزنىڭنى بىزگە كۆرسەت دەپ قىستىغان تۇرسا ، قانداق قىلىمەن چىقماي .

— ماۋۇ جۇۋاينىمەكلەرنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى .

— مەنمۇ شۇ ، — دېدى پەزىلەت ، — سەن قۇتلۇقنى ھە دېسە ساتىراش دەپ ئېغىز ئاچۇرمىدىڭ . ئۇنى ئاتا ـ ئانىسى قىستاپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئامالسىز كۆرۈشكىلى باردىم شۇ .

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ، — دېدى زۆھرە خانىم تەن بەرمەي ، — پەرىدە ئاچاڭنىڭ قېينانىسى قىزلىــــرى ئوغلۇمغا تېگىمەن دەپ ئۆيۈمگە كېلىۋالغان ، دېگەن گەپنى قىلمىغان .

— مېنىمۇ ئۇنداق دېمىدىغۇ ؟

— گەپنى ئوچۇق قىلمىغىنى بىلەن ، بىرنەچچە قېتىم يوقلاپ كەلدى دېگەن گېپى شۇ يەرگە بارىدۇ ، — دېدى زۆھرە خانىم ئۆزىنىڭ گېپىنى راست قىلىپ ، — ئۆزۈڭنى بىئەتىۋا قىلىپ بارماسلىقىڭ كېرەك ئىدى .

— مەن ئۆزۈمنى بىئەتىۋا قىلمىدىم ، — دېدى غۇرۇرى ئازار يېگەن پەزىلەت تۇمــشۇقىنى ئۇچـلاپ ، — گېپىـــــم بار دەپ دەۋېرىدىكەن .

— ھە ، ئۇنداق بولسا ، بەك ئەتىۋارىڭنى قىلىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ ؟

— ھە ، قىلدى تازا .

— نېمە قىلىپ بەردى ، ئەتىۋارىڭنى قىلىپ .

پەزىلەت گەپ قىلماي دومسىيىۋالدى .

— پەزىلەت ئاچام تۇنجى قېتىم بارغان ۋاقتىدا قېينانىسى بىر باشياغلىقى ، بىرقۇر كىيىم ، تېخى بىر تال ئالتۇن ئۈزۈك ئالدىغا

قويۇپتۇ ، — دېدى پەخرىئاي .

— ھەئە ، بارلىق دەپىنە ـ دۆنياسىنى تۆكۈپ تاشلىمىسۇن يەنە ، — دېدى زۆھرە خانىم ئىشەنمەي ، — مەن كونىشەھەرنىڭ ھاجىملىرىنى ئوبدان بىلىمەن . تاشتىنمۇ ياغ چىقىرىدۇ ئۇلار . بىر تال پوتلا ياغلىقى بەرگەن بولسا چوڭ گەپ .

— نېمانداق ئىشەنمەيدىغانسەن ، ئانا ، — دېدى پەخرىئاي تېرىكىپ ، — ئۆز ۋاقتىدا ساڭا كۆرسىتەيلى دېگەن ، تىللاپ كېتىشىڭدىن قورقۇپ كۆرسەتمىگەن . ئاچىقە ئاچا ، ئانام بىر كۆرسۇن .

ئاچچىقى كەلگەن پەزىلەت مىدىرلىماي ئولتۇرۇۋالدى .

— بولدى ، ئاچاڭنى خىجىل قىلما . بولغۇلۇق بولۇپ بولدى . مەنمۇ ھە دەپ ئىشەنگەن بولاي .

پەزىلەت ئەمدى چىداپ ئولتۇرالمىدى . ئورنىدىن دەپ تۇرۇپ ؛ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ ئايسىما ھاجى خېنىم بەرگەن نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىپ شىرەگە قويدى .

— ئىشەنمىسەڭ ، مانا ، كۆرۈۋال .

زۆھرە خانىمنىڭ چىرايىغا سۇس كۈلكە يۈگۈردى . شۇنداقتىمۇ ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەيدىغان ئادىتى بويىچە پۈتىنى ئالغۇسى كەلمەيۋاتاتتى .

— خېلى مەرد خوتۇن ئوخشىمامدۇ ، سەنمۇ قۇرۇق قول بارمىغانسەن ، ھەقىچان .

— ئانا ، بولدى قىلە ، نېمانچە قىلىپ كېتىسەن . بۇمۇ پەزىلەتنىڭ ھۆرمىتى ئەمەسمۇ . مەن تۈنجى قېتىم چىققاندا قېيناتام ئالدىمغا ئاران بىر باشياغلىقى قويۇپ قويغان ، — دېدى پەرىدە ، — ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق خۇيى بولىدۇ ، ئايسىما ھاجى خېنىمنىڭ دېگەن گەپلىرىنى ئۇنچە ئەزۋەيلەپ كەتمە . تۇز كۆڭۈللۈك بىلەن دېگەن بولغىيدى ، ھەقىچان .

— شۇنداق ، خەقنىڭ ئانىسى بەك بەلەن ، مەن ئەسكى ، — دېدى زۆھرە خانىم تەتۈرلۈك قىلىپ ، — ئەرگە تېگەر ـ تەگمەيلا

مەندىن تانغىلى تۇرۇشتۇڭ .

— ئاناڭلا بىلەن گەپ تالاشماڭلا ، بالىلىرىم ، — دېدى قادىر ئەپەندى .

— خاپا بولمىغىن ، ئانا ، — دېدى پەزىلەت كەچۈرۈم سوراپ ، — ئالدىراقسانلىق قىلىپ سېنى رەنجىتىپ قويدۇم .

— ئۇنداق دېسەڭ ، بىزگە ئۇۋال قىلىپ قويىسەن ، ئانا ، — دېدى پەرىدە ، — جاھاندىكى ھەرقانداق ئانا ساڭا يەتمەيدۇ . بىزنىڭ نەزىرىمىزدە سەن ھەممىدىن ئۇلۇغ .

— شۇنداق ، جاھاندىكى ھەممە ئانىلارنى بىر قىلىپ بەرسىمۇ سېنى ھەرگىز تېگىشمەيمەن ، ئانا ، — دېدى پەخرىئايمۇ ئەركىلىگەن پېتى زۆھرە خانىمنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ .

— ماۋۇ شاپتۇلنى يېگىنە ، ئانا ، — دېدى پەخرىدىنمۇ ئوخشىغان شاپتۇلدىن بىرنى ئانىسىغا تەڭلەپ .

بالىلىرىنىڭ كۆيۈمچانلىقى زۆھرە خانىمنىڭ دىلىنى شۇررىدە ئېرىتىۋەتتى .

— مەنمۇ خۇدايىم بۇيرۇسا پەخرىدىن بالامنىڭ لايىقىنىڭ ئالدىغا ئوبدان چىقىمەن ، — دېدى زۆھرە خانىم .

— پەخرىدىن ئاكامغا گۈلنازنى تونۇشتۇرۇپ قويىدىغان بولدۇق ، — دېدى پەخرىئاي پەرىدەگە كۆزىنى قىسىپ قويۇپ ، ئۇ پەرىدەنىڭ تاققا ـ تۇققا سۆزلەپ چاندۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ دەرھال گېپىگە ئىزاھات بەردى ، — ئېسىڭدىمىكىن ، ئاچا ، سېنىڭ تويۇڭ بولغان كۈنى ئەتىگەندە كېلىپ خىزمەت قىلغان ھېلىقى چېچى ئۇزۇن قىز ، پەزىلەت ئاچامنىڭ دوستى .

— ھەئە ، ئېسىمدە ، — دېدى پەرىدە سىڭلىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ ، — ئۆزىمۇ بەكلا چىرايلىق ، ئىشچان قىزكەن ئۇ .

— بۈگۈنكى مېھمانلارنىڭ تامىقىنى ئاشۇ قىز ئۆزى يالغۇز ئەتكەندەكلا ئەتتى ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — بىرەر يەردىن لايىقى بولمىسا ، ئىنىڭغا ئېلىپ بېرەيلىمىكىن دەپ قالدىم .

— ئوبدان ئويلاپسەن ئانا، — دېدى پەرىدە ئىنىسىغا قاراپ كۈلۈپ، — لېكىن پەخرىدىن نېمە دەيدىكىن. قوشۇلىدۇ؟

— پەخرىدىننىڭ قوشۇلۇش - قوشۇلماسلىقى بىلەن كارىم يوق، — دېدى زۆھرە خانىم، — ئاۋۋال ئۇ قىزنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ باقايلى. راستىنىلا بېشى باغلاقسىز بولسا، پەخرىدىننى گەپكە كۆندۈرىمىز. ئىنىڭلا سىلەرگە ئوخشاش بەڭۋاش، باشباشتاق ئەمەس، قانداق دېدىم بالام، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايسەنغۇ - ھە.

— سەن نېمە دېسەڭ شۇ، ئانا، — دېدى پەخرىدىن رايىشلىق بىلەن.

— مانا دېمىدىممۇ، — دېدى زۆھرە خانىم كۈلۈپ، — ئىنىڭلار ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاياشنى بىلىدۇ.

— پاھ، ئاكامنىڭ بىر دەمدىلا قۇلىقى يۇمشاق ياخشى بالا بولۇپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان، — دېدى پەخرىئاي ئاكىسىنىڭ قۇۋۇلۇقنى تولىمۇ ئوخشاتقانلىقىغا ھەۋەس قىلىپ، — ئۇنداق بولسا، گۈلنار بىلەن تېزرەك تونۇشۇۋال، ئاكا.

— بۇ ئىشتا پەزىلەت ئاچامنىڭ ئاغزىغا قارايمەن - دە، — دېدى پەخرىدىن، — قاچان تونۇشتۇرۇپ قويسەن، ئۇ دوستۇڭنى.

— نېمىگە ئالدىرايسەن، — دېدى پەزىلەت ئويۇن چىقىرىپ، — گۈلنازنىڭ يۈرگەن يىگىتى بارمۇ تېخى.

— بايا يۈرگەن يىگىتى يوق دېدىڭغۇ، — دېدى پەخرىدىن.

— ئاكامغىمۇ ئاللىقاچان ئىسسىق ئۆتۈپ قاپتىكەن، مانا. پەزىلەت ئاچا، سەنمۇ مىكى - مىكى دېمەي، ئاۋۋال ئاكامغا تونۇشتۇرۇپ قويمامسەن.

— شۇنى دەيمەن، — دېدى پەخرىدىن، — ئۇ قىز ئانامغا يارىغاندىكىن، يۈرگەن يىگىتى بولغان تەقدىردىمۇ تارتىۋالارمىنا.

ھەممە ئىشتىن تولۇق خەۋەردار قادىر ئەپەندى بالىلىرىنىڭ

كۆرسەتكەن ئويۇنىدىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلدى .
— جايىدا گەپ قىلدىڭ ، ئوغلۇم ، شۇنداق قىل . نوچى بولساڭ ، ئۇ قىزنى كۆيدۈرۈۋال . ئاناڭنىڭ ئالدىغا باشلاپ ئەكەل . قىزغا بېرىدىغان سوۋغاتتىن غەم قىلما . بايا ئاناڭ ۋەدە قىلدىغۇ ، ئەينا .
— ئابدۇساتتارجان بولمىغاندىكىن ئۆيۈڭگە كېتىمەن دىمەي ، مۇشۇ ئۆيدە كەچلەپ قال ، — دېدى زۆھرە خانىم .
— مەنمۇ قونۇپ قالاي دەپ كەلگەن ، — دېدى پەرىدە .
— ۋايجان ، يەنە قىستىلىشىپ ياتىدىغان بولدۇقمۇ دەيمەن ، — دېدى پەخرىئاي ئەركىلەپ ، — نەچچە كۈندىن بېرى ئۆي خېلى كەڭرىپ قالغانىدى .
— ئۇنداق دىمە ، ئەدەپسىز ، ئاچاڭ رەنجىپ قالىدۇ ، — دېدى زۆھرە خانىم .
— ھېچقىسى يوق ، چېقىشىپ دەپ قويىدى .
— چېقىشمىدىم ، راست دەۋاتىمەن ، ئاچا ، — دېدى پەخرىئاي ، — پەزىلەت ئاچامۇ تېزرەك توي قىلىپ چىقىپ كەتسە ، ئۆي ماڭا يالغۇز قالاتتى .
— ھۇ ۋاپاسىز يالغۇز ئوچاق ، — دېدى زۆھرە خانىم .
ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى .

## 61

زۆھرە خانىم بولغۇسى قۇدىسى ئايىسما ھاجى خېنىمدىن چاندۇرماي ئۆچىنى ئېلىۋالدى . ھەئە ، ئايىسما ھاجى خېنىمنىڭ پەزىلەت خېنىمنىڭ نانىنى قىلىۋەتسەك بولاتتى دەپ ئالدىرىتىشلىرىغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدى . بىر ھەپتىسى ئاغرىپ قالدىم دەپ باھانە كۆرسەتتى ، يەنە بىر ھەپتىسى قاتار چېپىم بار ، بارمىسام دوستلىرىم رەنجىپ قالىدۇ دەپ باھانە كۆرسەتتى ؛ يەنە بىر ھەپتىسى ئۆزىچە قادىر ئەپەندىنىڭ يېزىدىكى

تۇغقانلىرىنى يوقلىغۇسى كېلىپ قالدى. قۇتلۇق پەرزەنتنى توختىماي ئالدىرىتاتتى. پەرزەنت ئانىسىدىن خىجىل بولۇپ گەپ قىلالمايتتى. ئايسىما ھاجى خېنىم زۆھرە خانىمغا توختىماي تېلېفون قىلاتتى. زۆھرە خانىم بولسا تۈرلۈك چىرايلىق باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ كەينىگە سۈرەتتى.

«بىر كىمنىڭ چۈشۈپ قالغان قىزى يوق، — دەيتتى زۆھرە خانىم ئىچىدە، — كۈيئوغۇل بولغۇچى قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئېسىل يىگىتكەن دەپ، ئالدىراپ ماقۇل دەپ قويغىنىمغا، كۆڭلىگە كېلە دېمەي، قىزلىرى ئوغلۇمغا تېگىمەن دەپ كېلىۋالدى دېگەندەك مەنىدە گەپ قىلدىيا ماڭا. شارابەت چايدىكى خوتۇنلارغا نېمىدەپ يەتكۈزدى، خۇدايىم ئۆزى بىلىدۇ. ئەلچىلىككە كەلگەندە ئاسانلا ماقۇل دەۋەتكىنىم بىلەن، ئەمدى تازا يالۋۇرتاي. مېنىڭ قىزىمنىڭمۇ ئەتىۋارلىق قىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالسۇن. پەرزەنتنىڭغۇ ئۇيدانلا خېرىدارلىقىنى قىپتىكەن بولمىسا. بېشىنى رەسمىي باغلىمىغان كېلىنگە ئالتۇن ئۈزۈك سېلىپ قويىدىغان ئىش ئەزەلدىن يوق ئىدى. بوپتۇلا، ئۈنچىلىك قىلسا نېمە بوپتۇ. پەرزەنتمۇ ئالتۇن ئۈزۈككە ياراشقۇدەك قىز، قانچىلىك قىلسا ئەرزىيدۇ. مەنمۇ ئۇنى ئاسان بېقىپ چوڭ قىلمىغان. بەكرەك يالۋۇرتقۇزاي. كۆڭلىدە بىز دېگەن شەھەردە ساناقلىق باي ئادەملەر، كاتتا ھاجىملار، ئوغلىمىزغا كىمنىڭ قىزىنى سوراپ بارساق، ھەرگىز ياق دېمەيدۇ دەپ ئويلاپ قالمىسۇن. قىز چوڭ قىلغان ئادەمنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق نازى بارلىقىنى بىلىپ قالسۇن. ئىشقىلىپ، ئوغلى پەرزەنتنى ياخشى كۆردىمۇ بولدى، تويدىن يالتىيىۋېلىشىدىن غەم قىلمايمەن. پەردە قىزىمنىڭ توي ئىشىدىن بەكلا كۆز قورقۇتقانىدىم. نامى دېھقان بولغىنى بىلەن بىزدىن باي ئادەملەركەن. بۇ شەھەردىن ئوغلۇمغا يارىغۇدەك قىز تاپالمىدىم دەپ چوڭ سۆزلىگەن خوتۇنلارنىڭ كۆزلىرى توي كۈنى ئالا چەكمەن بولۇپ كەتتى. ئەمدى پەرزەنتنىڭ تويىنى قىلىپ، شەھىرىمىزدە نام - ئاتىقى بار بۇ ھاجىملار بىلەن قۇدىلىشىدىغان بولسام،

ئىچىدىن قان كېتەر ھەقىچان . بۇ تويىنىمۇ خەقنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكۈدەك قىلمايدىغان بولسام ... خۇدايىم ئاخىر تىلىكىمگە يەتكۈزدى . كۈيئوغلۇق بارمۇ دېسە ، بار دېگۈدەك كۈيئوغۇللۇق بولىدىغان بولدۇم . ھېلىقى ھالى چوڭ ھاجى خېنىمنى يەنە ئىككى قېتىم يالۋۇرتقۇزۇپ ئاندىن نانلىققا ئىجازەت بېرەي ... »

بولغۇسى قۇدىلىرىنىڭ باش ئاغرىقىغا ئاخىر قادىر ئەپەندى چىدىمىدى . ھەئە ، قۇتلۇقنىڭ دادىسى ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم كۆرۈشكەندى .

— بولدى ، خانىم ، قۇدىلارنى ساقلىتىۋەرمەيلى ، — دېدى قادىر ئەپەندى ، — ئۇلار بەكلا ئالدىرىتىپ كېتىۋاتىدۇ . ئەلچىلىككە كەلگەندە ئاسانلا ماقۇل دەپ ، ئەمدى نېزىقاپ تۇرۇۋالساقمۇ سەت تۇرا . مۇشۇ يەكشەنبە كۈنى نانلىققا كېلىۋەرسۇن .

— بۇ يەكشەنبە بولمايدۇ ، — دېدى زۆھرە خانىم .

— نېمىشقا ؟ — دېدى قادىر ئەپەندى نارازى بولۇپ .

— ئاۋۋال پەرىدەنىڭ ئۆي مارىكىنى قىلىۋېتەيلى ، — چۈشەندۈردى زۆھرە خانىم مەقسىتىنى يوشۇرۇپ ، — پەرىدەنىڭ تويىغىمۇ ئىككى ئاي بولاي دەپ قالدى . قائىدە بويىچە قۇدىلار ئۆي تۇتۇپ بەرگەندىكىن ، بىزنىڭ ئۆي مارىكى قىلىدىغان قائىدىمىز بار ئىدى . بۇ ئىشنى تاشلاپ قويۇپ پەرىلەتنىڭ توي ئىشى بىلەن بولۇپ كەتسەكمۇ سەت تۇرا .

زۆھرە خانىمنىڭ سۆزلىرى يوللۇقتەك قىلاتتى . قادىر ئەپەندى رەت قىلىشقا ئامالسىز قالدى . دېمىسىمۇ قىزىنىڭ ئۆيىنى ۋاقتىدا مۇبارەكلىمىسە بولمايتتى .

— ئەمىسە ، كېلەر شەنبىگە ئۇچۇر بېرىۋېتەيلى ، — دېدى قادىر ئەپەندى .

— ماقۇل ، كېلەر ھەپتە بىر گەپ بولسۇن ، — دېدى زۆھرە خانىم مۇجمەللا قىلىپ .

زۆھرە خانىمنىڭ پەرىلەتنىڭ نانلىقىنى كەينىگە سۈرۈشتە

www.uyghurkitap.com

باشقا سەۋەبمۇ بار ئىدى .

«پەرىدە بىلەن پەزىلەتنىڭ تويىنىڭ ئارىلىقىدا ھېچبولمىغاندا ئىككى ئاي ۋاقىت ئۆتسۇن ، — دەپ ئويلايتتى زۆھرە خانىم ، — ئەل - جامائەتكە بۇگۇنى بۇ قىزىمىزنىڭ ، ئەتىسى ئۇ قىزىمىزنىڭ تويى باغىقىنى تارقىتىپ يۇرسەك ، تونۇش - بىلىش ، ئۇرۇق - تۇغقان ، خىزمەتداش ، ئەل - ئاغىنىلەرگە ئادەمگەرچىلىك ئېغىر كېلىدۇ . ئارقىمۇئارقا باغاق تارقاتتى دەپ غوتۇلدايدۇ . مەنغۇ خەقنىڭ باغىقىنى تاپشۇرۇۋالسا ملا ھېچ يەردىن قالماي ئادەمگەرچىلىك قىلغان . شۇنداق بولسىمۇ بىرئاز ۋاقىت ئۆتسۇن . بىزمۇ بىرئاز دېمىمىزنى ئېلىۋالايلى . توي دېگەنىبىلەن ھەممىسى پۇل بىلەن ئوخشايدىغان گەپ ...»

زۆھرە خانىم پەرىدەنىڭ ئۆي مارىكىنى قىلىمىز دېگىنى بىلەن كۆڭلىدە ئويلىغىنى بار ئىدى . ھەئە ، ئۇ خېلى كۆپ مېھمان چاقىرىپ ئۆي چېيى قىلماقچىدى . قادىر ئەپەندى ئۆي چېيى قىلىشقا قارشى چىققان بولسىمۇ ، يەنىلا زۆھرە خانىمنىڭ يېتىلىكىگە كۆندى . زۆھرە خانىم ئىككى - ئۈچ كۈن بۇرۇن پۇختا تەييارلىق كۆردى . ئۇرۇق - تۇغقانلارغا ، بالىلىرىنىڭ ئۆي مارىكىگە بارغان دوستلىرى ، خىزمەتداشلىرى ، قوشنىلىرىغا باغاق تارقاتتى . ئاز دېگەندە ئەللىك - ئاتمىش مېھمان چاقىردى . بۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب ، قىزىنىڭ ئۆيىنى مۇبارەكلەپ ئېلىپ بارغان نەرسىلىرىنى ، شۇنداقلا قىزىنىڭ تۇتقان يېڭى ئۆيىنى كۆز - كۆز قىلىش ئىدى .

پەرىدەنىڭ ئۆي چېيى چۇشكە يېقىن رەسمىي باشلاندى . بىنانىڭ ئالدىغا يۆتكىگىلى بولىدىغان يوغان ئىككى پولات ئوچاق ئېسىلغان بولۇپ ، بىرىدە قورداق قورۇلدى ، بىرىدە پولۇ دۇملەندى . پەرىدەنىڭ قېينانىسىدىن تارتىپ ، ئايىسما ھاجى خېنىمغىچە كېلىشكە تېگىشلىك مېھمانلار تولۇق كەلدى . مېھمانلار پەرىدەنىڭ ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيىگە خۇددى قاسقانغا مانتا تىزغاندەك لىق ئولتۇرۇشتى . ئاۋۋال قورداق ، ئاندىن پولۇ تارتىلدى .

تاماقتىن كېيىن زۆھرە خانىم پەرىدە بىلەن ئابدۇساتتارنى بىر چەتتە قارىتىپ تۇرغۇزۇۋېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى قويۇشقا باشلىدى .

— بۇ ئىككى پارچە گىلەم بىلەن توگلانقۇ ، داداڭلار بىلەن مېنىڭ ئاتىغىنىم ، — دېدى زۆھرە خانىم گىلەم بىلەن توگلانقۇنى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەكەلدۇرۇپ .

— رەھمەت دادا ـ ئانا ، جىق كايىپسىلە ، — دېدى پەرىدە بىلەن ئابدۇساتتار .

— ۋاي رەھمەت ، قۇدىلىرىمىزنى كايىتىپتىمىز ، — دېدى ئابدۇساتتارنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى .

— بۇ تېلېۋىزور ، پەرىلەت قىزىمىنىڭ كۆڭلى ، — دېدى زۆھرە خانىم يىگىرمە بەش دىيۇيملىق رەڭلىك تېلېۋىزورنى كۆرسىتىپ .

پەخرىدىن ئانىسىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن تېلېۋىزورنى يەشكىدىن چىقاردى .

ئابدۇساتتار بىلەن پەرىدە پەرىلەتكە رەھمەت ـ ھەشقاللىسىنى بىلدۈردى .

— بۇ DVD ئاپپاراتى ، پەخرىدىن بالامنىڭ كۆڭلى ، يەنە ماۋۇ ئاۋاز ياڭراتقۇسىمۇ بار ، — دېدى زۆھرە خانىم .

پەخرىدىن DVD ئاپپاراتى بىلەن ئاۋاز ياڭراتقۇسىنىمۇ يەشكىدىن چىقاردى .

— بۇ تولۇق ئاپتوماتىك كىرئالغۇ ، پەخرىئاي قىزىمىنىڭ كۆڭلى ، — دېدى زۆھرە خانىم .

ئابدۇساتتار بىلەن پەرىدە ئىنى ـ سىڭىللىرىغىمۇ رەھمەت ئېيتتى .

زۆھرە خانىم ئۆي مۇبارەكلەشكە ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرىنى تولۇق قويۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئابدۇساتتارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قايتىدىن رەھمەت ئېيتتى .

— ھەربىرلىرىنى بەكمۇ كايىتىپتىمىز ، قۇدام ، يەنە تېخى

بۇ بالىلىرىمىزمۇ بەك ئاۋارە بوپتۇ .

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە ، قۇدام ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — بالىلىرىمىزغا مۇشۇنداق ئېسىل ئۆي تۇتۇپ بېرىشتىلە مانا . ھەربىرلىرىگە رەھمەت ئېيتساق بولىدۇ ، تېخى .

ھەئە ، زۆھرە خانىم مۇشۇنداق دېيىش ئارقىلىق دوستلىرىغا ، خىزمەتداشلىرىغا قىزىنىڭ تۇتقان بۇ ئۆيىنى كۆز - كۆز قىلىۋاتاتتى . دېمىسىمۇ ئۇيانىدىن توي قىلىپ ، بۇياندىن ئۆي تۇتۇپ بېرىدىغان ئاتا - ئانىلار بەكمۇ ئاز ئىدى . بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر قېتىم كۆز - كۆز قىلىۋالغۇچىلىكى بار ئىش ئىدى . زۆھرە خانىمنىڭ بۇ گەپنى ئالاھىدە ئەسكەرتىشىدە ، بولغۇسى قۇدىسى ئايسىما ھاجى خېنىمغا :«كۆردىلىمۇ ، بۇ قۇدىلىرىم دېھقان تۇرۇپ ئوغلىغا مۇشۇنداق ئېسىل ئۆي تۇتۇپ بەردى . سىلىمۇ كۆرۈپ قويسىلا ، ۋاقتى كەلگەندە قاراپ تۇرمىسىلا » دېگەن مەنە بار ئىدى .

داغۋازلىقتا باشقىلاردىن تۆۋەن تۇرۇشنى خالىمايدىغان ئايسىما ھاجى خېنىممۇ بىر ئالىي دەرىجىلىك دۇخوپكا ئېلىپ كەلگەنىدى .

— لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ قوبۇل قىلسىلا ، بالام ، — دېدى ئايسىما ھاجى خېنىم دۇخوپكىنى كىرئالغۇنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ، ئاندىن زۆھرە خانىمغا قاراپ دېدى ، — بالىلىرىمىزنىڭ ئۆيىدە نېمە كەملىكىنى بىلەلمەي ، ئۆزۈمچە مۇشۇ نەرسىنى ئېلىپ كەلدىم ، قۇدام .

— ۋاي سىلىنى بەكلا كايىتىپتىمىز ، ھاجى خېنىم ، — دېدى زۆھرە خانىم مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ ، — پەرىدە ، ئابدۇساتتارجان بالام ، ھاجى خېنىمغا رەھمەت دەڭلا .

پەرىدە بىلەن ئابدۇساتتار ھاجى خېنىمغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى .

«دېگەنبىلەن خېلى دىتى بار ئايالدەك قىلىدۇ . خەقنىڭ ئالدىدا چۈپەيلىك قىلىپ سۇندۇرۇپ قويمىدى ياخشى » دېدى دۇخوپكىنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتكەن زۆھرە خانىم .

ئەمدى باشقا مېھمانلار سوۋغاتلىرىنى بىر - بىرلەپ داستىخانغا

قويۇشقا باشلىدى . زۆھرە خانىمنىڭ چايدىكى دوستلىرى پۇل يىغىش قىلىپ كەلگەنىدى .

— ئاز بولسىمۇ بۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىز ، قىزىم ، ئۆيمىزگە كەم - كۈتە نەرسىلەرنى ئېلىۋالارسىز ، — دېدى گۈلسۈم خانىم بىر تەخسىدىكى ئەللىك كويلۇق ، يۈز كويلۇق بىر تۇتام پۇل بىلەن بىر ۋاراق قەغەزدىكى تىزىملىكنى پەرىدەگە تەڭلەپ .

— رەھمەت ، سىلەرنى جىق ئاۋارە قىپتىمەن ، — دېدى پەرىدە .

— قىچقارماي دېسەم ، كېلىمىز دەپ تۇرۇۋالدىڭلا ، ئادەمنى خىجىل قىلىسىلەر مۇشۇنداق ، — دېدى زۆھرە خانىم دوستلىرىغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ .

ئادەمگەرچىلىك قىلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مېھمانلار دۇئا قىلىپ تارقاشتى . پەرىدە ھەربىر ئايال مېھمانغا ئىككى ناننىڭ ئارىسىغا بىر پارچىدىن گۆش قىستۇرۇپ زەللە ئالدۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالمىدى .

قادىر ئەپەندى بىلەن زۆھرە خانىم ئابدۇرازاق ئاكا بىلەن ئامانىساخان ئاچىنى ئۆيىگە قايتا - قايتا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ ، ئۇلار باشقا بىر كۈنى كىرەرمىز دەپ يېنىغا قايتتى . ئۇلارنىڭ كەينىدىن قادىر ئەپەندى بىلەن زۆھرە خانىممۇ قايتىشتى . پەزىلەت ، پەخرىدىن ، پەخرىئايلار ئاچىسىنىڭ ئۆيىنى يىغىشتۇرۇشۇپ بېرىدىغان بولۇپ قېلىپ قېلىشتى .

— ھە ، راست ، ماڭا ھېلىقى تىزىملىكنى ئاچىقىپ بەرگىنە ، — دېدى ئىشىك تۈۋىگە چىقىپ بولغان زۆھرە خانىم .

— قايسى تىزىملىكنى دەيسەن ، ئانا ، — سورىدى پەرىدە .

— گۈلسۈم ئاچاڭ پۇل بىلەن بىللە قويغان ھېلىقى تىزىملىكنىچۇ ؟

پەرىدە تىزىملىكنى ئاچىقىپ بەردى .

ھەئە ، زۆھرە خانىم تىزىملىكتىن قىزىنىڭ ئۆي مارىكىگە

دوستلىرىنىڭ قانچىلىكتىن ئادەمگەرچىلىك قىلغانلىقىنى بىلىپ باقماقچىدى .

## 62

— ئانامغا قانداق ياراپ قالدىڭكىنتاڭ ، سېنى داڭلاپ ھالى قالمىدى ، — دېدى پەخرىدىن گۈلنازغا ، — پەزىلەت ئاچامغا لايىقى بار - يوقلۇقىنى ئوقۇشۇپ باقسىن ، ئىنىمگا تونۇشتۇرۇپ قوي دەپ تاپىلاپ كەتتى .

— داڭلىغۇچىلىكى بولسا داڭلايدۇ ئاشۇنداق ، — دېدى گۈلناز خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي ، — ھەرقانداق ئانىنىڭ كېلىن قىلىشۇالغۇسى كېلىدۇ مېنى . شۇڭىمۇ بوسۇغىمىزدىن باش ئاغرىقى قىلىپ كېلىدىغانلار ئۈكسۈمەيۋاتىدۇ .

— ئالە شەرىڭنى ، ماختاپ قويسام ئېشىۋالغىنىنى ، — دېدى پەخرىدىن قىزنىڭ چىشىغا تېگىپ ، — مېنىمۇ كۈيئوغۇل قىلىۋالسام دەيدىغانلار سامانىدەك .

— ئەمىسە ، شۇلارغا كۈيئوغۇل بولۇۋال ، — دېدى گۈلناز لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ ، — ساڭا يالۋۇرمايمەن .

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە گۈل ، ئەڭ ياخشىسى بىر - بىرىمىزگە يالۋۇرۇپ ئۆتەيلى .

— مېنىڭ يالۋۇرغۇم يوق .

— بوپتۇ ، مەن يالۋۇراي ئەمىسە ، — دېدى يىگىت شوخلۇق بىلەن ، — جېنىم گۈلناز قىز ، ماڭا ياتلىق بولۇڭ . سىز بولمىسىڭىز مەن ياشىيالمايمەن ، سىزنى ئويلاپ كۈندۈزى گېلىمدىن غىزا ئۆتمەيدۇ ، كېچىسى كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ . ئىشقىڭىزدا ھالىم خاراب ، باغرىم كاۋاپ . سىزنى نىكاھىمغا ئالسام ، كېچە - كۈندۈز باغرىمغا باسسام ...

— ئۆتەپ بارە ، ساراڭ ، — دېدى قىز پىخىلداپ كۈلۈپ .

— قانداق ، يالۋۇرۇشۇم بولمىدىمۇ ؟

— سىنى بۇنداق يالۋۇر دىمىدىم ، ئىشقىلىپ ، مىنى چىن يۈرىكىڭدىن ياخشى كۆرسەڭلا بولدى .

— ئەمىسە ، يۈرىكىمنى يىرىپ كۆرسىتىپ بىرەي .

— ئىشقىلىپ ، ئاناڭنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكىنىمگە خۇش بولدۇم ، — دىدى قىز يىگىتنىڭ شوخلۇقىغا پەرۋا قىلماي ، — ئاتا - ئانىمىز قوشۇلماي قالارمىكىن دەپ بەك ئەنسىرىگەنىدىم .

— مەنمۇ شۇ ، — دىدى پەخرىدىن ، — خۇدايىم بۇيرۇسا پەزىلەت ئاچامنىڭ تويىنى قىلىۋەتسەكلا ، ئانامنى سىلەرنىڭ ئۆيگە رەسمىي ئەلچىلىككە ئەۋەتىمەن . سوغۇق بىر نەرسە ئىچەمدۇق .

— بولدىلا ، مەن چاي ئىچەي . ئۆتكەندە داداڭ دادام بىلەن كۆرۈشكەندىن كىيىن ئانام خىلــى پەسكويغا چۈشۈپ قالغان . لىكىن ، يىقىندىن بىرى : «گەپنى قىلىــپ قويۇپ كەلمـــــدى ، ھىچبولمىسا سۆز سالغىلىمۇ بولسا كىلىشى كىرەكتى» دەپ يەنە سۆزلىگىلى تۇردى . ئەھۋالدىن قارىغاندا ، خەقلەر يەنە باش ئاغرىقى قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ .

— بىشىڭنى ئىچىڭگە تىقىۋىلىپ چىــداپ تۇر . پەزىلەت ئاچامنىڭ تويىغىمۇ ئاز قالدى .

— ئەلچىلەر كىلىپ كەتكىلىمۇ خىلى بولدى . نىمىشقا تىخىچە نانلىق قىلمايدۇ .

— مەنمۇ بىلمىدىم . ئانام كەينىگە تارتىپ تۇرىدۇغۇتاڭ . ئالدىمىزدىكى شەنبە نانلىق قىلىدىغان ئوخشايدۇ .

— نانلىق قىلىپ بولسىلا ، توي دىگەن ئاسانلا بولاتتى .

— نانلىقتىمۇ بىرىپ مىھمان ئۇزىتىشىپ بىرەرسەن - ھە .

— ئەمدى بارمايمەن .

— نىمىشقا ؟

— خىجىل بولۇپ قالىدىكەنمەن .

— خىجىل بولغۇدەك نىمىســـى بار . ئۆتكەندە پەزىلەت ئاچامنىڭ دوستى دىگەن سالاھىيەت بىلەن بارغانىدىڭ . ئەمدى رەسمىي مىنىڭ لايىقىم بولۇپ بارىسەن .

— شۇڭا خىجىل بولۇۋاتىمەن . ئاناڭغا مەن بىلەن يۈرۈۋاتىمەن دېمىگەنسەن ؟

— ئۇنداققۇ دېمىدىم . لېكىن ، پەزىلەت ئاچام تۇنۇشتۇرۇپ قويدى ، كۆرۈشۈپ تۇرۇۋاتىمەن ، تېخى رەسمىي تەلەپ قويمىدىم، دەپ قويدۇم . بىزنىڭ ئىشىمىزنى ئانامدىن باشقا ھەممەيلەن بىلىدۇ . دادام چاندۇرماي ئانامنىڭ قېشىدا پات - پات سىڭنىڭ گېپىڭنى چىقىرىپ قويۇۋاتىدۇ . ئانامۇ سىلەرنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشقان ئوخشايدۇ . سىلەرنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىپ كەتتى . ئەتىگىچە سەن بىلەن يۈرۈۋاتىمەن ، دەپ قويايمىكىن دەيمەن .

— ئەڭ ياخشىسى ، پەزىلەت ئاچامنىڭ تويى بولغۇچە دېمەي تۇر ، — دېدى گۈلناز ، — باشقا گەپلەر تويدىن كېيىن بولسۇن .

— ئانامدىن خىجىل بولۇۋاتامسەن ياكى ئەنسىرەۋاتامسەن ؟

— ئاناڭ ھازىر تويى تەييارلىقى بىلەن بىر قولىنى ئون قىلالمايۋاتقان ۋاقىتتا ، بۇ گەپلەر قۇلىقىغا يېقىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن .

— قېنى ، ئەھۋالغا قاراپ باقارمەن . ئىشقىلىپ ، نېمىلا بولسۇن ، ئىشلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق چىرايلىق ئەپلەشكىنىدىن مەن بەك خۇشال .

— مەنمۇ شۇ .

## 63

— شەنبە كۈنى پەزىلەتنىڭ نانلىقىنى قىلىدىكەن ، بەك زۆرۈر ئىشىڭىز بولمىسا ، بېرىپ قارىشىپ بېرەرسىز ، — دېدى پەرىدە ئابدۇساتتارنىڭ بارماقلىرىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ .

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمەن ، — دېدى ئابدۇساتتار ، — ئۆتكەندە ئەلچىلىكىدە مېھمانلارغا قارىشىپ بېرەلمەي بەك سەت ئىش بولدى . بۇ قېتىم راۋۇرۇس خىزمەت قىلىپ ئانام بىلەن

دادامنىڭ كۆڭلىنى ئېلىۋالمىساق بولمايدۇ، — يىگىت ئايالىنىڭ مەڭزىگە چوكىدە بىرنى سۆيۈپ قويدى، — مېھمانلارنى كۈتىدىغانغا ئازراق نەرسە ئاپىرىپ بېرەيلىمىكىن دەيمەن.

— تەييارلىقلارنى ئاساسەن پۈتكۈزۈپ بولدىغۇ دەيمەن. يەل - يېمىش ئاپىرىپ بەرسەك بولا.

— ئوغلاق كاۋىپى قىلدۇرۇپ بېرەيمىكىن دەيمەن. يېزىدا ئوغلاق دېگەن جىق. كاۋاپنى يېزىدا پىشۇرغۇزۇپ ئەكىرسەم ئۆلگۈرىدۇ.

— مەيلى، شۇنداق قىلايلى.

— تويدا ئانام - دادىلارغا ئوبدانراق بىر ئادەمگەرچىلىك قىلايلى، — دېدى ئابدۇساتتار پەرىدەنى بېسىپ سۆيۈپ تۇرۇپ.

— ۋاي، شۇك تۇرۇڭە، — دېدى پەرىدە نازلىق كۈلۈپ، — ئادەمنى سۆيىمەنلا دەپ تۇرىدىكەنسىز.

— سۆيگۈم كېلىپ تۇرسا قانداق قىلىمەن. كىم سىزنى ئاشۇنداق تاتلىق بولسۇن دەپتىكەن. ئۆزىڭىزغۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن سۆيۈپ قوياي دېمەيسىز.

— مانا، بولدىمۇ، — پەرىدە يىگىتنى چوككىدە بىرنى سۆيدى، — سىزچە، ئانام - دادىلارغا قانداقراق ئادەمگەرچىلىك قىلساق بولا؟

— رەخ - پەخ، لاتا - پۇتا ئېلىپ يۇرمەيلى. هازىرچە بۇنىڭ كېرىكى يوق. ئۇلار ئارقىمۇئارقا توي قىلىمىز دەپ خېلى چىقىمدار بولدى. نەق پۇل قويۇپ قويايلىمىكىن دەيمەن.

— نەچچە پۇل قويساق بولا؟

— ئىككى مىڭ كوي قىلساق قانداق بولا.

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، — دېدى پەرىدە، — ئاتا - ئانىمىزغا قانچىلىك قىلساق ئەرزىيدۇ، لېكىن هازىر بىزنىڭ قولىمىزدىمۇ تۇزۇك نەق پۇل يوق. ئەل - ئاغىنىلىرىمىز، خىزمەتداشلىرىمىز ئۆيۈڭلارنى مۇبارەكلەيمىز دەپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلارنى مېھمان قىلىدىغانغىمۇ پۇل لازىم. مېنىڭچە، بەش يۈز كوي قىلايلى.

www.uyghurkitap.com

— ئاز بولۇپ قالامىكىن، — دېدى ئابدۇساتتار ئويلانغان هالدا.

— ئاز بولۇپ قالمايدۇ. بۇ دېگەن بىزنىڭ كۆڭلىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، توي يالغۇز بۇلا ئەمەس. پەزىلەتنىڭ تويىدىن كېيىن پەخرىدىننىڭ تويىنى قىلىدىغان گەپ تېخى. پەزىلەتكىمۇ ئاتىرىم ئادەمگەرچىلىك قىلمىساق بولمايدۇ.

— بوپتۇ ئەمىسە، سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، — دېدى ئابدۇساتتار، — ئەمما پەزىلەتكە ئۆزىڭىز بىلىپ ئوبدانراق ئادەمگەرچىلىك قىلارسىز.

— كۆڭلۈمدە سان بار، — دېدى پەرىدە ۋە ئۈستىگە چىقىۋالغان ئېرىنىڭ مەيدىسىدىن ئاستا ئىتتەردى، — ئۇنداق قىلماڭ، تېخى قاراڭغۇ چۈشمىدى.

يىگىت هاياجانلىق بىر ئىستەك بىلەن ئايالىنى قۇچاقلاپ سۆيۈشكە باشلىدى.

— قاراڭغۇ بىلەن نېمە كارىم، — دېدى يىگىت تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ، — ماقۇل دەپ جىم يېتىڭ.

— ئۆيگە بىرى كېلىپ قالامىكىن.

— كەلسە كەلمەمدۇ، ئىشىكنى ئاچمىساقلا بولدى.

پەرىدە نازلىنىپ تۇرغان بىلەن ئېرىنىڭ بوينىغا مەھكەم گىرە سېلىپ بولغانىدى.

## 64

— مە، بۇلارنى ئالغاچ كەت، — دېدى قۇتلۇق ئىش ئۈستىلىنىڭ تارتمىسىدىن بەش - ئالتە قۇتا ھەر خىل مايلارنى ئېلىپ.

— نېمە قىلىمەن، بۇنچە جىق ماينى، — دېدى پەزىلەت، — ئىشلىتىپ بولالمايمەن. بىر قۇتا ئېلىۋالسام بولا.

— بۇنى ساڭا بەرمىدىم، — دېدى قۇتلۇق، — ئانامغا ئالغاچ

كەت ، دەۋاتىمەن . ھەممىسى كورىيىنىڭ مەھسۇلاتلىرى . دورىلىق مايلا . ھەقچان ئانامنىڭ يۈز ئاسراش مايلىرى تۈگىدىغۇ دەيمەن . ئىچىدە خەنزۇچە چۈشەندۈرۈشى بار ، ئوقۇپ چۈشەندۈرۈپ قوي ، شۇ بويىچە ئىشلەتسۇن . ھۆسن تۈزەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغان بىلەن ئاسراشنى ياخشى قىلمىسا ، يۈز تېرىسىنىڭ تۈك تۆشۈكچىلىرى كېڭىيىۋېلىپ ، قايتىدىن قورۇق چۈشۈش تېزلىشىپ كېتىدۇ .

پەزىلەت پىسسىڭىدە كۈلدى .

— ئانامنى بىر خۇش قىلىۋېتەي دەپسەن - دە .

— بۇ دېگەن بىمارلىرىمغا داۋالىنىشتىن كېيىن قىلغان مۇلازىمىتىم ، ئۆزۈم ئاپىرىپ بېرەيمۇيا ؟

— ئىزا تارتماي بارالامسەن ؟

— بارماي ئەمىسە . مەن دېگەن ئۇنىڭ دوختۇرى . دوختۇرلۇق سالاھىيىتىم بىلەن بارسامغۇ بولا .

— يۈزۈڭنىڭ تېرىسى بىر غېرىچ بارغۇ ، سېنىڭ .

يىگىت خىرىلداپ كۈلدى .

— ئانام نانلىقا قانداقراق نەرسە ئېلىپ بارسام بولاكىن دەپ كۆڭۈل توختىتالماي ئولتۇرىدۇ . ئاناڭغا تېلېفون قىلغانىكەن ، ئۆزلىرى بىلسىلە دەپ ، بىرنېمە دەپ بەرگىلى ئۇنىماپتۇ . سېنىڭچە ، نېمە ئېلىپ بارسا بولا ؟

— بۇنى مەندىن سورىما ، — دېدى پەزىلەت .

— نېمىشقا ؟

— ساراڭمۇ سەن ، نەدىمۇ تويى بولىدىغان قىز بالا قېينانىسى ئەكېلىدىغان نانلىقا شەرت قويىدىغان ئىش بار .

— ھەرھالدا سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكىنى بىلىپ باقاي دېگەنىدىم .

— نانلىق ئەكېلىش ئاياللارنىڭ ئىشى ، سەن ئارىلاشمىساڭمۇ بولىدۇ . ئانىلىرىمىز بۇنداق قائىدىنى بەك ئوبدان بىلىدۇ . شۇڭا ئانامۇ سەت تۇرىدۇ دەپ گەپ قىلغىلى ئۇنىمىغان گەپ . مەنچە بولسا ، قولىنى سىلىپلا كەلسىمۇ مەيلى دەيمەن ، لېكىن بۇ

www.uyghurkitap.com

كونىلاردىن قالغان قائىدىكەن . بۇ ئىشنى چوڭلار ئۆزلىرى بىلىشسۇن ، بىز ئارىلاشمايلى .

— بۇ دېگىنىڭمۇ توغرا ، — دېدى قۇتلۇق ، — قولۇمدىن كەلسە ، ئۆيۈڭگە دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل نەرسىلەرنى ئېلىپ ئەۋەتەتتىم .

— مەن ئۈچۈن سېنىڭ كۆڭلۈڭدىن قىممەتلىك سوۋغات يوق .

قىز بىلەن يىگىت بىرھازا بىر ـ بىرىگە ھاياجان بىلەن قاراپ كېتىشتى .

— ھە راست ، ساڭا بىر ئىشنى ئەسكەرتىپ قوياي دېگەنىدىم ، — دېدى پەزىلەت ، — ئانامغا بەكرەك تاپىلاپ قوي . ئەلچىلىككە كەلگەندە بىزنىڭ ئۆينىڭ ئەھۋالىنى كۆردى . ئۆيىمىز كىچىك ، سىلەرنىڭكىدەك ئىككى قەۋەتلىك داچىمىز يوق ، شۇڭا نانلىققا يىگىرمە ـ يىگىرمە بەشتىن ئارتۇق مېھمان ئەكەلمىسۇن . يېمەك ـ ئىچمەكتىنغۇ چاتاق يوق ، لېكىن تار ئۆيدە خىجالەت تارتىپ قالىدىكەنمىز .

— نانلىققىمۇ شۇنچىۋالا جىق مېھمان باشلاپ بارامدۇ ؟ — سورىدى قۇتلۇق ھەيران بولغان ھالدا .

— سەن بىلمەيسەن ، قىرىق ـ ئەللىك ، ھەتتا بىرەر يۈز مېھمان باشلاپ كېلىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ ، تېخى .

— ئۇنداق بولسا ئانامغا بەكرەك تاپىلاپ قوياي . قايسى كۈنى ئەلچىلىككە بىزنىمۇ ئېيتماپتۇ دەپ بىرمۇنچە ھاجىم خېنىملار رەنجىپ قاپتۇ ، نانلىققا ئېيتىمەن دەپ كۆڭۈل قويۇپ قويدۇم دەپ يۈرەتتى . كونىشەھەرنىڭ ھاجى خېنىملىرىنىڭ ھەممىسىنى باشلاپ بارمىسۇن يەنە .

— ئىشقىلىپ ، ئېلىپ كېلىدىغان مېھماننىڭ سانىغا چەك قويسا بولىدۇ .

— ھە راست ، توي كۆڭلىكىنى ئىجارىگە ئېلىپ كىيىپ يۈزمە ، — دېدى يىگىت ، — ئۈرۈمچىدىن مەخسۇس توي كۆڭلىكى

ئەكەلدۇرۇپ بېرەي . قانداق پاسوندىكىنى كىيسەن ، ۋاقتىدا بىر نېمە دەۋەت .

— ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت ، — دېدى پەزىلەت ، — مېنىڭ ئۇنداق ياۋروپا پاسوندىكى توي كۆڭلىكى كىيگۈم يوق . بىز تويىمىزنى تولۇق ئۇيغۇرچە ، مۇسۇلمانچە قىلىشىمىز كېرەك . سەن ئانچە بىلمەيسەن . پەرىدە ئاچامنىڭ ئەتلەستە تىــكتۈرگەن توي كۆڭلىكى پۈتكۈل شەھىرىمىزگە پۇر كەتتى . يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ نەرسىسى بەكرەك يارايدىكەن . ئەتلەس دېگەن ئۇيغۇرنىڭ بەلگىسى ئەمەسمۇ . شۇڭا ، مەنمۇ ئەتلەستە توي كۆڭلىكى تىــــكتۈرۈپ كىيىمەن . سەنمۇ گالستۇك چەگمەي ، چىرايلىق كانۋا كۆڭلەك كەيگىن .

يىگىت قايىللىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى .

— سېنىڭ توي كۆڭلىكىڭنىمۇ تىككۈچى ئۇستام بىرەر ـ ئىككى كۈندە تىكىپ بولا . لېكىن ، مېنىڭ كانۋا كۆڭلىكىم ئاسان تەييار بولماسمىكىن . گۈلنىمۇ بىرەر ـ ئىككى ھەپتىدە ئاران ئىشلەپ بولىدىغان تۇرسا .

— خاتىرجەم بول ، ساڭا ئاتاپ كانۋا كۆڭلەك تىكتۈرۈپ قويغان ، گۈلىنىمۇ ئۆز قولۇم بىلەن ئىشلىگەن تېخى .

— ئۇنداق بولسا غەم قىلىپ يۈرمىسەممۇ بولغۇدەك .

— مەن كېتەي ، — دېدى پەزىلەت .

— بىردەم ئولتۇرساڭ بولمامدۇ ؟

— خىزمىتىڭگە تەسىر يەتمىسۇن . مېنىڭغۇ كەتكۈم يوق ، شۇنداق بولسىمۇ ماڭاي .

— سەل تۇرۇپ تۇر ، ئەمىسە .

يىگىت شۇنداق دېگىنىچە ئىككى سەكرەپ بېرىپلا ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋەتتى ـ دە ، قىزنى چاققانلىق بىلەن قۇچاقلىۋالدى . ھودۇقۇپ كەتكەن قىز تېپىرلاپ كەتتى .

— ئۇنداق قىلما ، سەت تۇرىدۇ .

— ئۇزاق بوپتۇ ، بىر سۆيۈۋالاي سېنى .

— قويۇۋەتمىسەڭ ۋارقىرايمەن .
— ۋارقىرىساڭمۇ مەيلى .
يىگىت قىزنىڭ لېۋىگە لەۋ ياقتى . شۇ ھامان قىزمۇ يىگىتنىڭ بويىنىغا گىرە سالدى . ئىككى ئاشىق - مەشۇق ئۇزاققىچە تاتلىق سۆيۈشۈپ كەتتى .

## 65

زۆھرە خانىم مېھمانخانا ئۆيىدىكى گىلەمنىڭ ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغىنىچە تېلېفوننى قۇچىقىغا قويۇپ ، تۇرۇپكىنى قۇلىقىغا تۇتۇپ ھەدەپ سۆزلەۋاتاتتى .

— ماڭا قايلىسىلا ، ھاجى خېنىم ، سىنچاي ، ئەتكانچاي ، لەڭپۇڭ ، قېتىقنى ھېساب قىلماي ، ئون بەش قازان ئاسسام بولارمۇ ؟

تۇرۇپكىدىن ئايسىما ھاجى خېنىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى .

— ۋاي جېنىم قۇدام ، ئۆزلىرىمۇ ھەممە ھېسابتا بولغاندىكىن ، بىلىپ بىر ئىش قىلسىلا ، مەقسەت يەپ - ئىچىشتە ئەمەسقۇ .

— ئۇغۇ شۇنداق ، ئەمما ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولۇپ كېلىدىغان مېھمانلارنىڭ كۆڭلىگە كېلىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن دەيمەنا .

— ئوبدان ئويلاپلا ، مېھماندارچىلىق دېگەننى ئۆزىمىزگە ياراتقان بىلەن خەقكە ياراتماق تەس ، دېسىلە . شۇنداقلا بېرىپ كېلەي دېسەم ، ئۆزلىرىنىڭ ، پەزىلەت خېنىم قىزىمنىڭ ھۆرمىتىگە لايىق كەلمەسمىكىن دەيمەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، توي ئىشىمىز پۈتكۈل كونىشەھەرگە پۇر كەتكەن ئوخشايدۇ . نېرىقى مەھەللىدىكى ھاجى خېنىملارمۇ نانلىقنى قاچان قىلىدىغان بولدىلا دەپ قۇلاق - مېڭەمنى يەپ كەتتى . ئۇلارنى ئېلىۋالمىسام تېخى بولمايدۇ .

— ئېلىپ كېلىدىغان مېھمانلارنى قانچىلىك مۆلچەرلىدىلە ، ھاجى خېنىم .

— جىق ئەمەس ، چىكىپ تاللاپ يىگىرمە بەش ـ ئوتتۇز مېھمان ئېلىپ بارايمىكىن دەيمەن .

— ئېنىق بىر سان دەۋەتكەن بولسىلا ياخشى بولاتتى . يېمەك ـ ئىچمەكتىنغۇ گەپ يوق ، لېكىن مۇشۇ بىنا ئۆي سەل تارچىلىق قىلىدىكەن ياكى بولمىسا رېستوراندىلا كۈتەيمىكىن .

— ئۇنداق قىلسىلا قانداق بولىدۇ ، جېنىم قۇدام . رېستوراندا مېھمان كۈتۈش دېگەن ئۆي ـ ماكانى يوق ئادەمنىڭ ئىشى . شۇنداق چىرايلىق ئۆيلىرى تۇرسا ، رېستوراندا مېھمان بولۇپ يۈرمەيلى . ئىشقىلىپ ، ئاپىرىدىغان مېھمانلىرىم يىگىرمە بەش ـ ئوتتۇزدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ .

— بولىدۇ ، مەن ئۆيىنى شۇنىڭغا تۇشلۇق راسلاي . گەپ يۈزدە ياخشى ، ئۇسسۇل تۇزدە دەپتىكەن . كۆڭلۈمدىكىنى دەۋېرەي . يا يىگىرمە بەش ياكى ئوتتۇز دەپ ئېنىقلا بىر سان دەۋەتسىلە .

— ئۇنداق بولسا ، ئوتتۇز مېھمان كېلىدۇ دەپ بىلسىلە . ئۆزلىرىنى يەنە ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم ، جېنىم قۇدام . ئۆتكەندە ئەلچىلىككە بارغاندىمۇ شۇنداق ھەشەمەتلىك كۈتۈۋالدىلا . ئۆيىمىزگە بىرەر قېتىم باشلىۋالماي تۇرۇپ ، يەنە بارىدىغان بولۇپ قالدۇق ، مانا .

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە ، بۇ دېگەن ئاتا ـ بوۋىمىز قىلىپ كەلگەن قائىدە . لېكىن مېھمانغا چەك قويىدى دەپ ھەرگىز رەنجىپ قالمىسىلا .

— توۋا دېسىلە ، ئۇنداق بولامدىغان . گەپنى باشتا دېيىشىۋالساق ، نائىلىق جايىدا ئۇرسا ، ھەر ئىككىمىزنىڭ ئابرۇيى ئەمەسمۇ .

— سائەت نەچچىدە كېلىشەلا ؟

— سىلىنىڭ ئۆيگە بېرىپ ھاجى خېنىملار ناماز ئوقۇيمىز دېگىلى تۇرسا پاتىپاراق قىلىۋېتىدۇ . ئارىلىقى يېقىن بولغاندىكىن ، ھەممىسىنى جۇغلاپ ، پېشىن نامىزىنى ئۆزۈمنىڭ ئۆيىدىلا ئوقۇتۇپ ، ئاندىن ئاپىراي . شۇنداق بولغاندا ، سائەت ئىككىدىن ۋاخ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قالمايمىز .

— ماقۇل ، شۇنداق بولسۇن ئەمىسە . ۋاقتى كەلگەندە يوللىرىغا قالايمەن .

— خوش ، خۇدايىمغا ئامانەت .

زۆھرە خانىم تېلېفوننى قويۇۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى .

— قانداق بولدى ، ئانا ، نەچچە قازان ئاسىدىغان بولدۇق ؟ — سورىدى پەرىدە .

— بۇ ھاجى خېنىم دېگەن خەقنىڭ ئىچىدىكىنى تاپماق تەسكەن . ئۆزلىرى بىلەلا دەپ تۇرۇۋالدى . بولدىلا ، يىگىرمە قازان ئاسايلى ، چىدىغانغا چىقارغان دەپتىكەن .

— ۋاي - ۋۇي ، نېمانچە جىق ، — دېدى پەخرىئاي ، — يەپ بولالامدۇ ، شۇنچە تاماقنى .

— ئېغىز غېرىچلىما ، نانلىقنىڭ قائىدىسى شۇ ، — دېدى زۆھرە خانىم .

— بۇرۇنلاردىغۇ بۇنداق جىق قازان ئاسىدىغان قائىدە يوقتى ، — دېدى قادىر ئەپەندى ، — نەدىن تاپسىلىكىتاڭ مۇشۇنداق قائىدىنى .

— ئاشۇ كونىشەھەرلىك ھاجى خېنىملارنىڭ تاپقان قائىدىسى بولامدۇ بۇ ، — دېدى زۆھرە خانىم چېچىلىپ ، — ئۇلار ئۆيدە بىكار ئولتۇرۇپ قىلغىلى ئىش تاپالماي مۇشۇنداق چەكتىن ئاشقان ھەر خىل قائىدىلەرنى چىقىرىدۇ . بىز بولساق ئۆزىمىزنى ئانداق ئوقۇغان ، مانداق زىيالىي دەيمىزۇ ، لېكىن ئاشۇ بىكارچى خوتۇنلارنىڭ چالغان دېپىغا ئۇسسۇل ئوينايمىز . ئاشۇنداق قىلماي ئامال يوق ، ھەممە ئادەم قىلغاندىكىن ، بىز قىلمىساق بولمايدۇ . خەق چۇپەيلىك قىلدى دەپ گەپ تاپىدۇ . قۇدىلار يۈز - ئابرۇيىمىزنى قىلمىدى دەپ رەنجىيدۇ . ئەڭ ياخشىسى ، قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ تەييارلىق قىلايلى . ھېلىمۇ پەرىدەنىڭ ئىشلىرى ئاسان توختاپتىكەن .

— ئوغلاق كاۋىپىنى قانداق قىلىمىز ، ئانا ، —

سورىدى پەرىدە .
— هە راست ، ساڭا دەي دەپ تۇرغان . ئوغلاق كاۋىپىنى قىلايلى ، بالام . شۇغىنىسى ئابدۇساتتارجان بالام ئاۋارە بولىدىغان بولدى .
— ئاۋارە بولمايدۇ ، خەققە بۇيرۇپ قويسا پىشۇرۇپ قويىدۇ .
— ئابدۇساتتارجان ئەتىگەندە كېلىپ مېھمان ئۇزىتىشىپ بېرىمەن دەپ يۇرمىسۇن . تالا - تۇزنىڭ ئىشىغا داداڭ بىلەن ئىنىڭ بار . ئوغلاق كاۋىپىنى دېگەن ۋاقتىدا ئۇلگۇرتۇپ ئەكېلىپ بەرسە بولدى . يەل - يېمىش ئەكىرىپ يۇرمىسۇن ، بازاردىن ئالايلى .
— ئېمىشقا بازاردىن ئالغۇدەكمىز . شەنبە كۇنى ئەتىگەندە ئەكېلىپ بەرسە بولدى ئەمەسمۇ .
— هە مەيلى ئەمىسە . بۇ هاجى خېنىملارنى كۇتمەك ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئوخشايدۇ . پەزىلەت ، سەن هېلىقى گۇلناز قىزغا خەۋەر قىل . نانلىققا يەنە بىر قارىشىپ بەرسۇن .
— پەخرىدىن خەۋەر قىلسۇنمىكىن ، — دېدى پەزىلەت ئاچىسىغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ .
— قانداق دەيسەن ؟ — سورىدى زۆهرە خانىم ئەجەبلىنىپ .
— ئۆزۇڭ ئىككىسىنى تونۇشتۇرۇپ قوي ، دېگەنغۇ .
— ئۇ ئىككىسىنى تونۇشتۇرۇپ قويغان ئوخشىمامسەن .
— ئۆز ۋاقتىدىلا تونۇشتۇرۇپ قويغان .
زۆهرە خانىم بىردىنلا دىققىتىنى يىغدى .
— هە ، دېگىنە ، قانداق بوپتۇ ؟ ئۇنىڭ بىلەن گۇلناز قىز چىقىشىپ قالغان ئوخشىمامدۇ ؟
— بۇ تەرىپىنى بىلمىدىم ، — دېدى پەزىلەت قۇۋلۇق بىلەن ، — لېكىن ئۇلار پات - پات كۆرۈشۇپ تۇرۇۋاتىدۇغۇ دەيمەن .
— ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ . پەخرىدىن ئۇ قىزنى راستىنلا ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ - دە ، ئەمىسە .
— ئۆزۇڭ ئاكامغا ئاشۇ گۇلناز قىزنى ياخشى كۆر دەپ

تاپىلىغانغۇ ، ئانا ، — دېدى پەخرىئاي .

— پەخرىدىن قېنى؟ ئۆزىدىن سوراپ باقايلى ، — دېدى زۆھرە خانىم .

— ئاكام تېخى كەلمىدى ، — دېدى پەخرىئاي ، — سورىمىساڭمۇ بولىدۇ . ئاكام گۈلناز بىلەن ئاللىقاچان يورۇپ بولدى .

— شۇنداق بولسىغۇ تازا جايىدا ئىش بولاتتى ، — دېدى قادىر ئەپەندى ، — پەخرىدىنگە بۇيرۇغاندەكلا قىز كەن ئۇ .

— ماۋۇ بالىنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — ئاغزىمنىڭ ئۇچىدا دەپ قويسام ، راست دەپ قاپتىمۇ دەيمەن .

— گەپنى ئۆزۈڭ قىلغان ، ۋاقتى كەلگەندە يېنىۋالساڭ بولمايدۇ جۇمۇ ، ئانا ، — دېدى پەزىلەت ، — گۈلناز يۈزى تۆۋەن ، ياۋاش قىز . ئىزا تارتقۇزۇپ يۈرمە يەنە .

— توۋا دېگىنە ، بۇنچىلىك قائىدىنى مەنمۇ بىلىمەن ، بالام . ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولۇپ قالسا ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئازراق تەييارلىق قىلىپ قوياي .

— نېمىگە تەييارلىق قىلىسەن؟ — سورىدى پەخرىئاي .

— گۈلناز قىز بۇ قېتىم مېھمان ئۇزىتىشىپ بەرگىلى كېلىپ قالسا ، ئۆتكەن قېتىمقىدەك قۇرۇق يولغا سېلىپ قويسام بولماس ، قائىدە بويىچە ئىززەت - ئابرۇيىنى قىلىپ كۆرۈملۈكىنى بېرەرمەن .

— شۇنداق قىل ، ئانا ، — دېدى پەرىدە ، — پەخرىدىنىڭمۇ كۆڭلى ئارام تاپسۇن .

— ۋاي ئانامەي ، نېمىدېگەن ئارقىمۇئارقا كەپلىشىپ كەلگەن جىق ئىشلار بۇ . مەيلى شۇنداق قىلاي . ئىككى قىزنى تالاغا چىقارغان يەردە ، بىرەر قىزغا ئىگە بولغاچ تۇرسام يامان بولماس .

— ھە ، ما گەپلىرى جايىدا بولدى ، خانىم ، — دېدى قادىر ئەپەندى .



ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى www.uyghurkitap.com

ئۇلار نانلىققا كېلىدىغان مېھمانلارنى قانداق ئۇزىتىش توغرۇلۇق يەنە مەسلىھەتكە چۈشۈپ كەتتى.

## 66

— بىردەم تۇرۇپ تۇرسىلا، قىزىم، — دېدى زۆھرە خانىم نانلىققا كەلگەن مېھمانلارنى ئۇزىتىپ بولغاندىن كېيىن كېتىشكە تەمشىلىپ تۇرغان گۈلنازنى توختىتىۋېلىپ.

ئەتىگەندىن بېرى زۆھرە خانىمنىڭ قىلغان باشقىچە يېقىنچىلىقىدىن خىجىل بولۇپ ئۆيىگە تېزرەك كېتىشكە ئالدىراپ تۇرغان گۈلناز يا مېڭىشنى، يا ئولتۇرۇشنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى، يۈرىكى ھاياجاندىن سىلىپ كەتتى. نانلىققا كەلگەن مېھمانلارنى ئۇزىتىشىپ بەرگىلى كەلگەن شاراپەت خانىم بىلەن گۈلسۈم خانىم گۈلنازغا قايتىدىن سەپسېلىشقا باشلىدى.

— بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرسىلا، قىزىم، — دېدى شاراپەت خانىم گۈلنازغا يېنىدىن جاي كۆرسىتىپ.

گۈلناز تارتىنغان ھالدا كېلىپ ئولتۇردى. زۆھرە خانىم گۈلنازنى توختىتىپ قويۇپ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتكەنىدى. پەرىدە گۈلنازغا بىر پىيالە چاي قۇيۇپ تۇتتى. ئۇنىڭغىچە پەخرىدىن بىر تەخسە قوغۇن بىلەن بىر تەخسە تاۋۇز ئېلىپ چىقتى.

— ھەرھالدا بۇ مېھمانلارنىمۇ خېلى جايىدا ئۇزىتىۋالدۇق، — دېدى قادىر ئەپەندى، — قېنى، تاۋۇزغا باقىلى، ھەربىرلىرىنى بەكلا ئاۋارە قىلىۋەتتۇق.

— ئۇنداق بولامدىغان، ئۆزىمىزنىڭ ئىشى تۇرسا، — دېدى گۈلسۈم خانىم بىر تىلىم تاۋۇزنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ.

— تويدىن نانلىق يامان دېسە، نېمە دېگەن گەپكىن دەپتىكەنمەن، — دېدى شاراپەت خانىم، — نانلىققا مېھمان ئاز كەلگەندەك قىلغان بىلەن، ئاۋارىگەرچىلىكى جىق. تۆت - بەش سائەت ئىچىدە يىگىرمە خىل تاماقنى جايىدا ئېتىپ، مېھمانلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئالدىغا بىر ـ بىرلەپ ئاچقىش ئاسان ئىش ئەمەس .

— شۇنداق ، — دېدى قادىر ئەپەندى ، — توي دېگەندە يوغان قازاندا پولۇ بىلەن قورداقنى ئېتىۋالساق ، كەلگەن مېھمانلارغا ئۇدۇللۇق قول سۇيى بېرىپ ، ئاش تارتىپ ئۇزىتىدىغان گەپكەن . قانداق پاتقاندۇ دەيمەن يىگىرمە خىل تاماق ئۇ ئايالالرنىڭ قورسىقىغا . بۇ ، مېھمان بولغۇچىغىمۇ ، ساھىبخانىغىمۇ ئوخشاشلا ئاۋارىچىلىك ئىشكەن . ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئېشىپ كەتسە ئۇچ ، بولمىسا بىر ـ ئىككى قازان تاماق بىلەن مېھمان ئۇزىتىدىغان ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالساق بولغۇدەك .

— قاچاندىن باشلاپ پەيدا بولدى ، بۇ قائىدە ، — دېدى گۈلسۇم خانىم ۋايساپ ، — بىزمۇ بىلىپ ـ بىلمەيلا بۇ قائىدىنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كەتتۇققۇتاڭ . ئىسراپچىلىقنى دېمىسىگەندىمۇ ، ئاۋارىچىلىكنى دېمەملا ، قادىر ئەپەندى .

— يىگىت تەرەپ نانلىقنىڭ تامىقىنى ئازراق قىلىڭلا دەپ ئېغىزلانمىسا ، قىز تەرەپكە ئامال يوق ـ دە ، — دېدى شاراپەت خانىم ، — ئەسلىدە بۇ ئىشنى ئوغلىمىز بالا ئۆزىمىزدىن باشلىساق ياخشى بولاتتى . خۇدايىم بۇيرۇسا ، جىيەن ئوغلۇمنىڭ نانلىقىدا قىزلىق تەرەپنى تۆتتىن ئارتۇق قازان ئاسقۇزماسمەنا .

— بىزمۇ پەخرىدىن بالامنىڭ نانلىقىدا شۇنداق قىلامىز ، — دېدى قادىر ئەپەندى گۈلنازغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ ، — گەپنى دەپ قويۇپ ، ئۆزىمىز باشلاپ بەرمىسەك بولمايدۇ .

گۈلناز قۇلايسىز بىر ئەھۋالدا يەرگە قاراپ ئولتۇرۇۋالدى . پەخرىدىن پىسىڭىدە كۈلۈپ قويدى .

شۇ ئارىلىقتا زۆھرە خانىم مېھمانخانىغا چىقتى ـ دە ، قولىدىكى پەتنۇسنى گۈلنازنىڭ ئالدىغا قويدى .

— ئەسلىدە باشقا بىر كۈنى قائىدىسىنى قىلارمەن دېگەن ، قىزىم ، — دېدى زۆھرە خانىم گۈلنازنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ، — ئويلاپ باقسام ، تازا توغرا بولمىغۇدەك . گەرچە بۈگۈن سىلىنى ئولتۇرغۇزۇپ ، ئۆز قولۇم بىلەن تاماق ئېتىپ

مېھمان قىلالمىغان بولسامىۇ ، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قائىدىسىنى قىلىۋېتەي ، دېدىم ، لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ ، قوبۇل قىلسىلا ، قىزىم .

گۆلنازنىڭ ئىككى مەڭزى ئاناردەك قىزىرىپ كەتتى .

پەتنۇستا بىرقۇر كىيىم ، بىر باشياغلىقى ، بىر تال ئالتۇن ئۈزۈك بار ئىدى .

— ئۇنداق قىلمىسىلىمۇ بولاتتى ، ئانا .

گۆلنازنىڭ ئاۋازى يىغلىغاندەك چىقتى .

قىز بولغۇسى قېيىنانىسىدىن كۆرۈملۈك ئالغاندىن كېيىن «ئانا» دەپ چاقىرىشى كېرەك ئىدى . گۆلناز ئانا دېگەن گەپنى قىزىرىپ ـ تەمتىرەپ تۇرۇپ دېدى .

— خىجىل بولمىسىلا ، قىزىم ، خۇدايىم بۇيرۇسا باشقا بىر كۈنى ئۆز قولۇم بىلەن تاماق ئېتىپ مېھمان قىلىۋالىمەن .

پەزىلەت پەتنۇستىكى نەرسىلەرنى گۆلنازنىڭ سومكىسىغا سېلىپ قويدى .

— مەن ماڭاي ، ئانا ، — دېدى گۆلناز ئورنىدىن تۇرۇپ .

— ماقۇل ئەمىسە ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — كەچ بولۇپ قاپتۇ ، ئۇتتۇۋالماي ، جىق ئاۋارە قىلدىم ، قىزىم .

گۆلناز خوشلىشىپ ئۆيدىن چىققاندىن كېيىن يەڭگىل نەپەس ئالدى . پەخرىدىن ئۇنى ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن بىللە چىققانىدى .

— پەخرىدىنجاننىڭ لايىقى ئوخشىمامدۇ ؟ — سورىدى شاراپەت خانىم .

— ئەجەب چىرايلىق قىزكەن ، — دېدى گۆلسۈم خانىم ، — كېلىنىڭمۇ ئاللىقاچان تەييار بولۇپ قاپتىكەن ـ دە ، سىڭىنىڭ .

— قانداق ، سىلەرگە يارىدىمۇ ؟

— ۋاي ، يارىمامدىغان ، — دېدى گۆلسۈم خانىم ، — ئەجەب تەلەيلىك جۇمۇ سەن . بالىلارنىڭ تويىنى نېمىشقا كېچىكتۈرۈپتىكىن دېسەم ، ئەسلىدە كۈيئوغۇلىمۇ ، كېلىنىمۇ بىر قوللۇق تاللاپسەن ئەمەسمۇ . ئۆزىمۇ ھەم چىرايلىق ، ھەم

قائىدىلىك ، ھەم قولى ئىشلىق قىزكەن ئۇ. كۇيئوغۇللىرىڭمۇ بىر ـ بىرىدىن ئېسىل يىگىتلەر ، تېخى .

— خۇدايىم بەرسە ، ئاشۇنداق قوشلاپ بېرىدىغان ئوخشايدۇ ، — دېدى زۆھرە خانىم ماختىنىپ ، — بولغۇسى كېلىن قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ بەك ئېسىل ئادەملەر ئىكەن . پەرىدە قىزىمنىڭ قېيىنانا ـ قېيىناتىسى دېھقان بولغىنى بىلەن ، شەھەرلىك مەن ـ مەن دېگەن بايلاردىن قېلىشمايدۇ . ماۋۇ قۇدىلىرىمىزغىمۇ گەپ كەتمەيدۇ . سودىگەر ئادەملەرنى بەكلا پەخسىق دەپ ئويلايتتىم . بۇگۇن نانلىقنى بەك جايىدا ئەكەپتۇ . قىلغان مېھماندارچىلىقىمىزغا رازى بولدۇم .

— ھاجى خېنىم ھالى چوڭ ، مەنمەنچى ئايالدەك كۆرۈنگىنى بىلەن ، ئادەمگەرچىلىككە كەلگەندىمۇ خېلىلا چوڭچى ئىكەن ، — دېدى شاراپەت خانىم ، — نانلىققا ئادەتتە بىر جۈپ ئالتۇن ئۈزۈك ئەكېلەتتى . بىر تال زەنجىرمۇ ياندۇراپتۇ .

— كېيىم ـ كېچەكلەرنىمۇ قوشلاپ ئەكەپتۇ ، — دېدى گۈلسۈم خانىم ، — ئىشقىلىپ ، خۇدايىم باللىرىمىزنىڭ بەخت ـ تەلىيىنى بەرسۇن . قانداق ئاداش ، بۇگۇن كۆڭلۈڭگە تىك كەلگۈدەك ئىشلار بولمىدىغۇ دەيمەن .

— ھەرھالدا ھاجى خېنىمنىڭ پەزىلەتنى چاقىرتىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇۋالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، باشقا ئىشلار ئۆز يولىدا بولدى . بىچارە قىزىم ، ئۇ ھاجى خېنىملارنىڭ ئارىسىدا خىجىل بولۇپ ، بىر چىشلەم بولۇپ كەتتىغۇ دەيمەن .

— ۋىيەي ، ئۇنى بىردېمە ، — دېدى پەزىلەت ، — دەس قوپۇپ قېچىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتىم . ئۇنى يېسىلە ، خېنىم ، بۇنى يېسىلە ، خېنىم ، دەپ زورلاپ كېتىشلىرى ، يېمەي دېسەم تېخى ، كۆڭلىگە كېلەمدىكىن دەيمەن . قورسىقىم ئېتىلىپ كەتكىلى ئاز قالدى .

— ئىشقىلىپ ، پايدىنى سەن ئالدىڭ ، — دېدى پەرىدە ، — قېيىناڭنىڭ يېنىدا كىرىلىپ ئولتۇرۇپ مېھمان بولدۇڭ ئەينا ،

بىز قازان بېشىدا ئۆمىلىگىنىمىز بىلەن، قورساقلىرىمىز ئېچىپ ئۆچەيلىرىمىز تارتىشىپ كەتتى.

ئولتۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئاغزىڭنى بىركىم تۇتۇۋالمىغاندىكىن، يېسەڭ بولمامدۇ، — دېدى پەزىلەت تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ.

— ۋاقىت چىقسا يەمىز، — دېدى پەخرىئاي، — ئەمدى قولۇمغا بىر قاچا ئاش ئېلىپ بولغۇچە، ئانام، مېھمانلار ئۇزاپ بولغاندىن كېيىن مېنى يېسەڭمۇ مەيلى، ماڭ، ئاچ پاقىلىق قىلماي ئىش قىل، دەپ تىللاپ كەتتى.

— خوپ بوپتۇ، — دېدى پەزىلەت، — كىم سېنى ئاچ پاقىلىق قىلسۇن دەپتۇ.

— ۋاي، بۇ هاجى خېنىملارغا هۆسلە قىلىپ تۇرمىسا تېخى بولمىغان. ئالسىلا - باقسىلا دەپ بولالماي ئاغزىمنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشۈپ كەتتى بولغاي.

— نېزىقاپ ئولتۇرۇشتىمىسىكىن دېسەم، داستىخان قۇپقۇرۇققۇ، — دېدى پەرىدە، — سېنى يالغۇزقان بولسا ئېشىپ قالاتتى.

— زەللە ئېلىشقا بىزدىن يەنىلا هاجى خېنىملار ئۇستىكەن، — دېدى شارايەت خانىم، — بىز ساھىبخانىنىڭ بەرگەن زەللىسىنىلا ئېلىپ ماڭىدىكەنمىز. ئۇلار تاماقنىڭ سۈيۈقىنى يەيدىكەن، قويۇقىنى ئايرىم زەللە قىلغاچ تۇرىدىكەن.

— شۇڭا، تۆردە ئولتۇرغان هېساب ئەمەس، زەللە ئالغان هېساب، دەيدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى قادىر ئەپەندى گەپكە ئارىلىشىپ، — ئىشقىلىپ، ئېلىپ كەتكىنى ياخشى بولدى. ئالمىغان بولسا، ئىسراپچىلىق بولاتتى.

— ئانىلىقنى قىلىپ بولغاندىكىن توينى كەينىگە سۈرمەڭلار ئەمدى، — دېدى گۈلسۈم خانىم، — ھەقىچان ئوغۇللۇق تەرەپمۇ ئالدىرىتىشى مۇمكىن.

— ئالىلىقاچان ئالدىرىتىپ بولدى، — دېدى زۆھرە

خانىم، — بايا ھاجى خېنىم قولۇمدىن تارتىپ ياتاق ئۆيگە ئەكىرىپ، جېنىم قۇدام، ئەلچىلىك بىلەن نانلىقنىڭ ئارلىقىنى بەك سوزۇۋەتتىلە، رەنجىگەن يەرلىرى بولسا چاي قويۇپ كۆڭۈللىرىنى ئالاي. تويىنى ۋاقتىدا قىلىۋېتەيلى، دەپ تاپىلاپ كەتتى.

— جايىدا گەپ قىپتۇ، — دېدى گۈلسۈم خانىم، — تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇۋېتەيلى.

— مەنمۇ شۇنداقراق ئويدا، — دېدى زۆھرە خانىم، — بايا خوشلىشىدىغان ۋاقتىدا ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدە خەۋەر بېرىمەن، ھەرقانچە ئالدىراش ئىشلىرى بولسىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ بەرسىلە. ئاۋۇ ئىككى خېنىمنىمۇ چوقۇم ئېلىۋالسىلا. باشقا ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يار، ئاغىنىلەرمۇ چالا قالمىسۇن، دەيدۇ.

— ئوغۇللۇق تەرەپنىڭ تويدىن ئاۋۋال قىزلىق تەرەپكە ئۆيىنى كۆرسىتىش قائىدىسى بار. مەيلى، ۋاقتى كەلگەندە خەۋەر قىلىڭلا، بىللە بارىلى، — دېدى شاراپەت خانىم.

— چايدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە خەۋەر قىلىپ قويسام قانداق بولا؟ — سورىدى زۆھرە خانىم.

— مېھمان بەك جىق بولۇپ كېتەمىكىن، — دېدى گۈلسۈم خانىم.

— جىق بولۇپ كەتمەس، — دېدى شاراپەت خانىم، — چايدىمۇ ناھايىتى ئون ئىككى ئادەم بارغۇ. سىلىنىڭ ئۆيدىكىلەرنى قاتساقمۇ يىگىرمە ئادەم بولمايدىكەنمىز.

— شۇنداق قىلايلى، ئەمىسە، — دېدى زۆھرە خانىم، — بىزنىڭ ماۋۇ ئادەمگە ھەمراھ بولۇشۇپ بەرگىلى ئىككىڭلار ئەرلىرىڭلانى ئېلىۋېلىڭلار. يىگىرمە ئادەم بىلەن يىگىرمە بەش ئادەمنىڭ ئانچە پەرقى يوق. يېزىدىكى قۇدىلىغىمۇ خەۋەر قىلىپ قوياي.

— ئۇنداقتا، بۈگۈنكى مېھماندارچىلىقىمىزنىڭ ئۆتىنىسىنى

ئالدىكەنمىز ـ دە ، — دېدى قادىر ئەپەندى .
— ئىككى مېهماندارچىلىق ئىككى ئىش ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — يالغۇزلا بارساق ، ئۇرۇق ـ تۇغقان ، ئەل ـ ئاغىنىلىرى يوق ئادەملە ئوخشايدۇ دەپ قالمىسۇن يەنە . ئاڭلىسام ، ئۇلىنىڭ ئىككى قەۋەتلىك داچا شەكىللىك ئۆيى بارمىش . كەڭتاشا مېهمان بولمامدۇق . تويىنىڭ ۋاقتىنىمۇ شۇ كۈنى بېكىتىۋېتەرمىز .
— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن ، بىز قايتايلى ، — دېدى شاراپەت خانىم بىلەن گۈلسۇم خانىم .
زۆھرە خانىم دوستلىرىغا بىــرمۇنچە رەھمەت ـ ھەشقاللا ئېيتىپ ئۇزىتىپ قويدى .
— نېمە قىلغانلىرى بۇ ، خانىم ، — دېدى قادىر ئەپەندى زۆھرە خانىمنىڭ دوستلىرى كەتكەندىن كېيىن ، — قۇدىلىرىمىز-نىڭ ئۆيىگە بىرمۇنچە مېهمان باشلاپ بارىدىغاننىڭ گېپىنى قىلىپ ئولتۇرىلىغۇ ؟ ئۇلار بىلەن رەسمىي قۇدا بولۇشمىغان تۇرساق ، سەت ئەمەسمۇ . ئېتىمنى نەگە باغلايمەن دېسە ، ئۆيگە كىرسىلە دېگەن تىلىمغا باغلىسىلا ، دېگەندەك ئىش بولۇپ قالمىسۇن يەنە .
— نــەدىكــى گەپــنى قىلىپ يــۈرىدىكەنــلا ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — خاتىرجەم بولسىلا ، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ . بابا ھاجى خېنىم بىلەن دېيىشىپ قويغان .
— دېيىشىپ قويدۇم دەملا ؟
— شۇنداق ، بابا ئۆيىگە بارغاندا گۈلسۇم بىلەن شاراپەتنىمۇ ئېلىۋېلىشىمنى تاپىلىغانتى . ئۇنداق بولسا ، بىللە چاي ئوينىغان ئون نەچچە دوستۇم بار ، ھەممىسىنى ئېلىۋالاي ، ئۇ ئىككىسىنىلا ئېلىۋېلىپ باشقىلارنى ئايرىپ قويسام كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋالىمەن دېۋىدىم ، ۋاي شۇنداق قىلسىلا ، بىرىمۇ كەم قالمىسۇن ، مەنمۇ شۇ باھانىدە ئۇ خېنىملا بىلەن تونۇشۇۋالاي ، دەپ كەتتى .
— شۇنداق دېسىمۇ ، ئۇنداق قىلساق بولماس .
— تازا بولىدۇ . ئەتىيازدا ئاپپاشا قىزىنى ياتلىق قىلىدىغان ۋاقتىدىمۇ قۇدىسىنىڭ ئۆيىگە چايدىكى ھەممەيلەننــى ئاپارغان .

www.uyghurkitap.com

ھېچنېمە بولمايدۇ . باھانىدە ئۇلارغا قۇدىمىزنىڭ ئۆيۋاقىنى كۆرسىتىپ قويىمىز . قانداقراق ئادەملەر بىلەن قۇدا بولغانلىقىمىزنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشسۇن . ماۋۇ بىنادىكى قوشنىلارنىمۇ ئېلىۋالمىساق بولمايدۇ ، تېخى .

قادىر ئەپەندى ئەمدى رەسمىي نارازى بولدى .

— قوشنىلارنىمۇ ئېلىۋالامدۇق ؟

— ھەئە ، ئەلۋەتتە ئېلىۋالىمىز ، — دېدى زۆھرە خانىم كېسىپلا ، — مېھمانلارنى ئۇزىتىمىز دەپ شۇلارنىڭ ئۆيىدە قازان ئاسقان تۇرساق . ئەمدى ئۇلارمۇ بىز بىلەن بىللە بېرىپ مېھمان بولۇپ كەلسۇن .

— قوشنىلىرىمىزغىمۇ قۇدىلىرىمىزنىڭ ئۆيۋاقىنى كۆرسىتىدىكەنمىز - دە ، — دېدى قادىر ئەپەندى مەسخىرىلىك كۈلۈپ .

— شۇنداق قىلماي بولمايدۇ ، ئۇلارمۇ قۇدىلىرىمىزنىڭ قانداقراق ئادەملىكىنى بىلىپ قالغىنى ياخشى .

قادىر ئەپەندى ئايالىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى .

— ئەھۋالدىن قارىغاندا ، ئابدۇساتتارجان ئەمدى كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ ، ئۆيۈڭگە كەتسەڭ ، ئېرىڭگە يېگۈدەك بىر نەرسە ئېلىۋالغىن ، قىزىم ، — دېدى زۆھرە خانىم .

## 67

پەخرىئاي رېستورانغا ئالدىراپ كىرىپ كەلدى - دە ، زالنىڭ چېتىدىكى ئۈستەلدە ئولتۇرغان دوستلىرىنى كۆرۈپ شۇ تەرەپكە ماڭدى .

— كەچۈرۈڭلار ، كېچىكىپ قالدىم ، — دېدى ئۇ قىزلار بىلەن يۈز يېقىشىپ كۆرۈشۈپ ، ئوغۇللارغا سالام قىلىپ .

— نېمانچە كېچىكىسەن ، — دېدى ئاتىللا رەنجىپ ، —

سائەتكە قاراپ باقە .
— ئاران بىر سائەت كېچىكتىمىز، — دېدى پەخرىئاي شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ .
— خىجىل بولساڭچۇ ، ئاران بىر سائەت دېگىنىنى ، — دېدى ئاتىللا ، — سەن ئۈچۈن بىر سائەت قىسقا ۋاقىت ئوخشىمامدۇ ؟
— بولدىلا ، سۆزلەپلا كەتتىڭغۇ ، ئاشۇنداق زۆرۈر ئىش چىقىپ قالدى شۇ .
— قانداق زۆرۈر ئىشكەن ئۇ ، — دېدى خانزاد ، — ھەرقانچە بولسىمۇ بىزدىن زۆرۈر ئەمەستۇ ، يەنە بىردەم كەلمىگەن بولساڭ ئاتىللا چوقۇم يىغلىۋەتكەن بولاتتى .
— ھېلىمۇ كۆزى تېشىلەيلا دەپ قالدىغۇ دەيمەن .
— يولۇڭغا تولا قاراپ بويىنىغا قوقاق تۇرۇپ قالدىمىكىن .
— بويۇنغا تۇرۇپ قالغان قوقاقنىڭ دورىسى ئاسان .
— پەخرىئاي بىر ۋارقىراپلا قوقاقنى قاچۇرۇۋېتىدۇ .
يىگىتلەر پەخرىئايغا گەپ قىلىشقا پۇرسەت بەرمەي بىرھازا چاقچاق قىلىشتى .
— پەزىلەت ئاچامنىڭ بولغۇسى قېيىنانىسى مېھمانغا چاقىرىپتىكەن ، ئانام پەقەتلا مىدىرلىغىلى قويمىدى ، — دېدى پەخرىئاي چۈشەندۈرۈپ ، — مېھماندارچىلىق ھېچ تاقايدىغاندەك ئەمەس . پەم بىلەن قېچىپ چىقتىم . كەچتە تېخى ئانامدىن تىل ئىشىتمىسەم بولدىغۇ .
— تۇغۇلغان ۋاقتىڭدا يىغلاپ تۇغۇلغان بولغىيدىڭ ، — دېدى پەرۇخ ، — ھېچقىسى يوق . يامىنى كەلسە ، بۈگۈنكى تۇغۇلغان كۈنۈڭدە يەنە بىر قېتىم يىغلارسەن شۇ .
— ئۇنداق دېمەڭلار ، پەخرىئاي يىغلىسا ئاتىللامۇ يىغلايدۇ .
— تايىنلىق ھازىرلا يىغلىۋېتەمسىلەريا .
بۈگۈن پەخرىئاينىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى .
— قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىڭلار ، قورساق ئېچىپ كەتتى . تورتنى كەلتۈرسۇن ، — دېدى نىلۇپەر .

www.uyghurkitap.com

يىگىتلەردىن بىرى ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ تولۇلىدى :

— تورت كەلتۈرۈلسۇن !

هايال ئۆتمەي كۆتكۈچى قىز ئۈستىگە بىرمۇنچە شام سانجىلغان تورتنى ئەكىلىپ ئۈستەلگە قويدى . شاملار پىل - پىل يېنىپ تۇراتتى .

— تۇغۇلغان كۈن ناخشىسىنى كىم ئوقۇيدۇ .

— پەخرىئاي ئوقۇسۇن .

— ياق ، ئاتىللا ئوقۇسۇن .

— ھەممەيلەن ئوقۇيلى ، بولمىسا .

— بولدىلا ، مەنلا ئوقۇي ، — دېدى پەرۇخ .

— ھە ، ئوقۇ ئەمىسە ، — دېيىشتى ھەممەيلەن .

پەرۇخ گېلىنى قىرىپ قويۇپ شوخلۇق بىلەن كۆزىنى قىستى .

ئەمدى تورتنى يەيمىز ،
ئەمدى تورتنى يەيمىز .
قورساق ئېچىپ كەتتى ،
ئەمدى تورتنى يەيمىز .

پەرۇخنىڭ قىزىقچىلىق قىلىپ ئوقۇغان ناخشىسىغا ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى .

— ماڭە نېرى ، مۇشۇمۇ ناخشا بولدىمۇ .

— چاقچاق قىلدىم دەپ ئېلەشتۈرۈپلا كەتتىغۇ بۇ ساراڭ ، قورساق ئېچىپ كەتكەندە .

— مەنمۇ سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلەردىكىنى ناخشا قىلىپ ئوقۇدۇم شۇ .

— بولدى قىلىڭلار ، مەن سىلەرگە ھەقىقىي تۇغۇلغان كۈن ناخشىسىنى ئوقۇپ بېرەي ، — دېدى ئاتىللا .

سورۇندىكىلەر جىم بولۇشتى .
— تېزرەك ئوقۇ ئەمىسە ، شاملار كۆيۈپ ، ئېقىپ كەتكىلى تۇردى .
ئاتىللا گېلىنى قىرىپ قويۇپ ناخشىنى باشلىدى .

تۇغۇلغان كۈنىڭىز مۇبارەك ،
گۈلگە قوندى كېپىنەك .
ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن ،
تولۇن ئاي ھەم يۇلتۇزدەك .[1]

ناخشا تۈگىشى ھامان ھەممەيلەن چاۋاك چېلىشتى .
— ھە ، مانا بۇنى ھەقىقىي ئۇيغۇرچە تۇغۇلغان كۈن ناخشىسى دەيمىز .
— مەنىسى ھەقىقەتەن چوڭقۇر كەن .
— ئاتىللامۇ يامان ئاداش جۇمۇ .
— قىزلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشنى بىلىدۇ .
— پەخرىئاي ، بولە ئاداش ، شامنى ئۆچۈرگىن .
پەخرىئاي كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ تىلەك تىلىگەندىن كېيىن شامنى پۇۋلەپ ئۆچۈردى .
— خان ، ماۋۇ تورتنى كېسىپ ئەكېلىپ بېرىڭ ، — دېدى ئاتىللا كۈتكۈچى قىزغا .
تورت كېلىپ بولغۇچە باشقىلار پەخرىئاينى يەنە چاقچاققا كۆمۈۋەتتى .
— پەخرىئاي ، بايا نېمىدەپ تىلەك تىلىدىڭ .
— ئاتىللا بىلەن ئۆزۈڭگە بەخت تىلىگەنسەن ، تايىنلىق .
— كىم بىلىدۇ ، ئاتىللا بىلەن تېزرەك توي قىلىشنى تىلىگەندۇ .

---

① بۇ شائىر ئابلىكىم ھەسەننىڭ شېئىرى .

— تىلىكىڭ ئىجابەت بولغاي ، ئىلاھىم .
— ھازىرلا نىكاھىڭلارنى ئوقۇپ قويامدۇقىيا ؟
— بىر جۈپ پەرزەنتلىك بولۇشىمۇ قوشۇپ تىلىگەنسەن
— ۋىيەي ، نېمانچە قېلىن بۇ تازلا .
— قۇلاققا خۇشياقاندۇ .
— ئۆتەپ بارە ، كۆزۈم سەتى .
— ھاي ، چاقچاقنى قويۇڭلا ئەمدى . كۈتكۈچىگە دەڭلا ، قورۇمىلارنى تېزرەك ئېلىپ چىقسۇن .

ھايال ئۆتمەي ئۈستەلگە قورۇمىلار تىزىلىشقا باشلىدى . ياشلار كۈتكۈچى كېسىپ ئەكېلىپ بەرگەن تورتنى ئازراقلا يەپ قويۇپ قايماقلىرىنى چاندۇرماي بىر ـ بىرىنىڭ يۈزىگە سۈۋاشتى . قورۇمىلار تولۇق چىقىپ بولغاندىن كېيىن يىگىتلەر پىۋا ، قىزلار مېۋە شەربىتى ئىچىشتى ، ئۆزلىرىنىڭ جۈپتىلىرى بىلەن تانسا ئويناشتى ، ئاندىن ھەممىسى بىرلىكتە ئۇسسۇلغا چۈشۈشتى .

— بولدى ، ئەمدى تارقايلى ، — دېيىشتى يىگىتلەرنىڭ مەست بولۇشقا باشلىغانلىقىنى سەزگەن قىزلار .

ھەممەيلەن پەخرىئاينىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى قۇتلۇقلاپ ، ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرىنى تەقدىم قىلىشتى .

— ئاتىللانىڭ سوۋغىتىنى ئاچە ، كۆرۈپ باقايلى ، — دېيىشتى كۆپچىلىك .

پەخرىئاي پال ـ پۇل قەغەزگە چىرايلىق ئورالغان قۇتىنى ئاچتى .

ئاتىللا پەخرىئايغا قىزىل ياقۇتتىن كۆز قويۇلغان يۈرەك شەكىللىك بۇلايكىسى بار ئاق ئالتۇن زەنجىر سوۋغا قىلغانىدى .

— بۇ سوۋغاتنىڭ ئۆزۈكى كەم بولۇپ قاپتۇ ، — دېدى خانزاد .

— ئۆزۈكنى رەسمىي توي قىلغاندا سوۋغا قىلىمامدۇ ، — دېدى پەرۇخ .

ياشلار رېستوراندىن كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن چىقىشتى ـ دە ، ئۆزلىرىنىڭ جۈپتىلىرى بىلەن تارقاشتى .

— تەييارلىقىڭ قانداقراق ؟ — سورىدى پەخرىئاي ئاتىللا بىلەن بىللە ماڭغاچ .

— قايسى تەييارلىقنى دەيسەن ؟

— ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇيدىغان ئىشنىڭ تەييارلىقچۇ ؟

— ئىدارە باشلىقى ، ئاۋۋال ئىمتىھاندىن ئۆتكىن ، ئاندىن بىرنېمە دەيلى ، دەيدۇ .

— تەييارلىقنى پۇختا قىل . ۋاقىت ئاز قالدى .

— تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باقاي . پەزىلەت ئاچاڭنىڭ تويى پات يېقىندا بولىدىغان ئوخشىمامدۇ ؟

— ھەئە ، كېلەر ھەپتىدە بولارمىكىن .

— ھەقىچان باغاق تارقىتىشىپ بېرىمەنغۇ دەيمەن .

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىسەن ـ دە .

يىگىت قىزنىڭ قولىنى پەم بىلەن تۇتتۇۋالدى ، ئەمما قىز سىلىق ، ئەمما قەتئىيلىك بىلەن سىلكىۋەتتى .

— ئەدەپ بىلەنرەك ماڭ .

— قاراڭغۇ تۇرسا ، كىم كۆرەتتى .

— بىركىم كۆرۈپ قالمىسىمۇ ئۇنداق ماڭساق سەت تۇرىدۇ .

يىگىت ئىلاجسىز جىم مېڭىشقا مەجبۇر بولدى .

— خوش ، ئەمدى سەن قايتىپ كەت .

يىگىت بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى . ئۇلار پەخرىئاينىڭ ئۆيى جايلاشقان قورۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانىدى .

— ئەجەب تېزلا كېلىپ قاپتىمىز ، — دېدى يىگىت ، — يەنە بىردەم ئايلانمامدۇق .

— سەنمۇ ئارام ئالغىن .

— قاچانغىچە يوللاردا ئەركىن ـ ئازادە ماڭالماي ئۆتەرمىز ـ ھە .

پەخرىئاي پىسىڭغىدە كۈلۈپ قويۇپ قورۇغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى .

## 68

تويغا كەلگەن ئەر مېھمانلارنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئۇلگۇرۇپ ، دوستلىرى بىلەن مەرىكە زالىغا يېتىپ كەلگەن زۆھرە خانىم ئۆزى قول تىقىپ ئۇستەللەرنى رەتلەشكە كىرىشتى .

— ماڭا قايلا ، ئاداش ، — دېدى گۈلسۈم خانىم زۆھرە خانىمنى بىر يانغا تارتىپ ، — سەن دېگەن توي ئىگىسى . بۇنداق ئۇششاق ئىشلارنى بىزگە قويۇپ بە . كەم قالغان ئىشلارنى بۇيرۇساڭلا بولدى . بۇنداق ئىشلارنى زالنىڭ خىزمەتچىلىرى قىلىدۇ .

— بىر چەتتە قول قوشۇشتۇرۇپ تۇرسام قانداق بولىدۇ ، جېنىم ئاداش ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — ھېلىمۇ سىلەرنى مېھمان بولۇڭلار دەپ چاقىرىپ قويۇپ بىرمۇنچە ئىشلارغا سېلىۋەتتىم .

— ئۇنداق دېمە ، ئاداش . بۇمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىشى ، — دېدى مەرەمنىسا خانىم ، — مەن قىزلارنى بۇيرۇپ ئۇستەللەرگە تاتلىق - تۇرۇملارنى تىزغاچ تۇراي . سەن خاپا بولماي پەخرىدىنگە دەپ قويساڭ ، قوغۇن - تاۋۇزلارنى سەل كېچىكرەك پىچقان بولسا بوپتىكەن .

زۆھرە خانىمنىڭ دوستلىرى ، پەرىدە ، پەزىلەتلەرنىڭ دوستلىرى ھەم مەرىكە زالىنىڭ كۈتكۈچىلىرى ئۇستەللەرگە ھەر خىل قورۇق ، ھۆل يەل - يېمىشلەرنى ، پېچىنە - پىرەنىكلەرنى ، ساڭزا - پوشكاللارنى تىزىشقا باشلىدى .

— قىزىم ، قايماق بىلەن كۆپە ئۇنتۇلۇپ قالمىغاندۇ - ھە ، — دېدى زۆھرە خانىم پەخرىئايغا .

— ئۇنتۇپ قالمىدۇق ، — دېدى پەخرىئاي .



www.uygurkitap.com

— نەچچە كۆپە ئەكەلدىڭلا ؟
— تۆتنى ئەكەلدۇق .
— ھەممىسى تەتلىلا كۆپە بولغاندۇ .
— ھەئە ، تۆتىلىسى تەتلىلا كۆپە بولدى .
— ماقۇل ، ئىشىڭنى قىلىۋە . بەك نېرىغا كەتمە . پەزىلەت ئاچاڭنىڭ قېشىغا كىرىۋالمىساڭمۇ بولا . ئىزدىسەم تاپالماي قالماي يەنە . قۇلىقىڭ مەندە بولسۇن .
— قايماق بىلەن كۆپىنى قانداق قىلىسەن؟ — سورىدى شاراپەت خانىم ، — شۇنچىۋالا مېھمانلارغا ئەتكەنچاي قىلىپ يۈرمەسمىز ھەقىچان .
— ئەتكەنچايغۇ قىلمايمىز ، چۈشتە قۇدامنىڭ ئايال مېھمانلىرىغا قايماق يېگۈزىدىكەنمىز .
— قايماق يېگۈزىدىكەنمىز ؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدى ئايشەم خانىم ، — ئەجەب كۆرمىگەن قائىدىكىنە بۇ .
— نەنىڭ قائىدىسىكەن بۇ ؟ — سورىدى رىزۋان خانىم .
— ئاشۇ ھاجى خېنىم قۇدامنىڭ پەتىۋاسى بولمامدۇ ، — دېدى زۆھرە خانىم چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ، — باشلاپ كەلگەن خېنىملارغا بىر قوشۇقتىن قايماق يېگۈزمىسەك بولمايمىش .
— توۋا ، — دېدى شاراپەت خانىم ، — بۇ ھاجى خېنىملارنىڭغۇ تاپمايدىغان ئىشى يوق خەق زادى .
— ئەمىسە كۆپىلەرنى نېمىگە ئىشلىتىسەن؟ — سورىدى گۈلسۇم خانىم .
— قۇدام بىلەن كۈيئوغلۇمنىڭ تېگىگە سېلىپ بېرىمەن ، — دېدى زۆھرە خانىم .
— ئارتۇقچە ئىش قىپسەن ، ئاداش ، — دېدى ئايشەم خانىم — مەرىكە زالىدىكى ئورۇندۇقلارغا كۆپە قاملىشامدۇ ؟
— قاملاشمىسا ، ئۆزلىرى قاملاشتۇرۇپ سېلىپ ئولتۇرا ، — دېدى زۆھرە خانىم .

www.uyghurkitap.com

— ئورۇندۇقتا كۆپە سېلىشمۇ هاجى خېنىمنىڭ پەتىۋاسىمۇ؟

— شۇنداق بولماي ئەمىسە، — دېدى زۆهرە خانىم تېرىكىپ، — چاققا چورۇق ئاسقاندەك ئۇنداق ئىشنى مېنى ئويلاپ تاپقان ئوخشايدۇ دەپ قالغان ئوخشىمامسەن.

— يۇمىلاق شىرەنىڭ چۆرىسىگە قويغان ئورۇندۇقلارغا كۆپىنى قانداقمۇ قاملاشتۇرۇپ سالغىلى بولا. تازىمۇ ئىغىلغا زەدىۋال تۇتقاندەك ئىش بولدى - دە، بۇ.

ئايالىلار پاراققىدە كۇلۇشۇپ كەتتى.

هەئە، قايماق بىلەن كۆرپە ئايسىما هاجى خېنىمنىڭ زۆهرە خانىمغا قويغان تەلىپى ئىدى. ئاشۇ كۇنى ئىككى قۇدا تويىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەسلىهەتىنى قىلىشىپ چىۋىنىنىڭ قانىتىچىلىك قىزىرىشىپ قالدى.

— قۇدا كۆپىسى بىلەن يىگىت كۆپىسىنى تەتىللادىن تەييارلىمىسىلا بولمايدۇ، قۇدام، — دېدى ئايسىما هاجى خېنىم، — كۆپە يىگىتنىڭ قولداشلىرىمۇ هەم قۇدا هەمراهلىرىمۇ ئازادە ئولتۇرغۇدەك بولسۇن.

— مەرىكە زالىدىكى ئۇستەللەرگە كۆپە سالساق قاملىشامۇ هاجى خېنىم، — دېدى زۆهرە خانىم بۇ تەلەپنى سەل ئارتۇقچە كۆرۈپ، — كۆپە دېگەن كاتسۇپىغا قاملىشاتتى.

— سىلى - بىز بولغاندىكىن قاملاشتۇرىمىز، قۇدام، — دېدى ئايسىما هاجى خېنىم گېپىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ، — دوست - دۇشمەننىڭ ئالدىدا قۇدا بىلەن يىگىت كۆرپىسىز ئولتۇرسا سەت تۇرا، هەقىچان.

— ئۇنداق بولسا كۆپە تەييارلايلى، — دېدى زۆهرە خانىم خالىمىسىمۇ ئارتۇقچە تالاشقۇسى كەلمەي.

— كۆپە چوقۇم تەتىللادىن بولسۇن، — دېدى هاجى خېنىم يەنە جېكىلەپ.

بۇ گەپ زۆهرە خانىمنىڭ نېرۋىسىغا خۇددى هەرە چاققاندەك

تەگىدى .

«بۇ نېمە دېگىنى ماۋۇ خوتۇننىڭ ، مەن مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ بىلمەسمەنمۇ ؟ ئادەمنى كالۋا چاغلاۋاتامدۇ ياكى هاجى خېنىملىقنى پەش قىلىۋاتامدۇ ...»

— ماقۇل ، بازاردىن تاپالىسام ئالتۇندىن كۆپە قىلارمەن ، ئارىسىغا ماۋۇق ئېلىپ تازا ، — دېدى زۆھرە خانىم زەردە بىلەن .

ئايسىما هاجى خېنىم زۆھرە خانىمنىڭ قىلغان تەنىسىنى بىلمىگەن بولۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى .

— هە راست ، بىر لېگەن قايماق تەييارلاپ قويالا ، قۇدام .

— قايماقنى نېمىگە ئىشلىتىمىز ؟ — دېدى زۆھرە خانىم ، — گەپنى ئوچۇق دەپ قوياي . شۇنچىۋالا مېھمانلارغا ئەتكەنچاي قىلىش بەكمۇ ئاۋارىگەرچىلىكى جىق ئىش جۇمۇسىلا .

— يوقسۇ ، ئەتكەنچاي قىلمايمىز . ئەمما ، مەن بىلەن كېلىن يۆتكەشكە كەلگەن هاجى خېنىملارغا ۋە باشقا ئايال مېھمانلارغا بىر قوشۇقتىن قايماق يېگۈزىلا .

— بىر لېگەن قايماقنىڭغۇ كارى چاغلىق ، قۇدام ، — دېدى زۆھرە خانىم «قۇدام» دېگەن سۆزنى ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن ئاتاپ ، — بىراق شۇنچىۋالا مېھمانلارغا قايماقنى قانداق يېگۈزۈپ بولغىلى بولا .

— بۇ ئاسان ، — دېدى هاجى خېنىم ، — لېگەندىكى قايماققا تۆت - بەش قوشۇق سېلىپ مەركە زالىنىڭ ئىشىكى تۇۋىدە تۇتۇپ تۇرىلا . مېھمانلار قايماقنى بىر قوشۇقتىن ئېلىپ يەپ زالغا كىرىدۇ .

— بوپتۇ ، ئەمىسە شۇنداق قىلايلى ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — بىراق ، مەن ئىشىك تۇۋىدە قايماق تۇتۇپ تۇرالمايمەن . باشقا ئادەم ئورۇنلاشتۇراي .

— ئادەم ئورۇنلاشتۇرسىلىمۇ مەيلى ، — دېدى هاجى خېنىم سەل نارازى بولۇپ ، — بىراق قايماقنى كىچىك قىزلارغا تۇتقۇزۇپ

قويمىسىلا . ئۆزلىرى بىلەن تەڭ ياشلىق خېنىملاردىن بىرى قايماق يېگۈزسۇن .

«نېمانداق قائىدىسى جىق خوتۇن بۇ . بوپتۇ ، شۇنچە ئىشقا چىدىغاندىكىن ، بۇنىڭغىمۇ چىداي . باشلاپ كەلگەن مېھمانلىرىنىڭ ئالدىدا يۈز - ئابرۇيىنى قىلغىنىم بولۇپ قالسۇن»

— قايماقنى ئىمكان بار جىقراق تەييارلاپ قويىمەن ، قۇدام . لېكىن ، ئايال مېھمانلارنىڭ ھەممىسىگە يەتمەي قالسا رەنجىپ قالىدىغان ئىش چىقماس - ھە .

— يوقسۇ ، قىرىق - ئەللىك مېھمانغا يەتسىلا بولىدۇ ، — دېدى ئايسىما ھاجى خېنىم ، — ھە ، يەنە بىر ئىش . توي كۈنى كېلىن قىزىمنى يۆتكىگىلى ماڭغاندا خەۋەر بېرىۋېتىمەن . «قۇدا كەلدى» دېگەن خەۋەر يېتىپ بېرىشى ھامان ، چوڭ يولدىن مەرىكە زالىغا قايرىلىدىغان يول ئېغىزىغا قارشى ئالغىلى ئالدىمغا چىقمىسىلا بولمايدۇ .

ئەمدى زۆھرە خانىمنىڭ سەۋر قاچىسى يېرىلدى .

— تايىنلىق مەرىكە زالىنىڭ ئىشىكىدىن چوڭ يولنىڭ ئېغىزىغىچە زىلچىدىن پايانداز سالمايمەنمۇ ، قۇدام ، — دېدى زۆھرە خانىم تەنە قىلىپ .

ئەمدى ئايسىما ھاجى خېنىمنىڭمۇ قاپىقى تۈرۈلدى .

— بۇ نېمە دېگەنلىرى ، قۇدام ، بىر - بىرىمىزنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى قانچىلىك قىلىشساق ئەرزىيدۇ جۇمۇسىلا . يامان گەپ قىلمىغاندىمەن .

— ۋاي ، بەك جايىدا گەپ قىلدىلا ، — دېدى زۆھرە خانىم بويىندا شاپتۇل قېقىپ ، — ئويلاپ باقسىلا ، مەرىكە زالىنىڭ ئالدىدىن چوڭ يولنىڭ ئېغىزىغىچە ئۈچ يۈز مېتىردىن كەم كەلمەيدۇ . مەن شۇنچە يەردىن سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا پالاقلاپ بېرىپ ، باشلاپ كەلگەن مېھمانلىرى بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ ، ئەھۋال سورىشىپ بولغۇچە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتىدۇ .

تويغا مېنىڭمۇ چاقىرغان بىرمۇنچە مېھمانلىرىم تۇرسا. ئۇلارنىڭمۇ ئالدىغا كۆرۈشكىلى چىقىپ، يانسا ئۈزىتىپ كۇتمىسەم بولماس. سىلى بىر يانغىلا چىقىۋېلىپ گەپ قىلسىلا قانداق بولىدۇ. بۇ تويغا ئىككىلىمىز ئوخشاش ساھىبخانا، قۇدام. كۆڭۈللىرىگە كەلسىمۇ دەپ قوياي، مەن مەرىكە زالىنىڭ ئالدىغىلا سىلى بىلەن كۆرۈشكىلى چىقىمەن، چوڭ يولنىڭ ئېغىزىغىچە بارالمايمەن.

— بوپتۇ ئەمىسە، قالغىنىنى ئۆزلىرى بىلەلا، — دېدى ئايىسىما ھاجى خېنىم ئانچە قايىل بولماي.

— نېمانچە غەم قىلىپ كېتىسەن، ئاداش، — دېدى گۇلسۇم خانىم زۆھرە خانىمنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ، — روھلۇقراق تۇرە مۇنداق. كۆپىنىغۇ ئورۇندۇققا بىر ئامال قىلىپ ئەپلەشتۇرەرمىز، لېكىن شۇنچە جىق مېھمانلارغا قايماقنى قانداق يېگۈزىمىز.

— ھە راست، بۇمۇ بىر ئىش بولدىغۇ ئەمدى.

— بىرىمىز زالىنىڭ ئىشىكى تۈۋىدە قايماق لېگىنىنى تۇتۇپ تۇرىدىكەنمىز، — دېدى زۆھرە خانىم چۈشەندۈرۈپ، — مېھمانلا قوشۇقتا ئۆزلىرى ئېلىپ يەيدىكەن.

— تازىمۇ بىر كۈلكىلىك ئىشكەنغۇ بۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قوشۇقنى نەچچە ئادەم يالاپ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرۇپ. ئۇنداق بولسا بىرىمىز قايماق يېگۈزۈشكە مەسئۇل بولايلى.

— بولدىلا، قايماق يېگۈزۈشكە مەنلا مەسئۇل بولاي. كىمكى ئاچ پاقىلىق قىلىپ جىقراق يەۋالىمەن دېسە، ھەرگىز يېگىلى قويمايمەن، — دېدى گۇلسۇم خانىم قىزىقچىلىق قىلىپ.

زۆھرە خانىم دېگىنىنى قىلدى. قۇدىسى ئايىسىما ھاجى خېنىم بىلەن مەرىكە زالىنىڭ ئالدىدا يۈز يېقىشىپ تۇرۇپ كۆرۈشتى، ئەمما ئايىسىما ھاجى خېنىمنىڭ قولىغا ئۆز قولى بىلەن سۇ بەردى. مەخسۇس قۇدىسى ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان يېڭى لۆڭگىنى تۇتتى. گۇلسۇم خانىم تۇتۇپ تۇرغان قايماققا ئاۋۋال ئايىسىما ھاجى خېنىم ئاندىن باشقا ئاياللار بىر قوشۇقتىن ئېغىز تېگىشتى. زۆھرە خانىم

ئايىسىما ھاجى خېنىمنى قۇدا كۆرپىسى سېلىنغان ئۇستەلگە باشلىدى ، ئۆز قولى بىلەن سىنچاي تۇتتى . شۇنىڭ بىلەن قۇدا كۇتۇش پاتىپاراقچىلىقى باشلاندى .

ھايال ئۆتمەي ناغرا ـ سۇنايلارنى چېلىشىپ ، «يار-يار» توۋلاپ ئۇسسۇل ئوينىشىپ يىگىت كەلدى . مەركە زالىنىڭ يېرىمىدا ئايال مېھمانلار ، يېرىمىدا يىگىتلەر جاي ئېلىشتى .

— گۆلچېۋەر خېنىم ، — دېدى ئايىسىما ھاجى خېنىم چوڭ قىزىنى يېنىغا توۋلاپ ، — ئاستا بېرىپ قايلاپ باقسىلا ، قۇتلۇقجان ھاجىم غوجامنىڭ تېگىگە يىگىت كۆپىسى سالدىمىكىن .

— كۆپە ساپتۇ ، ئانا ، — دېدى قىزى ئىنىسى ئولتۇرغان ئۇستەلگە قاراپ كەلگەندىن كېيىن ، — قەنت ـ گېزەك ، ئۇششاق ـ چۇششەكلەنمۇ كەڭ تاشا تىزىپتۇ .

— باشقا ئۇستەللەگىچۇ ؟

— باشقا ئۇستەللەگىمۇ كەڭرى تىزىپتۇ .

— ماڭا قايلىسىلا ، قىزىم . ئۇنتۇپ قالمىسىلا ، ھېلى ساندۇق ئاچقاندا ، بىزنىڭ تويلۇق ئەكەلگەن ساندۇقىمىزنىلا ئاچماي ، كېلىن خېنىمنىڭ ساندۇقىنىمۇ ئاچسۇن .

— ئۇنداق قىلمىساقمۇ بولا ئانا .

— ئۇنداق دېمىسىلە . ئاچمىساق زادى بولمايدۇ . كېلىن خېنىمنى ئاشۇ تۇرقى بىلەن يولغا سېلىپ قويغان ئوخشايدۇ ، دەپ قالمىسۇن مېھمانلا . ھە ، راست ، ھاجىم دادىلىرى ئولتۇرغان ئورۇندۇققىمۇ كۆپە ساپتىمۇيا ؟

— دادامنىڭ تېگىگىمۇ كۆپە ساپتۇ .

ئايىسىما ھاجى خېنىم خاتىرجەم بولغان ھالدا قېشىدا ئولتۇرغان ھاجى خېنىملار بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى .

— قۇدا ئېشى بىلەن يىگىت ئېشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىڭلا ، مېھمانلارنىڭ چېيى ئۆكسۈپ قالمىسۇن . ئۇستەللەردىكى شۆپۈك ـ شالتاقلانى تازىلاپ تۇرۇڭلا ، — دەپ توختىماي

جېكىلەيتتى زۆھرە خانىم .

قادىر ئەپەندى بولسا ئەر قۇدىسى بىلەن ئولتۇرۇپ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى . يىگىتلەر ئولتۇرغان ئۆستەلدىن پات - پات كۈلكە كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى . سازەندىلەرنىڭ ناخشىسىغا تەڭكەش قىلىپ شوخ يىگىتلەر توختىماي ئۇسسۇل ئوينايتتى .

توي ئۆز تەرتىپى بىلەن ھېچقانداق ئېگىز - پەسچىلىك بولماي چىرايلىق ئاخىرلاشتى . پەزىلەتنى ماشىنىغا سالىدىغان چاغدا زۆھرە خانىم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى . ھەئە ، زۆھرە خانىم پەرىدەنىڭ تويى بولغان كۈنى بۇنچىلىك يىغلىمىغانىدى .

— سەۋر قىلسىلا ، قۇدام ، — دەپ تەسەللى بەردى ئايسىما ھاجى خېنىم ، — ئارىلىقى يېقىن بولغاندىكىن ، خېنىم قىزىم پات - پات سىلىنىمۇ يوقلاپ تۇرىدۇ . سىلىنىڭ كۆزلىرىدە كۆرۈپ بالا قىلىۋالىمەن ، خۇدايىم بۇيرۇسا .

— توي جەريانىدا ئېگىز - پەس گەپ - سۆز ئۆتۈلۈپ قالغان بولسا كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا ھاجى خېنىم ، — دېدى زۆھرە خانىم كۆڭۈل قويۇپ ، — قىزىمنى ئاۋۋال خۇدايىمغا ، ئاندىن قالسا سىلىگە تاپشۇردۇم .

— رەھمەت ، خۇدايىم شۇ بالىلىرىمىزنىڭ بەختىنى بېرە ، بېشى باش ، ئايىغى تاش بولا .

توي ئەھلى دۇئا بەرگەندىن كېيىن ناغرا - سۇناي ساداسى ئىچىدە قىزنى كۆچۈرۈپ كېتىشتى .

## 69

— ئەجەب ۋاخچە قالدىڭلارغۇ ، — دېدى زۆھرە خانىم ناشتىلىق ئاپىرىپ يانغانلارغا ، — بەك مېھمان قىلىۋەتتىمۇ ياكى باشقا ئىش چىقىپ قالدىمۇ ؟

— پەزىلەتنىڭ قېيىنانىسى ماڭغىلى قويمىدى ، — دېدى

www.uyghurkitap.com

پەرىدە .

— ۋاي ، ئۇنى بىر سورىسىما ، ئاداش ، — دېدى گۈلسۇم خانىم ، — سىنىڭ ئۇ ھاجىم خېنىم قۇداڭ گەپتىمۇ بار ، ئىشتىمۇ بار ، ئادەمگەرچىلىكتىمۇ بار ئايالكەن ئەمەسمۇ . ماڭغىلى قويامدىغان ، كانىدەك بىر چاپلىشىۋالغانتى ، ئاخىر رايىغا باقماي بولمىدى .

— بەشىمىز ئۇچۇن بەش قازان ئاستى دېگىنە ، — دېدى رىزۋان خانىم ، — ئاخىرى مانا ئەمىسە دەپ ، ھەممە تامىقىنى يەپ ئاندىن ماڭدۇق .

— ھەربىرىمىزنىڭ ئالدىغىمۇ خېلى جايىدا ئادەمگەرچىلىك قويدى ، — دېدى شاراپەت خانىم .

— توي كۈنىسى قۇدامنىمۇ ، سىلەرنىمۇ خىزمەتكە سېلىپ بەك ھاردۇرۇۋەتتىم ، دەپ بىرمۇنچە ھۆسىلە قىلدى تېخى ، — دېدى ئايشەم خانىم .

— سىنىڭ چىللاق - قىچقىرىقنى قىلمايلى دېگەن سۆزۈڭنى يەتكۈزسەك ، قۇدام شۇنداق ئويلىغان بولسا بوپتۇ ، بىراق قۇدام توي كۈنى بىزنى كۈتىمەن دەپ بەك ھېرىپ كەتتى ، ھاردۇق سورىۋالمىسام بولمايدۇ ، خاپا بولماي يەتكۈزۈپ قويۇشسىلا . ئەتە چۈشكە ئەللىك ئەتراپىدا مېھمان ئېلىپ كەلسۇن . بىر پىيالە چاي قۇيۇۋالاي ، دەيدۇ .

— بۇ چىللاق قىلىمىز دېگىنى بولماي نىمە ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — گېپىنىڭ چىرايلىقلىقىنى قارىمامدىغان .

— ھە راست ، ھاجى خېنىم يەنە ، ئەتكى مېھماندارچىلىق چىللاقنى ھېساب ئەمەس ، قۇدامغا بىلدۇرگەن ئاددىي كۆڭلۈم دەپ چۈشەندۇرۇپلا كەتتى ، — دېدى شاراپەت خانىم ، — ئەھۋالدىن قارىغاندا ، سەن قىچقارمىساڭمۇ بولىدىغان ئوخشايدۇ .

— بىز مېھمان بولۇپ بېرىپ ، ئۇلانى قىچقىرىپ قويمىساق سەت تۇرىدۇ . ئۆيىمىز تاچىلىق دەپ ، چىللاق - قىچقىرىقنى

قىلمايلى دېگەنىدىم . ئۇنىڭ ئۈستىگە زىيادە ئاۋارىچىلىك دەڭلا بۇ . پەردە قىزىمنىڭمۇ چىللاق - قىچقىرىقىنى قىلمىدۇقمۇ ، ئەينا . بولدىلا ، ھېلىغىچە تېلېفوندا سۆزلىشىپ باقاي .

— مەيلى شۇنداق قىل بولمىسا . چىللاق - قىچقىرىق قىلىش شەرت ئەمەسقۇ . يىغىنچاقلاشقا تېگىشلىك قائىدە - يوسۇنلارنى يىغىنچاقلاش كېرەك ، — دېدى شاراپەت خانىم .

— كۈيئوغلۇڭ سالامغا كېلىپ بولدىمۇ ؟ — سورىدى ئايشەم خانىم .

— نە ۋاخ . سىلەر كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا كەپتىكەن . دوختۇرخانامدا كېسەل بار ئىدى ، تونۇگۇن توي بىلەن بولۇپ يوقلىيالمىدىم ، يوقلىۋەتمىسەم بولمايدۇ دەۋاتقان . ھەقىچان دوختۇرخانىدىمىكىن .

— كۈيئوغلۇڭغا دەپ بىزنىڭمۇ ھۆسنىمىزنى تۈزەتكۈزۈپ قويارسەن - ھە ، ئاداش . داۋالاش ھەققىنى ئەرزانراق ئالسۇن ، — دېدى ئايشەم خانىم .

— بۇنىڭدا چاتاق يوق . ۋاقتى كەلگەندە ئۆزۈم باشلاپ بارىمەن . تېخنىكىسى شۇنداق يۇقىرى . ياشلىقىڭلىغا يېنىپ قالىسىلەر .

— شۇنى دەيمەن . سەن شۇ تاپتا قىزلىرىڭ بىلەن ئاچا - سىڭىلدەكلا بولۇپ قاپسەن ، ئەينا .

ئاياللار يەنە بىردەم تاغدىن - باغدىن سۆزلەشكەندىن كېيىن قايتىشتى .

شۇنداق قىلىپ ، زۆھرە خانىمنىڭ كاجلىق قىلىپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن توينىڭ چىللاق - قىچقىرىقى بولمىدى .

— پەزىلەت قىزنىڭ ئۆي مارىكىنى قانداق قىلىمىز ؟ — سورىدى قادىر ئەپەندى بىر كۈنى .

— قاچان ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بەرسە ، شۇ چاغدا قىلىمىز ، — دېدى زۆھرە خانىم .

— ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بەرمىسچۇ ؟
— ئۇنداقمۇ قىلماس ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — يامىنى كەلسە قۇدامغا ئۆزۈم دەمەن .
— ئەڭ ياخشىسى ، سىلى ئارىلاشمىسىلا .
— نېمىشقا ئارىلاشمىغۇدەكمەن . ھاجى خېنىم ماڭا ئۆز ئاغزى بىلەن ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بېرىمەن ، دېگەن . ئۆي ئايرىپ بەرسە ئۆزىگىمۇ ، بالىلارغىمۇ ياخشى .
— ئىشقىلىپ ، بەك قىستىمىسىلا .
— بۇنچىلىك ئىشنى مەنمۇ بىلىمەن . بۇ ئىشتا مېنىڭ باشقىچە ئامالىم بار . بالىلارغا ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بەرسە ، قىزىمىزغا ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بەردى دەپ خەقلىنىڭ ئالدىدا بېشىمىزنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يۈرمەمدۇق . ھەقىچان پەرىدەلەرنىڭ ئۆيىدىنمۇ چوڭراق ئۆي ئېلىپ بېرەرمىكىن ئۇلارغا . ئىشقىلىپ بەش - ئالتە ئاي قاراپ باقامدۇق .
— مۇھىمى ، بالىلار كېلىشىپ قالسا بولدى ، — دېدى قادىر ئەپەندى .

## 70

— تاماق ئەتمىلىمۇ ، خانىم ، — سورىدى قادىر ئەپەندى ئىشتىن كېلىپ ، پەرداز قىلىپ ئولتۇرغان زۆھرە خانىمغا قاراپ ، — بىرەر مېھماندارچىلىققا باراي دەپ قويپتىلىمۇ نېمە .
— ھېلىقى ئۇيناۋاتقان چاينىڭ نۆۋىتى مېھرىنىساغا كەلگەن . بۈگۈن چاينى بېرىۋەتسەم دەپ قوپۇپتىكەن ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — پەخرىئاينىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولدى ، تاماقنى شۇ ئېتىپ بەرگەچ تۇرسۇن .
— قورساق بىلەن تازا كارىلىرى بولمايۋاتىدۇ جۇمۇ ، خانىم ، مۇشۇ كۈنلەردە ، — دېدى قادىر ئەپەندى ، — ئىلگىرى ئۈچ ۋاخ

تاماق تەييار بولۇپ تۇرىدىغان بۇ ئۆيدە ھازىر قورساقتىن غەم قىلىدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ كىشى.
— خاپا بولمىسىلا، — دېدى زۆھرە خانىم، — قورساقلىرى بەك ئېچىپ كەتكەن بولسا، پەخرىئايغا قارىماي ئۆزۈڭلا تاماق ئېتىپ بېرەي ئەمىسە. ئانچە زۆرۈر چايمۇ ئەمەس ئۇ. كېچىكىپ قالسامۇ بىر قېتىم بارسام ھېساب. يامىنى كەلسە، كېچىكىپ قالدىڭ دەپ غوتۇلدىشا شۇ.
زۆھرە خانىم تاماق ئېتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.
— بولدى، چايلىرىغا بېرىۋەسىلە، — دېدى قادىر ئەپەندى، — كۈندە ئوينايدىغان چاي ئەمەسقۇ ئۇ. ئايدا بىر قېتىم كېلىدىغان چايغىمۇ كېچىكىپ باسىلا سەت تۇرىدۇ. قورسىقىممۇ ئانچە ئېچىپ كەتمىدى. پەخرىئاي كەلسە تاماق ئېتەر. يا بولمىسا سىرتقا چىقىپ يەمىز.
— پەرىدە بىلەن پەزىلەتكىمۇ بولۇپ بەردى. ئانچە - مۇنچە كېلىپ تاماق ئېتىپ بېرىپ، ئۆزلىرىمۇ يەپ كەتسە بولىدۇ.
— بىزگە تاماق ئېتىپ بەرسە، ئەرلىرى قانداق قىلىدۇ؟
— بىللە كېلىپ تاماق يەپ كەتسە بولىدۇ ئەمەسمۇ.
— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن، خانىم، ئەر كىشىنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق غۇرۇرى بولىدۇ. ھەدېسىلا، قېيناتىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تاماق يەپ يۈرۈشتىن خىجىل بولمامدۇ.
— خىجىل بولغۇدەك نېمىسى با بۇ ئىشنىڭ، — دېدى زۆھرە خانىم غودۇڭشىپ، — ماۋۇ پەخرىئاي دېگەن جۇۋاينىمەكمۇ بەكلا بەڭباش بولۇپ كەتتى. ئىلگىرىغۇ ئاچىلىرىغا بەس سالاتتى. مەنمۇ ئاچىلىرى بولغاندىكىن دەپ كارىم بولماپتىكەن. ئەمدى يالغۇز قالغاندىكىن ئۆزىنى سورىسا بولمامدۇ دەيمەن. ئۇرۇپ - ئۇرۇپلا قوياي دېسەم چوپچوڭلا بولۇپ قالغاندا تېخى سەت تۇرغان. بىر ئايدىن بېرى ئەجەب چانغىلى تۇردىغۇ قىزلارنىڭ يوقلۇقى، تېخى ئۇلارنى ياتلىق قىلىۋەتسەم ئارام تېپىپ قالارمەن دەپتىكەنمەن.

ئۆي چۆلدەرەپلا قالدى مانا .

— ئۇنداق بولسا ، ئۆيگە تېزرەك كېلىن ئەكېلىۋالايلى ، — دېدى قادىر ئەپەندى ، — پەخىرىدىنمۇ گەپ قىلامىغان بىلەن چىشىنى چىشىغا بېسىپ تۇرىدۇ ، ھەقىچان .

— ئەڭ ياخشىسى ، پەخرىدىن بىر مەزگىل ئالدىراتمىسۇن ئەمدى ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — بىزمۇ ئوبدانراق بىر ئوۋ ھەۋالايلى . كۆزگە كۆرۈنمىگەن بىلەن ئىككى توينىڭ ئالدى ـ كەينىنى ئۇزىتىشقا ۋە باشقا خىراجەتلەرگە ئوتتۇز مىڭ كويغا يېقىن پۇل چىقىم بوپتۇ .

— پەخرىدىنغۇ تېخى ئالدىراتقىنى يوق ، — دېدى قادىر ئەپەندى ، — شۇنداقتىمۇ بىز ئالدىرىمىساق بولمايدۇ . بانكىدىكى پۇللارنى بالىلىرىمىزنى ئۆيلەيمىز ، تالالىق قىلىمىز دەپ جۇغلىدۇقۇ . پەخرىدىنىڭ دېمەتلىكلىرىنىڭ بىرەردىن بالىسى بولۇپ بولدى . ئوغۇل بالا بويتاق يۈرۈۋەرسە ياخشى بولمايدۇ . ئالىمادىس يولدىن چېكەتكەن قىز ـ چوكانلار بىلەن ئارىلىشىپ ، ئېگىز ـ پەس يوللاردا مېڭىپ قالسا ، پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالىمىز .

— ئۇغۇ راست ، — دېدى زۆھرە خانىم ، — ساقالدىمۇ بولۇپ قالغان بالىنىڭ كەينىدە يۈرگىلى بولمىغاندىكىن بىرەر چاتاق چىقمايدۇ ، دېگىلىمۇ بولمايدۇ .

— ئاڭلىسام ، ھازىر ئەيدىز كېسىلى دېگەن ۋابا شەھىرىمىزدىمۇ پەيدا بوپتۇمىش . پەخرىدىندەك يىگىتلەرنى ھەۋەسىنىڭ كەينىگە كىرمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ .

— ئادەمنى قورقۇتمىسىلا ، — دېدى زۆھرە خانىم جىددىيلىشىپ ، — بوپتۇلا ، ئۆيلەپ قويساق ئۆيلەپ قويايلى ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ، لايىقى گۇلناز قىزمۇ بولىدىغان قىزكەن .

— شۇنى دېسىلە . ئۆتكەندە گۇلناز قىزنىڭ دادىسى بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىپ گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ قويغانىدىم ، ۋاي

سىلىدىن بالا ئايىمايمىز دەپ چىرايلىق جاۋاب بەردى. تېخىچە ئۆلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قويمىدۇق.

— ماڭا بۇنداق گەپنى قىلمىغانتىلىغۇ؟

— پەزىلەت قىزنىڭ توي ئىشى بىلەن بولۇپ كېتىپ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. ئەڭ ياخشىسى، رەسمىي يوسۇندا سۆز سالغىلىمۇ بولسا بىر بېرىپ كېلەيلى. خەقنى ئاغزىمىزغا قارىتىپ يۈرۈۋەرسەك، ئاغزى بىلەن باشقا يېرىنىڭ پەقى يوق ئادەملەكەن دەپ قالمىسۇن يەنە.

— بوپتۇ ئەمىسە، بۇ ئىشنى پىشۇرۇپ قويغان بولسىلا، بارساق بارايلى. لېكىن، توينى سەل كەينىگە تاتىپراق قىلايلى. ھېچبولمىغاندا تۆت ـ بەش ئاي ۋاقىت ئۆتسۇن.

— ئۇنىڭغىچە سوغۇق چۇشۇپ كېتەمىكىن.

— سوغۇق بولسا بولامدۇ. ئەسلىرىدىدۇ، بىزمۇ بىرىنچى ئاينىڭ جاڭ ـ جاڭ سوغۇقىدا توي قىلغان. تېخى تويىمىز بولغان كۈنى لەپىلەپ قار ياغقىنى ئېسىمدە.

— شۇنداق، — دېدى قادىر ئەپەندى كۈلۈپ، — سوغۇقتا مەشكە قالىغىلى كۆمۈرنىڭ تايىنى يوق، توڭلاپ كېتىپ تاڭ ئاتقۇچە يوتقاندىن چىقماي چاپلىشىپ ياتاتتۇق. ئەجەب پەيزى كۈنلەر ئىدى ئۇ.

زۆھرە خانىم پىسسىڭىدە كۈلدى، كۆزلىرى خۇمارلاشتى.

— ئەجەب بىر كۈنلەر ئىدى ـ ھە، ئۇ. ھازىر بالىلىرىمىز شۇنداق بەختلىك مانا. ھېچنېمىدىن تەڭلىكى يوق.

— شۇڭا دەيمەن، — دېدى قادىر ئەپەندى، — ئادەم سوغۇقتا توي قىلسا ئاسان كېلىشىپ قالىدۇ. يوتقاننىڭمۇ، خوتۇننىڭمۇ راھىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

— ھازىر كۆرمەيۋاتقان ئوخشىمامىلا.

— ھازىرمۇ كۆرۈۋاتىمەن، — دېدى قادىر ئەپەندى ئايالىغا ئىچكۆيەرلىك بىلەن قاراپ، — بۇگۈن ئاخشام تۇيۇقسىز قار

يېغىپ قالسا ، راھەتتىنىڭ پەيزىنى راسا بىر سۈرەتتۇق .

زۆھرە خانىم نازلىق كۈلدى .

— ئەمىسە ئاخشاملىققا قار يېغىشىنى تىلەپ تۇرسىلا .

— تىلىمەمدىغان ، خانىم ، — دېدى قادىر ئەپەندى ھاياجانلىنىپ ، — ھېلىمۇ بىر ئايدىن ئېشىپتۇ ، ياتاق ئۆيىمىزدە قار ياغمىغىلى . قار ياغقاندەك راسا بىر پەيزى قىلايلى بۈگۈن ئاخشام .

زۆھرە خانىم ئېرىگە مېھىرلىك قاراپ قويدى .

— ئەمىسە ، مەن چايغا كەتتىم .

— پاتراق قايتىپ كېلەلا ، — دېدى قادىر ئەپەندى ، — مەن پەخىردىن بىلەن سۆزلىشىپ قوياي . خەۋەر بېرىۋەتسۇن . ئالدىمىزدىكى شەنبە كۈنى كېلىن قىزىمىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەيلى .

— شۇنداق قىلايلى ، — دېدى زۆھرە خانىم ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ ، — خەلپەم كۈلمەيدۇ ، كۈلسە تېلىقىپ كېتىدۇ دەپ ، بىر يىلنىڭ ئىچىدە ئۈچ قېتىم توي ئويناپمىزمۇ نېمە .

— خۇدايىم نېسىپ قىلا ، — دېدى قادىر ئەپەندى .

## 71

زۆھرە خانىم رېستورانغا كىرىپ كەلگەندە دوستلىرىنىڭ ھەممىسى جۇغلىشىپ بولغانىدى . ئۇ ھەممىسى بىلەن مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ كۆرۈشتى ، تىنچلىق - ئامانلىق سوراشتى . ئاياللار ئۈستەلگە بىر - بىرلەپ چىقىشقا باشلىغان قورۇمىلارغا ئېغىز تەگكەچ ، بەزىلىرى ئۈششاق پاراڭغا ، بەزىلىرى ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى .

بۈگۈن زۆھرە خانىم ئادەتتىكىدىن تاشقىرى روھلۇق ئىدى ، ھېچكىمگە گەپ بەرمەيتتى ، ھەممە پاراڭغا تەڭ قوشۇق سالاتتى .

ھەئە ، ئۇلارنىڭ پارىڭىدا كىيىم ـ كېچەكلىنىڭمۇ ، توي ـ تۆكۈن ، مېھماندارچىلىقنىڭمۇ ، ئەرلىرىنىڭ ، بالا ـ چاقىلىرىنىــــڭمۇ ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭمۇ پاراڭلىرى بار ئىدى .

— پەرىدە قىـــزىم قوساق كۆتۈرۈپتــــكەن ، كۈيئوغلۇم خۇشاللىقىدا مۇبارەكلەپ بىر تال ئالتۇن بىلەزۈك ئېلىپ بېرىپتۇ . بالىنى ئاسرىمىساق بولمايدۇ دەپ بىر قىللىق ئۆي ئىــشــى قىلدۇرمايدىكەن . تېخى قوساقتىكى بالىغا ھېكايە ئوقۇپ بېرىپ ، مۇزىكا قويۇپ بېرىدىكەن . شۇنداق قىلسا بالىنىڭ مېڭىسى ياخشى تەرەققىي قىلىپ ، ئەقىللىق تۇغۇلغۇدەك . ھاجى خېنىم قۇدام پەزىلەت قىزىمنى خالىساڭلا ئايرىم ئۆي تۇتۇڭلا بالام ، دېگەن ئوخشايدۇ ، لېكىن مەن ئۇنىمىدىم . ئىككى قەۋەتلىــك شۇنچە كەڭرى قورۇدا قېينانا ـ قېيناتاڭنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ ئايرىم ئۆي تۇتساڭ سەت تۇرامدۇ ، ئايرىم ئۆي تۇتساڭلىمۇ بەش ـ ئالتە ئايلاردىن كېيىن تۇتۇڭلار ، دېدىم . لېكىن ، كۈيئوغلۇم قۇتلۇقجان ئۆستەڭ بويىدىكى يېڭىدىن ئىش باشلىغان ئائىلىلىكلەر تۇرالغۇ بىناسىغا ئۆي ئالىمەن دەپ تىزىملىتىپ قويۇپتۇ . ئاز دېگەندە بىر يۈز قىرىق كۋادرات مېتىرلىق ئۆي ئالىمىز ، دەيدۇ . ۋاي ئۇنداق يوغان ئۆي ئېلىپ قانداق قىلىسىلەر ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىڭلار چۆلدۈگلاپ قالامسىلەر دېسەم ، ئاۋۋال ئۆي پۈتسۇن ، ۋاقتــى كەلگەندە ئۆيىمىزنى تېگىشىپ ئولتۇرامىز ، سىلەرمۇ جىق جاپا تارتتــڭلا ، كەڭرى ئۆيدە ئولتۇرۇپ راھەت كۆرۈڭلا ، دەيدۇ ، تېخى . كۈيئوغۇل بولغىـــنــــى بىـــلەن ئوغلۇم پەخىرلىنىدىن قىلىشمىغۇدەك ئىنساپلىق ، كۆيۈمچان بالا بولدى . كېلەر ھەپتە پەخىرلىنىڭە ئەلچىلىككە بارىمەن . ۋاقتى كەلگەندە خەۋەر بېرىمەن ، بىللە بېرىشىپ بەرمىسەڭلا بولمايدۇ . بولغۇسى قۇدىلىرىمىز بەك ئېسىل ئادەملەر . كېلىن قىزىمىمۇ شۇنداق چىرايلىـــق ، تاماق ئېتىپ ، مېھمان ئۇزىتىشقا شۇنداق ئېپى بار . پەزىلەت قىزىمنىڭ ئەلچىلىك ، نانلىقىغا كەلگەن مېھمانلارنى ئۆزى يالغۇز ئۇزاتقاندەك

ئۇزاتتى . ئىككى كۈندە بىر ئۆيگە كېلىپ ، تاماق ئېتىپ ئالدىمغا ئەكېلىدۇ ، ئۆيلەنى تازىلاپ ، بېسىقتۇرىدۇ . خۇدايىم كۆيئوغۇلدىنلا ئەمەس ، كېلىندىنمۇ تەلىيىمنى بېرىدىغان ئوخشايدۇ . پەخرىدىن بالامنىڭ تويىنى راۋۇرۇس بىر قىلمايدىغان بولسام . پەخرىئاي قىزىم ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇيمەن دەپ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتىدۇ . مەيلى ، ئوقۇساڭ ئوقۇ ، دېدىم . خۇدايىم بۇيرۇسا ، دوكتورلۇققىچە ئوقۇتقۇم بار . ئۆيىمىزدىن بىرەر ئالىم چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس ··· — دەپ باشقىلارغا گەپ بەرمەي ، سورۇننى بېشىغا كىيىپ توختىماي سۆزلەيتتى زۆھرە خانىم .

2005 - يىلى 29 - ئاۋغۇست ، يەكەن

# شەرەنداز ئايال (رومان)


ئاپتورى: ياسىنجان سادىق

مۇھەررىرى: پاتىگۈل مىجىت

مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلباھار ئەخەت

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: زەمىرە پىدائىي، سەنەۋەر ئىبراھىم

تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر

تېلېفون: 2827472 - 0991

پوچتا نومۇرى: 830001

باسقۇچى: بېيجىڭ شۈنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى

ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 13.375

نەشرى: 2008 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى

بېسىلىشى: 2013 - يىلى 11 - ئاي 4 - بېسىلىشى

تىراژى: 16000 - 13001

كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 11901 - 1

باھاسى: 35.00 يۈەن